شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

يالقۇن روزى




# ئويغىنىشۋاتقان ئەجداد روھى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

يالقۇن روزى

ئويغىنىشۋاتقان ئەجداد روھى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
خەتتات: مۇھەممەتئابدۇللا نۇرمۇھەممەت

## يالقۇن روزى ئەسەرلىرى

تەۋپىق يولى
لاي قەلئەنىڭ سىرى
ئويغىنىشۋاتقان ئەجداد روھى
مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن

ISBN 978-7-5466-1887-6
定价：55.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يالقۇن روزى

# The Works of Yalqun Rozi



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

يالقۇن روزى

# ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى

(ماقالە ـ ئوبزورلار)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

祖魂：维吾尔文/牙里坤・肉孜著. — 乌鲁木齐：
新疆科学技术出版社，2013.6
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1887-6

Ⅰ.①祖 … Ⅱ.①牙… Ⅲ.①社会科学 — 文集 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.① C53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 127825 号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا ئابدۇنەيىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئايىنسا ئوبۇل

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى
**ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى**
ئاپتورى: يالقۇن روزى

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 15.5
2013 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1887 - 6
باھاسى: 55.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەشرىياتتىن

يالقۇن روزى 1966 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل تاغلىق يېزىسى ئاغۇدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1973 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە ئاغۇ يېزىسىدا ئوقۇغان. 1980 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1982 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. بىر يىلدىن كېيىن قىزىقىشى بويىچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالماشقان. 1987 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا مۇخبىرلىققا تەقسىم قىلىنىپ، 1991 ـ يىلىغىچە خەۋەرلەر بۆلۈمىدە مۇخبىرلىق قىلغان. 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2005 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن بۇيان شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە ئانا تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

يالقۇن روزىنىڭ نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىنى ئالتە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى 1986 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹ئاق رومالّلىق پەرىزات› داستانى توغرىسىدا» دېگەن ئوبزورى بىلەن باشلانغان. هازىرغىچە 60 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزورى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئوبزورلىرى لوگىكىلىق

قۇرۇلما جەھەتتىن پۇختا، پىكرى ئۆتكۈر، پوزىتسىيەسى قەتئىي، تەنقىدىي روھقا باي، مۇستەقىللىققا ئىگە، مۇلاھىزە ـ رەددىيەلىرى قايىل قىلارلىق بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە لىللا، خاسلىقى كۈچلۈك ئوبزورچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئىچىدە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»، «ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ»، «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ»، «‹چۈشا مىجەز تەنقىدچىلىك› توغرىسىدا»، «‹ئانا يۇرت› تىن تەسىرات» قاتارلىقلار زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ئىككىنچى، پۇبلىستىك ماقالە جەھەتتە (پۇبلىستىكا — سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژانىر): يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقالە ئىجادىيىتى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن 1995 ـ يىلى يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى» دېگەن ماقالىسى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 30 پارچىدىن ئارتۇق پۇبلىستىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كامالتۈرك ۋە ئۈرۈمچى»، «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى› ئاتىلىپ قالدۇق»، «زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ»، «بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ — ھوشۇر قارىيغا ئوچۇق خەت»، «لاي قەلئەنىڭ سىرى»، «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى»، «نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز»، «زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ» قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى زور بولغان. ئۇنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى كۈتمىگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قىزىق تېما پەيدا قىلىش، مۇنازىرە دولقۇنى قوزغاشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پىكرىنىڭ جانلىقلىقى، مۇھاكىمىسىنىڭ ئىنچىكىلىكى، باش تېمىنى يورۇتۇش

جەريانىدا تېمىدىن تېمىغا، مەسىلىدىن مەسىلىگە تەبىئىي ئۆ-
تۈشتەك ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ-
نىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە
بولغاچقا، يالقۇن روزى جەمئىيەتكە تەنقىد ئېڭى كۈچلۈك بىر
پۇبلىست سۈپىتىدە تونۇلغان.

ئۈچىنچى، جەدىدىزم تەتقىقاتى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ تەت-
قىقات ماقالىلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ئويغى-
نىش ھەرىكىتى بولغان جەدىدىلىك ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. ئۇ بۇ جەھەتتە ئاكا - ئۇكا مۇساباييېف، ئابدۇقادىر داموللام،
مەخسۇت مۇھىتى، مەمتىلى ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي قاتارلىق
مەشھۇر جەدىدچىلەرنىڭ زامانىۋى مىللىي سانائەت بەرپا قىلىش،
يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، يېڭى ئىدىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش
جەھەتتىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىتاب -
ماقالىلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىرئەھمەد سىيىت ئەپەندى-
نىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخىي تەرجىمىھال
ئەسىرى «مەمتىلى ئەپەندى»، مەشھۇر جەدىدچى مۇتەپەككۇر ئاب-
دۇقادىر داموللام ھەققىدىكى «20 - ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھات-
چى»، مەشھۇر كارخانىچى مۇساباييېفلار ھەققىدىكى «ئاكا - ئۇكا
مۇساباييېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» ۋە «ئۇيغۇر يېڭى مائارى-
پى قاچاندىن باشلانغان»، «گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خا-
تىرىسى ئىزىدىن»، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى،
قاچان، قانداق قۇرۇلغان» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ قىم-
مىتى يۇقىرى. بۇ ماقالىلەرنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى،
ئۇلاردا ئىلگىرى مۇشۇ تېمىلاردا يېزىلغان ماقالە - ئەسەرلەردىكى
زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا قاراشلار ۋە ئېنىقسىز پاكىتلار تەن-
قىدلەنگەن ۋە تۈزىتىلگەن.

تۆتىنچى، نۇتۇق - لېكسىيە جەھەتتە: يالقۇن روزى ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ، پىكىر - مۇلاھىزىلىرى

لوگىكىلىق، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك ناتىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىيات سېمىنارىيەلىرىدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە، ھەرقايسى تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو ئىستانسىسىلىرىنىڭ سۆھبەت پىروگراممىلىرىدا 100 قېتىمدىن ئارتۇق مەخسۇس تېمىلىق نۇتۇق ـ لېكسىيە سۆزلىگەن ھەم سۆھبەت بايان قىلغان. ئۇنىڭ نۇتۇق ـ لېكسىيەلىرىنىڭ مەزمۇنى ساپا مائارىپى، دەرس ئىسلاھاتى، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرى، ئائىلە تەربىيەسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» ۋە «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» قاتارلىق تېلېۋىزىيە سۆھبەت پىروگراممىلىرىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدىن «بەخت ئىلكىمىزدە»، «كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى — ئۈمىد»، «نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى»، «ئوقۇتقۇچى روھى» قاتارلىقلار كۆرۈرمەنلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

بەشىنچى، تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپى جەھەتتە: يالقۇن روزى ئانا تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىمىزنىڭ دەرسلىك، ئوقۇشلۇق ۋە قوللانمىلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئىشلىگەن مۇتەخەسسىس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 2001 ـ يىلى باشلانغان يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلىپى بويىچە ئاساس مائارىپ تىل ـ ئەدەبىيات تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. دەرسلىك تۈزۈش داۋام قىلغان ئون يىل جەريانىدا ئۇ دەرسلىك كىتابلارنىڭ تېكىستلىرىنى يېڭىلاش، سەرخىللاشتۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككى يۈرۈش، 12 پارچە دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە بىۋاسىتە قاتناشقان. باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزگەن كىتابلاردىن سىرت، تولۇقسىز ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۆت پارچە «گۇمانىتار ئوقۇشلۇق» ۋە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن توققۇز پارچە «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى» دېگەن كىتابنى مۇستەقىل تۈزگەن. دوتسېنت ئابدۇللا مەتقۇربان بىللە يەنە «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى تۈزگەن. تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىغا ئالاقىدار 90 پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. تەكلىپ بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا نەچچە ئون قېتىم دەرس ئۆتكەن.

ئالتىنچى، نەشرىياتچىلىق جەھەتتە: يالقۇن روزى نەشرىياتچىلىق كەسپىدە تەجرىبىسى بولغاچقا، شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ كىتاب نەشر قىلىشىغا يول ئېچىلغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ـ بىرىدىن ياخشى كىتابلارنى پىلانلاپ، ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئەسەت سۇلايماننىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىشنى ئاساس قىلىپ جەمئىي 20 پارچىغا يېقىن كىتاب نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، ئويلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە، سەرخىل كىتابلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان. ئۇ نەشر قىلدۇرغان كىتابلارنىڭ مەزمۇنى دىن ۋە تارىخ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ، سىياسەت ۋە سىياسىيونلارغا مۇناسىۋەتلىك نادىر كىتابلار بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا، دۇنيا قارىشىغا، ئىدىيەۋى تونۇشىغا ئالاھىدە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇ نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «تەكلىماكاندا دۈملەنگەن روھ»، «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى ــ مۇھتىلار جەمەتى»، «كىروراننىڭ سىرى»، «خەلقئارادىكى ئىسلام دولقۇنى»، «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار»، «بۈگۈنكى

زامان ئەرەب ـ ئىسلام پەلسەپىسى»، «يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى»، «مۇستاپا كامال» قاتارلىق كىتابلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىنى يېڭىلاشقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ياخشى كىتابلاردۇر.

ئومۇمەن، يالقۇن روزى تەنقىدىي روھقا باي ئوبزورچى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك پۇبلىست، ئىزدىنىش روھىغا باي تەتقىقاتچى، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ناتىق سۈپىتىدە بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ساھەلىرىمىزدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۇتۇق قازانغان، بۇرچىنى بىلىپ ياشاۋاتقان بىر زىيالىينىڭ رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

نەشرىياتىمىز يالقۇن روزىنىڭ ماقالە ـ ئوبزورلىرى ۋە تەتقىقات ـ نۇتۇقلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە نەتىجە ـ ئۇتۇقلارنى روياپقا چىقىرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىر پارچە سۈرەتنىڭ سىرى ........................ 1
«سالچىلار» رومانى ھەققىدە دەسلەپكى تەنقىد ........................ 34
«سالچىلار» رومانىدا كۆرۈلگەن نۇقسانلار ........................ 63
«سالچىلار» رومانىدىكى خاتا قاراش ۋە بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەر ...... 91
ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان ........................ 122
نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز ...... 165
ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى ........................ 215
سامادىن ساقىدى يۇلتۇز ........................ 225
كامالتۈرك ۋە ئۈرۈمچى ........................ 235
شىۋۇلدىكى رازىخان ........................ 245
كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى — ئۈمىد ........................ 258
كۆيىۋاتقان يۈرەك ........................ 289
مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى توغرىسىدا ........ 299
مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل دامولللىنىڭ دوستلۇقى ........ 331
سابىت داموللام كىم ........................ 358
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ ........ 399
پەلسەپە قەسرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ........................ 417
پۇل توزۇتقان خىياللار ........................ 429
ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى توغرىسىدا ........ 440
ئۇيغۇر بالىلىرى ۋە پۇتبول روھى ........................ 455
بىزگە قانداق دادىلار كېرەك ........................ 469
يۇرتىنى ئۇنتۇيالىغان كىم بار ........................ 477

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر پارچە سۈرەتنىڭ سىرى

ئادەتتە، سۈرەت ھەرىكەتسىز تەسۋىر، كىنو ھەرىكەتچان تەسۋىر دەپ قارىلىدۇ. سۈرەتنىڭ جىمجىت ھالەتتە تەسۋىرلەيدىغىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كەڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا. سۈرەتلەر ئىچىدە تارىخىي سۈرەتتە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇن تېخىمۇ مول. گاھىدا بىر پارچە تارىخىي سۈرەت بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزسە، گاھىدا تارىخنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنى ئايان قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن تارىخىي سۈرەتلەرنى توپلاش، ئىزاھلاش ۋە نەشر قىلىش تەخىرسىز ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخىي سۈرەتلەر ئىزاھلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا تارىخىي سۈرەتلەرنى ئىزاھلاش تۈرلۈك ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرى ۋە ئامىللىرىنىڭ تەرەققىيات ھالىتى ھەم سەۋىيەسىنى پاكىتلىق نامايان قىلىشنىڭ يولى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەرنى ھەم تارىخىي شەخسلەرگە ئالاقىدار ئىشلارنى يورۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە بىز تېخى تارىخىي سۈرەتلەرنىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق رولىغا بولغان تونۇشىمىزنى يېتەرلىك شەكىللەندۈرەلمىدۇق. شۇڭا، مىڭلىغان تارىخىي سۈرەتلەر ھېلىھەم ئەل ئىچىدە ياكى تۈرلۈك ئورۇنلاردا توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىنىشنى، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ھۆججەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. دەۋرىمىزدە تارىخىي سۈرەتلەرنى توپلاش، تەزكىرە ئەسەرلىرىدە پايدىلىنىپ ئەل - جامائەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇش جەھەتتە تۆھپىسى ئەڭ

گەۋدىلىك بولغان كىشى شېرىپ خۇشتار ئەپەندى بولسا كېرەك. بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلار يېقىنقى يىللاردا خېلىلا كۆپەيدى. بۇ، تارىخىي سۈرەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۆزۈمنى ئېيتسام، پايدىلىنىش سەۋىيەمنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخىي سۈرەتلەرنى توپلاشقا خېلىلا ھەۋەس قىلىمەن. تارىخىي سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى مېنى ئالاھىدە مەپتۇن قىلىدۇ. مېنىڭ تارىخىي سۈرەتلەرگە بولغان بۇ خىل قىزىقىشىم يېقىندا، داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 69 ـ بېتىدىكى بىر پارچە تارىخىي سۈرەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىشىمغا تۈرتكە بولدى. مەن غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابىنى ئوقۇپ چىقىپ، كۆپلىگەن جايلىرىدىكى تەسىرلىك دېتاللاردىن، دەۋرچانلىققا ئىگە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەردىن ناھايىتى سۆيۈندۈم. بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئارماندا كېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلىدىم. پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق ئەسلەمىسىنى ھەم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ مۇكەممەل بولمىسىمۇ «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» دېگەن نامدا ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىپ قالدۇرغانلىقىنى ئويلىدىم. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۈچ توملۇق «ئۆمۈر داستانى»نى يېزىپ تاماملىۋالغانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق ئىشلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. 20 ـ ئەسىر مىللىي ھاياتىمىزدىكى ئاجايىپ ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان خېلى كۆپلىگەن مۇھىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىنى يېزىپ قويۇشقا كۆڭۈل بۆلمەي غەپلەتتە كېتىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۆكۈندۈم. نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئۆمۈر

www.uyghurkitap.com

يۇڭ قەلەم بىلەن ماي بوياق رەسىم سىزىپ شۆھرەت قازانغان بىر رەسسامنىڭ ياشانغاندا قولىغا يېزىقچىلىق قەلىمىنى ئېلىپ يېزىپ چىققان ئۆمۈر بايانى بىزنىڭ تەرجىمىھال ئەدەبىياتىمىزغا قوشۇلغان قىممەتلىك تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىكى تۈرلۈك مەزمۇنلار بىزنىڭ ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن يۈرگۈزىدىغان تەتقىقاتلىرىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ. مېنى ئىزدىنىشكە ئۈندىگەن بىر پارچە تارىخىي سۈرەتمۇ دەل مۇشۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 60 ـ بېتىگە بېرىلگەن بۇ تارىخىي سۈرەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىگە ئالاقىدار تارىخىي سۈرەت بولۇپ، سۈرەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئاپتورنىڭ دادىسىمۇ بار بولغاچقا، بۇ كوللېكتىپ سۈرەتنى كىتابقا ئالاھىدە كىرگۈزگەن. غازى ئەھمەد ئەپەندى بۇ سۈرەتكە «ئاپتورنىڭ دادىسى غۇلجىدا — 1947 ـ يىلى» دەپ ئەسكەرتمە بەرگەن.

مەن بۇ تارىخىي سۈرەتنى تۇنجى قېتىم ئامانئۇرى ئابدۇرۇسۇل (1938 ~ 2012) ئەپەندى تۈزگەن «ئەخمەت ئەپەندىم» ناملىق كىتابتا كۆرگەنىدىم. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2003 ـ يىلى نەشر قىلىنغانىدى. «ئەخمەت ئەپەندىم» ناملىق بۇ كىتابتا بۇ تارىخىي سۈرەتكە «ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى غۇلجىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار بىلەن بىللە» دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىلگەنىدى. كىچىك 32 فورماتلىق بۇ كىتابنىڭ بىر بېتىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ غۇۋا سۈرەتتىكى كىشىلەرنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. كۆپتۈرمە ئەينەك بىلەن قارىغاندا ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى تۆتىنىلا تونۇغىلى بولاتتى. بۇ سۈرەت غۇلجىدىكى قايسى ئورۇندا، نېمە سەۋەبتىن تارتىلغان، سۈرەتتىكى

باشقا كىشىلەر كىملەر؟ دېگەن مەسىلىلەرنى بىلىش ئىستىكىم بولسىمۇ، ئىمكان بولمىغانىدى. غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا بۇ سۈرەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇرغان 14 كىشىنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەنىدى: «بىرىنچى رەت، سولدىن ئوڭغا: ئوسمان داموللام، ئابدۇرېشىت ئەلەم، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، يۈسۈپ قارىي ھاجىم، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف (قىرغىز)، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، غېنى باتۇر، ئەنۋەر مۇسابايېف، ئوبۇلخەيرى تۆرە (قازاق)، شاياخۇن شيەنجاڭ، رەشىت بابا (ئۆزبېك)، ياسىن خۇدابەردى.»

غازى ئەھمەد ئەپەندى كىتابىدا ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا، يەنى 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن تەشكىللەنگەن «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» كېڭەش (قۇرۇلتاي) ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، دادىسىنىڭ قەشقەردىن كېڭەشكە قاتنىشىشقا تەيىنلەنگەن 24 ۋەكىلنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە بارغانلىقىنى، بۇ 24 ۋەكىل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپدارلىرى بولغاچقا، ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «بۇ 24 ۋەكىل قەشقەرگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بىز بۇلارنى ۋەكىل دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز» دەپ كېڭەشكە قاتناشتۇرمىغانلىقىنى، كېيىن ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم بەشكېرەملىك ئوسمان داموللام، يۈسۈپ قارىي ھاجىم، يېڭىشەھەرلىك ئابدۇرېشىت ئەلەم تۆتەيلەن ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن بىللە ئايروپىلاندا غۇلجىغا كەتكەنلىكىنى، بۇ تارىخىي سۈرەتنىڭ ئاشۇ قېتىمقى غۇلجا سەپىرىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

غازى ئەھمەد ئەپەندى كىتابىدا قىسقىلا بايان قىلغان بۇ ۋەقە شىنجاڭ تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا، 1947 ـ يىلىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ۋەقە بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن سۈرەت

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت» تەشكىللەپ جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىس بولغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ھەر ساھە خىزمەتلەرگە ئورتاق رەھبەرلىك قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆلكىلىك كېڭەش ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. كېڭەشكە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىن كۆرسىتىلگەن ۋەكىللەر كەلگەن. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مايىل بولسا، بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە مايىل ئىدى. كېڭەش ھارپىسىدا نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشۈرگەن بىر مەمۇرىي بۇيرۇق بۇ قېتىمقى كېڭەشنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ بۇيرۇقتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان جاڭ جىجۇڭ رەئىسلىكىنى ئەمدى قوشۇمچە ئۆتىمەيدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن ھەممە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىس، ئەيسا قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قىلىپ تەيىنلەندى[①].»

بۇ مەمۇرىي بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ قارشى چىققان. قەشقەردىن كەلگەن 24 ۋەكىلمۇ قارشى چىققان. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەسئۇد سەبىرىنىڭ رەئىس سالاھىيىتى بىلەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش

① ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 305 ـ بەت.

مۇراسىمى ھەم ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۇ-رۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى مۇراسىمغا قاتنىشىشنى رەت قىلغان. بەشكېرەملىك ئوسمان داموللام نوپۇزى يۇقىرى ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر ۋەكىللىرىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ كىشى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى سۈپىتىدە مۇراسىمدا سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما سۆزگە چىقىشنى رەت قىلغان. ئورنىغا ئابدۇرېشىت ئەلەم داموللا سۆزگە چىققان. ئابدۇرېشىت ئەلەم دامولاممۇ مەۋقە جەھەتتىن مەسئۇد سەبىرىنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان مەركەزگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىپ ئۈچ مەسلەكنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. تىنچلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. پۈتكۈل ئۆلكە خەلقى ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ. شۇڭا ئۆلكە رەئىسى يۆتكەشنى خالىمايمىز. مەركەزدىن رەئىس جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭدا قالدۇرۇشنى، جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان ‹تىنچلىق بىتىم› ۋە ‹سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى›نىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز[1].»

قارشىلىققا دۇچ كەلگەن بۇ مەمۇرىي بۇيرۇقنى كۈچكە ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋەكىللىرىنىڭ پوزىتسىيەسىدىن نارازى بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، «قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلار ئەسلىي 20 كىشى ئىدى، ھازىر ئەمەلىيەتتە تىزىمغا

---

[1] ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 307 ـ بەت.

ئالدۇرغانلار 24 كىشى. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە كىشىنىڭ ئىسمى
ئەسلىي سايلانغانلارنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ئەمەس» دەپ تۇرۇۋال-
غان. ھەيئەت رىياسەتىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر
ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى قەشقەر ۋە-
كىللىرىنىڭ كېڭەش يىغىنىغا تولۇق قاتنىششىغا رۇخسەت قىد-
لىنمىسا، ھەممەيلەن بىردەك يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلىد-
غانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىككى تەرەپ كەسكىن تالاش - تارتىش
قىلىشىپ ۋەزىيەت قاتماللىشىپ كەتكەن.

ئاردىن 10 كۈن ئۆتكەندە جاڭ جىجۇڭ ئوسمان داموللىغا خەت
يېزىپ، مۇنداق دېگەن: «(1) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ
تەشكىل قىلىنىشى ‹تىنچلىق بىتىم›نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا
ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ. لېكىن ئۆلكە ئىچىدىكى ھەر-
قانداق ۋىلايەت، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ چەكلىمىسىدە بولۇشى
شەرت. بۇنىڭدىن چەتتە قېلىشقا بولمايدۇ. (2) ‹تىنچلىق بىتىم› دە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىش ئۈستىدە نامزات چەكلى-
مىسى يوق. مەركەزمۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەتمۇ ئۆزى كۆرسەتكەن ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى ئىچىدە خالىغان ۋاقىتتا يۆتكەپ
تەڭشىسە بولىدۇ. (3) مەركەز ئۆزى چىقارغان بۇيرۇقنى ئۆزگەر-
تەلمەيدۇ. (4) مەن ‹تىنچلىق بىتىم›نىڭ تولۇق ئىجرا قىلىدۇرۇ-
لۇشىغا داۋاملىق مەسئۇل بولىمەن. (5) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي
ۋىلايەتلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشى تېخى تۈگىتىلمىدى، ئۈچ
ۋىلايەت ئارمىيەسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش، ساناپ ئۆتكۈ-
زۈۋېلىش ۋە دۆلەت چېگراسىنى قوغداش قوشۇنلىرىنى كىرگۈ-
زۈش قاتارلىق ماددىلار تېخى تولۇق ئىجرا قىلىنمىدى. جانابلى-
رىنىڭ خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە، ‹تىنچلىق بىتىم›نى بالدۇرراق
تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك يول كۆرسىتىپ، ھەيـ-
دەكچىلىك قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. (6) ئۆلكىلىك كېڭەش-
نىڭ يىغىنىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىپ دېموكراتىك سىياسىي ۋە تىنچ

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساس سېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.[①]»

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ھەل قىلىنمىغانلىقى ئۈستىگە بارغانسېرى قاتماللىشىپ كەتكەن. «7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەت رىياسەتچىلىكىدىكى يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنى چاقىرىپ بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قارشىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنى ئۆزئارا يول قويۇپ، قاتمال ۋەزىيەتنى يۇمشىتىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇدا ئۈچ قېتىم مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ روزا ھېيتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، قەشقەردىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىننى ۋاقىتلىق توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك كېڭەش تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلماي بەربات بولغان.[②]» 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان 24 نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قاراشەھەر ۋىلايىتىدىن بولغان بىردىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ۋە تۇرپان ناھىيەسىدىن بولغان ئىككى نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولۇپ جەمئىي 29 كىشى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتكەن. 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقىنى ھىمايە قىلىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن 57 كىشى بىرلىكتە ئەخمەتجان قاسىمىغا خەت يېزىپ، قەشقەر قاتارلىق جايلار-

① ②ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 311 ـ، 312 ـ ۋە 315 ـ بەت.

دىن كەلگەن 29 كېڭەش ئەزاسىنىڭ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كېتىش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈش توغرۇلۇق سوئال قويغان. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ يازغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئىلى ۋىلايىتى چەت ئەلنىڭ زېمىنى ئەمەس، ئىلى ۋىلايىتى ‹تىنچلىق بىتىم› ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئالاھىدە دۆلەت بولۇپ قالغىنىمۇ يوق، ئۇ ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆلكىمىزنىڭ بىر مەمۇرىي رايونى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم ئىلىغا سەپەر قىلىشىنى ئۆز يۇرتىنىڭ بىر بۆلىكىدىن يەنە بىر بۆلىكىگە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بېرىپ مېھمان بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايمىز.①»

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن بولغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلجىغا كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر يىلچە داۋام قىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەن. غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ دادىسى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق قەشقەر ۋەكىللىرىنىڭ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى ھەم ئۈرۈمچىدە ئۈچ ئايغا يېقىن تۇرۇپ، كېيىن غۇلجىغا كېتىشى مانا مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مەن غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، 1947 ـ يىلىدىكى ئاشۇ زور تارىخىي ۋەقەنىڭ خاتىرىسى بولغان بۇ قىممەتلىك تارىخىي سۈرەتنى ھەم ئىسمى ئاتالغان ئالدىنقى رەتتىكى 14 كىشىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، دەماللىققا ئىسھاقبېك مونونوف، غېنى باتۇر، ئەنۋەر مۇسابايېف، ئوبۇلخەيرى تۆرە (قازاق)

① ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 319 ـ بەت.

تۆتەيلەننىڭ قىياپىتى ھېچ ئوخشىماي تۇرىدۇ، سەۋەنلىك كۆرۈلگەنمۇ نېمە، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم. غازى ئەھمەد ئەپەندىم داڭلىق رەسسام سۇپىتىدە ھەممىگە ئايان بولسىمۇ تارىخىي سۈرەتكە ئالاقىدار ئۇچۇردا سەۋەنلىكتىن ساقلانمىقى تەس. بەلكىم بۇ سۈرەتتىكى كىشىلەرنى باشقا ماتېرىيال ياكى باشقا كىشىلەر يەتكۈزگەن ئۇچۇر ئاساسىدا ئىزاھلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولسۇن، سەۋەنلىك تۈزىتىلىشى كېرەك. مەندە گۇمان تۇغۇلغانىكەن، گۇمانىمنى ئاساس بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشۇم، بىلىدىغانلىرىم بويىچە توغرىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىشىم لازىم. چۈنكى بۇ تارىخقا تۇتۇلغان پوزىتسىيە مەسىلىسى.

مەن تارىخىي سۈرەتلەرنى كۆپ كۆرىدىغان بولغاچقا ئىسھاقبېك مونونوف، غېنى باتۇر، ئەنۋەر مۇساباييېف، ئوبۇلخەيرى تۆرىلەرنى ھەرقانداق سۈرەتتە كۆرسەملا تونۇيالايتتىم. ئۇنداقتا، بۇ تارىخىي سۈرەتتىكى بۇ تۆتەيلەن زادى كىملەر؟ باشقا كىشىلەرچۇ؟ رەھبەرلەرمۇ، ئۆلىمالارمۇ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرمۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ، ئۆسمۈر ئوغۇل ـ قىزلارمۇ، ھەتتا قۇچاقتىكى بالىمۇ بار بۇ سۈرەت قانداق شارائىتتا، قايسى ئورۇندا، نېمە سەۋەبتىن تارتىلغان؟ بۇ سىرلارنى يېشىش زۆرۈر ئىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، 2012 ـ يىلى باھاردا قورغاس (سۈيدۈڭ) ناھىيەسىدىن ماڭا ئەۋەتىلگەن بىر چوڭ كونۋېرتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ماڭا بۇ كونۋېرتنى يولۇچى ئارقىلىق ئەۋەتكەن كىشى ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغاچقا، مەن بۇ يەردە نامى ھەم سالاھىيىتىنى ئەسكەرتمەيمەن. كونۋېرتتا 12 دىيۇم چوڭلۇقتىكى بىر پارچە تارىخىي سۈرەت ھەم ئىككى بەتلىك چۈشەندۈرۈش خېتى سېلىنغانىكەن. بۇ سۈرەت دەل غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن تارىخىي سۈرەت بولۇپ، ئېنىقلىق دەرىجىسى غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى سۈرەتتىن ئالا-

ھىدە يۇقىرى ئىدى. سۈرەتنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ش. ت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىدىن» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

قورغاستىن ئەۋەتىلگەن كونۋېرتتىكى چۈشەندۈرۈش خېتى مۇنداق يېزىلغانىدى: «دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە 1936 - يىلى ئاكا - ئۇكا توقسۇن ھاجىم، موللا مۇھەممەت ھاجىم، ھاپىز ھاجىم ھەج پائالىيىتىدىن قايتىپ كېلىپ، بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ بالىلىرىدىن تۇرسۇن باي، ئابدۇقادىرەم قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۈيدۈڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر باي ساخاۋەتچىلەرنى، مۆتىۋەر چارۋا ئىگىلىرىنى ھەم ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنى چاقىرىپ، پاي قوشۇپ ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىدۇ. مۇزاكىرىدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىنىپ، پايچىلار شېرىكچىلىكىدىكى ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. پىلان بويىچە ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنىپ 1937 - يىلى ئىستانسا قۇرۇلۇپ ئىشقا چۈشىدۇ. بۇ ئىستانسىغا توقسۇن ھاجىم باش دىرېكتور، موللا مۇھەممەت ھاجىم بىلەن شاياخۇن ھاكىم دىرېكتور ياردەمچىسى بولىدۇ. باش بوغالتىرلىقنى تۇرسۇن باي ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىستانسىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ھارپىسىغىچە پايچىلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى باشقۇرىدۇ. ھوشۇر مۇھەممەت ئەپەندى باش نازارەتچىلىكنى زىممىسىگە ئالىدۇ.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا ‹تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى› قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈڭ ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى پايچىلار ‹شىنجاڭ تىنچلىقى ئىنقىلابچىل ياشلار كومىتېتى مەركىزى›نىڭ باشقۇرۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ مۇناس-



قورغاستىن ئەۋەتىلگەن سۈرەت

ۋەت بىلەن ‹ش. ت ئىنقىلابچىل ياشلار كومىتېتى مەركىزى›دىكى
ئەربابلار، سۆيدۈڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر ساخاۋەتچى زاتلار مۇشۇ ئەر-
بابلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن مەزكۇر خاتىرە
سۈرەتكە چۈشىدۇ. بۇ پائالىيەتكە توقسۇن ھاجىم، ھاپىز ھا-
جىملار كېسەل سەۋەبىدىن قاتنىشالمايدۇ. سۈرەتكە چۈشكەن ئو-
رۇن ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىدارە ئالدىدىكى مەيدان.»

قورغاستىن ئەۋەتىلگەن خەتتىكى مەزمۇنلار مۇھەممەتجان ھا-
پىزنىڭ «سۆيدۈڭ ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى» دېگەن قىسقا ما-
قالىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن زىت ئەمەس ئى-
دى. مۇھەممەتجان ھاپىزنىڭ يېزىشىچە، بۇ ئىستانسىنى سۆيدۈڭ-
دىكى چارۋىدارلار ئالدى 600 دىن، ئاخىرى 50 تىن قوي پاي
قوشۇپ روياپقا چىقارغان. پاي قوشقان قوي 32 مىڭ تۇياقتىن
ئېشىپ كەتكەن. بۇنى سېتىپ بىر قىسمىغا ئېلېكتىر ئىستان-
سىسى قۇرۇلۇشىنى سالغان. بىر قىسمىغا سابىق سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىن ئىككى گېنېراتور سېتىۋالغان. بۇ ئىككى گېنېراتورنى
قورغاس چېگراسىدىن ئەكېلىشكە شاياخۇن باشچىلىق قىلىپ،
28 ئۆكۈزگە سۆرىتىپ ئەكەلگەن. ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئورنى
1200 كىۋادرات مېتىرچە كېلەتتى. قۇرۇلۇش شەكلى رۇسچە ئى-
دى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۈستى قاڭالتىر تۆمۈر بىلەن قاپلانغان.
ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ئۆي - ئۆيلەرگە توك تارتىلىش
بىلەن تەڭ ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرۇلغان. رۇس ئىنژېنېر،
تېخنىكلارنى ھەق بېرىپ ئىشلەتكەن. مۇھەممەتجان ھاپىز ماقا-
لىسىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «1948 - يىلى 9 - ئايدا
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قا-
سىمى قاتارلىق رەھبەرلەر كېلىپ، شىركەتكە مەبلەغ قوشقۇچىلار
بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئۇلارنىڭ پاي قوشۇپ ئىستانسا قۇرغانلى-
قىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئاخىرىدا ئىستانسىنى ‹شىنجاڭدا تىنچلىق
ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى›نىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىپ

باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. يىغىن ئاخىرىدا ھەممەيلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرغان[1].»

قورغاستىن ئەۋەتىلگەن چۈشەندۈرۈش خېتى بۇ تارىخىي سۈرەت ئۈچۈن ئېيتقاندا قىممەتلىك بولسىمۇ، سۈرەتتىكى كىشىلەرنى ئىزاھلىغان تىزىملىك روشەن خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەسىلەن، ئالدى بىلەن بۇ تىزىملىكتىمۇ ئالدىنقى رەتتىكى چوقچىيىپ ئولتۇرغان ئېگىز كىشى «غېنى باتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. شۈبھىسىزكى، غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگىنىمۇ، قورغاستىن ئەۋەتىلگەن سۈرەت بىلەن خەتتە كۆرسىتىلگىنىمۇ ئەسلا غېنى باتۇر ئەمەس ئىدى. سۈرەتتىكى بۇ دارازا كىشىنى غېنى باتۇر دەپ خاتا تونۇپ قېلىش، ئۇنىڭ باشقىلاردىن كۆرۈنەرلىك ئېگىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. مەن كۆرگەن تارىخىي سۈرەتلەردە غېنى باتۇرنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكى ئات يۈز، روھىي ھالىتى مەغرۇر ئىدى. بۇ كوللېكتىپ تارىخىي سۈرەتتىكى كىشى بولسا ياۋاش چىراي، روھسىز، يۈز كېپتى يۇملاق كىشى ئىدى. بۇنى بىز تۆۋەندىكى تۆت پارچە سۈرەتنى سېلىشتۇرساق ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.


(1)


(2)


(3)


(4)

بۇ يۇرۇشلۇق سۈرەتلەر ئىچىدىكى (1)، (2)، (3) نومۇرلۇق

---

① مۇھەممەتجان ھاپىز: «سۈيدۈڭ ئوت ئېلىپكەتتىر ئىستانسىسى»، بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 7 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ سان 1993 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان.

سۈرەتلەر غېنى باتۇرنىڭ نەق ئۆزىنىڭ سۈرىتى. (4) نومۇرلۇق سۈرەت يۇقىرىدا مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان كوللېكتىپ سۈرەتتىن ئايرىپ ئېلىنغان سۈرەت. كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ بىر قاراپلا بۇ كىشىنىڭ چىراي - تۇرقىنىڭ غېنى باتۇردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

غېنى باتۇرنىڭ ھاياتى رىۋايەت تۈسىگە باي ھايات. ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ خاراكتېرى «ئانا يۇرت» رومانىدا بەك روشەن يارىتىلغان. دېمەك، ئۇنىڭ غايىۋى ئوبرازى ھەممىمىزگە دېگۈدەك تونۇش. ئۇنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانى تولۇقسىز بىز باشلانغۇچ مەكتەپ 5 - يىللىقلار ئۈچۈن 2 - قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى»دىكى مەلۇماتتىن ئومۇمىي بىلىمگە ئېرىشەلەيمىز. بۇ «قوللانما»دا مۇنداق يېزىلغان:

غېنى باتۇر 1901 - يىلى غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسىنىڭ تۇردىيۈزى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىدا پادا باققان، يەر تېرىغان. زالىملارغا بوي بەرمەيدىغان مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە ھەم ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، 18 يېشىدىن باشلاپ تەكرار - تەكرار غۇلجا، شىخۇ، ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىگە سولانغان. بىرنەچچە قېتىم تۈرمىدىن قاچقان. ئاخىرقى قېتىم، يەنى 1944 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ، غۇلجا تاغلىرىغا ماكانلاشقان. شۇ كۈنلەردە ئىلىقا ئۇلاستايدا گومىنداڭ ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تاتار باتۇرى پاتىخ، قازاق باتۇرى ئەكبەر يېتەكچىلىكىدىكى پارتىزانلارغا قوشۇلغان ھەمدە «پاتىخ باتۇر ئەترىتى»، «ئەكبەر باتۇر ئەترىتى» بىلەن بىرلىكتە «غېنى باتۇر ئەترىتى»دىكى 200 دىن ئارتۇق ئەزىمەتنى باشلاپ، ئۈچ تەرەپتىن ئىلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلىقىنى ئازاد قىلغان.

غېنى باتۇر شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



غېنى باتۇرنىڭ قەبرىسى ۋە ھەيكىلى

شىدا، سۇيدۇڭ ۋە كەڭسايدىكى ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ نامى چىققان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قىلغان جەڭ ھاياتىغا كىشىلەر رىۋايەت تۈسىنى قوشۇپ ھېكايە قىلىشقان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى ئارىسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسكە ئايلانغان. غېنى باتۇر بورتالانىڭ ئارىشاڭ دېگەن يېرىدىكى ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ ئالمۇتادا داۋالىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پول-كوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ھەربىي سوت باشلىقى بولغان. 1946 - يىلى غېنى باتۇر بىلەن پاتىخ باتۇرغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى «خەلق قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن. 1949 - يىل-لى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان. كېيىن سەپدى-شى پاتىخ باتۇر بىلەن بىللە لەنجۇۋدا 1953 - يىلغىچە دەم ئال-غان. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ

شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پاتىخ باتۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. 1981 ـ يىلى ئالمۇتادا ۋاپات بولغان①. قازاقىستاندىكى يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى بۇ قەھرىمان ئوغلانىڭ جەسىتىنى ئالمۇتادىن غۇلجىغا تۇتىشىدىغان «غۇلجا يولى»نىڭ بويىغا دەپنە قىلىپ، قەبرىسى ئۈستىگە ئۇنىڭ يېرىم گەۋدىلىك ھەيكىلىنى غۇلجىغا قارىتىپ قاتۇرغان. قازاقىستان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى يەنە «غېنى باتۇر» دېگەن نامدا رومانلارنى يېزىپ نەشر قىلغان.


ئانا دىيارىمىزدىمۇ غېنى باتۇرغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەر خېلى بار. خەلق ئارىسىدا غېنى باتۇرغا بېغىشلاپ توقۇلغان «غېنى باتۇر ھەققىدە قوشاقلار» دېگەن نامدا ئونلىغان قوشاقلار بار. يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ كاتتا رومانى «ئانا يۇرت» تىمۇ غېنى باتۇرنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن يارىتىلغان. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە بۇ ئوبراز ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان. بالىلار شائىرى زامانىدىن پاكزاتنىڭ غېنى باتۇرنىڭ ئوبرازىنى بالىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ بار. غېنى باتۇر ھەققىدە يېزىلغان يەنە كۆپلىگەن ئەسلىمىلەرمۇ بار.

قىسقىسى، خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇر 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن. يېشى 75 تىن ئاشقان چاغدا چۈشكەن سۈرەتتىمۇ ئۇنىڭ قېرى شىردەك مەغرۇر قىياپىتى، ئەزىمەتلەرگە خاس

---

① غېنى باتۇرنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ماتېرىياللاردا ئىككى خىل ئېلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. «جەننەت ماكان ـــ ئىلى» دېگەن كىتاب بىلەن شېرىپ خۇشتار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» دېگەن كىتابتا 1978 ـ يىلى قازا قىلغان، دەپ يېزىلغان. غېنى باتۇرنىڭ قەبرە تېشىدا ھەم ئالمۇتادا نەشر قىلىندىغان «20 ـ ئەسىر نامايەندىلىرى» دېگەن كىتابتا 1981 ـ يىلى قازا قىلغان، دەپ يېزىلغان. مەن كېيىنكى مەنبەلەرنى ئاساس قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇس كۇلكىسى، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان مەردانە روھىي ھالىتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ سۇرەتتىكى غېنى باتۇرغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ پارالىق سىپىلۋاتقان زىيالىي سۇپەت ئىككىيلەنىڭ بىرى، يەنى ئوڭ تەرەپتىكى ئادەم قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن چىققان سىياسىي ئەرباب، موسكۋانىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى تۇرسۇن رەھىموف. ئارقا تەرەپتە ئېڭىشىپ تۇرغان كىشى مەشھۇر تىل ـ ئەدەبىيات پەنلىرى ئالىمى مۇرات ھەمرايېف (1936 ~ 1983).

دىمەك، غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى ۋە قورغاستىن ئەۋەتىلگەن ئوخشاش تارىخىي سۇرەتتىكى كىشىلەرنىڭ نامى ئاتاپ كۆرسىتىلگەندە، ئەمەس ئادەم «غېنى باتۇر» دەپ، خاتا تونۇپ قىلىنغان. ئەمەس ئادەمنى بويىنىڭ ئېگىزلىكىگە قاراپلا غېنى باتۇر دەپ بېكىتىش كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە.

قورغاستىن ئەۋەتىلگەن خەتتە، بۇ تارىخىي سۇرەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى توغرا، بىر قىسمى خاتا كۆرسىتىلگەن. بولۇپمۇ غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا قەشقەردىن بارغان تۆت ئۆلىما سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن تۆتەيلەننىڭ ئۇچى باشقا ئىسىمدا

ئاتالغان. مەن كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا، كىم كىملەرنى خاتا ئاتىغان، كىم توغرا ئاتىغان، دېگەن مەسىلىگە ئالاقىدار مۇلاھىزەمنى باشلاشتىن ئاۋۋال قورغاستىن كەلگەن خەتتە كۆرسىتىلگەن ئىسىملارنى ئۆز پېتى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. بۇ خەتتە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان 14 كىشى مۇنداق ئاتالغان:

«سولدىن ئوڭغا، 5 ـ كىشى رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، 6 ـ كىشى رەھىمجان سابىرھاجى، 7 ـ كىشى سەيپىدىن ئەزىزى، 8 ـ كىشى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، 9 ـ كىشى غېنى مۇھەممەدباقى (غېنى باتۇر)، 10 ـ كىشى مامۇت مەخسۇم، 11 ـ كىشى سولخاي ھاجىم، 12 ـ كىشى شاياخۇن ھاكىم، 13 ـ كىشى مەۋلانوف (تاتار)، 14 ـ كىشى ياسىن خۇدابەردى، 4 ـ كىشى ھەسەن قازى ھاجىم، 3 ـ كىشى نائىبىق، 2 ـ كىشى ناسىراخۇن مەخسۇم، 1 ـ كىشى ئابلا مەخسۇم.»

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەتتە غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا «ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم» دەپ بېكىتىلگەن 3 ـ كىشى قورغاستىن ئەۋەتىلگەن خەتتە «نائىبىق» دەپ بوش قالدۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، يەنى دادام دەپ ئىزاھلانغان 3 ـ كىشى بىلەن يۇسۇپ قارىي ھاجىم دەپ ئىزاھلانغان 4 ـ كىشىنى بىز شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تەرىپىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ، 1994 ـ يىلى تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»ناملىق سۈرەتلىك كىتابنىڭ 65 ـ بېتىگە بېرىلگەن 111 ـ سۈرەتتىنمۇ ئۇچرىتىمىز.

بۇ سۈرەتتىكى 1 ـ رەت ئوڭ تەرەپتىن 1 ـ كىشى رەھىمجان سابىرھاجى، 2 ـ كىشى يۇسۇپ قارىي ھاجىم، 4 ـ كىشى، يەنى ئاق رەڭلىك تون كىيگەن كىشى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، 5 ـ كىشى ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. يۇسۇپ قارىي ھاجىمنىڭ ئارقىسىدا، يەنى ئوڭ قولى تەرەپتە تۇرغان كىشى سەيپىدىن ئەزىزى



ئىدى. تۈزگۈچىلەر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بۇ سۈرەتنىڭ ئۈرۈم-چىدە ياكى غۇلجىدا تارتىلغانلىقىنى ئەسكەرتمىگەن بولسىمۇ، لې-كىن «1947 - يىلى 5 - ئايدا ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشى ئېچىلمىغانلىقتىن، يەتتە ۋىلايەتنىڭ قىسمەن ئۆلكىلىك مەسلى-ھەت كېڭىشى ئەزالىرى غۇلجىغا يېتىپ كەلدى» دەپ چۈشەندۈ-رۈش بېرىلگەن. بۇ سۈرەتتىمۇ ئوخشاشلا يۈسۈپ قارىي ھاجىم بىلەن ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ھۆرمەتلىك مېھمانلار سۈپىتىدە ئال-دىنقى رەتتە تۇرغان.

غازى ئەھمەد ئەپەندى ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن تارىخىي سۈ-رەتتىكى سولدىن بىرىنچى كىشىنى ئوسمان داموللام، ئىككىنچى كىشىنى، يەنى ئاق تونلۇق كىشىنى ئابدۇرېشىت ئەلەم دەپ ئىزاھلىغان. قورغاستىن ئەۋەتىلگەن رەسىمدە سول تەرەپتىكى بىرىنچى كىشى ئابلا مەخسۇم دەپ كۆرسىتىلگەن. ھەيران قالىدى-غان ئىش شۇكى، ئىككى رەسىمدىكى ئىككى ئادەم بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى بىرىنچى ئادەم ياشانغان، مۈكچەيگەن، ئورۇق ئادەم بولسا، قورغاستىن ئەۋەتىلگەن رەسىمدىكى بىرىنچى ئادەم ياش، قاۋۇل، يۈز كېپتى كەڭ ئادەمدۇر.



غازى ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى سۈرەتنىڭ پارچىسى



قورغاستىن ئەۋەتىلگەن سۈرەتنىڭ پارچىسى

بۇ ئىككى سۈرەتكە تازا دىققەت قىلساق سول تەرەپتىكى بىرىنچى كىشىنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەملەر ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىنىڭ بىر سۈرەتتە بار، بىرىدە يوقلۇقىنى بايقايمىز. مەن سۈرەت مۇتەخەسسىسى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى كەسپىي تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئامالسىز. ئەمما، بۇ ئوخشاش ئىككى سۈرەتنىڭ بىرىدە مەسىلە بارلىقى ئېنىق. بۇ مەسىلە، كىم تەرىپىدىن، نېمە ئۈچۈن سادىر قىلىندى؟ ئەقلىم يەتمىدى.

سۈرەتتىكى بېشىغا سەللە ئورىغان، ئاق تونلۇق ياش كىشىگە كەلسەك، بۇ كىشى غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا ئابدۇرېشىت ئەلەم دەپ كۆرسىتىلگەن. قورغاستىن كەلگەن خەتتە «ناسىراخۇن مەخسۇم» دەپ كۆرسىتىلگەن. مەن بۇ كىشىنىڭ پورترېتىنى يەنە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ناملىق سۈرەتلەر توپلىمىنىڭ 83 ـ بېتىدىكى 80 چە كىشى بىللە چۈشكەن كوللېكتىپ سۈرەتتە ئاق تونلۇق ھالەتتە ئۇچراتتىم. بۇ سۈرەتكە «1948 ـ يىلى

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. سۈرەتتە ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر» دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن. يۇقىرىقى كىتابنىڭ 88 ـ بېتىگە بېرىلگەن، 100 چە كىشى بىللە چۈشكەن سۈرەتتە بۇ كىشىنى يەنە قارا تون كىيگەن ھالەتتە ئۇچراتتىم. بۇ سۈرەتكە «1948 ـ يىلى، شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەتتىكى زىيالىيلار بىلەن غۇلجىدىكى باباشوف باغچىسىدا» دەپ چۈشەندۈرۈش يېزىلغان. كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، بىز مەخسۇس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان تارىخىي سۈرەتتىكى «قەشقەر ۋەكىللىرى» سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن تۆت ئۆلىمانىڭ باشقا ئۈچى، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن كىتابتىكى يۇقىرىقى كوللېكتىپ سۈرەتلەردە كۆزگە چېلىقمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئاق تونلۇق كىشى زادى ئابدۇرېشىت ئەلەممۇ ياكى ناسىراخۇن مەخسۇممۇ؟ بۇنى كېسىپ بىرنېمە دېيىشكە ئامالسىزمەن.

غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا ئىسھاقبېك مونونوف دەپ كۆرسىتىلگەن 6 ـ كىشى، قورغاستىن ئەۋەتىلگەن خەتتە رەھىمجان سابىرھاجى دەپ ئىزاھلانغان. مەن ئاپتورنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق كىتابىنى كۆرگەن چېغىمدىلا، بۇ كىشىنىڭ ئىسھاقبېك مونونوف ئەمەس، بەلكى رەھىمجان سابىرھاجى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. چۈنكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئالاقىدار تارىخىي سۈرەتلەر ئىچىدە بۇ ئىككىيلەننىڭ سۈرىتى كۆپ ئۇچرايدىغان بولغاچقا، تونۇماق تەس ئەمەس ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بۇ مۇھىم ئىككى ئەربابنىڭ بىرى تىپىك ئۇيغۇر چىراي بولسا، بىرى تىپىك قىرغىز چىراي ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇتىنىڭ شەكلىمۇ پەقەتلا ئوخشىمايتتى. بىز بۇ ئىككى مەشھۇر ئەربابنىڭ سۈرىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا پەرقنى بايقىۋالالايمىز.



ئىسھاقبېك مونونوف



رەھىمجان سابىرھاجى

قورغاستىن ئەۋەتىلگەن خەتتە نامى تىلغا ئېلىنغان، مىللىي ئارمىيەنىڭ فورمىسىنى كىيگەن بىر ئوفىتسېر مېنى ئەڭ قىدزىقتۇرغان كىشى دەپ ئېيتىمەن. ئۇ بولسىمۇ، «13 ـ كىشى مەۋلانوف (تاتار)» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ئادەمدۇر. غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا بۇ كىشى «رەشىت بابا (ئۆزبېك)» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەن بۇ تارىخىي سۈرەتتىكى كىشىنىڭ زادى كىملىكىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ئەمما 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ۋە 40 ـ يىللىرىدىكى تارىخىي ھادىسىلەرگە ئالاقىدار بايانلاردا «مەۋلانوف» نامى بىلەن كۆپ چېلىقىدىغان رەزىل جاسۇسنى خېلىلا پىششىق بىلىمەن.

مەۋلانوف توغرۇلۇق مەن 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابىمدا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تۇنجى قېتىم ئۇچۇر بەرگەنىدىم. «مەمتىلى ئەپەندى» نەشر قىلىنىپ ئارىدىن 15 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، مەن پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق كىتابى، سەي جىنسۇڭ يازغان «شېڭ شىسەي» ناملىق كىتاب ۋە «باغداش» تو-

www.uyghurkitap.com

رىدا ئېلان قىلىنغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاپتونومىيە سىياسىتى تاكتىكىسى» ۋە ««مەن كەچكەن كېچىك-لەر،دىكى سوۋېت جاسۇسلىرى» دېگەن ماقالىلەردىن قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئالدىدا قانلىق جىنايەت سا-دىر قىلغان بۇ جاسۇسنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مەلۇماتقا ئېرىشتىم.

رازاق مەۋلانوف ئەسلىي ئوشلۇق قىرغىز بولۇپ، قىرغىزىس-تان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب سى تەرىپىدىن مەخسۇس تەربىيەلەنگەن. ئۇ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم 1934 - يىلى قەدەم باسقان. شۇ يىلى قەشقەردە ئا-تالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يوق قىلىن-غان، خوجانىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇش تەكلىپى-نى قوبۇل قىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن، مەھمۇت مۇھىتى 6 - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى بولغان، ما جۇڭيىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن، ما خۇسەن خوتەنگە بېرىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە باشلىغان بولۇپ، قەشقەر ۋەزىيىتى نىس-پىي مۇقىم ھالەتكە كىرگەن. ئەمما، ئىستالىن ھۆكۈمىتى پەرغا-نىدىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش، ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەم قەشقەردىكى مىللىي غايىگە ئىگە ئۆلىما، زىيالىي ۋە باي - سودىگەرلەرنى رازۋېدكا قىلىپ تۇرۇش مەقسىتىدە رىبالكو (رىبالكىن ئەمەس) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قەشقەرگە كىرگۈزگەن. مەۋلانوفمۇ شۇ چاغدا قەشقەرگە كېلىپ جايلاشقان. بۇ چاغدا ئۇ 25 ياشلاردىكى ھەربىي ئىدى. قولىدا بىر تۈمەن ئەس-كەر بار ئىدى. 1937 - يىلى مەھمۇد مۇھىتى ھىندىستانغا قاچ-قاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئىستالىننىڭ قەشقەردىكى مۇھىم تارماقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئادەملىرى قەشقەر تەۋەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، غوللۇق كىشىلەردىن 300

دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالغان. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كېچىسى قەشقەر شەھىرى ئابدۇنىياز كامال بىلەن ما خۇسەنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغاندا قەشقەر يارباغ تۈرمىسىدىكى مەمتىلى ئەپەندى، يۈسۈپ زىيا ئەپەندى، تۇرغۇن بايۋەچچە قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق ئوغلاننى ئۆلتۈرۈپ، كۆيدۈرۈۋېتىشتەك ئېچىنىشلىق پاجىئە يۈز بەرگەن. بۇ پاجىئەگە ئىستالىن ھۆكۈمىتى يىراقتا تۇرۇپ رېژىسسورلۇق قىلغان بولسا، ئۇنتۇلماس بۇ پاجىئەنى قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى بىلەن ئالاھىدە ھەربىي خادىم رازاق مەۋلانوف بىر قوللۇق ئىجرا قىلغان.

1937 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا قەشقەر ۋەزىيىتى تىنچىغان. شېڭ شىسەي قەشقەر، خوتەنلەرنى بىمالال باشقۇرىدىغان بولغان. مەۋلانوف بۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك زىيالىيلار ۋە بايلارنى تۇتۇش، بۇلاش ۋە يوقىتىش ئىشلىرىدا ئاكتىپ ھەمكارلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قانلىق قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ قەشقەر، يەكەن ھەم خوتەنلەردە تۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقى 1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن بىر تۇەن ئەسكەر بىلەن ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ بىر ئەترىتىنى قۇمۇلدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن بىر تۇەن قوشۇن دەل مەۋلانوف قەشقەر، خوتەنلەردە ئەگەشتۈرۈپ بىرنەچچە يىل تۇرغان قوشۇن ئىدى. قۇمۇلغا بارغان بۇ قوشۇننىڭ نامى «رۇسىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 ـ تۇەنى» ئىدى. كوماندىرى گېنېرال مايور ئۇشنىسكىي ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ شەپكىسىدىكى كاكار بىلەن كىيىملىرى ئۆلكە قوشۇنىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ياقىسىدا بەلگە بار، پاگونى يوق ئىدى. ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپى قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنى «قىزىل 8 ـ تۇەن» دەپ ئاتىشاتتى. بۇلار تۇەن دەپ ئاتالغىنى بىلەن ئەسكىرىي كۈچ جە-

ھەتتە كۆچەيتىلگەن بىر لۈي بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ تۆەننىڭ ئىشلىرىغا مەۋلانوف يېتەكچىلىك قىلاتتى. 1942 ـ يىلى ئىستا- لىن ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزۇلغاندىن كېيىن مەۋلانوف سو- ۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل بويىدا «باتۇر» دېگەن نامدا قۇرۇلغان مەخپىي قوراللىق ئەترەتكە تەلىم ـ تەربىيە بەرگەن. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى غۇلجىنى ئازاد قىلىپ «شەرقىي تۈر- كىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامدا ھۆكۈمەت قۇرغان. تۆت كۈن- دىن كېيىن ئىسھاقبېك مونونوف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم رۇس، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك، قازاق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى ئېلىپ غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن. شۇ چاغدا مەۋلانوف- مۇ بىللە كەلگەن. چۈنكى ئىسھاقبېك بىلەن مەۋلانوف 1934 ـ يى- لىدىن 1938 ـ يىلىغىچە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بىللە ئىشلىگەن. ئىسسىقكۆل بويىدا قۇرۇلغان مەخپىي قوراللىق گۇرۇپپىغىمۇ بۇ ئىككىيلەن تەلىم ـ تەربىيە بەرگەن. مەۋلانوف غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن جىڭ بىلەن شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ يېنىك يارىلانغان ھەم ئۇزاق ئۆتمەي ساقايغان. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىسھاقبېك مونونوف ئاتلىق 1 ـ بىرىگادىنى بىر قوللۇق قوشۇپ چىققان. بۇ بىرىگادىغا قاراشلىق 1 ـ ئاتلىق پولك (تېكەس ئاتلىق پولكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مۇزداۋانغا يېقىن خانىيايلاققا كېلىپ، پولكوۋ- نىك سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ قىسمى ساقلاۋاتقان مۇزداۋان ئېغى- زىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇنىڭ بىلەن جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر مۇھىم ئېغىز مەۋلا- نوفنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. ئۇ بۇ جايدا خېلى ئۇزاق تۇرغان. ئۇ ئۆز نامىدىن تىكلىگەن ئابىدە تاش ھېلىمۇ شوتا جىلغىسىدا بار. يەرلىك كىشىلەر بۇ تاشنى «مەۋلان تاش» دەپ ئاتىشىدۇ.


1945 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ هۆكۈمىتى ۋەكىللى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن. ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەت نەتىجىسىدە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىنىپ، 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بىرلەشمە هۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كوماندىر ۋە مەمۇرىي مەسلىھەتچىلەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مەملىكىتىگە قايتقان. ئەمما، مەۋلانوف قايتمىغان.① ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قاچان قايتقانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاپتونومىيە سىياسىتى تاكتىكىسى» دېگەن ماقالىدە ئۇنىڭ كېيىن قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوش شەھىرىدىكى بىر مەسچىتكە ئىمام بولۇپ، تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى بىلەن 1980 - يىللاردا ئۆلگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ كۆپ ئىزدەشكەن ئادىمى 1937 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە شىنجاڭدا جاسۇسلۇق قىلغان، باشقىرت مىللىتىدىن بولغان ئەلى ئەپەندى (ئۆز ئىسمى: غابىت مۇزىپوف) ئىسىملىك كونا جاسۇس ئىكەن.

بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان تارىخىي سۈرەتتىكى شاياخۇن هاكىم (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سۈيدۈڭگە هاكىم بولغاچقا شۇنداق ئاتىلىدۇ) بىلەن ياسىن خۇدابەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئوفىتسېر راستىنلا قىرغىز جاسۇس مەۋلانوفمۇ ياكى غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەندەك ئۆزبېك رەشىت بابامۇ ۋەياكى باشقا بىرىمۇ؟ مېنىڭچە، مەۋلانوف ئەمەس!

مەن بۇ ئوفىتسېرنىڭ مەۋلانوف ئەمەسلىكىنى ئىككى جەھەتتىن ئىسپاتلىيالايمەن. بىرىنچى، مەۋلانوفنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىل-

① سوپاخۇن سۇۋۇروف: «مەن كەچكەن كېچىكلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2010 - يىلى نەشرى، 481 - بەت.

www.uyghurkitap.com



ئوڭدىن سولغا: ياسىن خۇدابەردى، «مەۋلانوف»، شاياخۇن ھاكىم

لىي ئارمىيەسىدىكى ھەربىي ئۇنۋانى پولكوۋنىك ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىنىڭ پولكوۋنىك ئىكەنلىكىنى سوپاخۇن سۇۋۇرۇوف ۋە توختى ئىبراھىملارنىڭ كىتابلىرىدىكى بايانلاردىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. سۈرەتتىكى بۇ ئوفىتسېرنىڭ پاگونىدىكى بەلگىدىن قارىغاندا، ئۇ مايور ئىكەن. مەۋلانوف 1945 - يىلىلا پولكوۋنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ تارىخىي سۈرەت 1948 - يىلى كۆزدە تارتىلغان. مايورلۇق ئۇنۋانى پولكوۋنىكلىق ئۇنۋانىدىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن ھەربىي ئۇنۋان. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلغاندا تەسىس قىلىنغان ھەربىي ئۇنۋان قۇرۇلۇشى بويىچە ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ دەرىجىلىرى پاگونغا تاقالغان توغرا بالداق ۋە يۇلتۇز سانىغا قاراپ ئايرىلغان. ئادەتتە پولكوۋنىكلارنىڭ پاگونىدا قوش بالداق، ئۈچ يۇلتۇز بولىدۇ.



پولكوۋنىكنىڭ پاگونى



پودپولكوۋنىكنىڭ پاگونى

پولكوۋنىكتىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان پودپولكوۋنىكنىڭ

پاگونىدا ئىككى بالداق، ئىككى يۇلتۇز بولىدۇ. مايورنىڭ پاگونىدا بولسا ئىككى بالداق بىر يۇلتۇز بولىدۇ. بارلىق ھەربىي پاگونلار-نىڭ باش تەرىپىدە ئاي ـ يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن مېتال تۇگمە بولىدۇ.

شاياخۇن ھاكىم بىلەن ياسىن خۇدابەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئول-تۇرغان بۇ ئوفىتسېرنى مەۋلانوف ئەمەس، دېيىشىمدىكى ئىككىن-چى سەۋەب شۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندىن تارتىپ، ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە قۇرۇش، بىتىم ئىمزالاش ئىشلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ياردىمى ھەم كونتروللۇقىدا بولغان. گو-مىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىدىغان ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم قىلىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانسىمۇ، پاكىت تا-پالمىغاچقا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى خەلقئارا جامائەتچىلىك ئالدىدا ئەيىبلىيەلمىگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى گۇمانلىنىۋاتقان دۆلەتلەر ئالدىدا دىپلوماتىيە جەھەتتە پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا، مەسلىھەتچىلىككە ۋە جاسۇسلۇققا بارغان ھەربىي، كادىر ۋە رازۋېدكىچىلىرىنى ھەرقانداق ئورۇندا سۈرەتكە چۈشمەسلىك توغرۇلۇق قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىپ ئاگاھلاندۇر-غان. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر تارىخىي سۈرەتلەردە بىز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە مۇلكىي ئادەملىرى-نى ئۇچرىتالمايمىز. شىنجاڭدا ئون يىللاپ مەخپىي خىزمەت ئۆ-تىگەن پولكوۋنىك دەرىجىلىك داڭلىق ھەربىي جاسۇسلار ھېساب-لىنىدىغان زاكىر تۆرە (پېتىر ئىۋانوۋىچ ساۋىن)، ئەلى ئەپەندى (غابىت مۇزىپوف)، ئىسكەندەر ئەپەندى (ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋا-نوف) قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتىنى بىرەر جايدىمۇ چىلىقتۇرالمايمىز. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر ئۆمۈر موسكۋانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە

ئىشلىگەن ھىيلىگەر جاسۇس مەۋلانوفنىڭ سۇيىدۇكىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتۇش ئازاقلىق شاياخۇن ھاكىم (1896 ~ 1980) بىلەن ياسىن خۇدابەردى (1917 ~ 1990) ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، خاتىرجەم سۈرەتكە چۈشۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى پاكىت ۋە سەۋەبكە ئاساسەن قورغاستىن ئەۋەتىلگەن خەتتە «مەۋلانوف (تاتار)» دەپ كۆرسىتىلگەن ئادەمنى «مەۋلانوف ئەمەس» دەپ قارايمەن. ئۇنداقتا، بۇ ئوفىتسېر «ئۆزبېك رەشىت بابا»مۇ؟ مېنىڭ رەشىت بابا دېگەن ئوفىتسېر ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىم بولمىغاچقا شۇ ياكى ئەمەس دېيەلمەيمەن. ئەمما توختى ئىبراھىمنىڭ «مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى» دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «ئۆزبېكلەردىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى مەزمۇندا پولكوۋنىك غاپپارخان، نەبىجان يۇسۇپ، نىغمەت ئىنئامجان، پودپولكوۋنىك ئاسىلقان، مايور ئابدۇقادىر، كاپىتان سەيدەخمەتوف تۇرسۇن، ئەمىر قاراۋاي، سەيىد ئەزىم قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر تىلغا ئېلىپ كۆرسەتكەن[1]. بۇلارنىڭ ئارىسىدا «مايور رەشىت بابا» دېگەن ئىسىم يوق. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەمەسمىكىن، دەپ ئېيتالايمەن.

ئاخىرىدا نىلقا قازاقلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ سۈرىتى بىلەن ئەنۋەر مۇساباييېفنىڭ نوپۇزلۇق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن، 1948 ـ يىلىدىكى ئىشەنچلىك سۈرىتىنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىپ قويۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» ناملىق كىتابىدا «ئوبۇلخەيرى تۆرە» دەپ بېرىلگەن سۈرەتتىكى كىشى گۇمانلىق. غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ كىتابىدا «ئوبۇلخەيرى تۆرە (قازاق)» دەپ كۆرسىتىلگەن كىشىمۇ خاتا كۆرسىتىلىپ قالغان.

---

[1] توختى ئىبراھىم: «مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى. 234 ـ، 235 ـ بەتلەرگە قاراڭ.



ئەنۋەر مۇسابايېف



ئوبۇلخەيرى تۆرە

«ئەنۋەر مۇسابايېف» دەپ كۆرسىتىلگەن 10 ـ كىشى شۇبھىسىز ـ كى، ئەنۋەر مۇسابايېف ئەمەس. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر ئۈچ جەمەتنىڭ بىرى بولغان مۇسابايېفلار جەمەتىگە مەنسۇپ ئەنۋەر مۇسابايېف بۇ چاغدا، يەنى 1948 ـ يىلى 32 ياشلىق يىگىت ئىدى. سۈرەتتىكى كىشى ياش جەھەتتىن خېلىلا چوڭ بولغانلىقى ئۈستىگە چىرايمۇ ئەنۋەر مۇسابايېفقا يېقىن كەلمەيدۇ. ئەنۋەر مۇسابايېف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەم 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازىرى بولغان. 1946 ـ يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەنۋەر مۇسابايېفنى مۇئاۋىن ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇپ، ئالتاي ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي ھەم مالىيە ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن. 1950 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئۇ يەنە شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى ما ـ

لىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1955 ـ يىلى تاشـ
كەنتكە كۆچۈپ كەتكەن. 1995 ـ يىلى 79 يېشىدا قازا قىلغان.
دېمەك، ئوبۇلخەيرى تۆرە بىلەن ئەنۋەر مۇسابايېڤ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى مەزگىلىدە باشتىن ـ ئاخىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇپ
ۋەزىپە ئۆتىگەچكە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئالاقىدار كوللېكتىپ
تارىخىي سۈرەتلەردە ئۇلارنىڭ پورترېتى كۆپ چىلىقىدۇ. بۇ سۈـ
رەتلەرنى كۆپ كۆرگەن ئادەم ئۇلارنى دەرھال تونۇۋالىدۇ. شۇڭا،
مەن 10 ـ كىشى بىلەن 11 ـ كىشىنى قورغاستىن ئەۋەتىلگەن
خەتتە كۆرسىتىلگەندەك «مامۇت ھاجىم» بىلەن «سولخاي ھاجىم»
دېگەن كىشى بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن.
مېنىڭ تارىخىمىزدىكى ئۇنتۇلماس ئىنقىلاب بولغان ئۈچ ۋىلاـ
يەت ئىنقىلابى تارىخىغا ئالاقىدار بۇ بىر پارچە كوللېكتىپ تارىـ
خىي سۈرەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان سىرلار توغرىسىدىكى ئىزدىـ
نىشىم ھازىرچە مۇشۇنچىلىك. بىلگۈچىلەرنىڭ كەم جايلىرىنى
تولۇقلىشىنى، خاتالىققا يول قويغان جايلىرىم بولسا تەنقىدلەپ
كۆرسىتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلدى.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىكتى

# «سالچىلار» رومانى ھەققىدە دەسلەپكى تەنقىد

داڭلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تۇنجى رومانى «قۇم باسقان شەھەر» نەشر قىلىنىپ 16 يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى رومانى «سالچىلار» 2012 ـ يىلى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى زور شۆھرەت قازانغان بولغاچقا، ئۇ خېلىدىن بېرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت ۋە ئۈمىد نەزىرىدىكى يازغۇچى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ ئىككىنچى رومانىنى كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن. مەنمۇ شۇ خىلدىكى تەقەززالىق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «سالچىلار» رومانى نەشر قىلىنىش بىلەنلا ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي تەسىراتىم سۈپىتىدە قولىڭىزدىكى بۇ دەسلەپكى تەنقىدىي ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. مېنىڭچە، بۇ رومان بايان ئۇسلۇبى، سۇژىت قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش شەكلى، ئىدىيەۋى خاھىشى، چىنلىق ئاساسى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشى، تىل ئىشلىتىشى، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي ئۇنۇمى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەستايىدىل تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك رومان ئىكەن. بۇنداق دېيىش بەزىلەرگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن.

ئالدى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئەدەبىيات ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم ئېلىپ كىرىۋاتقان ھەۋەسكار ئاپتورلارغا نىسپىي ماس كېلىدىغان، ئەمما تونۇلغان ئەدىبلەرگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان «ئاۋۋال ئۇتۇقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاندىن كەمچىلىكىنى كۆرسىتىش لازىم» دېگەن ساددا قاراشنى ياقلايدىغان

«كۆڭلى ياخشى» ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەكسىچە، پىرىنسىپچىل، تەلەپچان، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ، بولۇپمۇ رومانچىلىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ خاتالىقلارغا نىسبەتەن تەنقىدلەش ئېڭى ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە نىسبەتەن سۈرۈشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇملاشقان مەسئۇلىيەتسىزلىك، ياخشىچاقلىق، بىپەرۋالىق كەيپىياتىغا قاتتىق ئىچى پۇشىدۇ. ئۇلار سۈپەتلىك ئەسەرلەر بىلەن سۈپەتسىز ئەسەرلەرنى تەنقىد ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئايرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەيلى كىمنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئەدەبىي ئەسەرنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىش ئەدەبىياتنى خارابلاشتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇتۇقى ۋە كەمچىلىكىگە ياتىدىغان تەرەپلەرنى ئىلمىي ۋە پاكىتلىق تەھلىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار بۇ خىلدىكى ئوبزورلارنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلارغا مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇشنى ئۆگىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىلەشنى، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان ئەدىبلەر پاكىتلىق، ئىلمىي تەنقىدلەردىن يېتەرلىك نەپ ئالىدۇ.

مەن گېرمانىيە پەيلاسوپى شوپىنخاۋېرنىڭ «سىلىق ـ سىپايىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆز مەنىسىگە ئىگە، لېكىن ئەدەبىياتتا بىر خىل ياتلاشقان ھەمدە كۆپىنچە زىيانلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ» دېگەن قارىشىنى ياقلايدىغان ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەتەي كۆڭۈل ياساپ، ياخشىچاقلىق قىلىپ يۈرمەي «سالچىلار» رومانى ھەققىدىكى ئەمەلىي تەسىراتىمنى پاكىتلىق، ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم. يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرمۇ بۇ رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە «ئەسەرنى كىتابخانلارغا ياققۇدەك قىلىپ يېزىپ چىقالىدىممۇ ـ يوق؟ بىلمەيمەن» دەپ يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تەسىراتى ۋە ئىلمىي، پاكىتلىق باھاسىغا بولغان ئوچۇق كۆڭۈللۈكىنى بىلدۈرگەن.



www.uyghurkitap.com

شۈبھىسىزكى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرەر ئەسەرنى مەدھىيەلەپ مۇئەييەنلەشتۈرسۇن ياكى تەنقىدلەپ ئىنكار قىلسۇن، سۆزىدە ئاساس بولمىغان ئوبزورچى قۇرۇق گەپ قىلىدىغان ئوبزورچى ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىشكە تىرىشتىم. تەنقىدىم توغرا بولمىغان بولسا، ئىلمىي، پاكىتلىق يېزىلغان رەددىيەنى ھەر زامان قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «سالچىلار» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ رومانىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ، مۇنداق يازغان:

*«سال توختاپ بۇگۇنگىچە ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتتى. ئەينى يىللاردىكى پېشقەدەم سالچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن كەتتى. ھايات قالغانلىرىنىڭمۇ ساقاللىرىنى ئاق ئارىلاپ، بەللىرى مۇكچەيدى. دەريا بويلىرىدىكى سالچىلار بېسىپ ئۆتكەن ئاياغ يوللارنى ئوت - چۆپلەر بېسىپ، توقايلاردىكى سالچىلار ياققان گۇلخانلارنىڭ كۇللىرىنى شامالللار ئۇچۇرۇپ بولدى. بارا - بارا ئىنسانلارغا ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن سال ۋە سالچىلار ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، بىر تارىخ، بىر كەسىپ، ئوت يۈرەك ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر داستان ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى... مەن بۇ كىتابىمنى ئەنە شۇ سالچىلار تۇرمۇشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلىدىم.»*

بۇ باياندا يازغۇچىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك مۇددىئاسى ئەكس ئەتكەن. بىرىنچى، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بىر تارىخ؛ ئىككىنچى، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بىر كەسىپ؛ ئۈچىنچى، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بىر توپ ئوت يۈ-

رەك ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر داستان. ئۇنداقتا، يازغۇچىنىڭ «سالچىلار» ناملىق بۇ رومانى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان «بىر تارىخ، بىر كەسىپ ۋە بىر توپ ئوت يۈرەك ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر داستان» بولالىغانمۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە، بولالمىغان.

بىرىنچى، تارىخىي قىممىتى جەھەتتىن باھالىساق، بۇ روماندا تارىخىي تۇيغۇ دېگەن نەرسە يوق ھېسابىتا. مەن ئىككى توملۇق بۇ رومانىنىڭ بىرىنچى تومىنى ئوقۇپ بولۇپمۇ، يازغۇچىنىڭ ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت ئەھۋالىغا بولغان قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئابزاس مۇھاكىمە ياكى بايانىنىمۇ ئۇچرىتالمىغانلىقىنىڭ ئۇستىگە، ئەقەللىيسى يازغۇچىنىڭ بۇ روماندا قايسى تارىخىي دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. مانا بۇنىڭدىن ئەسەردە تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىلەنمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يامۇل، چېرىك، ئامبال، دوتەي، داچەن، تومپۇر دېگەن تارىخىي ئاتالغۇلاردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ قىسمەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىسەكمۇ، ئەمما كونكرېت قايسى دەۋر ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايدۇ. ئادەتتە رومان بىر تارىخىي دەۋرنى، شۇ تارىخىي دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتنى ياندىن بولسىمۇ يورۇتۇپ بېرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى توملۇق رومانىنىڭ بىرىنچى تومىدا قايسى تارىخىي دەۋر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدىغان بىر ئۇچۇر بار، دەپ قارالسا، مۇنۇ بايانىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

*«1944 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە شوتىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئەينى يىللاردا جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ ئارىشاڭنىڭ ھەربىر كۆزى ئۈستىگە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەرنى ياساپ، ھەربىر ئۆي ئىچىگە يەنە يۇيۇنىدىغان، كىيىم ـ*

*كېچەك سالىدىغان بۆلۈمچىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارىشاڭ ئەتراپىغا يەنە داۋالىنىشقا كەلگەنلەر ئۈچۈن ياتاق ئۆيلەرنى ۋە بىر مەسچىت سالغان. بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن يىللاردا تېخى ئارىشاڭ ئەتراپىدا بۇ قۇرۇلۇشلار يوق ئىدى.» (489 - بەت)*

بۇ نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان يولۇچىلار قەشقەردىن ئىلىغا قاراپ سەپەر قىلغان ئۇلاغلىق كارۋان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى سەمەت، يانداش پېرسوناژى قۇۋان ئەزمە بىلەن ھۇسەن بايۋەچچە بار ئىدى. بىز يۇقىرىقى ئۇچۇردىن بۇ يولۇچىلارنىڭ مۇزداۋاندىن ھالقىپ ئىلى تەۋەسىگە قەدەم باسقان مەزگىلىنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى چاغلار ئىكەن، دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىمۇ، جىن شۇرېن دەۋرىمۇ، شېڭ شىسەي دەۋرىمۇ ياكى گومىنداڭ دەۋرىمۇ، بۇنى ئېنىق بېكىتىشكە ئامالسىز قالىمىز. «چېرىك»، «لەشكەر» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ شېڭ شىسەي دەۋرىدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، شېڭ شىسەي دەۋرىدىن باشلاپ «ئەسكەر»، «ساقچى» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، پەرىزىمىز تېخىمۇ مۇجمەللىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، رومانىنىڭ بىرىنچى تومىدىن شىنجاڭنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يازغۇچىنىڭ بۇ رومانىنى «ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر تارىخ توغرىسىدىكى داستان» سۈپىتىدە يېزىپ چىقىش مۇددىئاسىغا يېقىنمۇ كېلەلمىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇنداقتا، رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىدىمۇ تارىخىي دەۋر توغرىسىدا ئېنىق ئۇچۇر يوقمۇ؟ دەپ سورالسا، بۇ سوئالغا ئۇچۇر بار، ئەمما يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى

يوق، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن بىزگە يەتـ-
كەن ئۇچۇردىن سۆز ئاچساق، ئىككىنچى تومنىڭ 620 ـ ۋە 628 ـ
بېتىدە ئىپادىلەنگەن ئۇچۇرلار روماندىكى تارىخىي دەۋرنى 1940 ـ
يىللارنىڭ بېشى، يەنى شېڭ شىسەي دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى
ئىكەن، دەپ پەرەز قىلىشىمىزغا ئاساس بولالايدۇ:

*«قۇربانجان بۇ يەرلىك مەمەتنىياز دېگەن بايلار بىلەن بىرلىكـ-
تە پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ياسىتىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىدىن ئېـ-
شىپ قالغان ياغاچلارنى بۇ دەريا بويىغا يۆتكەپ كېلىپ، يەنە ئاقـ-
سۇ، چىكىرچى دېگەن جايلاردىن ياغاچ سېتىۋېلىپ بۇ كۆۋرۈكنى
سالدۇرغانىكەن. شۇ قۇربانجان بىلەن مەمەتنىياز دېگەن بايلارنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېيىن كۈمۈش مېدال بىلەن تارتۇقلىغان
دېيىشىدۇ.» (620 ـ بەت)*

تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىرىدە «قۇربانجان كۆۋرۈكى»
دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ كۆۋرۈكنى قۇربانجان دېگەن
باي پۇل چىقىرىپ تېكەس دەرياسىغا ياساتقانلىقى توغرۇلۇق مەـ-
لۇمات تۈرلۈك ماتېرىياللاردا بىردەك بولسىمۇ، ئەمما ياساتقان يىـ-
لى توغرىسىدىكى مەلۇمات بىردەك ئەمەس. «تېكەس ناھىيە تارىخ
ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 ـ سانىدا «1934 ـ يىلى ياسالغان» (15 ـ
بەت) دەپ يېزىلغان، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 51 ـ
قىسمىدا «1933 ـ، 1934 ـ يىللاردا ياسالغان» دەپ يېزىلغان،
خەپىز ساتتار سالىخنىڭ «ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتـ-
ناش ئىشلىرى» دېگەن ماقالىسىدىمۇ «1933 ـ، 1934 ـ يىللاردا
ياسالغان» دەپ يېزىلغان. ئەمما 2012 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياـ-
تى نەشر قىلغان «جەننەت ماكان — ئىلى» دېگەن كىتابنىڭ 451 ـ
بېتىدە «1937 ـ يىلى ياسالغان» دەپ يېزىلغان. مەن بۇ تۆت
مەنبەنىڭ ئىچىدە «جەننەت ماكان — ئىلى» دېگەن كىتابتىكى

ئۇچۇرنى ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىدىم. چۈنكى ئىلىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى 1933 ـ ۋە 1934 ـ يىللىرى بەك تۇراقسىز بولغان ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇرلۇك جەڭگى ـ جېدەللەر سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىنچىمىغان يىللار ئىدى. بۇ يىللاردا تېكەس قاتارلىق جايلاردا بايلارنىڭ بەس ـ بەستە مەكتەپ سېلىشى ھەم مەكتەپتىن ئاشقان ياغاچلاردىن پايدىلىنىپ كۆۋرۈك سېلىشى ئەـ مەلىيەتتىن يىراق ئىش ئىدى. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ خوتەندىن باشقا جايلىرىدا نىسپىي تىنچلىق شەكىللەندۇرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، يېـ ڭىچە مەكتەپلەرنى سېلىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىلى رايونىدا 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەل ئىچىدىكى بايلار ۋە يۇرت كاتتىلىرى غۇلجا، سۇيدۇڭ ۋە تېكەس قاتارلىق جايلاردا پەن زاۋۇـ تى قۇرۇش، ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش، مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرىنى بەس ـ بەستە ئېلىپ بارغان. ئۆز زامانىسىدا كاتتا ياغاچ كۆۋرۈك ھېسابلانغان «قۇربانجان كۆۋرۈكى» ئاشۇ ساخاۋەت قىزغىنلىقى ۋە قۇرۇلۇش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان يىللاردىكى كەيپىياتنىڭ تۇرتكىسىدە قۇرۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىدىكى تارىخىي دەۋردىن ئۇچۇر بېرىـ دىغان يەنە بىر مىسال تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

*«ئاڭلىساق، شېڭ دۇبەن بايلارنى تۇتۇپ قاماپ، مال ـ مۈلكىـ نى تارتىۋېلىۋاتقۇدەكقۇ.» (628 ـ بەت)*

ھەممىگە مەلۇمكى، شېڭ شىسەينىڭ ئىلغارلىق، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق دېگەن شوئارلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، شىنجاڭ مىقـ ياسىدىكى ئىلغار زاتلارنى، تونۇلغان بايلارنى تۇركۇملەپ قولغا

ئېلىشقا، بۇلاپ ـ تالاشقا، ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىشقا كىرىشكەن ۋاقتى 1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ خىل جىنايى ھەرىكەتنى باشلىغان بولسىمۇ، كۆلىمى ۋە ۋەھىمىسى ئۇنداق چوڭ بولمىغان. چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ يېنىدا مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى سالاھىيىتىدىكى خوجىنىياز ھاجى ھەم ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى 1500 كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئالدايدىغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى چۆرۈپ تاشلىيالىشى تەس ئىدى. 1937 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق مىڭلىغان كىشىلەرنى قولغا ئالغان. 1938 ـ ۋە 1939 ـ يىللاردا ئۇ ئاندىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بايلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قامىغان ۋە مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان.

يۇقىرىقى ئىككى ئۈچۈر بىزنىڭ رومانىدىكى تارىخىي دەۋر 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، سەمەت باشچىلىقىدىكى قەشقەرلىك يولۇچىلار دەل مۇشۇ يىللاردا ئىلى ۋادىسىغا قەدەم قويغان.

ئىككى توملۇق بىر ئىجتىمائىي تېمىدىكى رومان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان تارىخىي دەۋرنى ئوقۇرمەنگە بۇنداق پەرەز قىلدۇرۇپ قىيناشمۇ تازا قاملاشمىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى نېگىزلىك مەسىلە ئەسەردە يازغۇچىنىڭ تارىخ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە ئەسلا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدە، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يازغۇچى بۇ رومانىغا تارىخ تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇنداق زۆرۈرىيەتسىز پەرەزلەرگە ئىمكان قالمىغان بولاتتى. ئەلۋەتتە، كىيىم ـ كېچەك، سۆز ـ جۈملە، قورال ـ جابدۇق، كەسىپ ـ ۋەزىپە قاتارلىق

نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ نامى، پاسونى، شەكلى، كىيىنىش مەنبەسى ھەققىدىكى كىچىككىنە ئۇچۇرلاردىنمۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىك يۈز بېرىۋاتقان تارىخىي دەۋرنى مۇئەييەن دەرىجىدە پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن «سالچىلار» رومانىدا بۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارمۇ مۇجمەل، ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن، يازغۇچى سەمەتنى قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۇچۇن تۇتماقچى بولغانلارنى «يامۇلنىڭ چېرىكلىرى» دەپ يازغان بولسا، غۇلجا شەھىرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان غاپپارنى تۇتقانلارنى «ساقچى»، سوتلىغانلارنى «سوتچى» دەپ يازغان. ئوخشاش بىر يىلدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا ئىشلىتىلگەن بۇ پەرقلىق ئاتالغۇلار بىزگە قايسى تارىخىي دەۋردىن ئۇچۇر بېرىشى مۇمكىن؟ يازغۇچى رومانىدا يەنە كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان مۇنداق بىرنەچچە قۇر باياننى يازغان:

*«بۇ پۇللارنىڭ ئىچىگە شۇ زامانلاردا كىشىلەر يىپقا ئۆتكۈزۈپ خەجلەيدىغان ئوتتۇرىسى تۆت چاسا تۆشۈك يارماق، قىزىل مىستىن قۇيۇلغان تومپۇر، كۈمۈش تەڭگىلەر، يەنە قانداقتۇر ھەر خىل رەڭدىكى قەغەز پۇللار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.» (188 ـ بەت)*

شۇبھىسىزكى، پۇل مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىن ئۇچۇر بېرىش قىممىتى يۇقىرى ماددىي پاكىت. «سالچىلار» رومانىدا بۇ خىل ماددىي پاكىتمۇ ئەھمىيەتسىز نەرسە بولۇپ قالغان. چۈنكى شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئاپتور يۇقىرىدا بايان قىلغان مېتال پۇللار ئىستېمالدىن قالغانىدى. گېپىمىزنى پاكىت بىلەن بايان قىلساق، «شىنجاڭ پۇللىرى» دېگەن كىتابتىكى تۆۋەندىكى مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

*«1931 ـ يىلى قومۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. كۆپ ئۆتمەي، 1933 ـ يىلى شىڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇ-*

*رىسىدا مىلىتارىستلار ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئۇرۇش ئوتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، پۇتكۇل شىنجاڭ قالايمىقانلاشتى. ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلى ھەربىي ئېھتىياج ئۇچۇن زور مىقداردا تارقىتىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۆلكە پۇلى بەكمۇ كۆپ تارقىتىلغانلىقتىن، قىممىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى. بازاردا كۇمۇش يارچەن، كۇمۇش قۇيمىسى، مىس پۇل، داچەن پۇل قاتارلىق مېتال پۇللار بىرمەھەل ئوبوروت ساھەسىدىن چىقىپ كېتىپ، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.*

*1939 ـ يىلى مالىيە مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ماۋ زېمىن پارتىيەمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياستىنى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىپ، پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، سەرنى يۈەنگە (سومغا) ئۆزگەرتىش، ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنى يىغىۋېلىپ، ئايرىباشلانمايدىغان، لېكىن تولۇق زاپاس فوندى بولغان شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنى تارقىتىش قارىلىق، پۇتكۇل ئۆلكىنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى.»*

دېمەك، «سالچىلار» رومانىدا بايان قىلىنغاندەك ئۇنداق خىلمۇخىل مېتال پۇللار ۋە ھەر خىل رەڭدىكى قەغەز پۇللار ئارىلىشىپ كەتكەن ئەھۋال 1940 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كۆرۈلۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

رومانىدىكى قەشقەردىن چىققان سەمەت قاتارلىق يولۇچىلارنىڭ ئىلى تەۋەسىگە قەدەم قويغان مەزگىلىنى 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرى دەپ پەرەز قىلىشىمىزغا ئاساس بولىدىغان يەنە بىر پاكىت رومانىنىڭ 713 ـ بېتىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ پاكىت سەمەت قاراكۆل دېگەن يەردە سالچىلارغا قوشۇلۇپ، سالچىلار بىلەن تۇنجى قېتىم دەريادا ماڭغان چاغدا ۋاققاس، غوجاخۇن، جاپپار ئۇچەيلەن بىر

سالنىڭ ئۈستىدە پاراخلىشىپ كېتىۋاتقاندا باش سالچى غوجاخۇن ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزدە ئۇچرايدۇ:

*«ــ ياھ، ماۋۇ ۋاققاسنىڭمۇ قولىقى ئىتتىككىنا؟ ــ دەپ ھەيران بولۇپ ۋاققاس تەرەپكە قارىدى جاپپار. ۋاققاس ئۇنچىقماي پالاقنى تارتقىنىچە كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.*

*ــ قولىقى ئىتتىك، ــ دېدى غوجاخۇن، ــ بولغان ھەممە پاراڭنى ئاڭلاپ كېتىۋاتىدۇ... ھە، شۇ مۇخەممەرنىڭ دەپ بېرىد-شىچە، قايسى يىللىرى دەيدۇ ئەيتاۋۇر، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان زامانلاردا ئورۇسلارنىڭ پادىشاھى تۇڭگانلاردىنمۇ مەج-بۇرىي ئەسكەر ئالغىلى تۇرۇپتىكەن.» (713 ـ بەت)*

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋۋال بىد-رىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» دەپ ئاتاش دۇنيانىڭ ھېچقانداق جايىدا، مەيلى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىچىد-دە، مەيلى ئاۋام ئىچىدە قوللىنىلمىغان ئاتالغۇ ئىدى. كىشىلەر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى «ياۋروپا ئۇرۇشى»، «جاھان ئۇرۇشى» دەپ ئاتىشاتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارتلىغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇ-رۇشىنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇ-شى»، «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» دەپ ئاتاش بارلىققا كەلگەن. غوجاخۇن دېگەن سالچىنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» دېگەن ئاتالغۇ تەبىئىي ھالدا 1940 ـ يىلىدىن كېيىن-كى مەزگىلنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. يازغۇچى بۇ ئاتالغۇنى ئاڭلىق ئىشلەتتىمۇ ياكى ئاڭسىزمۇ؟ بۇ تەرىپىنى بىلمەيمەن. ئەمما، يۇ-قىرىقى ئاتالغۇدىن بىزگە يەتكەن ۋاقىت ئۇچۇرى شۇكى، سەمەت قوشۇلغان سالچىلارنىڭ ئىلى دەرياسىدا ماڭغان ۋاقتى 1940 ـ يىلىدىن كېيىنكە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يازغۇچى رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى»، «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە-سى»، «ئەخمەتجان قاسىمى»، «غېنى باتۇر»، «يېڭى ھۆكۈمەت»، «ئازادلىق»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئاتالغۇ ۋە ئىد-سىملارنى ئاندا - مۇندا تىلغا ئالغان بولسىمۇ، بۇ تارىخىي ۋەقە ھەم تارىخىي شەخسلەرنى رومانىدىكى ئاساسىي پېرسوناژلار ۋە ۋەقە - ھادىسىلەر بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن باغلاشقا ئازراقمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەن. مەسىلەن، ئىلى ۋادىسىدىكى سالچىلار ۋە ياشلىقىدا قەشقەردىن ئىلىغا چىقىپ كېيىنكى ئۆمرىنى ئىلىدا ئۆتكۈزگەن ئاساسلىق پېرسوناژ سەمەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قۇۋان ھەم ھۆسەن بايۋەچچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىلىنى قاپلىد-غان «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى» ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە رو-ھىيىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن ھالەتتە يېزىلغان. ئاپتور رومانىدا بۇ شانلىق ئىنقىلابنى تۈزۈكرەك تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان. ھېلىدىن - ھېلىغا، گۇچۇڭ ھارىقىنىڭ قانداق كەيپ قىلىدىغانلىقى، چوڭ كۆۋرۈكتىكى جېدەل - ماجىرا، ئەتىيازدىكى پاتقاقچىلىق، ئەھمىيىتى يوق قىزىقچىلىق، مازار ۋە بازارلارنىڭ شەكىللىنىشى دېگەندەك نەرسىلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي يازغان. بىز شۇ قەدەر شانلىق تارىخىي ئىنقىلابقا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلد-غان يازغۇچىدىن 20 ياشلارغا كىرگەندە ئىلى ۋادىسىغا قەدەم قويغان سەمەت نوچى 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ماقۇللىغان 19 - نومۇرلۇق قارار-نىڭ ئوبيېكتى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ قارارنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-رىمايدۇ؟ دەپ سورىماي تۇرالمايمىز. 19 - نومۇرلۇق بۇ قاراردا مۇنۇلار بەلگىلەنگەنىدى:

*«ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى بويىچە 20 ياشتىن 22 ياش-*

*قىچە بولغانلىقى پۇقرالارنى ئەسكەرلىككە چاقىرىش، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇش؛ ھازىر ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قىلىش مەزگىلى بولغاچقا، 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالارمۇ ئەسكەر بولۇپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش؛ مەيلى ئوفىتسېر ياكى ئەسكەر بولسۇن، ھەربىي تەرەپ ئۇلارنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە جان سانىغا قاراپ قوشۇمچە ياردەم بېرىش.»*

مانا مۇشۇنداق جىددىي قانۇن بىلەن يېشى يىگىرمىلەردىن ئاشقان سەمەت نوچىنىڭ ھايات قىسمىتى پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ياش قۇرامى سەمەت بىلەن دېمەتلىك بولغان قۇۋان ئەزمە ھەم ھۆسەن بايۋەچچىلەرنىڭمۇ پۈتكۈل ئىلى ۋادىسىنى قاپلىغان ھەم 1944 - يىلى كۈزدىن 1949 - يىلى كۈزگىچە داۋام قىلغان شانلىق ئىنقىلاب مەزگىلىدە تامامەن چەتتە قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق چەتتە قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئالاھىدە ئىش بارمۇ؟ ناۋادا بۇ پېرسوناژلار ئىلى ۋادىسىدىن باشقا جايلاردا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت ياكى يېزا - قىشلاقلاردا پائالىيەت قىلدۇرۇلغان بولسا، يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئىلى ۋادىسىدا پائالىيەت قىلدۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە يازغۇچى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ بۇ پېرسوناژلارنىڭ روھى ۋە تەقدىرىگە بولغان تەسىرىنى يېزىشنى ئېسىگە كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ھاياجانلىق سۆز - ئىبارىنىمۇ تىلغا ئالمىغان. گويا ئىلى ۋادىسىدا ئۇنداق زور ئىنقىلاب بولۇپ ئۆتمىگەندەك، ئۇنداق شانلىق تارىخ مەۋجۇت ئەمەستەك مۇئامىلە قىلغان. سەمەت قاتارلىق بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىلىدىكى كەچۈر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىشلىرىنى ۋە روماننىڭ ۋەقەلىكىنى بىۋاسىتىلا يىپقى جۇڭگو قۇرۇلغان مەزگىلگە ئۇلىغان:

*«ئارىدىن يەنە خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زېمىن ئۈستىدە قانچە بورانلار كۆتۈرۈلۈپ، قانچە شىۋىرغانلار قۇتراپ، قانچە زىمىستان ئۇزاپ يەنە باھار يېتىپ كەلدى. قارلىق تاغلارنىڭ باغرىدىكى تالاي قارىغايلار قاراسلاپ يىقىلدى. تېكەس، كۇنەس، قاش دەريالىرىنىڭ خەتەرلىك ئېقىنلىرىدىن يەنە قانچە ساللار لەپەڭشىپ ئېقىپ ئۆتتى. شىددەتلىك دولقۇنلاردا قانچە سالچىلارنىڭ ساللىرى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، كىملەرنىڭدۇر جەسەتلىرى ئايدالالاردا قېپقالدى. شۇ نامسىز قەھرىمانلارنىڭ دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ ئېقىتىپ كەلگەن ياغاچلىرى بىلەن قانچە ئايۋان ـ ساراي، ئىمارەتلەر ئۆرە بولدى. بىپايان چۆللەردە سانسىز ئىستولبىلار قەد كۆتۈردى...*

*ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىدى. سالچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا قىشچە خاڭنىڭ ئاستىدا ئىشلەپ سوغۇق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يازدا سال ھەيدەيتتى. سالچىلار ئارىسىدا ئەمدى خاڭدا ئىشلەيدىغانلار بىلەن سال ھەيدەيدىغانلارغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىگە بولغۇدەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشلار تەشكىللىك بولارمىش...، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى.» (839 ـ بەت)*

دېمەك، يازغۇچى روماندا بىر پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى دەۋرىنى «ئارىدىن يەنە خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى» دەپلا يېزىپ، ئېتىبارغا ئالماي ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. ياشلىق ۋە قىران چاغلىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان سەمەت نوچى باشلىق بىر توپ قارام، قورقۇمسىز سالچىلارنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەۋاتقان بىر روماندا، پۈتكۈل ئىلى خەلقىنىڭ تەقدىرى، روھىيىتى، تۇرمۇشى قاتارلىق نىگىزلىك تەرەپلەرگە

چېتىلىپ كەتكەن بىر چوڭ مىللىي ئىنقىلابنى «ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى، بۇلبۇل يارىنى كۈتتى» دېگەندەك شەكىلدە يېزىپ ئۆتۈپ كېتىش ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟! شۈبھىسىزكى، بۇ يازغۇچىنىڭ تارىخ ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن دې-رەك بېرىدۇ. ئوقۇرمەندە شۈبھىلىك سوئاللارنى تۇغدۇرىدىغان مۇشۇنداق ئەھۋالدا يازغۇچى «ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كې-تىۋاتقان بىر تارىخ توغرىسىدىكى داستان» نى يازدىم دېيەلەمدۇ؟!

ناۋادا، يازغۇچى رومانىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا ئالا-قىدار ھېچنېمە دېمىگەنمۇ، دەپ سورالسا، بۇ ھەقتە ئۇچۇر بار، دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئەمما بۇ ئۇچۇر يازغۇچىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى» دا تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان سالچىلارنىڭ سۆھبىتى تەسۋىرلەنگەندە، مۇنداقلا تىلغا ئېلىنغان:

*«ــــ ئۇكاموي! ــــ دەپ ياش سالچىنىڭ دولىسىغا ئۇردى قارا سىدىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر سالچى، ــــ سالچى دېگەنگە مازارنىڭ لازىمى يوق، سالچى ئۆلسە يەر كەممۇ؟ پۇتۇن ئايدالا بىزنىڭ ما-زىرىمىز... سالچى دېگەنچۇ، ماڭا قارا، مەن ساڭا ئېيتاي، جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىگىلا ئوخشايدۇ، قانداق دېدىم، رەخىم ئۇستا؟ ــــ دەپ يېنىدىكى سالچىغا قارىدى ئۇ. رەخىم ئۇستا مىللىي ئارمىيە سېپىدە جەڭلەرگە قاتناشقان ئادەم ئىدى.» (858 ـ بەت)*

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى ھەققىدە يېزىشنى خالىمىغان يازغۇچى ئىلاجى يوق، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ داھىي-سى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ 1949 ـ يىلى ئەتىيازدا سالچىلار بى-لەن كۆرۈشكەنلىكى ھەم بىرنەچچە كۈن سالدا ئولتۇرۇپ سال-چىلار بىلەن بىللە سەپەر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقىي ۋە-قەلىكنى «ياماتۇ» دېگەن قىرىق ئىككىنچى بابتا قىستۇرما ھېكايە

قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ھېكايىنى جۇماق دېگەن سالچى باشقا سالچىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھېكايىنى ئەسلەپ سۆزلەپ بېرىشىگە بىر سالچىنىڭ «يېڭى ھۆكۈمەت ياماتۇغا سالچىلار ئۇ-چۇن قونالغۇ سالغۇدەك» دېگەن خەۋىرى سەۋەب بولىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كونا سالچى جۇماق «ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دېگەن گەپلىرى ئەمدى ئىشقا ئاشىدىكەن ـ دە!» دەپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سالچىلار بىلەن ئىلى دەرياسىدا ماڭغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. روماندا «ئازاد زامان» غا سوۋغا قىلىنغان بۇ ھېكايە سالچىلارنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس، ئۇلارنىڭ كەسپىگە شەرەپ ئاتا قىلغان، ئۇلارنى غۇرۇرلاندۇرىدىغان، ھەمىگە مەشھۇر ھېكايە ئىدى. بۇ ھېكايىنى جۇماقنىڭ باشقا سالچىلارغا ئەسلەپ ھېكايە قىلىپ بېرىشى ئوقۇرمەننى تازا قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى جۇماق كەسىپداشلىرىغا بۇ ھېكايىنى ئەسلەپ بەرگەن چاغ ئاپتورنىڭ يازغىنى بويىچە «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى» بولۇپ، بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىلى دەرياسىدا سالچىلار بىلەن بىللە ماڭغىنىغا تېخى بەش يىلچە ۋاقىت بولغانىدى. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بەش يىل ئىلگىرىكى ھەممىگە مەشھۇر بولغان بىر ۋەقەنى، بەش يىللار ئۆتكەندە كونا سالچى ئەسلەپ ھېكايە قىلىپ بەرگەن قىلىپ يېزىش بىمەنىلىك بولۇپ قالغان.

يازغۇچى 20 ـ ئەسىر مىللىي ھاياتىمىزدىكى پاجىئەسى مىسلىسىز بولغان يەنە بىر زور ۋەقە ـــ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىمۇ سالچىلارنىڭ ھايات قىسمەتلىرى بىلەن باغلاپ تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ گېپى «ھەيكەل» دېگەن بابتا، يەنى 1055 ـ بەتتە ئىنتايىن يۈزەكىلا ئېلىنغان. يازغۇچى بۇ بابنىمۇ «كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. كىملەردۇر تۇغۇلاتتى، كىملەردۇر ئالەمدىن ئۆتەتتى. ئۆلمىگەن ئادەمگە ھەر كۈنى قاراڭغۇلۇق تاراپ،

يەنە يېڭى بىر تاڭ باشلىناتتى...» دەپ باشلاپ، خۇددى «ئۇچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى» دەۋرىنى تىلغا ئالماي ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپ، «ئاقئۆي» دېگەن بابنىڭ بېشىنى «ئاردىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زېمىن ئۈستىدە قانچە بورانلار كۆتۈرۈلۈپ، قانچە شىۋىرغانلار قۇتراپ، قانچە زېمىستان ئۇزاپ يەنە بىر باھار يېتىپ كەلدى». بۇ «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىدى» دەپ پەرۋاسىز باشلىغاندەك ئىش قىلغان.

يازغۇچى بۇ ئىككى ئالاھىدە دەۋرگە بولار ـ بولماس مۇئامىلە قىلغاچقا، رومانىدا يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان بىرەر ھاياجانلىق تەپسىلات، ئوقۇرمەننى ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتقا چۆمدۈرىدىغان بىرەر تىراگېدىيەلىك ۋەقە ئۇچرىمايدۇ. پۈتكۈل ئەسەر يىل بويى شاۋقۇنسىز لۆمشۈپ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ لاي سۇدەك تەسىرسىز داۋام قىلىدۇ. ئىككى توملۇق بىر رومانىنىڭ سۈژىتىنىڭ دىراماتىك توقۇنۇشلاردىن خالىي يېزىلىشى، ئوقۇرمەننى جازالىغاندەك بىر ئىش بولغان. ھەرقانداق ئوقۇرمەن بىرەر رومانىنى ئوقۇغاندا بۇ روماندىكىدەك مەنىسىنىڭ تايىنى، تەپسىلات ـ توقۇلمىلىرىنىڭ تەبىئىيلىكى يوق زېرىكىشلىك بايانىنى ئوقۇشنى خالىمايدۇ. ھېچبولمىغاندا يازغۇچىنىڭ تارىخ ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك بايانلىرى، كىنايە ياكى تەنقىدكە تولغان سۆز ـ جۈملىلىرى، كىشىنى ئويغا سالىدىغان مۇلاھىزىلىرىنى كۆرۈشنى خالايدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا مۇھەببەت ـ نەپرەت تۈيغۇسى يوق، ياخشى ـ ياماننى پەرقلەندۈرگۈدەك پرىنسىپى يوق، دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىغۇدەك ئىدرىكى يوق، پايدا ـ زىياننى مۆلچەرلىگۈدەك چۈشەنچىسى يوق، چوڭ ئىش بىلەن كىچىك ئىشنى، مۇھىم ئىش بىلەن ئادەتتىكى ئىشنى ئاڭقىرالىغۇدەك دىتى يوق، ئۆزىنىڭ كۈلپەتكە تولغان تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنىڭ سەۋەبىگىمۇ قىزىقمايدىغان، ھاياتنىڭ ئەرزىمەس ساختا خۇشاللىقلىرىغا ئالدىنىپ،

www.uyghurkitap.com

پەقەت قورساق كويىدىلا سوكۇلداپ، كونا چىقتى، كونا پاتتى دەپلا ياشايدىغان بىر تۈركۈم نادان ئادەملەر بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ «سالچىلار» رومانىدا «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى» بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قەلەمگە ئالماي «ئايلار ئۆتتى، كۈنلەر ئۆتتى» دېگەن شەكىلدە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشى ماڭا ئاشۇ خىلدىكى نادان ئادەملەرنى ئەسلەتتى. مەسئۇلىيەتچان بىر ئەدىبتە يېتەرلىك تارىخ بىلىمى ۋە چوڭقۇر تارىخ تۇيغۇسى بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ. بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن مەيلى شانلىق، مەيلى تىراگېدىيەلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ قەدەر چوڭ ئىنقىلابلارغا ھەرقانداق ئەھۋالدا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلماسلىقى لازىم! يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرمۇ بۇ مىللىي پىرىنسىپنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى توملۇق «سالچىلار» رومانىدىكى سەمەت قاتارلىق پېرسوناژلار بۇ ئىككى ئالاھىدە دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن!

مەن يۇقىرىقى پاكىتلىق مۇلاھىزىلىرىم ئاساسىدا شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمەنكى، «سالچىلار» رومانىدا يۇمۇر تۇيغۇسى بولغان بىلەن تارىخ تۇيغۇسى يوق! شۇڭا بۇ رومان «ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر تارىخ توغرىسىدىكى داستان» بولۇشتىن تولىمۇ يىراق بولۇپ قالغان.

ئىككىنچى، كەسىپ قىممىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ رومانىنى «ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر كەسىپ توغرىسىدىكى داستان» بولۇشقا يېقىنلاشقان، دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

سالچىلىق كەسپى بۈگۈنكى كۈندە خۇددى ئۇۋچىلىق كەسپىگە ئوخشاش ۋاقتى ئۆتكەن كەسىپ بولۇپ قالدى. مەن سالچىلىق كەسپى توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم مەھمۇد مۇھەممەدنىڭ 1980 ـ يىللاردا يېزىلغان مەزكۇر تېمىنى ئىپادىلىگەن بىر ھېكايىسىدىن مەلۇماتقا ئېرىشكەنىدىم. كېيىن خەپىز ساتتار سالىخنىڭ «ئىلى

دەرياسىنىڭ تارىختىكى قاتناش ئىشلىرى» دېگەن ماقالىسى بىلەن ئىسرائىل تۇردىنىڭ «سال ۋە سالچىلار» دېگەن ماقالىسىدىن سالچىلىق كەسپى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئېرىشتىم. ئىسرائىل تۇردى ماقالىسىدە سالچىلىق كەسپىنىڭ قىممىتىگە بولغان قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازغان:

*«باللىق چاغلىرىمدا تەڭتۇشلىرىم بىلەن بىللە دەريا بويىغا بېرىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە توختىتىپ قويۇلغان سالنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوينايتتۇق. ئۇ چاغلاردا سالغا پەقەت باللارچە قىزىقىش بىلەنلا قارايتتۇق، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە نەقەدەر جاپالىق ھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. كېيىن ھېس قىلىشىمچە، قاتناش تەرەققىي قىلمىغان بۇ چاغلاردا شۇنچە كۆپ قارىغاينى پەقەت ئىككىلا ئادەمنىڭ شۇنچە يىراق جايلارغا يۆتكەپ بېرىشى پەۋقۇلئاددە زور ئىش ئىكەن.*

*ئىنسانىيەت تارىخىدا بىر قىسىم كەشپىياتلار دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. سال دەل مۇشۇنداق بولدى. تېكەس دەرياسىدا پەيدا بولغان سال ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىپ، موتورلۇق قاتناش قوراللىرى يوق، يوللار ناچار چاغلاردا ياغاچ توشۇشتا پەۋقۇلئاددە چوڭ رول ئوينىدى.»*

يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر رومانىدا سالچىلىق كەسپىنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى، سالچىلارنىڭ تۆھپىسىنى، سالچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى، سالنىڭ قانداق تەييارلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىش ھالقىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا كېتىدىغان جابدۇقلارنى، سالچىلارنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇشەققەتلىك دەريا سەپىرىدىكى توسالغۇ، قىيىنچىلىق ۋە ئۆتەڭلەرنى، سالچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىنچىكە ھەم جانلىق يازغان.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش، ئۆگىنىش روھى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل مۇشۇ تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، سالچىلار ئوبرازىنى يارىتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ رومانىنى «ئوت يۈرەك ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر داستان» دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ئاپتور بىرىنچى مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندەك ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغان.

سالچىلار تېمىسىدا بىر پارچە ئەمەس، تۇرلۇك ژانىرلاردا كۆپلەپ ئەسەر يېزىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ. كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەشمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە. بۇنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئاز ئەمەس. ئىسرائىل تۇردىمۇ «سال ۋە سالچىلار» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا بۇ خىل ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان:

*«دەۋر تەرەققىي قىلىپ قاتناش راۋانلاشقاندىن كېيىن، سال تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولۇپ، 1987 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدى. بۇ جايدا سال پەيدا بولۇپ، يارغانسىرى مۇكەممەللىشىپ ئاخىر ئەمەلدىن قالغانغىچە بولغان مەزگىلدە سالچىلار نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۇرۇپ زور ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئىجادكارلىق روھى بىلەن كۆپلىگەن ئۆلگە ۋە ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى، يەنە قانچىلىغان سالچىلار سەپەردە ھادىسىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، ھايات قالغانلىرىمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر-بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ھەقتە يازما خاتىرە بولمىغاچقا، ئاشۇ جاپاكەش سالچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىپ چىقىشىم يۈزەكى بولۇپ قالدى.»*

مانا مۇشۇنداق ئۆكۈنۈشلۈك بايانلارنى نەزەردە تۇتقاندا، يازغۇ-

چى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ قەھرىمانلىرى بول-
غان سالچىلارغا بېغىشلاپ «سالچىلار» دېگەن بۇ يىرىك رومانىنى
يېزىپ چىققانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش. لېكىن بۇ
رومانىنى «ئوت يۈرەك ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر داستان» دېيىش-
كە بولمايدۇ. مەن ئەزەلدىن سال ۋە سالچىلارنى كۆرۈپ باقمىغان
بولغاچقا، سالچىلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.
ماتېرىياللاردىن «سالچىلىق كەسپى باتۇرلۇق، چەبدەسلىكنى تەلەپ
قىلىدىغان جاپالىق ۋە خەتەرلىك كەسپ» (خەيىر ساتتار سالىخ)
ئىكەنلىكىنى، «سالچىلارنىڭ ئىشى مۇشكۈل ھەم خەتەرلىك»
(ئىسرائىل تۇردى) ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ئەمما، «سالچىلار»
رومانىنى ئوقۇپ، رومانىدىكى سەمەت قاتارلىق بىر توپ سالچىلار-
نىڭ «ئوت يۈرەك ئادەملەر» ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم.

بىز ئادەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لوتپۇللا
مۇتەللىپتىن ئىبارەت ئۈچ ئەزىمەت شائىرىمىزنى «ئوت يۈرەك»
دەپ مەدھىيەلەپ كېلىۋاتىمىز. ئۇلار ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچ-
لۈك، ئەل ـ ۋەتەننىڭ ھۆر ـ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان
دانا يولباشچىلار ئىدى. ئۇلار كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ياشاشنى
ئېنىق بىلگەن ئەلپىدا ئوغلانلار ئىدى. ئۇلار خەلق دۈشمەنلىرى-
نىڭ قولىدا شەپقەتسىزلەرچە قەتل قىلىنغان شېھىتلەر ئىدى.
شۇڭا ئەۋلادلار ئۇلارنى بىردەك ياد ئېتىپ كەلدى، ئۇلاردىن غۇ-
رۇرلىنىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە رەڭگارەڭ گۈلدەستىلەر-
نى قويۇپ كەلدى. ئۇلار ھەقىقىي ئوت يۈرەك ئوغلانلار ئىدى.
«سالچىلار» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن سەمەت قاتارلىق بىر توپ
سالچىلار بولسا، بۇنداق سۈپەتلەپ ئۇلۇغلاشقا ئەسلا شەرتى توش-
مايدىغان نادان ھەم ئاددىي، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىدىن ئەسەر
يوق، ھالال ـ ھارامنىڭ نېمىلىكىگىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان، كۆڭ-
لىدە ھېچقانداق مۇقەددەس پىرىنسىپى يوق، دوست كىم، دۈشمەن
كىم، نېمە توغرا، نېمە خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، ساغلام

بولمىغان بىمەنە ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ ياشايدىغان، گالۋاڭ، ئەمما چىداملىق ئادەملەردۇر. پاكىت سۆپىتىدە تۆۋەندىكى ئۈزۈندىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

*«بۇ سالچى دېگەن قىزىق خەق، يوقىلاڭ بىر ئىشلارغا ئارىلىشىپ مۇشتلىشىپمۇ كېتىمىز...» (617 ـ بەت)*

*«تاپقان پۇلنى قىمار بىلەن هاراققا سېلىپ بېرىپ خەنزۇ بازىرىغىلا چېچىۋېتىپ يېنىپ چىقىمىز.» (620 ـ بەت)*

*«ئاڭلىمىغانمۇ، سالچى دېگەنگە بىرى ئوتتۇن كەم ئەمەس، يەنە بىرى خوتۇن.» (621 ـ بەت)*

*« ـــ ھاي جۇماق، قېنى سۆزلە، شەھەردە نېمە گەپلەر بار؟ ـــ دەپ سورىدى بوۋاي، ـــ ئاڭلىساق، شىڭ دۇبەن بايلارنى تۇتۇپ قاماپ، مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىۋاتقۇدەكقۇ.*

*ـــ مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، ـــ دېدى جۇماق، ـــ بىز كۈنىمىز سۇدىلا ئۆتىدىغان خەق... بۇ ھۆكۈمەت دېگەننىڭ بەزى ئىشلىرىنىچۇ خۇدا بىلمىسە... مىڭ ئويلىساڭمۇ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ... ‹بولدى، قويە› لا دەيسەن...» (628 ـ بەت)*

*« ـــ مانا، بۈگۈنكى تاماقنىڭ ئۆزى ئالدىمىزغا كەلدى، ـــ دېدى غوجاخۇن.*

*ـــ نەنىڭ تامىقى؟ ـــ دەپ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى جاپپار.*

*ـــ ئەنە، قىرغاقتا سەكرەپ يۈرگەن ئوغلاقنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئاستىڭدا بىر تاغار بار... غاچچىدە چۈشۈپ ئوغلاقنى تاغارغا تىقىپ چىق.*

*ـــ نېمە دەيدىغانسەن، غوجاقكا؟... بۇ ئىگىسى بار ئوغلاقتۇ؟*

*سال قىرغاققا كېلىپ توختىدى. جاپپار ئەنسىرەپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بولغۇچە ۋاققاس سەكرەپ چۈشۈپ ھېلىقى ئوغلاقنى قوغلاپ تۇتۇپ تاغارغا سولاپ ئېلىپ چىقتى.*

— غايىبتىن كەلگەن رىزىق دېگەن شۇ، — دېدى غوجاخۇن، — ئۇكا، بىلىقسۇدا ئىچكەن ئەتىگەنلىك چاي بىلەن دەريانىڭ سۈيىدە گە قۇرۇق ناننى تۆگۈرۈپ يەپ كېتىپ بارىمىز. ياراتقان ئىگەمنىڭ بىزگىمۇ ئىچى ئاغرىدى - دە... ! كەچتە قونالغۇغا چۈشكەن يەردە بىر شورپا قىلىمىز قارا، قانداق دېدىم؟... مۇشۇ خۇدايىمنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ھەيران بولىمەن، ئۇكا. قايسى ئىشىغا دېمەمسەن؟ بەرگەنلەرگە پاتمانلاپ بېرىدىكەن، بىزدەك بايقۇشلارغا ھېچنېمە يوق... ياراتقان ئىگەم ھەممىمىزگە ئوخشاش جان ئاتا قىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى نېمەتلەرنىمۇ تەڭ بەرمەمدۇ دەيمەنا... قانداق دېدىم؟» (641 — 643 - بەتلەر)

« بۇ سالچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئاجايىپ نوچى ئادەملەر بار. ھەممىمىز بىر بولۇپ چوڭ كۆۋرۈكتە ماڭىدىغان بولساق شەھەرنىڭ جىمى نوچىلىرى بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا كىرىپ كېتىدۇ.

نېمىشقا چۆچۈيدۇ دېسەڭ، بۇ سالچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئۈستىخىنى يوغان ئادەملەر، سەل بوزەك بولاي دەپ قالسا مۇرىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن خۇرجۇنىدا ئايپالتىسىمۇ تەييار. شۇڭا، پۇچاقلىرىمىزنى تۇرگەن پېتى دەريا تەرەپتىن چىقىپ كەلسەك سالچىلار بىلەن سەل ئارازلىشىپ قالغان دۇكاندارلارمۇ دۇكىنىنى ئېتىپ، ‹قارا پاچاقلار كېلىۋاتىدۇ› دەپ قېچىپ كېتىدۇ...» (871 - بەت)

« — گەپ جىق، — دېدى سەمەت، — شەھەردە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپتۇدەك.

— ھاراق ئىچىدىغان، نەشە چېكىدىغان، قىمار ئوينايدىغان ئىشلارمۇ يوق بولىدۇ، دەمدۇ نېمە؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ھە، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى يەنە بىر سالچى، — ئەمدى شەھەرگە كىرىپ جالاپ ئوينايدىغان، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە مۇشتلىشىدىغان ئىشلارغىمۇ يول قويمىغۇدەك.

— بۇ قانداق بولغىنى؟... — دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى

*گۈللۈك تاماكا خالتىسىنىڭ يىپىنى قولىغا ئورىۋالغان سالچى، — ئۇنداق بولسا، شەھەرگە كىرگەنىنىڭ نېمە قىزىقى بولىدۇ؟..*

*— شۇنى دېگىنە، — دېدى بۆرۈتىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ قۇلىقىغا ئاپىرىۋالغان شاپ بۆرۈت بىرەيلەن، — شەھەر دېگەنگە مۇشتلىشىپ قاپاق يارمىسەن، جالاپ ئوينىمىسەن، دەپ كىرمىسە نېمىگە كىرىدۇ؟*

*— بىر - ئىككى نوچىسى، تۆت - بەش جالىپى بولمىغان شەھەرنىمۇ شەھەر دېگىلى بولامدۇ؟*

*«سالچىلار» قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.» (886 -، 887 - بەت)*

«سالچىلار» رومانىدىكى يۇقىرىقى بايان ۋە دىيالوگلاردىن بىز ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا ۋۇجۇدى ئۆرتىنىدىغان «ئوت يۈرەك ئادەملەر» نى ئەمەس، كەيپ - ساپا كوچىسىدا سوكۇلداپ ھارمايدىغان، ئەيش - ئىشرەت كويىدا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان ئۇچىغا چىققان نومۇسسىز، قارام، بۇزۇق ھەم ئۆكتەم بىر توپ ئەبلەخلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى سەمەتمۇ ۋىجداندىن مۇستەسنا، ئىدرىكى تۆۋەن، ئەخلاق ئېڭى يوق، ھاياتنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان، خام خىيالغا بېرىلىدىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز بىر يارىماس بايقۇش. ئۇ 20 ياشلىرىدا تاسادىپىي بىر ۋەقە تۈپەيلى قەشقەر تەۋەسىدىكى تۇغۇلغان يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىلىدا يېرىم ئەسىردەك ياشايدۇ. مۇشۇ جەرياندا «ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ يىغلاپ قالغان ئانىسى» نى بىرەر قېتىممۇ ئەستايىدىل ئەسلەپ قويمايدۇ. دېرىكىنىمۇ سۈرۈشتە قىلمايدۇ. ئانىسىنىڭ قانداق كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىدىن، ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن ئەنسىرەپمۇ قويمايدۇ. پەقەت بالا ۋاقتىدا مەھەللىسىدىكى كۆل بويىدا يىراقتىن كۆرگەن، ئەمما ھېچقانداق ھېسسىيات ئۆتۈشۈشى بولمىغان (قىز پۇ-

تۈنلەي بىخەۋەر) لەيلىگۈل دېگەن بىر قىزنىڭ ئىشقىدا سۆس كۆ-يۈش بىلەن، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى بىر ئۆمۈر خام خىيال قىلىپ ياشايدۇ. ئارىدىن 40 يىللار ئۆتكەندە ئۇ بالىلىقىدا يۈرىكىگە ئوت سالغان لەيلىگۈل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە توساتتىن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ:

*«شۇ... شۇ... نەق ئۆزى شۇ... توۋا! — دەيتتى سەمەت ئۆز - ئۆزىگە، — مەن مۇشۇ ئايالنى ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ ئۇمىد-لىنىپ، قەشقەردىن داۋان ئاتلاپ چىقىپ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ هازىرغىچە ئۆيلەنمەي يۈرگەن بولسام - هە؟..! ئەجەب مەن ئۇنى قىرىمايدىغاندەك، هازىرغىچە شۇ سۇمبۇل چاچ، كىچىككىنە قىز هالىتىدىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يۈرۈپتىمىنا...»*

سەمەتنىڭ بۇ مونولوگىدا ئىشق ئوتىدا بىر ئۆمۈر ئۆرتەنگەن بىر ئادەمنىڭ مەھرۇم بولۇش تۇيغۇسى ئىپادىلەنمىگەن، بەختىنى تاپالمىغان بىر بەختسىز ئەرنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىنىڭ سايە-سىمۇ كۆرۈنمىگەن، پەقەت بەختسىزلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەل-مەيدىغان بىر دەلتە ئادەمنىڭ لەقۋالارچە ئىنكاسىلا ئايان بولغان، خالاس. مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋالدا سەمەت دېگەن بۇ كالۋا پېر-سوناژ نېمىلەرنى قىلىدۇ، دېگەندە گويا سودىسى پۈتكەن كاززاپ سودىگەرگە ئوخشاش، ئۇ ئايال (بىر ئۆمۈر ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلغان خۇپپىيانە ئاشىقى) ئېتىپ بەرگەن ئوخشىغان پولۇنى ئىشتىها بىلەن يەپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسى ھەققىدە قىز-غىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

روماندىكى تەپسىلات ۋە تەسۋىرلەرنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن سە-مەت دېگەن بۇ پېرسوناژنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان بىر گالۋاڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ دوستى قۇۋانغا دېگەن تۆۋەندىكى گېپىدىن ئۇنىڭ مەجرۇھ مەنىۋى دۇن-

ياسىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

*« ـــ باينىڭ ھېلىقى خېنىمىنىڭ ئىسسىق قويىنىنى تېپىپ*
*خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم دېگىنە... بوپتۇ،*
*ئادەم دېگەن شۇ. ھېلىمۇ بولسا ئۇچراشتۇق، ئەمدى بىزدىن ئاي-*
*رىلما! مانا، ماڭا ياردەمچى سالچى بولىسەن، يېڭى ھۆكۈمەت كەل-*
*دى، ئەمدى ئىشلىرىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ... ھە*
*ھېلىقى باينىڭ خېنىمىنىڭ گېپىنى قىلە.» (875 ـ بەت)*
*«قۇۋان، ئاڭلاپ قوي، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئىلىخوغا چىقىپ مې-*
*نىڭ ئۆگەنگەن ھۈنىرىمنىڭ بىرى سال ھەيدەش، يەنە بىرى هاراق*
*ئىچىش بولدى.» (861 ـ بەت)*

مەن ئىككى توملۇق بۇ رومانىنى ئوقۇپ، باشتىن ـ ئاخىر
سەمەتتىن ئىبارەت بۇ مەسئۇلىيەتسىز ھەم گالۋاڭ پېرسونازدا «ئوت
يۈرەك ئادەم»لەرده بولىدىغان بىرەر خىسلەتنى ئۇچرىتالمىدىم. مېنىڭ
نەزىرىمدە ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى بىر دۆت كالا ئىدى، خالاس!
يازغۇچى رومانىدىكى سەمەت باشلىق بۇ بىر توپ سالچىلارنىڭ
ئوبرازىنى مۇئەييەن مەقسەتتە ئەتەي شۇنداق گالۋاڭ ھەم خۇنۇك
ئادەملەر قىلىپ ياراتقانمۇ؟ دەپ سوئال قويۇلسا، مېنىڭچە، روما-
نىدىكى ئومۇمىي خاھىشتىن بۇنداق مەقسەتنى ھېس قىلغىلى بول-
مايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يازغۇچى ئۇلاردا «ئوت
يۈرەك ئادەم» لەرده بولۇشقا تېگىشلىك بىرەر خىسلەتنى نامايان
قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ئەجەللىك يېرى شۇكى، ئەك-
سىچە يازغۇچى ئۇلارنىڭ تاپتىن چىققان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى-
نى يوللۇق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ھەم ئۇلارنىڭ چۈشكۈن ھايا-
تىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھېسداشلىق قىلغان. بۇنى بىز يازغۇچى-
نىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قارىتىپ بىۋاستە ئېيتقان تۆۋەندىكى بىر
ئابزاس سۆزىدىن كۆرۈۋالالايمىز:
*«سىز ‹سالچى› دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئادەملەرنى چۈشەنمەيسىز.*

*ئۇلار قوچاق يەتمەيدىغان ياغاچلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ، دەھشەت-لىك ئېقىنلاردا جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ يۈرىدىغان ئادەم-لەر. ئۇلار ئىش ھەققىنى ئالغاندا ئاشپۇزۇللاردا كىرىلىپ ئولتۇ-رۇپ قورسىقىنى بولۇشىغا تويغۇزىدۇ، چۈنكى ئۇلار دەريا سۈيىدە كۈنلەپ داۋالغۇپ ئېقىپ ئىسسىق تاماق كۆرمەيدۇ، بەزىدە ئاچمۇ قالىدۇ؛ ئۇلار قانغۇچە بازار چۆرگىلەشنى، ئادەملەر بىلەن پاراڭ-لىشىشنى، غوۋغا كۆتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۈن-لەپ ئادەم دىدارىنى كۆرمەيدۇ؛ بار پۇلىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ قاز-غۇچە ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ جېنى ئۆلجىغا قالغان جان، يەنە بىر قېتىم شەھەرگە كەلگۈچە كىم بار، كىم يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار قانداقتۇر بىر كوچىغا كىرىپ تونۇش بىر ئىشىكنى قېقىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر جانانىنىڭ قوينىدا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۈنلەپ ئەسكى چاپاننى يېپىنىپ گۈلخان يېنىدا تۈ-نەپ، بىر ئايال زاتىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسسىق باغرىغا ئېلىپ قۇ-چاقلىشىغا تەشنا بولۇپ كېتىدۇ...» (809 ـ بەت)*

بۇ بىر ئابزاس باياندا قىيىنچىلىقىنى پەش قىلىپ، ھەمراھ-سىز كۈنلىرىنى باھانە قىلىپ چۈشكۈن ھايات كەچۈرۈشكە ئادەت-لىنىۋالغان بىر توپ ئۆكتەم ھەم رەسۋا ئادەملەر ئاقلانغان.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تۇراقسىز ھەم مۇرەككەپ بولىدىغانلى-قى، شۇ سەۋەبتىن خىلى ـ خىلى ئادەملەرنىڭمۇ ھاياتىدا چۈش-كۈنلەشكەن مەزگىللىرى بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر چۈشكۈن ھايات كەچۈرۈشى ئېغىر ئەخلاقىي مەسىلە ۋە پىسخىكىلىق كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ، بو-لۇپمۇ بىر توپ ئادەملەرنىڭ بىر ئۆمۈر چۈشكۈن ھايات كەچۈرۈ-شى ئېغىر ئىجتىمائىي ئىللەت ھېسابلىنىدۇ. قانۇن ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چۈشكۈنلەشكەن ئادەملەرنىڭ ئىچى پۇش-

سىلا ئۆكتەملىك قىلىدىغان قىلمىشلىرى ياكى ئەخلاق جەھەتتە تاپتىن چىقىدىغان ئادەتلىرى تېگىشلىك جازالىنىدۇ، چەكلىنىدۇ ۋە ئەيىبلىنىدۇ. قانۇن ۋە ئەخلاققا مۇخالىپ بولغان قىلمىشلارنى ئاقلاپ سۆزلەپ يۈرۈش پۈتۈنلەي خاتا! خاتالىقى شۇ دەرىجىدە روشەن مەسىلىلەرنى، يەنى ئاشۇ بىر توپ سالچىلارنىڭكىدەك نا ـ چار قىلمىش ۋە ئادەتلەرنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىش بىر داڭلىق يازغۇچى ئۈچۈن نومۇس! بىر يازغۇچى گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ پەرقىنى بۇ دەرىجىدە ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلى ـ ۋەتسە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىدىن تولۇق قالىدۇ. مەيلى بىر ئادەم بولسۇن ياكى بىر توپ ئادەم بولسۇن، ئىچى سىقىلسىلا كەيپ ـ ساپاغا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، تۇرمۇشىدىكى ئوڭۇشسىز ـ لىق، كۆڭۈلسىزلىك، زېرىكىش ۋە مەنىسىزلىكنى ھەل قىلىشنى نورمال ئەخلاق ئېڭىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم ۋە جەمئىيەت خوپ كۆرمەيدۇ. يازغۇچىنىڭ «سالچىلار» ناملىق بۇ رومانىدا بارلىق سالچىلار ئوبرازىنى پۈتۈنلەي چۈشكۈنلەشكەن ئادەملەر توپى سۈ ـ پىتىدە تەسۋىرلىشى، ئۇلارنىڭ ناتوغرا ھەرىكەت ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىغا ھېسداشلىق پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ بۇ خىل چۈشكۈن روھىي ھالەتنى ئېغىر ئىجتىمائىي ئىللەت دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىلدىكى چۈشكۈنلەشكەن ئا ـ دەملەر توپىغا ئۇچۇق ـ ئاشكارا ھېسداشلىق قىلغان يۇقىرىقى بىر ئابزاس بايانى بولسا يازغۇچىنىڭ ئىدىيە ۋە قىممەت قارىشىدا كېسەل بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەن «سالچىلار» رومانى ھەققىدىكى بۇ تەنقىدىي ماقالەمدە رو ـ ماندا كۆرۈلگەن باشقا خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ھازىرچە كۆرسەتمىدىم. ئاساسلىقى يازغۇچىنىڭ بۇ رومانىنى يېزىشتىكى ئۈچ تۈرلۈك مۇددىئاسىنىڭ بىرىگە يېتىپ، ئىككىسىدە ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىنىلا پاكىتلىق ۋە ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. مېنىڭ «سالچىلار» رومانى توغرىسىدىكى

دەسلەپكى تەنقىدىي مۇھاكىمەم مۇشۇنچىلىك. «‹‹سالچىلار› روما ـ نىدا كۆرۈلگەن نۇقسانلار» دېگەن ماقالەمنى ئايرىم يازىمەن.

2013 ـ يىلى چاغاندا يېزىلدى.

**پايدىلانمىلار:**

① مەمتىمىن ھوشۇر: «سالچىلار» (ئىككى توم)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى.
② شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
③ «شىنجاڭ پۇللىرى» رەسىملىك توپلىمىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈز ـ گەن: «شىنجاڭ پۇللىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەش ـ رىياتى بىلەن شياڭگاڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.
④ تېكەس ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرى ـ ياللار ئىشخانىسى تۈزگەن: «تېكەس ناھىيە تارىخ ماتېرىياللىرى»(3)، 2008 ـ يىلى بېسىلغان.
⑤ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرى ـ ياللار كومىتېتى تۈزگەن: «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (51)، 2007 ـ يىلى بېسىلغان.
⑥ سەۋىردىن ئۆمەر، ئابدۇللا ئاۋۇت تۈزگەن: «جەننەت ماكان — ئى ـ لى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى.
⑦ ئىسرائىل تۇردى: «سال ۋە سالچىلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلى ـ كى» 2008 ـ يىللىق 3 ـ سان.
⑧ خەپىز ساتتار سالىخ: «ئىلى دەرياسىنىڭ تارىختىكى سۇ قاتناش ئىشلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2008 ـ يىللىق 3 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «سالچىلار» رومانىدا كۆرۈلگەن نۇقسانلار

بۇ مېنىڭ داڭلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «سالچىلار» رومانى توغرۇلۇق يازغان ئىككىنچى تەنقىدىي ماقالەم. مەن «سالچىلار» رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا جىددىي تەنقىدلەشكە تېگىشلىك بىر قىسىم خاتالىقلارنى بايقاش بىلەن بىللە، يەنە ئاز بولمىغان نۇقسانلارنى ئۇچراتتىم. مەن خاتالىق دەپ قارىغان مەسىلىلەرنى «(سالچىلار) رومانى ھەققىدە دەسلەپكى تەنقىد» دېگەن ماۋزۇدا يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك نۇقسانلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ، نۇقسانلارنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش ياكى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بۇ ئوبزورنى يازدىم. خاتالىقنى تەنقىدلەش، نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ئوبزورچىلىق كەسپىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى.

«سالچىلار» رومانى بىر داڭلىق يازغۇچىنىڭ قولىدىن چىققان تۈرۈكلۈك، شۇنداقلا نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇھەررىرلەرنىڭ تەكرار تەھرىرلىشىدىن ئۆتكەن تۈرۈكلۈك ئۇنىڭدا نۇقسانلار ئوبزور يېزىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپ بولۇشى مۇمكىنمۇ، دەپ سوئال قويىدىغان ئوقۇرمەنلەر چىقىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئىككى توملۇق رومانىدا ئانچە ـ مۇنچە نۇقسان بولۇش ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشقۇ، بەك زىغىرلاپ كېتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، دەپ قارايدىغان ئوقۇرمەنلەرمۇ چىقىشى مۇمكىن. مېنىڭ پوزىتسىيەم شۇكى، ئوقۇرمەنلەر بۇ رومانىدا نۇقسان ھەققەتەن كۆپمۇ ياكى ئازمۇ؟ بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ دېگەننى قولىدىكى ئوبزورنى ئوقۇپ بولۇپ بىر نەرسە دېيىشى كېرەك.

**1. قوللىنىلغان شېئىر ـ قوشاقلاردىكى نۇقسانلار**

بۇ روماندا شېئىر ـ قوشاقلار خېلىلا كۆپ قوللىنىلغان. كۆ ـ پىنچىسى توغرا قوللىنىلغان بولسىمۇ، بىر قىسمى خاتا قوللى ـ نىلغان. بۇنى چوقۇم كۆرسىتىپ قويۇش زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدى ـ كەن، خاتالىق تەكرارلىنىۋېرىدۇ. يازغۇچى رومانىنىڭ «شەيتان» دېگەن بابىدا ئۆمەر مەدداھ ئىسمىلىك پېرسوناژنىڭ ئاغزىدىن «ئېھ، بۇرادەرلەر! ھەزرىتى ئافاق خوجا زامانىدا مانا شۇنداق سەل ـ لىلىك شەيتانلار جاھاننى بىر ئالغانىدى. شۇڭا بىر شائىر:

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشىكىم، يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن...

دەپ يازغان...» دەپ بىر قىستۇرما بېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ قىستۇر ـ مىدا تۆت سەۋەنلىككە يول قويۇلغان. بىرىنچى سەۋەنلىك: يازغۇ ـ چى ساختا شېئىرنى قوللىنىپ خاتا قىلغان. پاكىتنى ئېتىراپ قىلىش جاسارىتى كەم، ئىلمىي پوزىتسىيەسى ئاجىز، ئەڭ مۇھى ـ مى مەلۇماتى تۆۋەن بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرىقى شېئىرنى ھې ـ لىمۇ مۇقامشۇناس ھەم شائىر قىدىرخان يازغان دەپ قاراپ كەل ـ مەكتە. ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىر قىدىرخاننىڭ بولماستىن، ئىلىم ساھەسىدە كۆز بوياmچىلىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر كى ـ شى تەرىپىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا پەيدا قىلىنىپ قىدىرخاننىڭ شېئىرى دەپ مەتبۇئاتلاشتۇرۇلغان. بۇ بولمىغۇر ئەھۋالنى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» دېگەن ئۆتكۈر تەنقى ـ دىي ماقالىسىدە 1992 ـ يىلى ئېچىپ تاشلىغان. ئالىم مەزكۇر

تەنقىدىي ماقالىسىدە ئىلمىي پاكىت ۋە لوگىكىلىق مۇلاھىزە يولى بىلەن «بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن ئە-مەس»، بۇ «قىدىرخانغا تېڭىلغان ياسالما شېئىر»، «بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگىنى قىدىرخانىنىڭ دۇنيا قارىشى بولماستىن، بىزنىڭ ئاپتورىمىزنىڭ زوراۋۇرىيەت ئىدىيەسى» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يەنە ئالىملارغا خاس ئىلمىي پوزىت-سىيە بىلەن «قىدىرخان قارىقويۇقلا ياخشى - ياماندىن ۋاز كەچ-مەس، مەسىلىگە سەللىنىڭ رەڭگىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلماس، دەپ ئويلايمەن»، «16 - ئەسىردە ياشىغان قىدىرخان 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازمايدۇ»، «تارىخ ياسالماسلىقى لازىم. تا-رىخنى ياساش تارىخنى بۇرمىلاشتىن ھەسسە - ھەسسىلەپ ئېغىر جىنايى ھادىسە! بولۇپمۇ مۇقەددەس كىتابلار سەھىپىلىرىگە ئويد-دۇرما پاكىت ياسىغۇچىلارنى تارىخ ۋە چەكسىز بىلىش ئىقتىدارد-غا ئىگە كەلگۈسى ئەۋلاد كەچۈرمەيدۇ!» دەپ بۇ ساختا شېئىرنى قاتتىق تەنقىدلىگەن. ئالىم بۇ بىر كۇپلېت ساختا شېئىرنىلا تەنقىد-قىدلەپ قالماستىن، يەنە قىدىرخان نامىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان تۆۋەندىكى ئىككى كۇپلېت شېئىرنىمۇ تامامەن ساختا ۋە سۇپەت-سىز شېئىر، دەپ ئىسپاتلاپ تەنقىدلىگەن:

كەمبەغەل كىيسە كۆلانى –
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس؛
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى –
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى ئۇنىڭ باھاسى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ساختا شېئىر ياساش ئويۇنىنى سادىر قىلغان ئەپەندىمۇ ياكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرەر تەتقىقاتچىمۇ بۇ شېئىرنى «قىدىرخاننىڭ شېئىرى ئىدى» دەپ ئىسپات كۆرسىتىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنازىرىلىشىپ باقمىغان. دېمەك، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىدمىننىڭ تەنقىدىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ تەنقىدىي ماقالىنى يېزىپ 20 يىل ئۆتكەندە بۇ ساختا شېئىرنىڭ «سالچىلار» رومانىدا ئىشلىتىلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر سەۋەنلىك بولغان. يۇقىرىقى قىستۇرمىدا يول قويۇلغان ئىككىنچى سەۋەنلىك «ئافاق خوجا زامانىدا شۇنداق سەللىلىك شەيتانلار جاھاننى بىر ئالغانىدى. شۇڭا بىر شائىر بۇ شېئىرنى يازغان» دېگەن چۈشەنچىدە كۆرۈلگەن. تارىختىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايانكى، قىدىرخان 16 - ئەسىردە، ئافاق خوجا 17 - ئەسىردە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر. ئىككىسىنىڭ ياشىغان زامانى ئارىلىقىدا بىر ئەسىردىن ئارتۇق پەرق بار. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، قىدىرخان يۈز يىللاردىن كېيىنكى زامانلاردا «جاھاننى بىر ئالغان شەيتانلار»غا قارىتىپ بۇ شېئىرنى يازغان قىلىپ قويۇلسا، ئەقىلگە سىغمايدۇ. يۇقىرىقى قىستۇرمىدا يول قويۇلغان ئۈچىنچى سەۋەنلىك شۇكى، «سەمەت نوچى» دېگەن بابتا ئۆمەر مەدداھ دېگەن دەرۋىش ئېشىكىدىن پايدىلىنىپ ئافاق خوجىنى قاتتىق ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەزرەت سەيلىسىدە قانلىق جېدەل كېلىپ چىققان قىلىپ يېزىلغانىدى. رومانىدا ئۆمەر مەدداھ ئافاق خوجىنى «شەيتانغا ئوخشاتقان» (358 - بەت)لىقى ئۈچۈن دەرۋىشلەر سورۇنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىمۇ قەيت قىلىنغان. ئاپتور ئۆمەر مەدداھنى كېيىنكى بابلاردىمۇ ئافاق خوجىنى ئۆچ كۆرىدىغان ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، ھەتتا ئۆمەر مەدداھنىڭ دادىسى ھاشىم ھاجىنىمۇ «ئافاق خوجىغا پەقەتلا ئىخلاسى يوق ئادەم ئىدى» (356 -

www.uyghurkitap.com

بەت) دەپ يازغان. ئەپسۇسكى، ئۆمەر مەدداھ ئۆز قىسسىسىگە يۇ-قىرىقى قىستۇرمىنى قىستۇرغاندا ئافاق خوجىنى «ھەزرىتى ئافاق خوجا زامانىدا» دەپ ئۇلۇغلاش ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن قىلىپ قويۇلغان. مەجبۇرلانمىغان ئەھۋالدا، ئۆزى «شەيتانغا ئوخشاتقان» ئادەمنى «ھەزرىتى» دەپ ئۇلۇغلاش ئۇلۇغ-تەتۈرنىڭ تايىنى يوق تۇتۇرۇقسىز ئادەملەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى قىستۇرمىدا ئىپادىلەنگەن تۆتىن-چى سەۋەنلىك شۇكى، بۇ قىستۇرما ئۆمەر مەدداھ سۆزلىگەن قىسسىگە پەقەت ماس كەلمىگەن. بۇ قىستۇرما مەدداھنىڭ قىسسە سۆزلەش ئۇسلۇبى نۇقتىسىدىن قارىغاندا پۈتۈنلەي ئورۇنسىز قىستۇرما بولۇپ قالغان، دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئاپتور قىسسە مەزمۇنىغا ئۇستمۇئۇست چۈشمىگەن بۇ قىستۇرمىسىنى باغلاش-تۇرالماي، ئۆمەر مەدداھنى «خوش، بايىقى ھېكايىمىزگە كەلسەك» دېگۈزۈپ، ئەسلى قىسسىنىڭ مەزمۇنىنى باغلاشقا مەجبۇر بولغان.

بۇ روماندا شېئىر - قوشاقلارنى قوللىنىشتا كۆرۈلگەن يەنە بىر خاتالىق تۆۋەندىكى قوشاقتا كۆرۈلگەن:

«ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
ئۆزۈم مۇنداق يۈرگەن بىلەن.»

رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ 705 - ۋە 984 - بەتلىرىدە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلگەن بۇ خەلق قوشىقىدا كۆرۈلگەن سە-ۋەنلىك شۇكى، ئالدىنقى ئۈچ مىسرا يەتتە بوغۇم، تۆتىنچى مىسرا سەككىز بوغۇم بولۇپ قالغان. خەلق قوشاقلىرى ئادەتتە ئىنتايىن ئاھاڭدار، ۋەزىن - تۇراقلىرى مۇستەھكەم تۈزۈلگەن بولىدۇ. بو-غۇم سانىنى ئېگىز - پەس قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال كەمدىن -

كەم ئۇچرايدۇ. بۇ قوشاقنىڭ مىسرالىرىمۇ ئەسلىي باشتىن ـ ئاخىر يەتتە بوغۇملۇق مىسرالاردىن تۈزۈلگەن قوشاق ئىدى. ئەمما، «سالچىلار» رومانىدا تۆتىنچى مىسرا سەككىز بوغۇملۇق قىلىپ بۇزۇۋېتىلگەن. ئەسلىي بۇ مىسرا «چاندۇرماي يۈرگەن بىلەن» دېگەن شەكىلدە ئىدى. بۇ قوشاقنىڭ «ئۆزۈم مۇنداق يۈرگەن بىلەن» دەيدىغان ۋارىيانتىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. «ئۆزۈم مۇنداق» دېگەن سۆز شېئىرىي تۇسىمۇ ئاجىز ھەم «چاندۇرماي» دېگەن سۆزدەك سىلىقمۇ ئەمەس.

رومانىدا يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەھنە ـ ئېكرانلاردا كۆپ ئېيتىلىپ كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئاتۇش خەلق ناخشىسىنىڭ بىر كۇپلېتىمۇ خاتا قوللىنىلغان. مەسىلەن:

ئىلىغا چىقىپ كەتتى،
يول بىلمەيدىغان باللار...
سودىسىنى قىلالارمۇ،
چالا سودىگەر باللار.

دېگەن كۇپلېتنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىنى قوللانغان يازغۇچى (390 ـ بەت) ئىنتايىن پەرۋاسىزلىق بىلەن، سۆزنىڭ جايىغا چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلماستىن، ئەسلىي ناخشىدىكى «چىقىپ» دېگەن توغرا سۆزنى «چۈشۈپ» دېگەن ماس كەلمەيدىغان سۆزگە ئالماشتۇرۇپ قويغان.

«سالچىلار» رومانىدا شېئىر ـ قوشاقلارنى قوللىنىشتا كۆرۈلگەن يەنە بىر سەۋەنلىك «ھاي ـ ھاي ئۆلەك» دېگەن قوشاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاپتور رومانىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا خاس بۇ قوشاقنى قەشقەرنىڭ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى، يەنى باش پىرسوناژ سەمەتنىڭ يېزىسىدىكى كىشىلەر پىششىق بىلىدىغان قوشاق قىلىپ يېزىپ قويغان. بۇ سەۋەنلىك رومانىنىڭ 238 ـ ۋە

239 ـ بەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى مەلۇم جەھەتتىن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شۇڭا «قەشقەر خەلق ناخشىلىرى»، «كۇچا خەلق ناخشىلىرى»، «قومۇل خەلق ناخشىلىرى»، «ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى»، «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» دېگەن ناخشا ـ قوشاق تۈركۈملىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى بۇ خىل رايون خاسلىقى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە يوق كونا زامانلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىدى. «سالچىلار» رومانىدىكى پاكىتتىن مەلۇمكى، رومانىنىڭ ۋەقەلىكى رايونىمىزدا رادىيو ـ تېلېۋىزوردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان 1940 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يازغۇچى ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ رايون خاسلىقىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىشى زۆرۈر ئىدى.

## 2. باش پېرسوناژ سەمەتنىڭ يېشىدىكى مۇجمەللىك

«سالچىلار» رومانىدا ئاپتور دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى روشەن ئىپادىلىمەسلىكتەك بىر ئورۇنسىز مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىنىڭ ئۈستىگە باش پېرسوناژ سەمەتنىڭ يېشىنى بەكلا ئېگىز ـ پەس قىلىۋەتكەن. بىر روماندا باش پېرسوناژ ئاپتورنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ يېقىن كىشىسىدەك بولۇشى كېرەك. ئاپتور ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خۇلقى، ئادەت ـ ھەۋەسلىرى، ئارتۇقچىلىق ـ كەمچىلىكلىرىنى ئىنتايىن ئىنچىكە يەرلىرىگىچە پىششىق ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. بولمىسا، پېرسوناژ يازغۇچىنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىدىغان جانسىز، سۈنئىي پېرسوناژ بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژنى پۈتۈنلەي يازغۇچى يارىتىدۇ، دەپلا قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، پېرسوناژمۇ مەلۇم جەھەتتە ئۆزىنىڭ قىممەت خاھىشى، خاسلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز ئوبرازىنى يارىتىش رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇنداق جەريان يازغۇچى ماھارەت جەھەتتە ۋايىگە يەتكەندە كۆرۈلىدۇ. يازغۇچى ماھارەت جەھەتتە قانچە ناباب ياكى چېكىنگەن بولسا، پېرسوناژدى-

نى ئۆزىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقارماي ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق پېرسوناژ ئۆلۈك، سۈنئىي بولۇپ چىقىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋالنى پىروزىچىلىق نەزەرىيەسى ئالىملىرى ئېتىراپ قىلغان ھەم ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

«سالچىلار» رومانىدىكى باش پېرسوناژ سەمەتنىڭ نەقەدەر ئۆلۈك، سۈنئىي پېرسوناژ بولۇپ قالغانلىقىنى كېيىنكى مۇھاكىمىگە قالدۇرۇپ، ھازىر ئۇنىڭ يېشىدا كۆرۈلگەن مۇجمەللىك مەسىلىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بىر رومان ئۇچۇن ئېيتقاندا، باش پېرسوناژنىڭ يېشىنى ئېگىز - پەس قىلىپ قويۇش يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكىلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

رومانىنىڭ 8 - بېتىدە «بۇ يۇرتلاردا قىزلار ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشقا، ئوغۇللار ئون تۆت - ئون بەش ياشلارغا ئۇلاشسىلا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى» دەپ يازغان. روماندا سەمەتنىڭ ئاكىسى مەمەتنى 20 ياشقا كىرسىمۇ ئۆگەي دادىسى ئۆيلەپ قويمىغاچقا، قېيداپ كارۋانغا ئەگىشىپ «تاغ ئارقىسىغا» چىقىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ۋاقتىدا ئۆيلەپ قويمىغانلىقى ئۇچۇن چوڭ ئوغلى قېچىپ كېتىپ يۇرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئانا ئېرىگە «سەمەتنى ئۆيلەيدىغان ۋاق بولۇپ قالدى» دەپ ئەسكەرتىدۇ. بۇ ئۆگەي دادا ئۆزىنىڭ غەلىتە ئادىتى بويىچە بۇ ئۆگەي ئوغلىنى چېلىشىشتا سىناپ بېقىپ «تېخى ۋاقتىڭ باركەن» دەپ ئۆيلىمەيدۇ. ئىككىنچى يىلى يەنە چېلىشىشتا سىناپ «يەنە خامكەنسەن!» دەپ ئۆيلەشنى رەت قىلىدۇ. ئۆگەي دادىسىنى چېلىشىشتا يەڭمىسە بىر ئۆمۈر خوتۇن ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سەمەت يۇرتىدىكى ھېيتاخۇن دېگەن بوۋايدىن چېلىشىش، چامباشچىلىق، مۇشتلىشىش ماھارىتىنى ئىككى يىل كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدۇ (19 - بەت). شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەي دادا «كالپۇكلىرىنىڭ ئۈستىنى قاپقارا بۇرۇت

بېسىپ كەتكەن» بۇ ئۆگەي ئوغلى بىلەن چېلىشىشتا سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئېتىز بېشىغا كېلىدۇ. چېنىقىپ كۈچلىنىپ كەتكەن سەمەت چېلىشىشتا ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، قاچقانچە قەشقەر شەھىرىگە كېلىدۇ. قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسىدە مۇسەللەس ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ يەنە بىرەيلەننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، كارۋانغا قېتىلىپ ئىلىغا چىقىپ كېتىدۇ. بىز يۇقىرىقى بايانلاردىكى ياش ۋە يىلغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئەستايىدىل قوشۇپ ھېسابلىساق سەمەت ئېشىپ كەتسە 20 ياشقا كىرگەن بولىدۇ.

يازغۇچى رومانىنىڭ 840 ـ بېتىدە «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىدى. شۇ تاپتا بىر توپ سالچىلار ئۆزىنى تىزىملىتىش ئۈچۈن ئاقئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېشى قىرىقتىن ئاشقان، پىشقان سالچىلار بولۇپ، بەستلىك، قاۋۇل ئادەملەردىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ كونا سالچىلاردىن بولۇپ، ‹سەمەتئاخۇن› دەپ ئاتىلاتتى» دەپ يازغان. بىز روماندىكى پاكىتلار ئاساسىدا سەمەتنى 1940 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، 20 ياشلىرىدا ئىلىغا كەلگەن، دېگەنىدۇق. يازغۇچىنىڭ يۇقىرىدا يازغىنىدەك «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يېشى قىرىقتىن ئاشقان» دېيىلسە تامامەن خاتا بولىدۇ. «يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان» دېگەن بولسا توغرا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، يازغۇچى بۇ چاغدا سەمەتنىڭ ئىلىغا چىققىنىغا ئون يىل بولغانلىقىنى ئۇنىڭچە بەتتىن كېيىن، يەنى 856 ـ بەتتە توغرا بايان قىلغان. بىز بۇنى تۆۋەندىكى دىيالوگدىن كۆرۈۋالالايمىز:

*« ــــ سەمەت ئاخۇن، بۇ كىم بولىدۇ؟ ــــ دېيىشتى سالچىلار.*

*ــــ ئون يىلنىڭ ئالدىدا قەشقەردىن بىللە چىققان بۇرادىرىم، ــــ دەپ چۈشەندۈردى سەمەت.»*

سەمەتنىڭ يېشىغا چېتىلىدىغان بۇ ۋاقىتنى 856 ـ بەتتە توغرا بايان قىلغان ئاپتور 862 ـ بەتتە يەنە ئېگىز ـ پەس بايان قىلغان. بۇنى بىز سەمەت بىلەن قەشقەردىن بىللە چىققان ئاغىنىسى قۇۋاننىڭ قىلىشقان دىيالوگىدىن كۆرۈۋالالايمىز:

*« ـــ بىز ئىلىغا چىققىلى قانچە يىل بولغاندۇ؟... دەپ باققىنە.*
*ـــ ئون بەش ـ ئون ئالتە، ۋاي ياقەي، يىگىرمە يىلچە بولۇپ قاپتۇ.»*

روماننىڭ 995 ـ بېتىدە يازغۇچى مۇنداق بىر ئېنىق تارىخىي ئۆچۈرنى يازغان:

*«موڭغۇلكۈرەدىكى سالچىلار 1964 ـ يىلى توققۇزتارا قاپچىغايغا بىراقلا يۆتكىلىپ كەلدى. موڭغۇلكۈرەدە ئەڭ ئاخىرقى سال 1965 ـ يىلىغىچە ماڭدى.»*

بۇ باياندىن بىز ئىلىغا چىققاندىن بۇيان موڭغۇلكۈرەنىڭ قاراكۆل دېگەن يېرىدە سالچىلىق قىلىپ كەلگەن سەمەتنىڭ 1964 ـ يىلى توققۇزتارانىڭ قاپچىغاي دېگەن يېرىگە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز. بىراق، روماننىڭ 992 ـ ۋە 993 ـ بېتىدە يېزىلغان سەمەت بىلەن قۇۋاننىڭ دىيالوگىدا سەمەت قۇۋانغا مۇنداق دەيدۇ:

*« ـــ گېپىڭ توغرا، ـــ دېدى سەمەت، ـــ مەنمۇ ئۆيلىنىۋالسام بولاتتى... يېشىم ئەللىككە كېلىپ قالدى، چاچ ـ ساقاللىرىمنى ئاق باسقىلى تۇردى. ئەمدى ئۆيلەنسەم ئۇ خوتۇن بالا تۇغار. ئۇ بالا چوڭ بولغۇچە مەن بۇ دۇنيادا بارمۇ ـ يوق؟... ئاڭلىسام، موڭغۇلكۈرەنىڭ ياغاچلىرى كېسىلىپ بىر يەرگە بېرىپتۇ ـ*

*دەك. ئەمدى توققۇزتارادىن ياغاچ تارتقۇدەكمىز...»*

بىز بۇ دىيالوگدىكى ئۇچۇردىن 1964 - يىلىدىن ئىلگىرى سەمەتنىڭ يېشىنىڭ ئەللىككە ئۇلاشقان قىلىپ يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، سەمەت بۇ چاغدا يېشى قىرىقتىن ئاشقان دېيىلسە بولاتتى.

«سالچىلار» رومانىنىڭ باش پېرسوناژى بولغان سەمەتنىڭ يېشى «ھەيكەل» دېگەن بابتا سەل جايىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچى يەنە بىر سەۋەنلىككە يول قويغان. يازغۇچى 1044 - بەتتىكى بايانىدا «بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى گەپ بولۇپ، بۇ يىللاردا توققۇزتارانىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى دېھقانلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ پاكار توپا تاملىق كونا ئۆيلىرىدە ئولتۇراتتى» دەپ بىزگە ۋاقىتتىن ئۇچۇر بەرگەن ھەم بۇ چاغدا سەمەتنى پېنسىيەگە چىققان كونا سالچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. روماندا يېزىلىشىچە، پېنسىيەگە چىقىپ كېسەلچان بولۇپ كەتكەن سەمەت يېقىندىن سېلىنغان ئىلى دەريا كۆۋرۈكىنىڭ بېشىدىكى سالچىنىڭ ھەيكىلىنى كۆرگىلى توققۇزتارادىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ پات - پات غۇلجا شەھىرىگە كىرىدۇ. مېنىڭ ھېسابىم بويىچە سەمەت بۇ چاغدا يېشى 60 لارغا ئۇلاشقان ئادەم بولىدۇ. چۈنكى ئىلى دەريا كۆۋرۈكى 1973 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، 1975 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈپ قاتناش باشلىغان. ئىلى دەريا كۆۋرۈكى پۈتكەندىن كېيىن پات - پات كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان بولۇۋالغان سەمەتنى 1980 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا 60 ياشلاردىكى ئادەم بولىدۇ. مېنىڭچە، يازغۇچىنىڭ ئۇنى بۇ يىللاردا پېنسىيەگە چىققان ئىشچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىشى ئاساسەن توغرا بولغان. بىراق چاتاق شۇ يەردىكى، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كۆۋرۈك بېشىدىكى سالچىنىڭ ھەيكىلىنى تاماشا قىلىۋېتىپ بالىلىقىدا ئاشىق بولغان يۇرتلۇق قىزچاق، شۇ تاپتا «ئەللىك -

ئاتمىش ياش ئەتراپىدىكى» (1072 ـ بەت) گۈلئايىم (بالىلىقتىكى ئىسمى لەيلىگۈل) بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئىلى دەريا كۆۋرۈكى 1975 ـ يىلى پۈتكەن بىلەن كۆۋرۈك بېشىدىكى سالچىنىڭ ھەيكىلى 1998 ـ يىلى تىكلەنگەن ھەم 2010 ـ يىلى ئېلىۋېتىلگەن. يازغۇچىنىڭ رومانىدا 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ بېشىدا مەۋجۇت بولمىغان سالچى ھەيكىلىنى سەمەت بىلەن گۈلئايىم شۇ يىللاردا تاماشا قىلغان قىلىپ يازغانلىقى پۈتۈنلەي خاتا بولغان. گەرچە بۇ رومان تارىخىي رومان بولمىسىمۇ، يازغۇچىنىڭ تارىخىي ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنى خالىغانچە ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىۋەتكەنلىكى توغرا بولمىغان. تارىخىي رومان ھېسابلانمايدىغان رومانلاردىمۇ بۇ خىلدىكى خاتالىقلار سادىر قىلىنسا بىردەك ئەيىبلىنىدۇ.

**3. ئادەم ۋە يەر ـ جاي ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقسانلار**

بۇ روماندا يەر ـ جاي ناملىرىنى توغرا ئىشلىتەلمەسلىك، جۇغراپىيەلىك ئورنىنى خاتا بايان قىلىش، ئادەم ئىسىملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى بىر خىل ئاتىماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر خېلىلا كۆپ. تۆۋەندە بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

رومانىنىڭ 653 ـ بېتىدە يازغۇچى جاپپار ئىسىملىك پېرسوناژنىڭ ئاغزىدىن بەرگەن بايانىدا مۇنداق يازغان:

*«ھېكىمبەگ غوجاملارنىڭ قارادۆڭدىكى چوڭ بېغى ‹روشەنباغ› دا كاتتا داستىخان راسلاپتۇ...»*

رومانىنىڭ 791 ـ بېتىدە يازغۇچى غۇلجا شەھىرىدىكى ئاۋات جايلار ھېسابلانغان «لەڭزە بېشى» بىلەن «چوڭ كۆۋرۈك»نى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق يازغان:

*«بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى قارادۆڭ قاپتىلى ئارقىلىق ئىلى ھا-*

*كىمبەگلىرىنىڭ خاس بېغى ــ گۈلشەنباغ تەرەپكە قاراپ ئېقىپ، شۇ تەرەپلەردىكى ھاكىمبەگكە قاراشلىق يەرلەرنى سۇغارغاچقا ‹ھېكىم ئۆستەڭ› دەپ ئاتىلاتتى.»*

غۇلجا شەھىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مەشھۇر تۆت چوڭ باغ بار بولۇپ، ئۇلار ھەرەمباغ، روشەنباغ، سۇلتانباغ ۋە گۈلشەنـ باغ دەپ ئاتىلىدۇ. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، «سالچىلار» روماـ نىدا تىلغا ئېلىنغان روشەنباغ ھازىرقى ئىلى ئالىي مېھمانخانىـ سىنىڭ ئورنىدا بولغان. بۇ باغ 1881 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسىيەـ نىڭ كونسۇلخانا قىلىنىشىغا بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «كونـ سۇلباغ» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. 1990 ـ يىللاردىن كېيىن مېھمانخانىغا ئۆزگەرتىلگەن. گۈلشەنباغ قارادۆڭ دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭلۈكنىڭ شەرقىي جەنۇب يان باغرىدىكى تۈزلەڭگە بەرپا قىـ لىنغان. ئەينى يىللاردا بۇ باغ غۇلجىدا بەرپا قىلىنغان باغلارنىڭ ئەڭ چوڭى ھەم ئەڭ گۈزىلى ئىكەن. «سالچىلار» رومانىدىن ئېـ لىنغان يۇقىرىقى ئىككى نەقىلنىڭ بىرىنچىسىدە يازغۇچى گۈلـ شەنباغنى خاتا ھالدا روشەنباغ دەپ قويغان.

يازغۇچى رومانىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە يەنە تەڭرىتاغنى خانـ تەڭرى تېغى، دەپ خاتا ئاتىغان. مەسىلەن:

*«خانتەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى يۇلتۇز، قۇندۇز، كۇنەس يايلاقلىرىنى كۆرسە كىشىنىڭ كۆزى يايراپ كېتىدۇ.» (328 ـ بەت)*

*«خانتەڭرى، قاراقۇرۇم، پامىر تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چىغىر يوللاردا قانچە قېتىم ئاتاغلىرىمىزنىڭ چەمى تېـ شىلدى.» (344 ـ بەت)*

ھەممىگە ئايانكى، ئانا دىيارىمىزنىڭ ۋە ئانا خەلقىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان تەڭرىتاغ نەچچە ئون تاغ بۆلىكى ۋە تاغ چوققىـ

سىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ تاغ تىزمىسى. خانتەڭرى بولسا ئاشۇ بۈيۈك تاغ تىزمىسىدىكى بىر مەشھۇر چوققا. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ھەم پەرقىنى ئېنىق بىلمەسلىك بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۈچۈن ئۇيات ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ گويا ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويغاندەكلا ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش.

«سالچىلار» رومانىدا يەنە «قورغان» بىلەن «قوغان» دېگەن ئىككى ئىسىم كۆپ قېتىم ئارىلاش قوللىنىلغان. ئاپتور بۇ ئىككىلا ئىسمىنى مۇزداۋاننىڭ ئاقسۇ تەرىپىدىكى مەشھۇر قاراۋۇلخانىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ھەقىقەتەن مۇزداۋانغا يېقىن جايدا يەرلىكلەر «قوغان» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان، ئەمما مەتبۇئاتلاردا بىردەك «قورغان» دەپ توغرا ئېلىنىدىغان بىر مەشھۇر ئۆتەڭ بار. «قورغان» دېگەن بۇ جاي ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان كىچىك بىر مەھەللە بولۇپ، مۇزات دەرياسى ئاشۇ مەھەللىنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدۇ. بۇ مەھەللىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبقا ئەۋەتىلگەن جەڭچىلىرى قاتتىق سوقۇش قىلغان. كېيىن ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ قوماندانلىقىدىكى قىسىم ئاقسۇدىن نائىلاج چېكىنگەندىن كېيىن، ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسى قورغان مەھەللىسىدىن 18 كىشىنى تۇتۇپ «ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەم قىلغان» دەپ مۇزات دەرياسىنىڭ بويىدا ئېتىپ تاشلىغان. بۇ مەھەللىدە يەنە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىدىكى «جىرجىس ھاجى» دېگەن ئېسىل باپتا ئىش - پائالىيەتلىرى، سۆز - سۆھبەتلىرى يېزىلغان مەشھۇر دانىشمەن جىرجىس ھاجىنىڭ قەبرىسى بار. بۇ كىشى باشئەگمەدە خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىلىغا قايتىشىدا كېزىك كېسىلى قوزغىلىپ دەل مۇشۇ مەھەللىدە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان. «قورغان» دېگەن بۇ مەشھۇر ئۆتەڭنىڭ

نامىنىڭ ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى مەتنىمىن ھوشۇر ئۆز رومانىدا ئېنىق قەيت قىلغان بولسىمۇ، بىراق كېيىنكى بابلاردا پەرقلەندۇرمەي ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىۋېرىپ ئوقۇرمەننى قايمۇقتۇرۇپ قويغان. مەيلى ئىلمىي ئەسەر بولسۇن ياكى ئەدەبىي ئەسەر بولسۇن، يەر ـ جاي ناملىرىنى ئىشلىتىشتە ئەستايىدىل بولۇش زۆرۈر. «سالچىلار» رومانىدا بۇ مەسىلىگە چېتىلىدىغان ئەستايىدىلسىزلىق خېلىلا كۆپ. مەسىلەن، رومانىدا مۇنداق يېزىلغان:

*«ئاقسۇ بىلەن جام ئوتتۇرىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا كېتىپ بارغان كارۋانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەتىگەندىلا يول ئۈستىگە قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ يول ئارقىلىق كۇنچىقىشقا قاراپ ماڭغان ئادەم كورلا، بۈگۈر، كۇچا، باي، ئۇچتۇرپانلاردىن ئۆتۈپ يەنە قانداقتۇر بىر مەملىكەتلەرگە يېتىپ بارالايتتى.»* (246 ـ بەت)

بۇ باياندا ئاپتور ئۈچ تۈرلۈك سەۋەنلىككە يول قويغان. بىرىنچى سەۋەنلىك: ئۇچتۇرپاننى جامدىن كۇنچىقىشقا قاراپ ماڭغاندا بېسىپ ئۆتىدىغان لىنىيەگە تەۋە قىلىپ قويغان. جامدىن چىقىپ كۇنچىقىشقا قاراپ ماڭغان كارۋانمۇ، كۇنپېتىشقا قاراپ ماڭغان كارۋانمۇ ئوخشاشلا ئۇچتۇرپاننى بېسىپ ئۆتمەيدۇ. چۈنكى ئۇچتۇرپان بۇ ئىككى يولنىڭ ئۈستىدە ئەمەس. ئۇچتۇرپان ئاقسۇدىن قىرغىزىستاننىڭ قاراقول دېگەن يېرىگە بېرىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان ناھىيە. ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى خالىغانچە بايان قىلىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى سەۋەنلىك: يازغۇچى جامدىن كۇنچىقىشقا ماڭغاندا بېسىپ ئۆتىدىغان لىنىيە تەرتىپىنى رەتلىك بايان قىلمىغان. قائىدە بويىچە يېقىندىن يىراققا باي، كۇچا، بۈگۈر، كورلا دېگەن تەرتىپتە تىزىلىشى زۆرۈر. ئۈچىنچى سەۋەنلىك شۇكى، جامدىن كۇنچىقىشقا ماڭغان كىشىلەرنى «قانداقتۇر بىر مەم-

لىكەتلەرگە يېتىپ بارالايتتى» دېيىش كۆلكىلىك چۈشەندۈرۈش-
تۇر. بىر كارۋان كۈنچىقىشقا ماڭغانسېرى «قانداقتۇر بىر مەملى-
كەتلەرگە» يېتىپ بارمايدۇ، بەلكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدۇ. ئە-
دەبىي ئەسەرلەردە جۇغراپىيەلىك بىلىملەر توغرا ئىپادىلەنمىسە
بولۇۋېرىدىغان ئىش يوق. بۇ بىر ئىلمگە تۇتۇلغان پوزىتسىيە
مەسىلىسى!

«سالچىلار» رومانىدا قەشقەردىن ئاقسۇغا تەۋە جام يېزىسىغا
بارىدىغان قەدىمكى يول لىنىيەسىنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقان ھەم
خاتا بايان قىلغان يەنە مۇنداق بىر مىسال بار:

*«خۇداغا شۈكۈر، مانا جامغىمۇ ئامان - ئېسەن كېلىۋالدۇق،*
*— دەيتتى ھۈسەن بايۋەچچە دەڭنىڭ ھۇجرىسىدا ئىككى ئالىقى-*
*نىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويغىنىچە تورۇسقا قاراپ يېتىپ خىيال*
*سۈرۈپ، — شىتاچى، ئىتيولى، ئۆردەكلىك، تۇڭگانمازار، ئانار-*
*كۆل، پىچاقسۇندى، ئىگەرچى... ۋاي - ۋۇي! بۇ بېكەتلەرنى ساناپ*
*تۈگەتكىلى بولسۇنمۇ؟» (257 - بەت)*

قەشقەر، ئاتۇشنىڭ ئادەملىرىگە بەكرەك ئايانكى، ئىشتاچى
(شىتاچى ئەمەس)، ئىتيولى دېگەنلەر قەشقەردىن ئاقسۇ جامغا با-
رىدىغان يول لىنىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئىشتاچى ئاتۇشنىڭ
بىر كەنتى. ئۇ يۇقىرى ئىشتاچى، تۆۋەن ئىشتاچى دەپ ئىككىگە
بۆلۈنىدىغان چوڭ كەنت. ئىتيولى بولسا ئەينى يىللاردا پەقەت
قەشقەر بىلەن ئاستىن ئاتۇش ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كىشىلەرلا
ماڭىدىغان تاغ يولى. ئۇيغۇر خەلق سەپەر قوشاقلىرى ئىچىدە
قەشقەردىن ئىلىغا بارغۇچە بېسىپ ئۆتىدىغان مۇساپىنى قاپىيە-
لەشتۈرۈپ بايان قىلغان بىر ئۆزگىچە قوشاق بار. بۇ قوشاقتىمۇ
«ئىشتاچى، ئىتيولى» دېگەن ئۆتەڭلەر مەۋجۇت ئەمەس. داڭلىق
رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» دېگەن

ئەسلىمىسىدىمۇ «غۇلجىغا بېرىپ ـ كېلىدىغانلار ‹غۇلجىغا بېرىش ئۈچۈن دۆلەتباغدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يول بىلەن مېڭىپ، ياندۇرما، يامانياردىن ئۆتۈپ شاپتۇلغا كېلىپ ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ پەيزاۋاتقا بارىدۇ›» (167 ـ بەت) غانلىقى بايان قىلىنغان. مەتىمىن ھوشۇر بايان قىلغان ئۆردەكلىك، تۆگىنمازار، ئاناركۆل، پىچاقسۇندى، ئېگەرچى... دېگەن ئۆتەڭلەر شۇنىڭدىن كېيىن باشلىنىدۇ. «سالچىلار» رومانىنىڭ بىرىنچى تومى مەخسۇس قەشقەر بىلەن موڭغۇلكۈرە ئارىلىقىدىكى لىنىيەدىكى سەرگۈزەشتىلەرنى ھېكايە قىلغان بولغاچقا، يازغۇچى بۇ لىنىيەدىكى يۇرت ـ ئۆتەڭلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر ئىدى. ئەمما، يازغۇچى بۇ شەرتنى ھازىرلاشقا بەكلا سەل قارىغان.

روماندا يەنە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «مىفتاھۇل ـ ئۇلۇم» دېگەن كىتابنىڭ ئىسمى ئىككى جايدا خاتا ھالدا «مىفتاھىل ئۆلۇم» دەپ ئېلىنغان. ساقچى، چېرىك دېگەندەك ئىككى دەۋرگە خاس ئاتالغۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن ئارىلاش قوللىنىلغان. يازغۇچى يەنە جۇماق دېگەن پېرسوناژنى بايانچى تىلىدا باشتىن ـ ئاخىر، كۆپ قېتىم بىردەم «جۇماق»، بىردەم «جۇماق ئاكا» دەپ پەلپەتىش ئاتىغان. بۇنداق قالايمىقانچىلىق تۈزىتىشكە تېگىشلىك سەۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

### 4. سۆز ـ جۈملىلەردىكى نۇقسانلار

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان ياكى شۇغۇللىنىۋاتقان كىشى ـ يېڭى ھەرقانداق بىر قەلەمكەش ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى زۆرۈر ئەڭ ئەقەللىي پىرىنسىپ ۋە ئۆزىدە چوقۇم ھازىرلىشى زۆرۈر بىر قابىلىيەت شۇكى، ئۇ تىلنى توغرا، ئىخچام، راۋان، ئۇقۇشلۇق، گۈزەل ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. «ئەدەبىيات ـــ تىل سەنئىتى» دېگەن نەزەرىيەۋى چۈشەنچىنى بىلىدىغانلار كۆپ بولغان بىلەن ئۆزىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت تەلەپ قىلىد-

دىغان تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى يۇقىرى تەلەپكە لايىق ئەمەس،
نورمال تەلەپكە لايىق بولسىمۇ ھازىرلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان
ئەھۋال بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە بارغانسېرى كۆپىيىپ
كېتىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم بۇ خىل ئەھۋال داڭلىق يازغۇچى مەمتى-
مىن ھوشۇرنىڭ «سالچىلار» رومانىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى ئادەم
ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە تېپىپتۇ. بۇ روماندا ئارتۇق، ئورۇن-
سىز سۆزلەر ناھايىتى كۆپ بولۇش بىلەن بىللە، جايىغا چۈشمى-
گەن، خاتا ئىشلىتىلگەن، باغلاشمىغان، خاسلاشمىغان سۆز -
جۈملىلەرمۇ خېلىلا كۆپ. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى مۇن-
بىرىدىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن
مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خىلدىكى نۇقسانلارنىڭ
كۆرۈلۈشى يوق ھېسابتا بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، «سال-
چىلار» رومانىدىكى پاسسىپ پاكىتلار بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى
تەۋرىتىپ قويدى. قارىغاندا يازغۇچى رومان تىلىنى تاۋلاشقا كۆ-
ڭۈل بۆلمىگەندەك قىلىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ جەھەتتىكى نۇقسانلارنى
بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ئالدى بىلەن بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە
كۆرۈلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى، قەلەمكەشلەر كەمدىن - كەم
دىققەت قىلىدىغان بىر ناچار ئەھۋالغا، يەنى تىلنى تېجەشلىك،
ئىخچام، پاكىز ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك مەسىلىسىگە
چۈشىدىغان مىسالدىن بىر - ئىككىنى كۆرسىتىپ ئۆتەي.

*«سەمەت بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ
كەلدى. بۇ يەردە قىمار شۇنچىلىك قىزىپ كەتكەنىدىكى، ئوتتۇ-
رىدا ئوشۇق ئېتىۋاتقانلارنىڭمۇ، ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار-
نىڭمۇ ھېچقايسىسىنىڭ تالادىن كىرگەن ئادەمگە قارىغۇچىلىكى
يوق ئىدى. سەمەت كىرىپ ھەممىگە تەڭ كۆز يۈگۈرتۈپ تېخىمۇ
ھەيران بولدى. ھۆسەن قىمار ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ*

*كىرىپ بىر ئۇبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. تېخى بىر قو-لىدا ئازراق پۇلنىمۇ سىقىملاپ تۇرغاندەك قىلاتتى.»* (295 ـ بەت)

مۇنداقلا قارىسىڭىز بۇ بىر ئابزاس تەسۋىردە نۇقسان يوقتەك كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە تىل سەنئىتى نۇقتىسىدىن زىغىرلىسى-ڭىز كىشىنى چۆچۈتكۈدەك مەسىلە بارلىقىنى بايقايسىز.

بىرىنچى مەسىلە، ئەزمىسى ئېزىلىپ كەتكەن مۇنۇ جۈملىدە كۆرۈلىدۇ:

*«ئوتتۇرىدا ئوشۇق ئېتىشۋاتقانلارنىڭمۇ، ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭمۇ ھېچقايسىسىنىڭ تالادىن كىرگەن ئادەمگە قارىغۇ-چىلىكى يوق ئىدى.»*

بىز بۇ جۈملىدىكى «قارىغۇچىلىكى» دېگەن جايغا چۈشمىگەن سۆزنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، ئارتۇق سۆزلەرنى ئىخچاملاپ قايتىدىن تۈزۈپ باقساق نۇقسان ئايدىڭ بولىدۇ:

*«ئوتتۇرىدا ئوشۇق ئېتىشۋاتقانلارنىڭمۇ، ئەتراپتا تاماشا كۆ-رۈۋاتقانلارنىڭمۇ كىرگەن ئادەمگە قارار كۆزى يوق ئىدى.»*

ئىككىنچى مەسىلە، «سەمەت كىرىپ ھەممىگە تەڭ كۆز يۈگۈر-تۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى» دېگەن مەنىسى تۇتۇق جۈملىدە كۆ-رۈلىدۇ. سەمەت ھەممىگە تەڭ كۆز يۈگۈرتۈپ ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىمارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدىمۇ ياكى ھۇسەننىڭ قىمار ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا قىسى-لىپ كىرىپ بىر ئۇبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدىمۇ؟ ئەلۋەتتە، بىر پۈتۈن كونتېكىستتىن سەمەتنىڭ ھۇسەننى كۆرۈپ ھەيران بولغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بىراق، بۇ مۇستەقىل جۈملە «سەمەت كىرىپ ھەممىگە تەڭ كۆز

يۈگۈرتۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى» دېگەن مەنىدە تۈزۈلمەستىن، «سەمەت كىرىپ ھۆسەننى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى» دېگەن مەنىدە تۈزۈلگەن بولسا ئۇقۇشلۇق بولاتتى.

ئۈچىنچى مەسىلە، تۆۋەندىكى ئارتۇقچە سۆزلىرى كۆپ، قۇ-رۇلمىسى پەلىپەتىش تەسۋىردە كۆرۈلىدۇ:

*«سەمەت كىرىپ ھەممىگە تەڭ كۆز يۈگۈرتۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. ھۆسەن قىمار ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ كىرىپ بىر ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. تېخى بىر قولىدا ئازراق پۇلنىمۇ سىقىملاپ تۇرغاندەك قىلاتتى.»*

مەن بۇ تەسۋىردىكى سۆزلەرنى قايتىدىن تەشكىللەپ، ئارتۇق-لىرىنى قىسقارتىپ، تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە تۈزسە ياخشىراق بو-لىدۇ، دەپ قارايمەن:

*«سەمەت قىمارۋازلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بىر ئوبدان جايلى-شىپ ئولتۇرۇۋالغان ھۆسەننى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. تېخى ئۇ قولىدا ئازراق پۇل سىقىملىۋالغاندەك قىلاتتى.»*

بۇ رومانىدا يازغۇچىنىڭ تىلنى تېجەشلىك، ئىخچام، پاكىز ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىگە پاكىت بولىدىغان يەنە بىر مىسال:

*«1944 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە شوتىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئەينى يىللاردا جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ ئارىشاڭنىڭ ھەربىر كۆزى ئۈستىگە ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرنى ياساپ، ھەربىر ئۆي ئىچىگە يەنە يۇيۇنىدىغان، كىيىم - كېچەك سالىدىغان بۆلۈمچىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلاشتۇ-*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*رۇپ، ئارىشاڭ ئەتراپىغا يەنە داۋالىنىشقا كەلگەنلەر ئۈچۈن ياتاق ئۆيلەرنى ۋە بىر مەسچىت سالغان.» (489 ـ بەت)*

مەن بۇ بىر ئابزاس بايانىدا ئۇن نەچچە ئارتۇق سۆز بارلىقىنى بايقىدىم. بۇ ئارتۇق سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتسە، بۇ بىر ئابزاس بايانىنىڭ مەزمۇنىغا ھېچقانداق تەسىر يەتمىگەننىڭ ئۈستىگە، ئەكسىچە بۇ بايانىنىڭ ئىخچاملىقى ۋە راۋانلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. مەن قىسقارتقان سۆزلەر «ئەينى يىللاردا، ھەربىر ئۆي، يەنە، ئايرىم ـ ئايرىم، داۋالىنىشقا كەلگەنلەر ئۈچۈن، ئۆيلەرنى، بىر» دېگەنلەردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى بىر ئابزاس بايانىنىڭ قىسقارغان شەكلى تۆۋەندىكىچە:

*«1944 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە شوتىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ ئارىشاڭنىڭ ھەربىر كۆزى ئۈستىگە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەرنى ياساپ، ئىچىگە يۇيۇنىدىغان، كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان بۆلۈمچەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارىشاڭ ئەتراپىغا يەنە ياتاق ۋە مەسچىت سالغان.»*

بىز تېخى يازغۇچىدىن 1944 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە مەۋجۇتمىدى؟ دەپ سورىمىدۇق. ئەمەلىيەتتە مىللىي ئارمىيە 1945ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭغىچە پارتىزان، پارتىزانلار ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى.

ئەمدى مەن بۇ روماندىكى خاتا ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم سۆزلەر بار مىساللارنى ئىككىدىن ـ ئىككىدىن كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

*«مۇزات غوجام تىرىكمىش، گۇناھى بار بەندىلەرگە ئەسلىي يول بەرمەسمىش...» (320 ـ بەت)*

*«تۇرك بۆشۈكى دەپ ئاتالغان بالاساغۇن، ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدا ئاجايىپ يايلاقلار بولسىمۇ ئىلىنىڭ يايلاقلىرىغا سىيلىشتۇرغاندا يەنە تارلىق قىلىدۇ؛ خانتەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى*

*يۇلتۇز، قۇندۇز، كۇنەس، تېكەس يايلاقلىرىنى كۆرسە كىشىنىڭ كۆزى يايراپ كېتىدۇ.» (328 ـ بەت)*

ئالدىدىكى مىسالدىكى «ئەسلىي» دېگەن سۆز خاتا كەتكەن. بۇ سۆز «ئەسلا» بولۇشى كېرەك ئىدى. كېيىنكى مىسالدىكى «تۈرك بۆشۈكى»، «تارلىق قىلىدۇ»، «كۆزى يايراپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزلەر خاتا ئىشلىتىلگەن. بۇلار «تۈركلەرنىڭ بۆشۈكى»، «كىچىك ھېسابلىنىدۇ» (ناۋادا ئاپتور چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇۋاتقان بولسا)، «تۆۋەن تۇرىدۇ» (ناۋادا ئاپتور گۈزەللىكىنى سېلىشتۇرۇۋاتقان بولسا)، «كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ» دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى.

*«ئادەمنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندا ئاخىرەت كۈنلىرىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن...» (354 ـ بەت)*
*«مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان قارلىق چوققىلار» (360 ـ بەت)*

ئالدىنقى مىسالدا «ئاخىرەت كۈنلىرىنى» دېگەن سۆزنى «ئاخىرەتنى» ياكى «ئاخىرەت كۈنىنى» دەپ ئېلىش كېرەك ئىدى. كېيىنكى مىسالدا «ئېسىلىپ تۇرغان قارلىق چوققىلار» دېگەن تەسۋىرنى «ئېسىلىپ تۇرغان قارلىق قىيالار» ياكى «چوقچىيىپ تۇرغان قارلىق چوققىلار» دەپ ئېلىش كېرەك ئىدى.

*«دۇتار ـ تەمبۇرلىرىنى تاراڭشىتىپ پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشقانىكەن» (1037 ـ بەت)*
*«ئۇرايىمنىڭ قاپىقىدىن چىقمايدۇ.» (1037 ـ بەت)*

كونتېكىستنى نەزەردە تۇتقاندا، ئالدىدىكى مىسالدىكى «تاراڭشىتىپ» دېگەن سۆزنى «تىرىڭشىتىپ» دەپ ئېلىش لازىم ئىدى. چۈنكى ئۇلار پەيزى قىلىپ ئولتۇرغانلار ئىدى. مۇڭ ئىزدىمەي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئولتۇرغانلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە «تاراڭشىتىپ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتسە جايىغا چۈشەتتى. كېيىنكى مىسالدا «قايتىلىدىغىمۇ» دېگەن سۆزنى «خىيالىغىمۇ» دەپ ئېلىش لازىم ئىدى.

ئەمدى مەن بۇ روماندا ئورۇنسىز تەكرارلىنىپ جۈملىنى بۇزغان سۆزلەردىن ئۈچنى مىسال كەلتۈرىمەن:

*« ــ قاچا ــ دەپ نوقۇدى سەمەت نېمە قىلارنى بىلمەي تېرىكىرقاپ قالغان ھوسەننى نوقۇپ.» (301 ـ بەت)*

*«رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر ئاپپاق ساقال مويسىپىت بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئازراق ھاردۇق ئالماق بولۇپ ئېشىكنى چۈشەپ قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىكەن...» (525 ـ بەت)*

*«بىر ـ ئىككىسى مەدداھنى ئۇچراتقان بولسىمۇ ھەيۋىسى قەشقەرنىڭ مەدداھلىرىدەك ئۇنچە ھەيۋەتلىك ئەمەس ئىدى.» (790 ـ بەت)*

بىرىنچى مىسالدىكى «نوقۇپ» دېگەن سۆز ئارتۇق بولۇپ قالغان. ئىككىنچى مىسالدىكى «ئاپپاق ساقال» دېگەن سۆز بىلەن «مويسىپىت» دېگەن سۆپەتنىڭ بىرىنى ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. چۈنكى «مويسىپىت» دېگەن پارسچە سۆزمۇ ئوخشاشلا «ئاپپاق ساقال» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. ئۈچىنچى مىسالدىكى «ئۇنچە ھەيۋەتلىك» دېگەن ئىككى سۆزنى ئېلىۋەتسە جۈملە ئىخچام، راۋان بولاتتى.

«سالچىلار» ناملىق بۇ روماندا يەنە پېرسوناژلارنىڭ سۆز، دىيالوگلىرىدا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىغان. ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكىدىن خەۋىرى بار ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «ئالامەت»، «پاھ ـ پاھ» دېگەن ئاشۇرما سۆپەتلەر غۇلجا ئۇيغۇرلىرىغا خاس شېۋە سۆزلەردۇر. يازغۇچى بۇ سۆزلەرنى روماندا تېخى غۇلجىنى كۆرۈپ باقمىغان قەشقەرلىك يىگىتلەر سەمەت، ھوسەن بايۋەچچە، قۇۋان ئەزمە ئۈچىنىڭ تىلىدا ئىشلەتكەن. مەسىلەن:

*«ۋاھ، بۇ ئالامەت پىچاقكەن، ــ دېدى.» (435 ـ بەت)*

*«ئالامەت بىر زامانلار ئۆتۈپتىكەن ـ دە!» (540 ـ بەت)*

*«پاھ ـ پاھ، ماۋۇ سۇنىڭ مۇزدەكلىكىنى ـ ھە! ــ دەۋەتتى سەمەت.» (554 ـ بەت)*

*«مەنمۇ قەشقەردە ئالامەت پۇزۇر يۈرەتتىم.» (619 ـ بەت)*

ئادەتتە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار تىلىنى ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، يۇرت ئارقا كۆرۈنۈشى، مىجەز ـ خاراكتېرى، مۇددىئا ـ مەقسىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا خاسلاشتۇرۇش زۆرۈر تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك خوتەنلىكنى پۈتۈنلەي خوتەنچە، قەشقەرلىكنى پۈتۈنلەي قەشقەرچە، غۇلجىلىقنى پۈتۈنلەي غۇلجىچە، تۇرپانلىقنى پۈتۈنلەي تۇرپانچە سۆزلىتىش كېرەك، دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا شېۋىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، قەشقەرلىك پېرسوناژنى غۇلجا شېۋىسىدە، غۇلجىلىق پېرسوناژنى قەشقەر شېۋىسىدە سۆزلىتىپ قويىدىغان خاتالىقنى سادىر قىلىشقا بولمايدۇ.

**5. لوگىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق نۇقسانلار**

«سالچىلار» ناملىق روماندا تۇرلۇك قائىدە ـ پىرىنسىپلارغا مۇخالىپ كېلىدىغان نۇقسانلار كۆپ بولغاچقا ھەممىنى كۆرسىتىپ بولۇشقا ئىمكان يوق. شۇڭا ئىككى ـ ئۈچتىن مىسالنى كۆرسىتىپ مېڭىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈلگەن مىسالدىن بىرنى، گىراماتىكىلىق خاتالىق كۆرۈلگەن مىسالدىن بىرنى كۆرسىتىپ بولدى قىلىمەن.

*«قانچە كۈنلەر، ئايلار، ھەتتا يىللار ئۆتۈپ كەتتى. گويا قۇۋان ھېلىقى تۇمانلىق بىر كۈندە قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان داۋاننىڭ ئۈستىدە تۈيۈقسىز يوقاپ كەتكەن ئۈستازى ئۆمەر مەدداھنى ئىزدەپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى.» (1043 ـ بەت)*

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىمىز
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى نادىرىسى

ئاپتورنىڭ بۇ چۈشىنىكسىز بايانى ئەسلىي تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئىپتىلغان بولسا، ئوقۇشلۇق ھەم لوگىكىلىق بولاتتى (بۇ جۈملىنى ئارتۇق سۆزلەرنى قىسقارتىپ تۈزدۈم):

*«قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. قوۋان گويا ھېلىقى تۇمانلىق كۈندە، قار ـ مۇز قاپلىغان داۋاننىڭ ئۈستىدە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئۇستازى ئۆمەر مەدداھتەكلا غايىب بولغانىدى.»*

روماندىكى گىراماتىكىلىق نۇقسان كۆرۈلگەن مىسال تۆۋەندىكىچە:

*«ياش ۋاقتىڭىزدا شۇنداق ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە قايسى- بىر كۆكسى تولغان گۈزەل قىزنىڭ دېرىزىسى يېنىدا تېرەككە يۆلىنىپ تۇرغانلىرىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىپ، شورىدىن ئاتلاپ چۈشكەن چاغدىكى يۈرەكلىرىڭىزنىڭ دۈپۈلدەشلىرى قايتا ئاڭلاز- غاندەك بولىدۇ ـ دە، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەيسىز...» (1054 ـ بەت)*

يازغۇچىنىڭ بۇ بەتتام بايانلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئەيىب- لەش بۇ ماقالىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. مېنىڭ كۆرسىتىپ قويۇ- دىغىنىم باش ـ ئاخىرى بىر ـ بىرىگە باغلاشمىغان بۇ ئۇزۇن جۈملىنىڭ كېسەلى. بۇ جۈملىدىكى كېسەلنى تۈزەشنىڭ يولى شۇكى، «بولىدۇ ـ دە» دېگەن كىرىشتۈرمە باغلىغۇچىدىن «دە» نى ئېلىۋېتىپ ھەم مۇستەقىل ياردەمچى پېئىل «بول» نىڭ كەينىدى- كى «دۇ» نى ئېلىۋېتىپ، رەۋىشداش قوشۇمچىسى «پ» نى قو- شۇپ، جۈملىدە خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىدىغان ھالەت شەكلىگە كەلتۈرسەك، جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئوڭشىلىدۇ.

يازغۇچى بۇ رومانىنى شۇ قەدەر بىپەرۋالىق بىلەن يېزىپ چىق- قانكى، ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزنى قاپلاپ كەتكەن «ئەخلەت رو- مانلار» قاتارىغا چۈرۈپ تاشلىۋەتكۈچىز كېلىدۇ. بىراق گاھى ـ

گاھىدا يەنە بىز سۆيۈنىدىغان مەمتىمىن ھوشۇر ئۇچراپمۇ قالىدۇ. بولۇپمۇ، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەن جايلاردا يازغۇچىنىڭ پىشقان قەلىمى ئۆزىنى نامايان قىلغان. بۇنداق دېگەندىكىم، ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىشىدە نۇقسان كۆرۈلمىگەن دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. يازغۇچى بۇ جەھەتتىمۇ ئاجايىپ سۈپەتسىزلىككە مىسال بولىدىغان پاكىتلارنى روياپقا چىقارغان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئىككى تەسۋىرنى ئوقۇپ باقايلى:

*«يولۇچىلىرىمىز ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. قاراكۆلنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستا رەسسام سىزغان سۈرەتتەك چىرايلىق بىر كۆرۈنۈش تاشلىنىپ ياتاتتى. كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ بويىغا دۆۋدىلەنگەن قارىغاي ياغاچلىرىدىن گۈپۈلدەپ دېۋىرقاي پۇرىقى كېلەتتى.» (587 ـ بەت)*

*«بوۋاي شۇ گەپلەرنى قىلىشىپلا كۆلخان يېنىدا ئۇيقۇغا كەتتى. ئازدىن كېيىن ئۇ شۇنداق قاتتىق خورەك تارتتىكى، دەريادىكى بېلىقلارمۇ ھەيران بولۇپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ‹بۇ كىمنىڭ خورىكى› دەپ قاراپ باقتىغۇ، دەيمەن...» (1042 ـ بەت)*

باشتىكى مىسالدا تەسۋىرلەشتە ئازراقمۇ يېڭىلىق يوقلۇقىنى، پۈتۈنلەي كونا ئۇسۇلدا تەسۋىرلەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئىككىنچى مىسالدىكى بىمەنىلىككە گەپ كەتمەيدۇ. بۇ تەسۋىرنى ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇش تەجرىبىسى يوق، مەلۇماتى ناھايىتى تۆۋەن ئوقۇرمەنلەر ئوقۇسىمۇ، كۈلۈپ تاشلايدۇ. بۇ تەسۋىرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قاملاشمىغان، ئەڭ بىمەنە تەسۋىرلەر لۇغىتىنى بېيىتىشقا يارايدۇ، دېسەك ئوشۇق كەتمەس. «قاراپ باقتىغۇ، دەيمەن» دېگەن يەرلىرى بىمەنىلىكنى چېكىگە يەتكۈزگەن.

www.uyghurkitap.com

### 6. روماندىكى زىيادە تەكرارلىق

بىر ئەستايىدىل ئەدىب ئەدەبىي ئەسەردە سۆزلەرنىڭ تەكرار بولۇپ قېلىشىغا ياكى ئارتۇقچە سۆزلەرنىڭ كۆرۈلۈشىگە يول قويماسلىقنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى قىلىدۇ. «سالچىلار» روماندا سۆزلەرنىڭ تەكرار بولۇپ قېلىشى، ئارتۇقچە سۆزلەرنىڭ كۆپ كۆرۈلۈشى ئېغىر دەرىجىدە سادىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، مەزمۇنى تامامەن ئوخشاش بىر قىسىم جۈملە ۋە بايانلارمۇ تەكرارلانغان. مەن بۇنى كۆرۈپ، بۇ رومانىي يېزىشتا يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە شەكىللەندۈرگەن ئىلگىرىكى «ئەستايىدىل يازغۇچى» دېگەن ئوبرازىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىر بەدىئىي پالاكەتچىلىكنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قاپتۇ، دېگەن تەسىراتقا كەلدىم. مەسىلەن:

*«بۇ سالچىلار ئىچىدىمۇ هوشۇر داۋۇت، مەمتىمىن زۇنۇن، مامۇت ‹قوچقار›، قاسىم ‹چىپار› دەيدىغان ئاجايىپ نوچى ئادەملەر بار. هەممىمىز بىر بولۇپ چوڭ كۆۋرۈكتە ماڭىدىغان بولساق شەهەرنىڭ جىمى نوچىلىرى بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭغا كىرىپ كېتىدۇ.» (870 ـ بەت)*

*«پۇچاقلىرىمىزنى تۇرگەن پېتى دەريا تەرەپتىن چىقىپ كەلسەك سالچىلار بىلەن سەل ئارازلىشىپ قالغان دۇكاندارلارمۇ دۇكىنىنى ئېتىپ، ‹قارا پاچاقلار كېلىۋاتىدۇ› دەپ قېچىپ كېتىدۇ...» (871 ـ بەت)*

*«مۇشۇ قاسىم ‹چىپار›، قادىر هاشىم، تۇرغان دېگەن سالچىلار بىر ـ بىرىدىن يوغان ئادەملەر ئىدى. شەهەرگە كىرىپ شەهەرنىڭ كوچىلىرىدا قاتارلىشىپ ماڭىدىغان بولساق، شەهەرنىڭ نوچىلىرى: ‹ئەنە قارا پاچاقلار كېلىۋاتىدۇ› دەپ شەهەرنى سوقۇۇشمايلا تاشلاپ قاچاتتى.» (1019 ـ بەت)*

*«سالچىلار بازارغا كىرىپتۇ دېسە، بەزى دۇكانچىلارنىڭ قويۇقا چېچى تىك بولۇپ، دۇكانلىرىنىمۇ تاقاپ كېتىپ قالاتتى...»* *(1020 ـ بەت)*

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئوقۇرمەنلەرنى تەكرار ـ تەكرار زوقلاندۇرۇپ كەلگەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمى بۇ روماندا ھەقىقەتەن ھالسىزلىنىپ قالغان. مەسىلەن، «يۇرتىغا سەپەر» دېگەن بابنى يازغاندا، يازغۇچى بۇ بابنىڭ ماۋزۇسىغا ماس ھالدا سەمەت بىلەن گۈلئايىمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا بېرىپ كېلىش جەريانىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندىكى ھېسسىيات تەسىراتلىرىنى ئازراقمۇ ئەستايىدىل يازمىغان. بەلكى «سەمەت گۈلئايىمنى ئېلىپ يۇرتقا چۈشۈپ بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالدى. قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ قاپچىغايدىكى قەدىناسلىرىنى ئۆيگە مېھمانغا چاقىردى» (1107 ـ بەت) دەپلا ئىشنى تۈگەتكەن. بىر بابقا «يۇرتىغا سەپەر» دەپ ئىسىم قويغان يازغۇچى يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا «يېرىم ئەسىرچە» بولغان ئىككى مۇھىم پېرسوناژنىڭ يۇرتىغا بولغان ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىنى گويا قىسقا خەۋەردەك بۇ قەدەر ئاددىي يازماسلىقى كېرەك ئىدى. قائىدە بويىچە، بىر تەلەپچان يازغۇچى تەلەپكە يەتمىگەن ھەرقانداق ئەسىرىنى، بولۇپمۇ يىرىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. نەشرىيات ئورۇنلىرىمۇ ئەستايىدىل يېزىلمىغان كىتابلارنى يۈز ـ خاتىر قىلماي، نوپۇزغا تىز پۈكمەي ياكى تەلدپى زىيادە تۆۋەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇلنى كۆزلىمەي قەلەمكەشلەرنىڭ قايتا ئىشلىشىگە قايتۇرۇشى كېرەك. بۇنداق بولمايدىكەن، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ خارابلاشقان مەنزىرىسى كۈنسېرى قانات يايىدۇ، خالاس.

2013 ـ يىلى چاغاندا يېزىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# «سالچىلار» رومانىدىكى خاتا قاراش ۋە بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەر

مەن «سالچىلار» رومانى ھەققىدە كەينى ـ كەينىدىن تەنقىدىي ئوبزورلارنى يېزىۋاتقان چاغان كۈنلىرىدە تاراتقۇلاردا بۇ رومان توغرىسىدىكى مەدھىيە ـ ماختاشلار بىلەن تولغان سۆھبەت پىروگراممىلىرى ياڭراپ تۇردى. سۆھبەت بايان قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ بۇ رومان ھەققىدىكى تەسىراتىم تەنقىد بىلەن تولغانىدى. شۇڭا بېشىمنى كۆتۈرمەي پاكىت ۋە ئەسەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئاساسىدا تەھلىل ۋە باھا يۈرگۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ تەنقىدىي ئوبزورلىرىمنى يېزىۋەردىم. باشتا «‹سالچىلار› رومانى ھەققىدە دەسلەپكى تەنقىد» دېگەن ماقالەمنى تاماملىدىم. ئارقىدىنلا، «‹سالچىلار› رومانىدا كۆرۈلگەن نۇقسانلار» دېگەن ماقالەمنى پۈتكۈزدۈم. قارىسام، بۇ رومانىدىكى گۆدەكلەرچە قاراش، چولتا بىلىم ۋە بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەر تېخى تەنقىدلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «‹سالچىلار› رومانىدىكى خاتا قاراش ۋە بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەر» دېگەن بۇ ئوبزورىمنى يازدىم.

## 1. گۆدەكلەرچە قاراشلار

ئادەتتە ئۇسسۇلنى چىرايلىق ئوينايدىغان، ناخشىنى يېقىملىق ئېيتىدىغان، سازنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان بىر قىسىم كەسىپىي قابىلىيىتى يۇقىرى سەنئەتچىلەر بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل سەنئەتچىلەر بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ئەمەسلا بىر گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇيۇقۇرۇق ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇلارنىڭ

مەسىلىلەر ھەققىدىكى گۆدەكلەرچە تونۇشى ھەم تاققا ـ تۇققا قاراشلىرىغا قاراپ ئىچىڭىز ئاغرىيدۇ. يازغۇچى ـ شائىرلار ئىچىدىمۇ سۆھبەتلەشسىڭىز ئادەتتىكى پاراڭ سەۋىيەسىدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئىچىڭىزنى سىقىۋېتىدىغانلار بار. ئۇلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە بەدىئىي ماھارىتىگە قايىل بولسىڭىزمۇ، ئەمما ئىدراك ئاساسى يوق مۇلاھىزىلىرىگە، پەلسەپەتىش قاراشلىرىغا ھەيران بولماي تۇرالمايسىز. بۇ ئەھۋال بىزگە ئەدەب ـ سەنئەتچىلىرىمىزدىكى بىلىم كىرىزىسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ بىلىم كىرىزىسىگە گىرىپتار بولۇشى كەسپىي ماھارەت ئىگىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقى، ئىدراكىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇستەقىل ئىدىيە شەكىللەندۈرۈشكە سەل قارايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەممىگە مەلۇمكى، نەزەرىيە ئاساسى ئاجىز، مۇئەييەن دەرىجىدە مۇلاھىزە كۈچى، مۇستەقىل ئىدىيەسى، يېتەرلىك بىلىمى يوق ئەدەب ـ سەنئەتچىلەر ئادەتتە مەدەنىيەت ساپاسى ئاجىز، دەپ قارىلىدۇ. مەدەنىيەت ساپاسى ئاجىز بۇ خىلدىكى ئەدەب ـ سەنئەتچىلەر باشقىلارنىڭ يۈزە ئالقىشلىرىغا مۇيەسسەر بولالىغان بىلەن چىن كۆڭۈلدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ خىلدىكى ئەدەب ـ سەنئەتچىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاددىيلىشىش، ھەتتا چاكىنىلىشىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ سەزگۈسىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. چۈنكى زوقلاندۇرۇش كۈچى بار ماھارەتلەر، ئويلاندۇرۇش كۈچى بار پىكىرلەردىن مەڭگۈ تۆۋەن تۇرىدۇ. ئادەتتە ئىدراكىي تەپەككۇرى ئاجىز، قاراشلىرى گۆدەكلەرچە شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ قولىدىن چىققان ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرى «ساددا ئەدەبىيات» كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىمىزدا بۇ خىل «ساددىلىق كېسەللى»دىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يازغۇچى ـ شائىرلار ئاز

ئەمەس. بىز ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە مۇتەپەككۇرانە قەلەم كۆچىدىگە ئىگە يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ بولۇشىنى ھەرقانچە ئارزۇ قىلساقمۇ، مەدەنىيەت ساپاسى ئاجىز، بىلىم قۇرۇلمىسى تار قەلەمكەشلەر يەنىلا بولغاچقا «ساددىلىق كېسىلى» ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك قەلەمكەشلەر قوشۇنى زورايغاندىلا ئەدەبىياتىمىزنى «ساددىلىق كېسىلى»دىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئارزۇدىن شەكىللەنگەن كىتاب ئوقۇش ئادىتىم بويىچە، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇلارنىڭ پىكىر قۇۋۋىتىگە بولغان دىققىتىمنى بوشاشتۇرۇپ قويمايمەن. ئەسەرلىرىنىڭ بايان ـ سۈژىتلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئەقىل ـ پاراسەتنى، ئۆزگىچە پىكىرلىرىنى، يارقىن مۇلاھىزىلىرىنى ئۇچراتسام يايراپ كېتىمەن. ئەكسىچە، گۆدەكلەرچە پىكىر ۋە ساددا قاراشلىرىنى كۆرگەندە قورۇنۇپ كېتىمەن.

«سالچىلار» رومانىنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ گۆدەكلەرچە قاراشلار ئىپادىلەنگەن بايانلارنى كۆرۈپ، نەچچە قېتىم ئەپسۇسلۇق بىلەن بېشىمنى چايقاپ كەتتىم. ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار شۇ قەدەر ئاددىي ۋە ئەقىلدىن يىراق ئىدى. مەسىلەن:

*«دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى يوللارنى ئىنسانلار ئاچقان دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىدائىي يوللارنىڭ دەسلەپكى ئاچقۇچىسى دەريا ئېقىنلىرىدۇر. قارلىق چوققىلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ غايەت زور تاشقىنلارنى پەيدا قىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، تاغ جىلغىلىرىدىكى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تۈزلەڭلىكلەرگە چىقىدىغان دەسلەپكى يوللارنى ئاچقان. ئىنسانلار ئېقىنلارنى ياقىلاپ ماڭسا داۋانلاردىن ئۆتۈپ، دەريالارغا ئۇلىشىپ، تۈزلەڭلەرگە ئوڭۇشلۇق چىقالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. خەتەرلىك چوققىلاردىن*

*ئۆتىدىغان ئەڭ دەسلەپكى سەپەر خەرىتىسىنى سىزغۇچى، يوللارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجادچىسى تەبىئەتنىڭ ئۆزى.» (282 ـ، 283 ـ بەت)*

يازغۇچىنىڭ بۇ ساددا، ئەمما گۆدەكلەرچە كەيپىياتتا ئوتتۇرىغا قويغان قارىشىنى ئوقۇغان مەلۇماتلىق ئوقۇرمەنلەر «يازغۇچى قىسمەن ھەقىقەتنى زىيادە مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەنمۇ ـ قانداق؟» دەپ ئويلىماي قالمايدۇ. ئۇلار يايپېشىل يايلاقلاردىكى، بىپايان قۇملۇقلاردىكى، پايانسىز تۇزلەڭلىكلەردىكى يوللارنىڭ ھەممىسىنى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئاچمىغانلىقىنى بۇ يازغۇچى بىلمەمدىغاندۇ، ھېچبولمىغاندا چاڭئەندىن رومغا تۇتىشىدىغان ئۇن نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق يىپەك يولىنى بىرەر دەريا ـ ئېقىنىنىڭ ئەمەس، جاسارەت ۋە پاراسىتى ئۇرغۇپ تۇرغان سودىگەر ـ كارۋانلارنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ، دەپ سورىماي قالمايدۇ. يازغۇچىنىڭ يۇقىرىقى قارىشى پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ قاراش كۆپلىگەن تاغ يوللىرىغا ماس كېلىدىغانلىقى راست. ئەمما يازغۇچى بۇ قارىشىنى «ھەممە ئىپتىدائىي يوللارنىڭ دەسلەپكى ئاچقۇچىسى دەريا ئېقىنلىرىدۇر» دەپ بەك مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن ھەم باش ـ ئاخىرىنى لوگىكا جەھەتتىن ماسلاشتۇرالمىغان. يازغۇچى باياننىڭ باش قىسمىدا سۆزىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنى «دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىدائىي يوللارنىڭ» دەپ باشلىغان بولسا، ئاخىرىنى تاغلاردىن تۇزلەڭلىككە تۇتىشىدىغان يوللار ھەققىدە سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇرغان. دېمەك، باياننىڭ باش قىسمىدىكى ئۇقۇم ئومۇمىيلىققا چېتىلىدىغان مەنىنى بىلدۈرسە، ئاخىرىدىكى ئۇقۇم قىسمەنلىككە چېتىلىدىغان مەنىنى ئىپادىلىگەن. يەنىمۇ ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەڭ دەسلەپكى يوللار قۇرۇقلۇقلاردىكى يوللار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى يېقىن دېڭىزدىكى قىسمەن سۇ يوللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغلار-

دىن تۈزلەڭلىكلەرگە تۆتىشىدىغان يوللارنى دەريا ـ ئېقىنلار ئاچ-قان دېيىلگەندىمۇ، يېقىن دېڭىزلاردا توپ ـ توپ جايلاشقان ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى يولنى قايسى دەريا ـ ئېقىن ئېچىشى مۇمكىن؟ شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئىنسانىيەتنىڭ يول ـ قاتناش تە-رەققىياتى تارىخىغا ماس كەلمەيدىغان بۇ قەدەر ئاددىي ھەم بىر تەرەپلىمە قاراشنى «دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى يوللارنى ئىنسانلار ئاچقان دەپ كىم ئېيتىدۇ؟» دېگەندەك دەبدەبە بىلەن سوئال قويۇپ باشلاشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. ئاۋازىمىزنى يوغان چىقىرىپ سۆزلىسەكلا، گېپىمىز ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، قى-ياپىتىمىز تېخىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ قالىدۇ. مۇئەييەن پىكىر يا-كى قاراشتىكى ھەقىقەتنىڭ كۈچى قۇلاقنى يارغۇدەك يوغان ئاۋازدا ئەمەس ۋەياكى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چەك-چەيگەن كۆزدە ئەمەس! «سالچىلار» رومانىدىكى ئىلمىيلىكى ئا-جىز يۇقىرىقى پىكىرنىڭ قويۇلۇشىدىكى كەيپىياتتىن قارىغاندا، يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ بۇ «يېڭى قارىشى»دىن خېلى ھاياجانلانغاندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئاددىيلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يازغۇچىنىڭ «سالچىلار» رومانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىپ-تىدائىي مۇزىكا» ھەققىدىكى قارىشى يۇقىرىقى ھاياجانلىق ھەم كەسكىن قارىشىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا مۆتىدىل تەلەپپۇزدا، ئېھتىماللىق قالدۇرۇلغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

*«ئېھتىمال، مۇزىكىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي مۇزىكا كارۋانلارنىڭ شۇ كولدۇرمىسىدۇر بەلكىم. ئۇنى قانداقتۇر ئوتقا قاقلاپ ياكى قۇلاقلىرىنى بۇراپ ساز قىلىشمۇ ھاجەتسىز؛ دەس-لەپتە قويۇلغاندا ياراتقان ئىگەم ئۇنىڭغا قانداق ئاۋاز ئاتا قىلغان بولسا تاكى يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتكۈچە شۇ ئاۋازدا ناخشىسىنى ئېيتىدۇ.» (114 ـ بەت)*

يازغۇچىنىڭ بۇ قارىشى قانچىلىك مۆتىدىل تەلەپپۇزدا، قانچىلىك ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، گۆدەكلەرچە قاراش بولۇشتەك ئاددىيلىقتىن خالىي بولالمىغان ھەم پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان لوگىكىلىق ئاساسلار بىلەن كۈچەيتىلگەن. مەسىلەن، بۇ قاراشنىڭ گۆدەكلەرچە ئىكەنلىكى شۇ يەردىكى، كارۋانلار ئىشلىتىدىغان كولدۇرما ئاساسەن مىس ياكى تۇچتىن ياسىلىدۇ. مىس بىلەن تۇچ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى كونا تاش قوراللار، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن «بىرونزا قوراللار» دەۋرىدىكى مەدەنىيەت نەتىجىسى. يۇقىرىقى قاراش بويىچە بولغاندا، ئىنسانىيەت بىرونزا قوراللار دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرى مۇزىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى، دېگەن يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كارۋان تارتىپ سودا قىلىش تارىخى بەك ئۇزاق بولسا 3000 يىلدىن ئاشمايدۇ. شۇڭا كولدۇرما پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ مۇزىكا پەيدا بولغان، دېگىلى ھەرگىز بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تارىخى يۇقىرىقىدەك يەكۈننى قەتئىي رەت قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ گۆدەكلەرچە يەكۈنىنىڭ لوگىكىلىق ئاساسى مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن تەشكىل تاپقان. بىرى، «كولدۇرمىنى ئوتقا قاقلاپ ياكى قۇلاقلىرىنى بۇراپ ساز قىلىش ھاجەتسىز» بولغاچقا، ئۇ بالدۇر پەيدا بولغان، دېگەن سەۋەب. ئوتقا قاقلايدىغان داپنى ياساش ئاسانمۇ ياكى ئوتتا ئېرىتىپ قۇيىدىغان كولدۇرمىنى ياساش ئاسانمۇ؟ مۇشۇنداق ئاقماس سەۋەب بىلەن «ئەڭ ئىپتىدائىي مۇزىكا كارۋانلارنىڭ كولدۇرمىسى» دېگەن يەكۈننى توغرا دېگىلى بولمايدۇ. يەنە بىرى، «كولدۇرما دەسلەپتە قۇيۇلغاندا ياراتقان ئىگەم ئۇنىڭغا قانداق ئاۋاز ئاتا قىلغان بولسا تاكى يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتكۈچە شۇ ئاۋازدا ناخشىسىنى ئېيتىدۇ» دېگەن سەۋەبتۇر. بىلىش كېرەككى، بىرەر شەيئىنىڭ ئاۋازىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمەسلىكى ئۇنىڭ

موزىكا بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولالمايدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇنداق لوگىكىسىز ئاساسلارنى شېپى كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ «كولدۇرما ئىپتىدائىي موزىكا بولسا كېرەك» دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. شۈبھىسىزكى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ئىسپاتلاش ئاساسى لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق قاراش سەپسەتە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، يازغۇچىنىڭ يۇقىرىقى قارىشىنى قىپقىزىل سەپسەتە دېمەي باشقا ئامال يوق.

«سالچىلار» رومانىدا يەنە بەخت مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان بىر قاراش بار. بۇ قاراش گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرىگە قىستۇرما قىلىنغان بىر مۇھاكىمىدە ئەكس ئەتكەن. يازغۇچىنىڭ بەخت قارىشى ئىپادىلەنگەن بۇ ئابزاس مۇنداق:

*«شۇ كېچە ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە ئۇزاققىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. دەريانىڭ شارقىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىرغاقتىكى گىرىمسەن كۆرۈنۈشلەر قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار گويا قول يەتكۈدەكلا يەردە چاقناپ كىشىگە ئاسمان گۈمبىزى يەرگە يېقىنلاپ قالغاندەك ياكى بولمىسا يەر كۆككە قاراپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دەريا سۈيى قاينام بولۇپ پىرقىراپ ئېقىۋاتقان قايسىبىر قولتۇقلاردىكى بېلىقلار پىلتىڭلاپ سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە سۇغا ‹چولتوككىدە› چۈشەتتى ــ دە، ئەتراپىدا دۈپىدۈگىلەك ھالقىلارنى قالدۇرۇپ غايىب بولاتتى. قايسىبىر ئاراللاردىن سۇ قۇشلىرى پالاقلاپ قانات قېقىپ كۆككە ئۆرلەيتتى. يىراق بىر يەردىن كىملەرنىڭدۇر ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قولاق سالساڭ پۈتۈن تەبىئەت چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقاندەك، دەريالار قىرغاققا شالاپشىپ ئۆرۈلۈپ زېمىننى پىچىرلاپ ئەللەيلەۋاتقاندەك... سىز شۇنداق ئەستىن چىقماس ياز كېچىلىرىدە ئوچۇق دالادا تۈنەپ باققانمۇ؟... مەن دەيمەن، شاھلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرى، بايلارنىڭ يا-*

*سىداق سارايلىرىدا ياتقانلارغا مۇنداق ئاجايىپ كېچە مەنزىرىسىنى كۆرۈش نېسىپ ئەمەس. بۇ پەقەت ماللىرىنىڭ يېنىدا تۈنىگەن چوپانغا، گۈلخان ئوتىغا قاقلىنىپ ياتقان مۇساپىرغا، كەچ قالغان يولۇچىغا، توقايلىقلار ئىچىنى قونالغۇ قىلغان سالچىلارغىلا نېسىپ بولىدىغان بەخت...» (681 ـ، 682 ـ بەت)*

مەن بۇ بىر ئابزاستا يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە چېتىلىدىغان ئۈچ مەسىلە سادىر بولغان، دەپ قارايمەن.

بىرىنچى مەسىلە، باياندا ئىزچىللىقسىزلىق مەۋجۇت. بۇ ئابزاسنىڭ بېشى «شۇ كېچە ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە ئۇزاققىچە ئۇيقۇ كەلمىدى» دەپ باشلانغان. بۇ ھال ئوقۇرمەنگە ئۇنىڭ كېچىدىكى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىدىن ھاياجانلانغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئەمما، يازغۇچى بۇ ئابزاسنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ھۇسەن بايۋەچچىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، «قۇلاق سالساڭ پۈتۈن تەبىئەت چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقاندەك» دەپ يېزىپ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھاياجانلىق كەيپىياتىنى ۋە بەخت ھەققىدىكى مۇھاكىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، يازغۇچى باشتا تەبىئەت مەنزىرىسىنى ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ، ھۇسەن بايۋەچچە ھاياجانلانغان ھالەتتە يازغان بولسا، ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ، ئۆزى ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە چۈشۈپ كەتكەن.

ئىككىنچى مەسىلە، قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىش مەسىلىسى سادىر قىلىنغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يازغۇچى ئۆزىنىڭ بەخت ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسىنى باشقىلارغا تېڭىشتەك خاتالىقنى سادىر قىلغان. يازغۇچى ئىپادىلىگەن بەخت چۈشەنچىسى زىيادە ھاياجان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان چۈشەنچە بولۇپ، بىزگە ناھايىتى تونۇش. يازغۇچى ئىپادىلىگەن بەخت قارىشىنى ئالدى بىلەن تىرىكچىلىك غېمىدە ياشاپ ئاچ ـ توق قالىدىغان،

ئىسسىق ئۆيدە بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ ھايات كەچۈرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىغان نامرات ھەم جاپاكەش سالچىلاردىن سوراپ بېقىش كېرەك. ئۇلار ياز بويى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق قىيىنچىلىق بىلەن تولغان ئايدالادا قونۇپ تاڭ ئاتقۇزغانلىقىدىن زارلىنامدۇ ياكى ئۇ جايلارنىڭ گۈزەل كېچە مەنزىرىسىدىن زوقلىنىپ ئۆزلىرىنى ئىنتايىن ئاز ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدىغان بەخت تۇيغۇسىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، دەپ قاراپ، بىز خان ـ پادىشاھلاردىنمۇ بەختلىك كىشىلەر، دەپ سۆيۈنەمدۇ؟

مەن يازغۇچىنىڭ «بۇ پەقەت ماللىرىنىڭ يېنىدا تۈنىگەن چوپانغا، گۈلخان ئوتىغا قاقلىنىپ ياتقان مۇساپىرغا، كەچ قالغان يولۇچىغا، توقايلىقلار ئىچىنى قونالغۇ قىلغان سالچىلارغىلا نېسىپ بولىدىغان بەخت...» دېگەن ئۆزگىچە بەخت چۈشەنچىسى توغرۇلۇق شۇنداق دەيمەنكى، بۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى بەكرەك سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ. ئاۋۋال شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، ھەرقانداق بەختنىڭ ئاساسى ئالدى بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ شوپېنخاۋېر «روھىي دۇنياسى باي ئادەملەرلا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىدۇ» دېگەن. روشەنكى، روھىي جەھەتتىن باي بولۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ خىل بايلىق مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئېسىل، بىلىمىنىڭ مول، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈر، غايىسىنىڭ يۈكسەك، قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى قاتارلىقلار بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يازغۇچى تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماللىرىنىڭ يېنىدا دىرىلداپ توڭۇپ تۇرۇپ تۈنىگەن چوپاندىن، يۇرتىغا بارغۇچە دالالاردىكى گۈلخان ئوتىغا قاقلىنىپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغان مۇساپىردىن، پالاكەت بېسىپ ئۆيىگە يېتەلمىگەن بىچارە يولۇچىدىن، خوتۇن ـ بالىلىرىنى باقىمەن دەپ ئىلاجسىز توقايلىقلاردا قونۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان سالچىلاردىن «سىلەر شۇ

تاپتا ھەشەمەتلىك ئوردىلاردىكى توققۇزى تەل شاھلاردىن، ياسىداق ئايۋان سارايلاردا راھەتلىنىپ ياتقان غەمسىز بايلاردىن بەختلىكمۇ؟» دەپ سورايدىغان بولساق، ئېنىقكى، ئۇلار بىزگە «ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىز؟» دەپ ياندۇرۇپ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئامالىنىڭ يوقىدىن ئايدالادا ياتقان شۇ بىچارە مۇساپىر — يولۇچىلارنىڭ، نامراتلىقنىڭ قۇچىقىدا ئىلاجىسىز مۇشەققەت چېكىۋاتقان جاپاكەش سالچىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار دۇنيادىكى تەلىيى كاج بەختسىز ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئۇلار ئەتراپىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ قانداق گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئايدالادا توڭۇپ — تىترەپ كېچىنى ئۆتكۈزۈشنى ئەمەس، ئۆيىدە تەييار تاماقنى يەپ، ئىسسىق يوتقاندا قېنىپ ئۇخلاشنى بەخت دەپ بىلىشى مۇمكىن. يىلدا بىرەر — ئىككى قېتىم تاغ — دالانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ تۇرىدىغان، ئادەتتە كۆپىنچە ۋاقتىنى شەھەرنىڭ قىيا — چىيا بىلەن تولغان كوچا — رەستىلىرىدە ياكى تالا — تۈزنى تۈزۈك كۆرگىلى بولمايدىغان كاتەكتەك ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن يۇقىرىقىدەك گۈزەل كېچە مەنزىرىسىنى كۆرۈش ھەقىقەتەن بەخت ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار جاپاسى جېنىغا پاتىدىغان بۇنداق بەختتىن ئېشىپ كەتسە ھەپتىدىن ئارتۇق بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا مەن يازغۇچى ئۆزىنىڭ تەبىئەتسىراپ كەتكەن ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى «بۇ پەقەت ماللىرىنىڭ يېنىدا تۈنىگەن چوپانغا، گۈلخان ئوتىغا قاقلىنىپ ياتقان مۇساپىرغا، كەچ قالغان يولۇچىغا، توقايلىقلار ئىچىنى قونالغۇ قىلغان سالچىلارغىلا نېسىپ بولىدىغان بەخت...» دەپ، بىر يۇمىلىتىپلا «يازنىڭ گۈزەل كېچىلىرىدە ئايدالادا قونغان پادىچىلار، مۇساپىرلار ۋە سالچىلار ئەڭ بەختلىك كىشىلەر» دېگەن شەكىلدە ئۇلارغا تاڭغان، دەپ قارايمەن.

مەن ئايدالانىڭ گۈزەل كېچىلىرىدە نامايان بولىدىغان بۇنداق

www.uyghurkitap.com

گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن شەكسىز مۇئەييەنلەشتۈرىمەن، ئەلۋەتتە. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىر-لەش بىلەن ئۇنى بەخت يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىش ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، تەبىئەتنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان گۈزەل مەنزى-رىسى ھەممىلا كىشى ئۈچۈن بەختتىن دېرەك بېرىۋەرمەيدۇ، دەپ قارايمەن. بەختنى چۈشىنىش ھەم ھېس قىلىش ھەركىم ئۈچۈن ھەر خىل بولىدۇ. خۇددى مارك تىۋېن ئېيتقاندەك، «پادىشاھلار ئۈچۈن تاجدىن ئايرىلىش چوڭ ئىش، ئەمما بالىلار ئۈچۈن ئويۇن-چۇقىدىن ئايرىلىش چوڭ ئىش.» نامراتنىڭ، جاپاكەشنىڭ، مۇسا-پىرنىڭ، پادىچىنىڭ نەزىرىدىكى بەخت تامامەن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى مەسىلە، قاملاشمىغان سېلىشتۇرۇش ئادىتى سەۋە-بىدىن، قاچان خالىسا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئانچىكىم گۈزەللىك تۇيغۇسىنى شاھلارنىڭ بەختىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن. «ياز كېچىلىرىدە ئايدالادا تۈ-نەش» ئېرىشمەك تەس ئىش ئەمەس. ھەركىم خالىسا ياز بويى ئايدالادا تۈنىسىمۇ بولىدۇ. ھاياجانلىق تۇيغۇلارغا غەرق بولۇپ كەتسە ھەممىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغان گۆدەكلەرچە مى-جەز ـ خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەردە مۇشۇنداق چەكتىن ئاشقان پىكىرلەر ئويغىنىدۇ. ئۇلار ئايدالانىڭ ئاز ئۇچرايدىغان گۈزەل كېچىلىرىنى كۆرگەندە شەكسىزكى ئاجايىپ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ ھەم ئۆزلىرىنى شۇ دەقىقىدە جاھاندىكى ھەممە كىشىدىن بەختلىك ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇلاردىكى بۇ خىل بەخت تۇيغۇسى قولايسىز شارائىت ۋە مۇشكۈل رېئاللىق ئالدىدا ناھايىتى تېزلا غايىب بولىدۇ ھەم ئاسانلا كوتۇلداش بىلەن غوتۇلداشقا ئورۇن بېرىدۇ.

«ئىچ شاراب، ئېيت ناخشا، ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا» دېگەندەك چاكىنا قاراشلارنى دەستۇر بىلىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن يا-رىماس ئادەملەر بىلەن «سۆيگۈ ئوتى ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە

يوق» دەپ نەزم قاتىدىغان پوپاڭ شائىرلار ئۆزىنىڭ ساياق هاياتىنى خان ـ پادىشاهلارنىڭ شاهانە هاياتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان گەپلەرنى كۆپ قىلىدۇ. ئادەتتە، قۇرۇق هېسسىيات ۋە ئەرزىمەس ئارزۇ ـ ئىستەكتىن باشقا نەرسىسى يوق بۇ خىل كىشىلەر هېس ـ تۇيغۇلىرىغا بېرىلىپ كېتىپ، كەلسە ـ كەلمەس قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ يۈرىدىغان ئەهۋالنى كۆپ سادىر قىلىدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئاساسى باردۇر. لېكىن، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان دۇرۇس ئادەملەر ئويۇن ـ تاماشىغا دوم چۈشكەن سۈيۈق ئادەملەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. مەسئۇلىيەتچان مۇتەپەككۇرلار ساياق شائىرلارنى مەنسىتىپ كەتمەيدۇ. مەسئۇلىيەتچان مۇتەپەككۇرلار جاندىن ئۆتىدىغان ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ئەستىن چىقىرىپ، ئۆتكۈنچى شادلىقنى زىيادە چوڭ بىلىپ، بىخۇدلۇق بىلەن ئىدراكتىن خالىي بىر خىل غەلىتە هاياجان ئىچىدە ياشايدىغان يەڭگىلتەك كىشىلەر ئىنسانىيەتنى بارسا كەلمەس بىر خارلىق كوچىسىغا باشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. هەقىقەتەنمۇ بۇ خىلدىكى كىشىلەردە رېئاللىققا يۈزلەنگەن ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيە، ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق، ئاسان ۋاز كەچمەيدىغان مۇقەددەس پرىنسىپ ۋە كىرىزىستىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان ئىدراكىي روھ كەمدىن ـ كەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ بىلىدىغىنى بىردەملىك تۇيغۇ. ئانچىكىم ئامەت، ئۆتكۈنچى بەخت، قاچان ئىزدىسە تاپقىلى بولىدىغان خۇشاللىق تۇيغۇلىرىنى لايىقىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق نەزەر بىلەن قارىماستىن، هە دېسىلا خان ـ پادىشاهلارنىڭ بەختىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ قارىۋېلىش، ئەمەلىيەتتە تەپەككۇر ئادىتىمىزدىكى ئاددىيلىق، پىسخىكىمىزدىكى بىنورماللىق هەم قىممەت قارىشىمىزدىكى كېسەللىكنىڭ ئىپادىسى. مەسىلىلەرنى بىر پۈتۈن سىستېما ئىچىگە قويۇپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەملەر بۇنداق ئەخمىقانە قاراشتا

ياشايدىغان ئادەملەرگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. چۈنكى ھەركىم ئىشلارنى ئۆزىنىڭ غىرىچى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۆزىنىڭ تارازىسى بىلەن تارتىدۇ. ئەمما ئاقىۋەت ئوخشاش بولمايدۇ.

## 2. چولتا بىلىملەر

بىر پارچە يىرىك ئەسەردە بىر مىللەت ياكى بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە چېتىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئامىللار بولىدۇ. يازغۇچىدا يېتەرلىك بىلىم ۋە روشەن مەۋقە بولسا بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەرنى بىمالال ئىپادىلەپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ خىلدىكى بىلىملەر دىن، مائارىپ، تارىخ، جەمئىيەت، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەرگە تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن. «سالچىلار» رومانىدىمۇ گاھىدا ئاپتور تىلىدا، گاھىدا پېرسوناژ تىلىدا ئىپادىلەنگەن بىر قىسىم مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە تۇتاشقان بىلىم ۋە باياناتلار بار. بىراق، يازغۇچى بۇلارنى «ناننى بۇزۇپ كۆمەچ قىلدى، ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىلدى» دېگەندەك قىلىۋەتكەن. مەسىلەن:

*«ئۆمەر دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقاردى. ئۇنىڭ مىجەزىدە دادىسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئۆيدىكى دادىسى يىغقان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆردى. ئۇ ئوقۇغان كىتابلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ساپلىقىنى قوغداش، ئاددىي ـ ساددا ياشاش، شۇ ئارقىلىق گۇناھقا پاتقان دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ ئازغان روھىنى قۇتقۇزۇش يولىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن يۇرتتىكى ئۆزلىرىنى سوپى ـ ئىشان ئاتاپ، مازارمۇمازار ئايلىنىپ ئۇماچ ئىچىپ ‹ھوۋا› دەپ نەرە تارتىپ يۈرىدىغان ئاقنانچىلار بىر ـ بىرىگە زادى يېقىن كەلمەيتتى. ئۆمەر ‹ئاللانى ئىزدەش› دېگەن بۇ چۈشەنچىنىمۇ قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ‹ئاللا ھەربىر*

*ئىنساننىڭ دىلىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدە، ئىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر مەنزىللەردىن ئىزدەش ئارتۇقلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ خوجا ئەھمەد يەسەۋىگە ئەقىدىسى بار ئىدى. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىرى، مەشھۇر شائىر خوجائەھمەد يەسەۋى ئافاق خوجا زامانىسىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا نەپسى ۋە دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە ئىمانىنى سېتىپ كۈن كۆرگۈچى سوپىلاردىن پەرقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى سوپى ئەمەس، بەلكى ئاشىق دەپ ئاتىغانىدى.» (356-، 357-بەت)*

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلام دىنى بىلەن سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) تەرىقىتىگە چېتىلىدىغان بۇ بايانلارنى يازغۇچى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. ئاپتور ئېيتقان «ئىسلام دىنىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ساپلىقىنى قوغداش» تەشەببۇسى سوپىلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، بۇ تەشەببۇسنى دەسلەپ ئىسلامىيەت تارىخىدىكى ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم جەۋزى قاتارلىق ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان ھەم كېيىن ھەر خىل ئىسلامىزمچى لىدېرلار شەرھلىگەن. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئىچىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان گۇرۇھتىكىلەرنىڭ «ئەسلىيەتچى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇلارنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ساپلىقىنى» ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار «ئەسىرلەردىن بۇيان تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ئىسلام دىنى بىدئەتلىشىپ كەتتى» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەرەبىستان تۇپرىقىدا پەيدا بولغان تۇنجى ئەسلىيەتچى مەزھەپ — ۋەھھابىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىيەتچىلىك قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئالدى بىلەن جەمئىيەتتىكى سوپىزملىق ئەقىدە - ئادەتلەرگە ئوت ئاچقان. بارلىققا كېلىش تارىخى جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوپىزم ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىدىن خېلى كۆپ ئەسىر ئىلگىرى پەيدا بولغان. سوپىزم پەيدا بولغاندىن كېيىن، تەسەۋۋۇپچىلار

«ئەھلى تەرىقەتچىلەر» دەپ ئاتالغان. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان» بىلەن «ھەدىس»نى بىردىنبىر دەستۇر قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار «ئەھلى شەرىئەتچىلەر» دەپ ئاتالغان.

يازغۇچى تەرىپىدىن «ئاددىي ـ ساددا ياشاش، شۇ ئارقىلىق گۇناھقا پاتقان دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ ئازغان روھىنى قۇتقۇزۇش يولىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان تەسەۋۋۇپچىلار» دەپ خاراكتېرلەنگەن سوپىلار مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ سوپىلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئەمەس، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بىردىنبىر تەشەببۇسىمۇ ئەمەس. ئاددىي ـ ساددا ياشاش شەرىئەتچىلەر بىلەن تەرىقەتچىلەر ئورتاق تەشەببۇس قىلىدىغان تۇرمۇش ئادىتى. سوپىزم تەرىقىتىدىكى مەزھەپلەرنى چوڭ جەھەتتىن ئاكتىپ سوپىلار ۋە پاسسىپ سوپىلار دەپ ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاكتىپ سوپىلار روھىي پاكلىق ۋە ئىنسانىي كامىللىقنى ئالىي نىشان قىلغان بولىدۇ. پاسسىپ سوپىلار روھىي پاكلىق ۋە ئىنسانىي كامىللىقنى شوئار قىلغان بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە چۈشكۈنلەشكەن ياشاش ئۇسۇلىغا ئادەتلەنگەن بولىدۇ. سوپىزم تەرىقىتى تەشەببۇسى كۆپ، مەسىلىكى ھەر خىل ئىنتايىن مۇرەككەپ ساھە. شۇڭا ئۇلارنى ئاددىيلا ئىككى لاگېرغا ئايرىپ قويۇشمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. لېكىن، يازغۇچى سادىر قىلغان مۇجمەللىكنى روشەنلەشتۈرۈپ تەنقىدلەش مەقسىتىدە بۇ ئوبزوردا بۇ ئىككى ئۇقۇمنى قوللانماي بولمايدۇ.

ئاكتىپ سوپىلار ھەرگىزمۇ يازغۇچى يازغاندەك «ئاددىي ـ ساددا ياشاش ئارقىلىق گۇناھقا پاتقان دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ ئازغان روھىنى قۇتقۇزۇش يولىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان» ئۇنداق ئاددىي ئادەملەر ئەمەس. يازغۇچىنىڭ بۇ بايانى بىزگە «بۇ تەسەۋۋۇپچىلار گۇناھقا پاتقان دۇنيا ۋە ئازغان ئىنسانلارنىڭ روھىنى ئاددىي ـ ساددا ياشاش يولى ئارقىلىق قۇتقۇزۇش پىدائىيلىرى» دېگەن چۈ-

شەنچىنى بىرىدۇ. بىلىش كىرەككى، تەسەۋۋۇپ يولباشچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى ئىنتايىن ئۆتكۈر پەيلاسوپلار. ئۇلار ئىنسان روھىنى پاكلاش ۋە ئىنسانىي كامىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك سىستېمىلىق تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى گۇناھقا پاتقان دۇنيا ۋە ئازغان ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈمىدىنى ئاددىي ـ ساددا ياشاش يولىغىلا باغلىق، دەپ قارىغان ئەمەس. تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىنىڭ تەشەببۇسى بۇنداق ئاددىي بولىدىغان بولسا، ئۇ 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان شەرىئەتچىلەرنىڭ قارشىسىدا مۇستەھكەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان بولاتتى. ئىسلامىيەت تارىخىدا شەرىئەتچىلەر بىلەن تەرىقەتچىلەرنىڭ كۆرىشى ئىنتايىن كەسكىن بولغان ھەم بۇ ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ «چوڭ كېلىشتۈرمىچى» دەپ نام ئالغان غەززالىدەك ئالەمشۇمۇل پەيلاسوپلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ۋە تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەشەببۇس ھەم تەلىماتلىرىدىن يېتەرلىك خەۋىرى بولمىغاچقا، تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن ئۇلارنى دۈشمەن ھېسابلايدىغان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

يازغۇچى رومانىدا ھېچقانداق مەقسەت ـ مۇددىئاسىزلا ئۆمەر مەدداھنىڭ تىلىدىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى ئاجايىپ بۇزۇپ ھەم بىمەنىلەشتۈرۈپ بايان قىلغان.

*«ياراتقان ئىگەم شۇنداق ئۇلۇغكى، پۈتكۈل ئالەمدىكى بارلىق ھەمدۇسانا، ئىلتىپات ۋە پادىشاھلىق ئۇنىڭغىلا خاستۇر. بىر كىدىشىگە ئاجايىپ بىر خىسلەت ئاتا قىلىمەن دېسە پەقەت جانابى ئاللا ئاتا قىلالايدۇ. ياراتقان ئىگەم يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق چىرايلىق قىلىپ ياراتقانىدىكى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ۋە*

*ئۆلارنىڭ بوۋا ـ مومىلىرى تېخى جاھانغا تۆرەلمىگەن چاغلاردا مىسىردا يەتتە يىل ئاجايىپ قاتتىق قەھەتچىلىك بولغانىكەن. قەھەتچىلىك باشلانماستا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۈتۈن خالايىقنى يىغدۇرۇپتۇ ۋە: «ئى خالايىق، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەمدى توقلۇق يىللىرى تامام بولدى. بۈگۈن كېچە ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىدۇ. بۇ قەھەتچىلىك ئاللانى تونۇمىغانلىقىڭلاردىن، يامان ئىشلاردىن ئۆزۈڭلارنى تارتمىغانلىقىڭلاردىن بولىدۇ» دەپتۇ. بۇ گەپكە پادىشاھ ئىشەنمەپتۇ. باشقىلارمۇ ئىشەنمەپتۇ، كەچ كىرىپ ھەممە ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا پادىشاھ: «ۋاي! قورسىقىم ئېچىپ كەتتى!» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. خىزمەتكارلار شۇنچە كۆپ تائاملارنى ئەكەپتۇ، تويماپتۇ. پۈتۈن خەلق «نان ـ نان!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە تائام يېسىمۇ قورساقلىرى تويماپتۇ. ھەممە ئادەم مال ـ مۈلۈك، قول ـ چۆرىلىرىنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا سېتىپ ئاشلىق ئېلىپ يېگەنىكەن. ئاخىرىدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىمۇ ئاشلىق قالمىغان چاغدا ئادەملەر: «ئاھ، نان! ۋاي، نان!» دەپ پەرياد ئۇرۇپ جان بەرگىلى تۇرۇپتۇ. ئاتا بالىغا، بالا ئانىغا قارىماي ئۆزئۆزىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. مانا شۇ چاغدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جامالىنى خەلققە بىر كۆرسەتكەنىكەن، خەلق يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىغا قاراپ بىھوش بولۇپ تۆت ئاي غىچە تائام يېمىسىمۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلمەشمەپتۇ. 5 ـ ئايغا بارغاندا زىرائەتلەر پىشىپ، خەلق يېڭى ئاشقا ئۇلىشىپتۇ...»* *(210 ـ، 211 ـ بەت)*

بۇ ئاتالمىش قىسسىنىڭ توغرىسى ماۋۇ ئىدى دەپ كۆرسىتىپ يۈرۈش بىھاجەت. چۈنكى ئۇنىڭ توغرىسىنى مۇتلەق كۆپ ئوقۇرمەننىڭ بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھېچبولمىغاندا روماندا بايان

قىلغىنىدىن نەچچە ھەسسە ياخشىراق ھەم توغرىراق بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىمىزدىكى «يۈسۈپ ۋە زۆلەيخا» ناملىق داستاننىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتلىرى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ 1980 ـ يىللاردىن بۇيان سېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. يۈسۈپ ۋە زۆلەيخانىڭ مۇھەببەت ۋە ھايات سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدىكى بۇ تەسىرلىك قىسسە ئىسلام دىنى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن.

«يۈسۈپ ۋە زۆلەيخا» قىسسىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى زېمىنىدا كەڭ راۋاج تاپقان. ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، بۇ رىۋايەت خەلق ئاغزىدا قىسسە تەرىقىسىدە ۋە تۈركىي تىلدىكى داستانلارغا ئايلىنىپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام قىلىپ، ئەسىرمۇئەسىر ئېيتىلىپ كەلگەن. ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن بەزى شائىرلار بۇ تېمىدا ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، مەنىۋى كەيپىياتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي خاھىشلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بۇ تېمىنى نەسىردىن رەبغۇزى دەسلەپ ئۆزىنىڭ يىرىك ئېپىك ئەسىرى «قىسسەسۇلئەنبىيا»دا چاغاتاي تىلىنىڭ نەسرىي ئۇسلۇبى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ رىۋايەت ئۇيغۇر ھاپىزلىرى، داستانچىلىرى ۋە مەدداھلىرى تەرىپىدىن خەلق داستانى شەكلىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن نەسرىي ـ نەزمىي بايان ئۇسۇلىدا ئىپادە قىلىنىپ كەلگەن. شۇڭا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى كەڭ ئومۇملاشقان قىسسە ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتلىرى بولسىمۇ، بۇ روماندىكىدەك بىمەنە ۋارىيانتى يوق.

يازغۇچى بۇ باش ـ ئاخىرى يوق قىسسىنى «قىسسەسۇلئەنبىيا»دىن تېرىپ ئالغان بولسىمۇ، بەكلا تومتاق قىلىۋەتكەن. يازغۇچىنىڭ بۇ گۈزەل قىسسىنى بۇنداق تومتاق قىلىۋېتىشىدىكى مۇددىئاسىنى روماندىكى كونتېكىست ئىچىگە قويۇپ بېقىپمۇ بىلەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ قىلمىش يازغۇچىنىڭ قىزىقچىلىق قوغلىشىش خاھىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

رومانىنىڭ بىرىنچى تومىدا ئۆمەر مەدداھقا ئىلىدىكى مەشھۇر تۆت مازارنىڭ تارىخىنى پىروفېسسورلاردەك ئىلمىي تىلدا مۇكەممەل بايان قىلدۇرغان يازغۇچى ئۇنىڭغا بۇ قىسسىنى قارا قورساق ھەزىلكەشلەر سۆزلەيدىغان شەكىلدە بايان قىلدۇرغان. كەسپىي مەدداھلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى ھەرگىز بۇنداق تومتاق سۆزلىمەيدۇ. روماندىن ئۆمەر مەدداھنىڭ دىنىي مەلۇماتىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن مۇشۇنداق چوڭقۇر بىلىم ئالغان، ئەقىدە ـ ئېتىقادى كۈچلۈك ئۆمەر مەدداھنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى بۇ قەدەر چولتا، بۇ قەدەر بىمەنىلەشتۈرۈپ سۆزلىشى مۇمكىنمۇ، دەپ سورىماي تۇرالمايدۇ.

بىز «سالچىلار» رومانىدا ئۆمەر مەدداھنىڭ قانداق ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

*«ئۆمەر مەدداھ بىلەن تەڭ ئوقۇغانلارنىڭ تولىسى شۇ كۈنلەردە قازىكالان بولۇپ يۇرت سوراپ يۈرەتتى. ئۇ بولسا تەركىدۇنياچىلىقنى، سەپەر قىلىپ يۇرت كېزىشنى ئىختىيار قىلغانىدى.» (126 ـ بەت)*

*«ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى، سۆزلىگەن ھېكايىلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەنە چوڭقۇرلۇقى كىشىنى ئويغا سالاتتى.» (358 ـ بەت)*

قازىكالانلىقتا يارىغۇدەك دىنىي مەلۇماتى بار، گەپ ـ سۆزلىرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنە چوڭقۇرلۇقى بار ئالىم

سۈپەت ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئۆمەر مەدداھنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى بۇنداق ئۆزگەرتىپ، پۇچەكلەشتۈرۈپ سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ئۆمەر مەدداھنىڭ قۇۋان دېگەن شاگىرتى سورىغان سوئالغا بەرگەن جاۋابىنى ئەسلىسەكمۇ، ئۆمەر مەدداھنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېغىر خاتالىقنى سادىر قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز:

*« — ئاڭلىسام، ھەربىر تۇپ ياغاچتا يۇزلەپ قۇش، قۇرت - قوڭغۇزنىڭ ماكانى بولارمىش. بىر تۇپ ياغاچ كېسىلسە مىڭلاپ جان ماكانسىز قېلىپ، شۇ ياغاچنى كەسكەن ئادەملەرگە لەنەت ئوقۇلارمىش.*

*— شۇنداق، بۇ گەپنى توغرا ئېيتتىڭ! — دەپ قۇۋان ‹ئەزمە›نىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئۆمەر مەدداھ، — ھەممە نېمە شۇنداق ياراتقان ئىگەمگە ئۆز ئىبادىتىنى قىلغان ھالدا سۈكۈتتە تۇرىدۇ. بىر تال تاشنى بىھۇدە يۆتكىدىڭمۇ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى مىڭلاپ جاننىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ... ھەممىنى ياراتقۇچى، بارلىق سىرلارنى بىلگۈچى ئاللا!» (255 - بەت)*

بىر تال تاشنى بىھۇدە يۆتكەشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان دەرىجىدە تەقۋادار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئۆمەر مەدداھ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك قىسسىنى شۇ قەدەر بۇزۇپ، باش - ئاخىرى يوق كۆتمەك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلىشى مۇمكىنمۇ؟! روشەنكى، بۇ يەردىكى خاتالىق ئۆمەر مەدداھتا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياراتقان پېرسوناژنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، شۇنداقلا ئىسلام دىن مەدەنىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى زىيادە چولتا يازغۇچىدا. بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئۆز خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە تارىخ - مەدەنىيىتىگە چېتىلىدىغان بىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىشكە ھەم ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا

ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. كەلسە ـ كەلمەس قىزىقچىلىق قوغلاشماسلىقى، قىزىقچىلىق دېگەن نام ئاستىدىكى چاكىنا گەپ ـ سۆزلەرگە «بۇمۇ قىزىق گەپكەن» دەپ ئەگىشىپ يۈرمەستىن، ياخشى ـ يامىنىنى، توغرا ـ خاتاسىنى پەرق ئېتىپ مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشى لازىم. بولمىسا، تەپەككۇر ئادىتىدە بىلىپ ـ بىلمەي چاكىنىلىقنى كۆڭۈل ئېچىش، بىمەنىلىكنى قىزىقارلىق دەپ بىلىدىغان، ھەتتا نادان قىزىقچىلارنىڭ پاسسىپ پىكىر، چۈشكۈن قاراشلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. قىزىقچىلىق، چاقچاق، كۆڭۈل خۇشى دېگەن سەۋەب بىلەن ھەر ـ ھەر مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش نادان ئادەملەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. بىمەنە چاق-چاق، مەنىسىز قىزىقچىلىق بىلەن تۇرمۇشقا كۈلۈپ قاراشنىڭ، كۆڭۈلنى يورۇق تۇتۇپ تەبەسسۇم بىلەن ياشاشنىڭ پەرقى بار. كۈلۈپ ياشاشنىڭ ھەممىسى ئۈمىدۋار پوزىتسىيە ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بەزى ھالدا ئۇ ئېغىر دەرىجىدىكى چۈشكۈنلۈك، گالۋاڭلىق ھېسابلىنىدۇ. ناداننىڭ كۈلكىسى بىلەن ئاقىلنىڭ كۈلكىسىنىڭ مەنىسى ۋە سۈپىتى ئوخشىمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قاپلىغان كۈلكە ـ چاقچاق ساداسىنىڭ ئاكتىپ مەنىسى ۋە ئىجا-بىي سۈپىتى تايىنلىق. بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشى-مىز كېرەك. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتى لەتىپە ـ يۇمۇرچىلىقنى ئاجايىپ ئەتىۋارلايدىغان ئىجتىمائىي پسىخىكىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك دانىشمەنلىرى ئېيتقان «ئىن-ساننى ئۈچ نەرسە زەئىپلەشتۈرىدۇ. بىرى، كۆپ يېيىش، بىرى، كۆپ ئۇخلاش، يەنە بىرى، كۆپ كۈلۈش» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويدۇق. ئۇلار ھەتتا «چاقچاق تاماققا تۇز سالغانچىلىك بولسا كۇپايە» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىز بولساق چاقچاقنى چۆپ سالغاندەك قىلىۋەتتۇق. پىروفېسسورلاردىن تار-تىپ يەسلى باللىرىغىچە ھەممىسى سورۇندا بىرەر قىزىقچى بول-

مىسا ئۇلتۇرالمايدىغان، قاتاردا تېخى بىرەر يۇمۇر سۆزلىمىسە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ بولدى. بىزنىڭ بىر قىسىم ئەربابلىرىمىزمۇ يانچۇقىدا خەلقنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى خاتىرىلەيدىغان خاتىرە ساقلاشنىڭ ئورنىغا «يېڭى يۇمۇرلار خاتىرىسى» ساقلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈ-رۈۋالدى. بىر قىسىم يەڭگىلتەك زىيالىيلىرىمىزمۇ سالتاڭ قىـ-زىقچىلار بىلەن دوست بولۇشتىن ئابرۇي ھېس قىلىدىغان بولۇ-ۋېلىشتى. ئۇلار سورۇن ـ سورۇنلاردا سوكۇلداپ ساغلام بولمىغان نەرسىلەرنى يۇمۇر دەپ سۆزلىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن نادان قىزىقچىلارنىڭ بىمەنە چاقچاقلىرىدىن، بىر ـ بىرىدىن مەينەت لەتىپە ـ يۇمۇرلىرىدىن مەست بولۇپ، ساختا خۇشاللىق ئىچىدە بىخۇد ياشايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەن شادلىقى ئىچىگە پات-مايۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا، مەينەت يۇمۇرلارنى دەسمايە قىلىپ سورۇنمۇسورۇن سوكۇلداپ ياشاۋاتقان نادان قىزىقچىلارغا، «كۈ-لەيلى دوستلار، ئوينايلى دوستلار» دېگەندەك پۈچەك شېئىرلارنى يېزىپ يۈرگەن گالۋاڭ شائىرلارغا ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «كۈ-لۈپ يۈرۈپ كۈلكىگە قېلىش تېخىمۇ كۈلكىلىك» دېگەن ھېكمە-تىنى ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بىلىش كېرەككى، كۈلكىمۇ ساغلام كۈلكە، كېسەل كۈلكە دېگەندەك ئىككى خىل مە-نىدە بولىدۇ، چەكتىن ئاشقان ھەرقانداق ھەۋەس، ھەرقانداق كەي-پىيات، ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەت پۇشايمانلىق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك دېمەي بىمەنە چاقچاققا، مەي-نەت يۇمۇرغا دۇم چۈشۈش بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي پسىخىكىسى-غا ئايلىنىپ كەتسە، بۇنداق مىللەتنىڭ پرىنسىپچىل، ئەستاي-دىل خاراكتېرى بارا ـ بارا زەئىپلىشىپ، «ھېچنېمىگە يارىماس» بولۇپ قالىدۇ، نەق گەپنى دېگەندە، ھەر ـ ھەر پرىنسىپال مە-سىلىلەرگە «چاقچاق»، «قىزىقچىلىق» دەپ يەڭگىلتەك مۇئامىلە قىلىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ كەتسە، بۇزۇلمىغان ھېچ

نەرسە قالمايدۇ. مەن «سالچىلار» رومانىدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ تومتاق، بىمەنە بايان قىلىنىشىنى يۇقىرىقىدەك ساغلام بولمىغان قىزىقچىلىق قوغلىشىش خاھىشىدىن بولسا كېرەك، دەپ قارىدىم.

«سالچىلار» رومانىدا يەنە يازغۇچىنىڭ چالا چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر دىيالوگ بار. بۇ دىيالوگنى بىر قاراشتا ئىككى ساۋاتسىز سەپەرداشنىڭ تاغدىن ــ باغدىن قىلغان پاراڭقى ئىكەن دېگۈڭىز كېلىدۇ. يەنە بىر ئويلىسىڭىز يازغۇچى زۆرۈرىيىتى يوق بۇ مەزمۇننى رومانغا زادى نېمە ئۈچۈن كىرگۈزىدۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىپ سورىغىڭىز كېلىدۇ.

*«ــــ ھە، يەنە بىرىچۇ؟*

*ــــ يەنە بىرى... ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، باقى باغداد دېگەن مەدداھمۇ ناھايىتى بىلىملىك ئادەمكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بۇخارا، باغداد، ئىستانبۇل دېگەندەك چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇپ، يۇرتقا قايتىپ كېلىپ يېڭىچە بىر مەكتەپ ئېچىپتىكەن، ئۇ مەكتەپكە ھېچكىم بالىسىنى بەرمەپتۇ.*

*ــــ مانا قىزىق، نېمىشقا؟*

*ــــ نېمىشقىلىقىنى مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمىدىم، ئىشقىلىپ، يېڭىچە مەكتەپ دېگىنىدە قۇرئان ھەپتىيەكنىلا يادلاتماي مۇنداق خەت ــ پەت يازدىغان، ھېساب ــ كىتاب قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆگىتىدىغان ئوخشايدۇ. يۇرت كاتتىلىرى ئۇنى «بالىلىرىمىزنى يولدىن چىقارماقچىمىدىڭ» دەپ دەررىگە باسقان دەيدۇ.» (536 ــ، 537 ــ بەت)*

بىر ئەسەرگە مەلۇم بىر تېپىلات، ئاتالغۇ، ئۇچۇر، قىستۇرما، ساۋات ياكى بىلىم بىكاردىن ــ بىكار كىرگۈزۈلمەسلىكى لازىم. پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگىمۇ سەھىپىنى ئۇزارتىش ئۈچۈنلا بېرىلـ



www.uyghurkitap.com

مەسلىكى لازىم. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردە ئەسەرنىڭ بەدىئىي
ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش، يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسىنى، ئەسەرنىڭ مەزمۇ-
نىنى ئىپادىلەش ياكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشقا
زۆرۈرىيىتى بولمىغان بارلىق نەرسە ئارتۇقچە! مەن مەتتىمىن
ھوشۇرنىڭ خۇددى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى ئورۇنسىز
كىرگۈزگىنىگە ئوخشاش، قايسىلا تەرەپتىن قارىسا رومان ئۈچۈن
قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق بۇ دىيالوگنى يېزىشىدىكى مۇددىئاسىنى
ئەقىلگە مۇۋاپىق شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرەلمىدىم. مېنىڭ جەھ-
لىمنى ئۆرلەتكىنى شۇكى، روماندا يازغۇچى ھېلى دىندىن، ھېلى
تارىختىن چالا - بۇلا ساۋاتلارنى زۆرۈرىيەتسىز قىستۇرۇپ مېڭىد-
ۋەرگەنگە ئوخشاش، يېڭى مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك بۇ دىيالوگنىمۇ
مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن كىرگۈزۈپ قويغانلىقى بولدى. يېڭى
مائارىپ تارىخىنى ئۆگىنىش جەريانىدا، تېخى باغدادتا ئوقۇغان
بىرەر دىندارنىڭ يېڭى مائارىپ مەشئىلىنى كۆتۈرگەنلىكىگە ئا-
ئىت بىرەر ئۇچۇرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بىرەر مەدداھنىڭ يېڭى
مەكتەپ ئاچقانلىقىغا ئائىت مەلۇماتنى باشقىلاردىن ئاڭلاپمۇ باق-
مىدىم. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن خەۋىرى
بار ھەرقانداق كىشىگە ئايانكى، مەدداھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەل
ئىچىدە دىۋانىلەردىنلا ئۈستۈن تۇرىدىغان لاماكان كىشىلەر ھې-
سابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت
مۇشۇنداق بىر كاتتا ھەرىكەتنى بىر مەدداھقا باغلاپ تۇرۇپ تىلغا
ئېلىشى تارىخىي چىنلىققا ئىنتايىن خىلاپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە
ئىسلاھات روھىغا ئىگە، كېچە - كۈندۈز مىللەتنىڭ كۈلپەتلىك
تەقدىرىنى ئوڭشاش ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ يانغان مەرىپەتپەرۋەر
يولباشچىلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك. يېڭى مائارىپنى ئو-
مۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق مىللەتنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆز-
گەرتىش مەقسىتىدە يېڭى مەكتەپ ئاچقانلار ئۆز زامانىسىنىڭ ئا-
كا - ئۇكا مۇسابايېفلار، ئاكا - ئۇكا مۇھىتىلار ۋە ئايخان ئانىغا

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر بايلىرى، ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇمۇتا-ئالى خەلپىتىمگە ئوخشاش ئىلغار ئۆلىمالىرى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، گۇلەندەم ئابىستايغا ئوخشاش ئوت يۈ-رەك زىيالىيلىرى ئىدى. يازغۇچى رومانىدا تېخى «باقى باغدادى كېيىن ئىلىغا چىقىپ مەدداھ بولۇپ كەتكەنىكەن» دەپ يازغان. كېيىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تارىخىمىزدا يېڭى مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان مۇنەۋۋەر يولباشچىلارنىڭ ئارىسىدىن جېنىنى بېقىش ئۈچۈن ئىلىغا چىقىپ مەدداھ بولۇپ كەتكەن باقى باغدادىدەك بىر-ەر ئادەمنىڭ بولغانلىقىنى كۆرگەن كۆز، ئاڭلىغان قۇلاق يوق! يازغۇچى شۇنى بىلىشى كېرەك ئىدىكى، ئەينى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا قارشى ئېلىنمىغان تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمالار بىلەن ئىلغار زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلىغا چىقىپ شۇ جايدا ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەن، ھەرگىزمۇ «ئىلىخوغا كېلىپ جان بېقىش ئۈچۈن مەدداھ» بولۇپ كەتمىگەن.

«سالچىلار» رومانىدا يەنە يازغۇچىنىڭ قەشقەر جەمئىيىتىنىڭ ئۆتمۈش زامانلاردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئائىت بىلىشىنىڭ چولتىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق بىر بايان بار:

*«ئاپاق خوجا مازىرىنى كارامەتچىلەر يىغىلىدىغان جاي دېيىش-كىمۇ بولىدۇ. ئادەتتىكى پۇقرالار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى يوغان گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ياتقان زاتنىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ قانچى-لىك ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى؛ ئۇلار ھەر يىلى ھەزرەت سەيلىسى مەزگىلىدە بۇ يەردە بولىدىغان قى-زىقچىلىقلارنى، كارامەتچىلەرنىڭ كىشىنى ئاڭ قالدۇرىدىغان ھۈ-نەرلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى ئېچىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە يىغىلىشاتتى.» (61 ـ بەت)*

بۇ باياندىن ئايانكى، يازغۇچى ئاپاق خوجىنىڭ پۈتكۈل قەشقەر

تۇپرىقى ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نەچچە ئەسىردىن بېرى تەڭدىشى يوق ئەۋلىيا دەپ قارىلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەن ياكى خەۋىرى بولسىمۇ، ئافاق خوجىنىڭ مۇناپىقانە ھاياتىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى سۇبيېكتىپ ئارزۇغا ئايلاندۇرۇپ «خەلق ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايتتى» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى بايان مەيلى يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي بىلىشىنىڭ ئىپادىسى بولسۇن ياكى سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى بولسۇن، ئوخشاشلا خاتا! ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت شۇكى، ئافاق خوجىنى ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەپ قارايدىغان ئەھۋال 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە ئاۋام ئىچىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرى ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە كېلىپ ئىككى يىلچە تۇرغان ئەھمەد كامال دېگەن مائارىپچى ئۆزىنىڭ كىتابىدا نادان خەلقنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان:

*«قەشقەرلىكلەرنىڭ ئافاق خوجىغا بولغان ئىخلاسى بەك چوڭ. ئۇ زاتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كىشىلەرنىڭ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇپ، قەبرىنىڭ ھاكلانغان ۋە سىرلانغان تاشلىرىغا يۈزىنى يېقىپ، قەبرىنىڭ قىرلىرىنى چىشلىشىپ، ئاشقازان ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، دېيىشىپ گۈمبەزدىكى ياغاچلارنىڭ قوۋزاقلىرىنى غاجىلىغانلىرىنى، يېزىلىق ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۇغۇتىمىز ئاسان بولىدۇ، دەپ مازارنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان قويلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى قورساقلىرىغا باغلاپ يۈرۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار خۇراپاتلىقنىڭ قورالى ۋە قۇربانى بولۇش قانچىلىك چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ.»*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھمەد كامالنىڭ بايانى بىلەن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بايانىنى سېلىشتۇرساق تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. بىز ئىلىمي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھېسسىيات جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلەردىن ھالقىپ خەلقىمىزنىڭ نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقىنىڭ قارا زەنجىرىنى قانچە زامانلار شاراقشىتىپ سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ئۆز ئەينى ئىپادىلىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمىساق مىللىي ئاجىزلىقلىرىمىزنى بوياپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ئاددىي ئەدىبلەرگە ئوخشاش تارىخىي چىنلىقتىن بەكلا چەتلەپ كەتكەن بايانلارنى يېزىشتىن ساقلىنالمايمىز. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تارىخىي ئوبزورلارنىڭ ۋە كېيىن ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان ئافاق خوجا تېما قىلىنغان قىسسە ـ ھېكايىلەرنىڭ تەسىرىدە خەلقىمىزنىڭ ئافاق خوجىغا زىيادە ئىخلاس قىلىدىغان ناتوغرا كەيپىياتى بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى. ئۇنىڭ تارىخىمىزدىكى لەنەتگەردى ئوبرازى بارغانسېرى گەۋدىلەندى. مۇشۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، قارىسىغىلا «ئادەتتىكى پۇقرالار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى يوغان گۇمبەزنىڭ ئىچىدە ياتقان زاتنىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى» دەپ يېزىش يەڭگىلتەكلىك ۋە پاكىتتىن قېچىش ھېسابلىنىدۇ.

### 3. بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەر

«سالچىلار» رومانىدىكى ئومۇمىي بايان، تەپسىلات، توقۇلما ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئادەمدە گۇمان قوزغايدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بۇ رومانىنىڭ تولۇق مەغلۇپ بولغان ئەسەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن يازغۇچىنىڭ بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

مەزكۇر رومانىنى ئوقۇغان كىشىلەرگە ئايانكى، رومانىنىڭ باش قىسىملىرى ۋە ئاساسلىق پېرسوناژلىرى قەشقەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا روماندا قەشقەرگە ئالاقىدار تەسىرات ۋە تەسۋىرلەر خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن. لېكىن يازغۇچىنىڭ قەشقەرنى چۈشىنىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكلىكى ھەممە يەردە دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىنى بەك مۇھاكىمە قىلىپ كېتىش باشقىچە تەسىرات بېرىپ قويۇشى مۇمكىن بولغاچقا، مەن پەقەت بىر مىسالنى كۆرسىتىش ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى تەسۋىردىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى تەنقىدلەپ ئۆتىمەن.

*«باغ بازىرى، مال بازىرى، چاپان بازىرى، تۇماق بازىرى، يەنە شۇنداق قانداقتۇر بازارلاردىكى ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ چىڭقىلىپ ۋارقىراشلىرى، تەلەڭگىلەرگە گۈل چېكىۋاتقان مىسكەرلەرنىڭ بولقىلىرى، تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغانلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق سادا، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئارىسىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئۇششاق باللارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى، دىۋانىلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ توۋلاشلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تونۇش بىر ناخشىنى، قەشقەر مىڭ يىللاردىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ بىر سىمفونىيەنى ھاسىل قىلاتتى.» (42 -، 43 - بەت)*

روشەنكى، بۇ بىر مۇكەممەلسىز تەسۋىر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قەشقەردىن ئىبارەت مىللىي خاسلىقى ئەڭ مول بۇ مۆتىۋەر شەھەرنىڭ قايناق كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلىگەندە يازغۇچى قەلىمىنى بەكلا قاشاڭلىق بىلەن تەۋرەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەسۋىرنى قەشقەرگىلا خاس دېگىلى بولمايدۇ. كۆپلىگەن شەھەرلەرگە تەتبىقلىسا چۈشۈۋېرىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ تەسۋىرىدە قەشقەردىكى باشقا قىيا - چىيالارغا قوشۇپ «دىۋانىلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ توۋلاشلى-

www.uyghurkitap.com

ـرى» نى بىر «ئۇلۇغ سىمفونىيە» دېيىشىمۇ بىر بىمەنىلىك. تەمكىن، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر قەشقەردە ياڭراپ تۇرغان بۇ ئاتالمىش «ئۇلۇغ سىمفونىيە» تەسۋىرىنى ئوقۇپ، زوقلانغۇدەك بىر نەرسە ئۇچرىتالمىغان ۋە خاسلىق ھېس قىلالمىغان بولسىمۇ، بوپتىلا دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بىراق «بۇ ئۇلۇغ سىمفونىيەنىڭ باش مېلودىيەسى قېنى؟» دەپ سورىماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار قەشقەردە قاراخانىيلار دەۋرىدىن بېرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ كېلىۋاتقان، ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن بىر مۇقەددەس «باش مېلودىيە»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدۇ. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۇ مۇقەددەس «باش مېلودىيە» بۇ مۆتىۋەر شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا كۈندە بەش ۋاق لەرزان، يېقىملىق ياڭراپ كەلگەن. بۇنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ قانداقمۇ قەشقەردە «ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تونۇش ناخشا» دىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟! شۇڭا قەشقەر خەلقى «مىڭ يىللاردىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ سىمفونىيە»نى تەسۋىرلىمەكچى بولغان يازغۇچى قەشقەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. شۈبھىسىزكى، قەشقەر خەلقىمىز ئۈچۈن تولىمۇ بۈيۈك شەھەر! ئوقۇغانسېرى يېڭىدىن - يېڭى مەزمۇنلىرى چىقىپ تۇرىدىغان بىباھا قامۇسقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا سىڭىپ كىرگەنسېرى ئۇنىڭ ئادەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان تارىخىي سالاپىتى نامايان بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، شەھەر قانچە چوڭ بولسا، ئەخلىتى بىلەن يۇندىسىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئانا دىيارىمىزدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بۇ مۆتىۋەر شەھەردىمۇ تەنقىدلەشكە تېگىشلىك جىددىي مەسىلىلەر، تۈزىتىشكە تېگىشلىك كۆپلىگەن ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىغا كۆز يۇممايمىز. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بولۇشى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئەقىلگە مۇۋاپىق. بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ 17 - ئەسىردىن كېيىنكى چۈشكۈنلىشىش مەزگىللىرىدە

شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ئادەمنى بەكلا ئەپسۇسلاندۇ-
رىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قەشقەرگە ئۈستۈنلۈك پىسخىكىسى بىلەن
قاراشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ھەقىقەت شۇكى، قەشقەر تۆھ-
پىسى تارىخنى قاپلىغان ئۇلۇغ شەھەر. شۇڭا، ھە دېگەندىلا گەپنى
«ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تونۇش ناخشا» دىن
باشلىدىم دەپ «دىۋانىلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ توۋلاشلىرى» دىن
باشلىماسلىق كېرەك. «ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان
تونۇش ناخشا» ھەرگىزمۇ «دىۋانىلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ توۋلاشلى-
رى» ئەمەس. قەشقەر ھەققىدىكى تەسۋىردە ئۇپۇل - توپۇل دىۋا-
نىلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ توۋلاشلىرىنى يېزىش، ئېنىقكى، بۇ ياز-
غۇچىدىكى ئۈستۈنلۈك پىسخىكىسىنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق تۇيغۇ
تەربىيە كۆرگەن ئادەملەردە بولماسلىقى لازىم. بولۇپمۇ خەلقىم
دەپ يۈرىكى سوقىدىغان يازغۇچىدا قەتئىي بولماسلىقى لازىم. ئە-
دەبىي ئەسەرلەردە بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەشكە، بۇنداق
مەزمۇنلارنى يېزىشقا ئەلۋەتتە بولىدۇ، لېكىن پولۇ تۇرغان يەردە
پىتنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا ئالدىرىماسلىق لازىم. ئەسىرلەردىن
بېرى قەشقەردە ياڭراپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ سىمفونىيەنىڭ مەزمۇنى
ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بۇنى چوڭقۇر ئىگىلىمەي تۇرۇپ، قەشقەر
ھەققىدە توغرا بىلىشكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىلىشى يۈزە،
ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ قۇلىقى ھە دېگەندە قەش-
قەردىكى ئۇياق - بۇياقتىن ئېقىپ كېلىپ قالغان قەلەندەرلەرنىڭ
سەدىقە تىلەشلىرىنى ئاڭلىسا، قېرىنداشلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك،
روھىيىتى پاكىز ئادەملەرنىڭ قۇلىقى كۆپنى كۆرگەن قەشقەر
خەلقىنىڭ يۈرىكىدىكى پىچىرلاشلارنى ئاڭلىيالايدۇ. ئۇنتۇماسلى-
قىمىز كېرەككى، باشقا يۇرتلارغا سېلىشتۇرغاندا قەشقەر خەلقى-
نىڭ قەلبى مىڭ يىللاردىن بۇيان ياڭراپ كەلگەن مۇقەددەس «باش
مېلودىيە»گە ئەڭ سەزگۈر. بۇ بۈيۈك شەھەر مەيلى شانلىق تارى-
خىي داستانلارنى روياپقا چىقارغان نۇرانە زامانلاردا بولسۇن، مەيلى
ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن زۇلمەتلىك ئەسىر-

لەردە بولسۇن، بۇ مۇقەددەس «مېلودىيە» بىر كۈنىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان. «ئۇلۇغ سىمفونىيە» دېمەي تۇرۇپ، يېزىش باشقا ئىش. «ئۇلۇغ سىمفونىيە» دەپ يېزىش يەنە باشقا ئىش. «ئۇلۇغ سىمفونىيە» دېگەن ئىكەن ئۇلۇغلۇققا ياتىدىغان نەرسىلەرنى يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇڭا ئەقىللىك ئوقۇرمەنلەر بۇ «باش مېلودىيە»نىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تەسۋىرىدىكى «ئۇلۇغ سىمفونىيە»دە يوقلۇقىنى كۆرسە ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماي، سۈرۈشتۈرمەي قويمايدۇ. مېنىڭچە، ھەرقانداق كاتتا يازغۇچىنىڭمۇ مۇشۇنداق سوئالغا دۇچ كەلگەندە دۇدۇقلاپ قالماسلىقتىن باشقا يولى يوق. ناۋادا يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلبىدىكى ئۇلۇغلۇق ئۆلچىمىنىڭ مەنىسى باشقىچە بولسا، ئاساسىنى قويۇپ چۈشەندۈرۈپ باقسا بولىدۇ.

شۇنداق قارايمەنكى، بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى خەلقىنىڭ ئالدىدا دۇدۇقلاپ قالىدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن ھۆرمەتلىشى كېرەك.

2013 ـ يىلى چاغاندا يېزىلدى.

# ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان

ئانا دىيارىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلى ۋادىسى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى، يەنى جەدىدچە مائارىپ ھەرىكىتىدىكى ئاۋانگارت ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئىلى ۋادىسىدا ئېچىلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى باشقا يۇرتلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن ئۈستۈن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇڭغا يارىشا 1980 ـ يىللاردىن ھازىرغىچە ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاقىدار ماقالە ـ ئەسلىمىلەرمۇ كۆپلەپ يېزىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 30 يىلدىن بۇيان يېزىلغان بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردە ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قانداق باشلانغانلىقى چىنلىق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەر ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. لېكىن 30 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە تەتقىقات دەرىجىسىدە يېزىلغان بىرەر ماقالە ـ ئەسەر بارلىققا كەلمىدى، بۇ توغرۇلۇق يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بەك بولسا يۈزەكى بايان شەكلىدىلا بولدى. 30 يىلدىن بېرى يېزىلغان ئاشۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردە كۆرۈلگەن زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا تەپسىلاتلار، ئېگىز ـ پەس يىلنامىلەر توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بىرەر ماقالىنىڭمۇ مەتبۇئاتتا كۆرۈلمەسلىكى، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە ئىلمىي روھنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بىزدە ئىلمىي روھ يېتەرلىك بولغان

بولسا، بۇ ماقالە ـ ئەسلىمىلەردىكى بايانلارنىڭ قايسىسى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، يىلنامىلەرنىڭ قايسىسى ئىشەنچلىك، شەخسلەرگە ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىق ئاساسى قانچىلىك؟ دېگەندەك گۇمانىي سوئاللار ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى. جەرياننى سۈرۈشتۈرۈش، پاكىتنى دەلىللەش ئارقىلىق كۆز قاراشلارنى ئىنكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك ئىلمىي پوزىتسىيەمىز ئاجىز بولغاچقا، گويا 30 يىلدىن بۇيان يېزىلغان ماقالە ـ ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى توغرىدەك، ئىلىدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى، شەكىللىنىشى ھەققىدىكى بايانلار ۋە يىلنامىلەر، بۇ ھەرىكەتتە باشلامچى بولغان بايلار ۋە مائارىپچىلارغا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى توغرا قەيت قىلىنىپ كېلىۋاتقاندەك ئەھۋال كۆرۈلدى. ئەمەلىيەتتە، خاتالىق ناھايىتى ئېغىر ئىدى. تېخىمۇ يامان يېرى، خاتالىق ئىزچىل تەكرارلىنىشتەك بىنورماللىق مەۋجۇت ئىدى. بۇ خاتالىقلارغا رەددىيە ۋە تۈزىتىش بېرىش زۆرۈر ئىدى. بولمىسا، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش چوڭقۇرلاشمايتتى، سۈپەت كۆتۈرۈلمەيتتى.

مەن خېلىدىن بېرى ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىغا ئائىت ماقالە ـ ئەسلىمىلەردىكى خاتالىقلارنى بايقاپ كەلگەن بولساممۇ، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخى» ناملىق يېزىلىۋاتقان كىتابىمدا تۈزىتىپ ھەم توغرىلاپ كەتسەملا بولىدىغۇ، دەپ قاراپ مەخسۇس ماقالە يېزىشنى خىيال قىلمىغانىدىم. لېكىن، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2012 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان زور ھەجىملىك «جەننەت ماكان ـــ ئىلى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بابىدا ئىلمىي خاتالىقلارنىڭ ئوخشاشلا تەكرارلانغانلىقىنى كۆرۈپ قولۇمغا قەلەم ئېلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئىلىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش تۇنجى قېتىم كىم تەرىپىدىن، قاچان، قانداق باشلانغان، دېگەن نېگىزلىك مەسىلە «جەننەت ماكان ـــ

ئىلى» ناملىق بۇ كىتابتا پۈتۈنلەي خاتا يېزىلغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خاتالىق باشقىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى بايان قىلىنغان خاتالىقنى تەكرارلاش شەكلىدە كۆرۈلگەن.

يىغىنچاقلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ نېگىزلىك مەسىلە ئوخشاشمىغان ماقالە ـ ئەسەرلەردە بەش خىل بايان قىلىنغان.

بىرىنچى خىل قاراش. بىرىنچى خىل قاراش ئىلى يېڭى مائارىپى، يەنى جەدىدچە مائارىپ تارىخىغا ئالاقىدار تۈنجى ئەسلىمىدە كۆرۈلگەن. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى يازغان «ئىلىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى ـــ ئۇسۇلى قەدىم ۋە ئۇسۇلى جەدىد توغرىسىدا» دېگەن بۇ ئەسلىمە 1984 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»(1) دا ئېلان قىلىنغان. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى بۇ ماقالىدە «ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇلمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى» دېگەن. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى بۇ ئىشنىڭ جەريانى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «ئاتام دەسلەپتە موللا ئېلى هاجى دېگەن شائىردا، كېيىن شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىشان ۋە شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمدا ئوقۇغان. بۇنىڭدىن سەل كېيىن يار-كەنتكە ئابدۇراخمان داموللام دېگەن تاتار ئالىم كېلىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بېرىپ دەرس ئوقۇيدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاتىمىزمۇ بېرىپ دىنىي دەرس ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابدۇراخمان دامولام دىنىي دەرس ئوقۇۋاتقانلار كۆپ، سەن ئۇسۇلى جەدىدچە ئوقۇغىن. بۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن خەلققە ئىلىم ـ مائارىپ ئۆگەتسەڭ شۇنچە ياخشى، دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. ئاتىمىز دامولامنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ جەدىدچە ئوقۇيدۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1895 ـ يىلى ئەلاباي مەسچىتىگە چۈشۈپ، بالا يىغىپ 40 چە ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتىدۇ. شۇ يازدا غۇلجا

شەھىرىنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمتىھان ئالىدۇ.»

ئىككىنچى خىل قاراش. ئىككىنچى خىل قاراش يۇقىرىقى ئەسلىمىدىن كېيىن، يەنى 1985 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدىكى ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەيساجان مۇسا يازغان «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە كۆرۈلگەن. بۇ ئىككىيلەن مەزكۇر ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «مۇسابايېفنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىلى ياركەنتكە چىقىپ، تاتارلار ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بولغان ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بەيتۇللا چوڭ مەسچىتى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. مۇسابايېف تىجارەتخانىسى ۋە باشقا مۇلۇكلىرىنىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا 1875 ـ يىلى بەيتۇللا مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پارتىلىرىنىمۇ ياۋروپاچە ياستىپ، مەخسۇس پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. باھاۋۇدۇن باي بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىنىمۇ ئۆزى تاللاپ، مەكتەپ خىراجىتى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزى تەمىنلىدى. مانا بۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى پەننىي مەكتىپى.» روشەنكى، ئاپتورلار تىلغا ئالغان «پەننىي مەكتەپ» ئادەت بويىچە جەدىدچە مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراش. ئۈچىنچى خىل قاراش يۇقىرىقى ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ 3 ~ 4 يىللار ئۆتكەندە، يەنى 1988 ـ يىلى نەسرىدىن ناسىرى ئەپەندى يازغان ماقالىدە كۆرۈلگەن. شۇ يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (25) دا ئۇنىڭ

«ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ماقا-
لىسى ئېلان قىلىنغان. گەرچە ئاپتور ماۋزۇدا «كونا مائارىپ ئىش-
لىرى» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي جەدىدچە، يەنى يې-
ڭى مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدا توختالغان. ئاپتور ماقالىسىدە
قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئىلىدا جە-
دىدچە مەكتەپنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقىنى ئېنىق تىلغا
ئالمىغان. پەقەت «غۇلجا شەھىرىدە دەسلەپتە، 1909 - يىلى مۇ-
سابايېفلار قۇرغان ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ يېنىدا زاۋۇت ئىشچىلى-
رىنى تەربىيەلەيدىغان بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى
سىرتتىن تەكلىپ قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ شۇ چاغدىكى تەسىرى
خېلى زور بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن يەرلىك باي، ئە-
مەلدارلاردىمۇ قىسمەن ئويغىنىش بولدى. نەتىجىدە، مەرىپەتپەرۋەر
بەزى كىشىلەر، ئويغانغان سودا - سانائەتچىلەر ئۆز باللىرىنى
ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى ئىچىدىكى بىلىم تەشنالىقى
كۈچلۈك بولغانلىرىنى تاللاپ، تۈركىيە، ئىستانبۇل، مىسىر،
سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، ئوقۇپ
كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، شۇ چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ بى-
لىم ئىگىلەپ كەلگەنلەردىن مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەن-
دى، جىرجىس ھاجى، ئابدۇللا ئەپەندى، سابىت مۇسابايېف، مە-
جىت مۇسابايېف، جاۋدەت مۇسابايېف، ئابلەھەت مۇسابايېف قاتار-
لىقلار بار ئىدى» دېگەن بايانلارنى يېزىپ، جەدىدچە ئوقۇش ئىش-
لىرىنىڭ غۇلجىدا قاچاندىن باشلاپ كۆچەيگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.
شۇڭا بۇنىمۇ بىر خىل قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراش. تۆتىنچى خىل قاراش كوللىكتىپ تە-
رىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۈمىد يۇلتۇزى» ناملىق كىتابتا كۆرۈلگەن.
غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100
يىللىقىغا بېغىشلاپ تۈزۈلگەن بۇ كىتاب 2001 - يىلى بېسىپ
تارقىتىلغان. بۇ كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «1875 - يىلى ئەترا-

www.uyghurkitap.com

يىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بەيتۇللا مەسچىت يېنىدا تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سېلىنىدى ھەمدە بۇ سىنىپلار يېڭىچە پارتا، دوسكىلار بىلەن جاھازلاندى. ئوقۇغۇچىلار ياش قۇرامى ۋە بىلىم سەۋىيەسى بويىچە سىنىپلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىنىي دەرسلەر بىلەن بىللە تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مەكتەپ غۇلجىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ناسىر ئەلەمنىڭ قوللىشى، ۋېلىباي، باھاۋۇدۇن باي، شېرىپىدىن باي قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى قازاندا ئوقۇپ كەلگەن زاھىد ئەپەندى ئىدى. زاھىد ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەكتەپكە ‹ئىلى مەكتىپى› دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەكتەپ 1881 – يىلىدىن 1883 – يىلىغىچە بولغان ‹كۆچكۆچ› مەزگىلىدە ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئازلاپ، بىر مەزگىل يېپىلىپ قالغان بولسىمۇ، 1889 – يىلىغا كەلگەندە مۇساباييېفلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەنە ئەسلىگە كەلگەن ۋە ئىسمىنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› گە ئۆزگەرتكەن.»

بەشىنچى خىل قاراش. بەشىنچى خىل قاراش يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت خىل قاراشتىن پەرقلىق ھالدا، يەنە يېڭىچە تەپسىلات بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ قاراش ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىت يازغان «تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى — ‹ئىلى مەكتەپ› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (11) نىڭ 2003 – يىلى بېسىپ تارقىتىلغان سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىككى ئاپتور مۇنداق يازغان: «ئىلىنىڭ مائارىپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن چەتكە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن، بىلىمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى قورغاس مازارلىق زاھىد ئەپەندىم بولسا كېرەك. ئۇ كىشى 1810 – يىلى

قورغاس كىچىك مازاردىن غۇلجىغا كېلىپ، بۇ يەردىن قازان شەھىرىگە بېرىپ، ئون نەچچە يىل ئوقۇپ، بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىدىگە بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئىلى خەلقى ئۇ كىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئىلى خەلقى: ‹ئالغان بىلىمىڭىزنى بالىلىرىمىزغا بېرىڭ، بۇ يەردىكىلەرمۇ ئاق - قارىنى تونۇسۇن› دەپ ئۇ كىشىنى مۇئەللىم بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، زاھىد ئەپەندى مەدرىسە يېنىدىكى يېڭى تەسىس قىلىنغان مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ مۇئەللىم بولىدۇ. بۇ ئىلى رايونىدا قۇرۇلغان تۇنجى مەكتەپ بولغاچقا، كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىپ بۇ مەكتەپكە ‹ئىلى مەكتەپ› دەپ نام قويىدۇ. 1827 - يىلى ئىككىنچى قەدەمدە زاھىد ئەپەندى بىر چوڭ ئۆيدە ئوقۇۋاتقان بالىلارنى ئۈچ سىنىپقا ئايرىپ، بىرىگە يۇسۇپ خەلپەتنى، يەنە بىرىگە ئابدۇقادىر خەلپەتنى مەسئۇل قىلىدۇ. يەنە بىر سىنىپقا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.»

ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قاچان، قانداق ۋە كىملەر تەرىپىدىن باشلانغانلىقىغا ئائىت يۇقىرىقى بەش خىل قاراشتىن باشقا مەن كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان ئالتىنچى، يەتتىنچى خىل قاراشلار بارمۇ؟ خەۋىرىم يوق. مېنىڭ ئۇچراتقىنىم يۇقىرىقى بەش خىل قاراش. بۇ بەش خىل قاراش 1984 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ماقالە - ئەسلىمىلەردىكى يىلنامىگە قارايدىغان بولساق، ئىلىدا يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئېچىلغان ۋاقتىنى بالدۇر دېگىنى 1820 - يىللار دېگەن بولسا، كېيىن دېگىنى 1910 - يىللاردا دېگەن. دېمەك، پەرق بەك زور. باشلامچىلارمۇ ھەر خىل. نېمە ئۈچۈنكىن، «جەننەت ماكان — ئىلى» دېگەن كىتابتا باشقا قاراشلار تىلغا ئېلىنماي ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىت ئوتتۇرىغا چىقارغان «بەشىنچى خىل قاراش» تەكرارلانغان. تەكرارلىغۇچىلار بۇ خىل قاراش ئىلگىرىكى قاراشلار تۈزىتىلىپ، تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان، دەپ قارىغانمۇ

www.uyghurkitap.com

ياكى ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى 1820 ـ يىللار ـ غا تاقاپ بايان قىلغانلىقىنى خوپ كۆرگەنمۇ، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما ماڭا ئايدىڭ تەرىپى شۇكى، يۇقىرىقى بەش خىل قاراشنىڭ ھەممىسى ماددىي پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، ھۆججەت، دەلىل يوق. ئىلمىيلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇھەممەتخان كامالى ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى خىل قاراشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار. باشقا بارلىق قاراشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى ۋە تارىخىي ئاساسى پەقەتلا يوق.

ئۇنداقتا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش خىل قاراش قايسى جەھەتلەردىن پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ؟

بىرىنچى، «ياركەنت شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن» دېگەن مەسىلە. بۇ قاراش بىرىنچى خىل قاراش بىلەن ئىككىنچى خىل قاراشتا ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى بىرىدە ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم 1895 ـ يىلى ياركەنت شەھىرىدە ئۇسۇلى جەدىدنى ئۆگىنىپ كەلگەن دېگەن بولسا، يەنە بىرىدە مۇسابايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىلى ياركەنت شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان، دەپ بايان قىلىنغان. ھەقىقەتەن ياركەنت شەھىرى شۇ يىللاردا جەدىدچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان شەھەرمىدى؟ دېگەننى ئېنىقلاشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭغا قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېف بىلەن ئۇيغۇر جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم باشلامچىلىرىدىن بىرى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ بايانلىرىدىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېفنىڭ يېزىشىچە، «1895 ـ يىلى ئانتروپولوگ پايىسىل ياركەنت شەھىرىدىكى 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىچىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى ئۇچراتمىغان①.» مۇرات ھەمرايېفنىڭ تىلغا ئالغان يىلنامىسى

---

① مۇراد ھەمرايېف: «دەۋر سەھىپىلىرى» (ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدا)، قازاقىستان، ئالماتا. 1972 ـ يىلى نەشرى (كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب)، 9 ـ بەت.

ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ياركەنتتە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى ئۆگىنىپ كەلگەن، دېگەن ئەسلىمىدىكى يىلنامە بىلەن ئوپمۇئوخشاش. يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت 1911 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىلىرى قانداق» دېگەن ماقالىسىدە «تارانچى تۈركلىرىدە مەدەنىيەت نۇرى بولغان چوڭراق كىتابخانا، قىرائەتخانا، خەيرىيە جەمئىيىتى دېگەندەكلەردىن ھېچقايسىسى يوق. ئۇلارنىڭ نامىمۇ يوق. شۇنداقلا مۇنتىزىم مەكتەپ، مەدرىسەگە كەلسەك، بۇرۇندىن قالغان مەكتەپ، مەدرىسەلەر بار دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق بولۇپ، بۇلاردىن ھەقىقەتتە بىرىمۇ رەتلىك مۇنتىزىم ئەمەس.①»

دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى نەقىلدىكى ئۇچۇردىن ئۇ يىللاردا ياركەنت شەھىرىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بىراۋلارنى جەدىدچە ئۇسۇلدا تەربىيەلەيدىغان ئىمكانىيەتنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياركەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تارانچى تۈركلىرى» يۇرتلىرىدا كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەر بار بولسىمۇ، ئەمما رەتلىك، مۇنتىزىم جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئۇ يىللاردا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، قەدىمچە مەكتەپلەر بىلەن جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى. «مەكتەپ» دېگەن ئۇقۇمدىن «قەدىمچە» ياكى «جەدىدچە» دېگەن ئېنىق ئۇقۇمغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قەدىمچىسىمۇ مەكتەپ، جەدىدچىسىمۇ مەكتەپ. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرىدە بۇ ئۇقۇم ئېنىقسىز بايان قىلىنغان. پەننىي دەرس ئۆتۈلسىلا جەدىدچە مەكتەپ ھېسابلانمايدۇ. خۇددى نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت يازغاندەك ئىلى ۋادىسىدا قەدىمچە مەكتەپ ـ مەدرىسەلەردە پەننىي دەرسلەر قىسمەن بولسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. 19 ـ ئەسىردە ئانا دىيارىمىزدىكى

① پ. م. ھەمرايېۋ تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ــ خرېستوماتىيا»، (11 ـ سىنىپلار ئۈچۈن)، ئالماتا مەكتەپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 49 ـ بەت.

قەدىمچە مەكتەپلەردە قانداق دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلىدىغانلىقىنى ئەنگلىيەلىك س. د. فورسىيسىنىڭ كىتابىدىكى ئۇچۇردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇ 1873 ـ يىلى ھىندىستاندىن ئانا دىيارىمىزغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى تەكشۈرگەندە مۇنداق يازغان: «سەككىز ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان بالىلار مەكتەپكە بېرىلىدۇ. ئوغۇل، قىزلار مەكتەپتە ئارقىمۇئارقا تىزىلغان ئۇستەلدە ياندىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئوغۇللار ئومۇمەن ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، قىزلار يەنە بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئوتتۇرىسى بوش قالىدۇ. ئەڭ بېشىدا ئوقۇتقۇچى ئولتۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن كىتابتىن دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆگىنىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ۋاراڭشىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دەرسلىرىنى ئوقۇيدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەردە نۇرغۇن مەكتەپلەر بار. بۇ مەكتەپلەردە بازار ئەتراپىدىكى بالىلار كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئادەتتە ئېگىز ئۆيلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان، كوچىغا يېقىن بولغان ئۆيلەرنى مەكتەپ قىلىدۇ. قىزلار ئون ياشتىن ئاشقاندا مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ، بىراق ئوغۇللارنىڭ ياش چەكلىمىسى يوق. ئۇلارغا ئوقۇش ۋە يېزىش ئۆگىتىلىدۇ ھەمدە شەيخ سەئىدىنىڭ ‹گۈلىستان› كىتابى دەرسلىك قىلىنىدۇ. ‹ئىسكەندەرنامە› ئازراق ئوقۇتۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق ئوقۇش ھەققى ئۇچۇن يېرىم تەڭگىدىن بىر تەڭگىگىچە ھەق بېرىلىدۇ. مائارىپ مەجبۇرىي ئەمەس، بىراق شارائىتى يار بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش ئۇچۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن مەدرىسەگە ئۆرلەيدۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئىلاھىيەت، شەرىئەت، تېبابەت، شېئىرىيەت ۋە تارىخ ھەم بۇنىڭغا قوشۇپ يېزىقچىلىق بىلەن ھېساب دەرسلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. فىزىكا پەنلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئىلىم ئۆلچەمگە توشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوقۇيدىغىنى ئىلاھىيەت ۋە مېتافىزىكا بولۇپ، ئەمەلىي قوللىنىشچان ئىلىم-

لەرگە سەل قارايدۇ. ھەربىر شەھەردە نۇرغۇن مەدرىسە بار ئى-كەن»، «ئەمىر (ياقۇپ بەگنى دېمەكچى) نىڭ پەرمانى بىلەن يوقى-لىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن مەكتەپ، مەدرىسە قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپتۇ. نۇرغۇنلىرى كارىدورلۇق سېلى-نىپ ئەسلىدىكى 20 ئوقۇغۇچىدىن 80 ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇ-غۇچى ئوقۇيالايدىغان ھالەتكە كەپتۇ.①»

مانا بۇ بىزگە 19 ـ ئەسىردىكى قەدىمچە مەكتەپ ـ مەدرىسە-لەرنىڭ ئەھۋالىدىن يەتكۈزۈلگەن خېلىلا ئوبيېكتىپ مەلۇمات. ئومۇمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەكتەپ، مەدرىسەلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسەن مۇشۇنداق ئىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل مەكتەپ ـ مەدرىسەلەر-نىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك مەزمۇنى كونىچە ئىدى.

«جەننەت ماكان ــ ئىلى» دېگەن كىتابتا ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىتنىڭ «تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى ــ ‹ئىلى مەكتەپ› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان: «1840 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرىدىن راشىدىن، مەنسۇر دېگەن كىشىلەر يەتتەسۇغا چىقىپ زامانىۋى ئىلغار مەك-تەپلەردە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىنلا، بۇ مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات دەرسلىرى قوشۇمچە ئوقۇتۇلىدۇ. 1866 ـ يىل-لىرىغا كەلگەندە غۇلجىدىن شارائىتى يار بەرگەن نۇرغۇن كىشى-لەر ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت، قازان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېڭى پەن ـ مائارىپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ ‹ئىلىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساق، ئادەملىرىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ئاشىدۇ، مەدەنىيىتى يۇكسى-

① س. د. فورسىيس: «س. د. فورسىيس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ 1873 ـ يىلى يەكەنگە قىلغان زىيارىتى ھەققىدە دوكلات ــ يەكەن ئەمىرى ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ تارىخى ھەم جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى»، تاشقى ئالاقە نەشرىياتى، ھىندىستان ــ كالكۇتتا، 1974 ـ يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 87 ـ، 88 ـ بەت. (فورسىيس يەكەن دېگەندە قەشقەرىيەنى نەزەردە تۇتقان.)

لىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشى-
لىنىدۇ، دېگەنلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ.»

بۇ نەقىلدىكى «يېڭى پەن ـ مائارىپ»، «ئىلىمدا پەننىي مائارىپ-
نى تەرەققىي قىلدۇرساق» دېگەن سۆز ـ جۈملىلەردىن گەپنىڭ
جەدىدچە مائارىپ ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولى-
دۇ. چۈنكى بىزدە «جەدىدچە» مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا
«پەننىي مەكتەپ» دەپ ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. شۇڭا ئاخىرىدى-
كى شەكلى ۋە مەزمۇنى زامانىمىزدىكى گېزىتلەردە كۆپ ئۇچراي-
دىغان تەشۋىقات خاراكتېرلىك جۈملىلەرگە ئوخشايدىغان بۇ نە-
قىلنى ئوقۇغان ئادەم قەدىمچە مائارىپ بىلەن جەدىدچە مائارىپ
ئىشلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بولسىلا، «بۇ قىلچە ئاساسى يوق
بىمەنە مەلۇمات ئىكەن» دېمەي تۇرالمايدۇ. تۈنجى قېتىم، يەنى
1985 ـ يىلى «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا
قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە كۆرۈلگەن بۇ بىمەنە مەلۇماتنى
2012 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ ئۆز پېتى ئىستېمال
قىلىش، بىزنىڭ ئىلمىي ئاشقازىنىمىزنىڭ «ھەزىم» قىلىش قۇۋ-
ۋىتىنى كۆرسەتسە كېرەك. بىزدە ئىدراكىي گۇمان ۋە ئىلمىي ئا-
نالىز ئادىتى دېگەندەك شەكىللەنمىگەچكە، يۇقىرىقىدەك بىمەنە با-
يانلارغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللار تۇغۇلۇپ باقمىدى: 1840 ـ يىل-
لىرى يەتتەسۇدا ئىلغار مەكتەپلەر نېمە ئىش قىلسۇن؟ 1866 ـ
يىللىرى ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا يې-
ڭى پەن ـ مائارىپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرى نېمە ئىش
قىلسۇن؟ مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسى قەشقەر تەۋەسى-
دىكى مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان
ئىلى ۋادىسىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسى-
نى كىم ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن؟ 1866 ـ يىلى ياركەنت دې-
گەن شەھەر يەتتەسۇ تەۋەسىدە مەۋجۇتمىدى؟

يۇقىرىقى بايانلارنى يازغان ئاپتورلار بىلەن بۇ بايانلارنى

تەكرار ئىشلەتكەن نەقىلچىلەر بۇ گۇمانىي نۇقتىلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. «جەدىدچە مەكتەپ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «پەننىي مەكتەپ» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن ئاپتورلار بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرەرمۇ «پەننىي مەكتەپ» نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك. دېمەك، بۇ خاتالىقلار قەدىمچە مەكتەپ بىلەن جەدىدچە مەكتەپنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە پەرقىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەقەللىيسى، ياركەنت شەھىرىنىڭ 1881 ـ يىلى ئىلىدىن ۋېلىباي يولداشوف باشچىلىقىدا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، گۇبېرناتور كالپاكوۋىسكىينىڭ بۇيرۇقى، ئىنژېنېر ئابراموفنىڭ لايىھەلىشى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، 1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىچىك بىر شەھەر ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى بىلىشى لازىم ئىدى. 1881 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يوق شەھەرنى شېپى كەلتۈرۈش ماقالە ـ ئەسلىمىلەرنى يېزىش توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخچىلىقنىڭ مېتودىدىن ئايانكى، تارىخچىلىق توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىمكان بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئامىللار تارىخچىلىقنىڭ چىنلىق ئاساسىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن تۆتىنچى خىل قاراشمۇ ئىناۋەتسىز!

ئۈچىنچى، باھاۋۇدۇن باينى 1870 ـ يىللىرى دىنىي مەكتەپلەردە دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان، دېگەن مەسىلە. بۇ ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن تۆتىنچى خىل قاراشتا قەيت قىلىنغان. مەن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى يازغان «نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» دېگەن ماقالەمدە تىلغا ئالغاندەك، 1870 ـ يىللاردا باھاۋۇدۇن مۇسابايېف تۇغۇلمىغان ياكى تۇغۇلغان بولسىمۇ ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن گۆدەك چاغلىرى ئىدى. ئۇ يىللاردا باھاۋۇدۇن باي ياركەنتتىكى تاتار مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندى، دېگەن گەپلەرمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىپقىزىل ئويدۇرما گەپلەردۇر. ماتېرىياللاردا باھاۋۇدۇن باي 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان، دېگەن بايانلار ئۇزاقتىن بۇيان يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىشەنچسىزدۇر. مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارايدىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولغانلارنى «نەزەرىيە ئەمەلىيەت ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» دېگەن ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلارنى ئوقۇپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن. بىزنىڭ ئەسلىمە ۋە تارىخقا ئائىت ماقالىلەرنى يازىدىغان كۆپلىگەن ئاپتورلىرىمىز باشقىلار دېگەن ياكى يازغان تارىخىي مەلۇمات ۋە قاراشلارنى پاكىت ھەم ئىلمىيلىك جەھەتتىن دەلىللەپ، تارىخىي جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلىپ، لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بۇ چاغقا بىزنىڭ يېقىنقى مائارىپ تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. مىسال ئۈچۈن كۆرستىدىغان بولساق ئىلگىرى يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلەردە بايان قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك قاپقارا ئويدۇرمىلار «جەننەت ماكان ــ ئىلى» دېگەن كىتابتا شۇ پېتى تەكرارلانمىغان بولاتتى. قاراڭ:

*«1875 ـ يىلى باھاۋۇدۇن باي بەيتۇللا مەسچىتى دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرىدۇ. مەكتەپنىڭ ئۈستەل ـ پارتا، ئورۇندۇقلىرىنىمۇ پۇتۇنلەي ياۋروپاچە ياسىتىپ، بۇ مەكتەپنى پۇتۇنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتىدۇ. مەكتەپنىڭ خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆز يېنىدىن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.*

*1896 ـ يىلى چەت ئەللەرنى كۆرۈپ كەلگەن باھاۋۇدۇن مۇسابايېف بەيتۇللا مەسچىتى پەشتىقىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كونا سىنىپلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن كارىدورلۇق ئۈچ سىنىپ سې-*

*لىپ، ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەننىي مەكتەپ بەرپا قىلىپ، يەتتە سىنىپ تەسىس قىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشىدۇ. مەكتەپتە مۇساباييېفلارنىڭ راسخوتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.» (300 - بەت)*


بۇ ئىككى ئابزاس بايانىنىڭ بىرىنچىسىدىكى «1875 - يىلى» دېگەن يىلنامىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ، باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساقلا، مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز. باھاۋۇدۇن باي ئىلىدىكى ئەڭ كاتتا مەسچىت بولغان بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ بىقىنىدا «پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ» قۇرسا مەدرىسە ئۆلىمالىرى قاراپ تۇرارمۇ؟ «نېمىشقا دىنىي دەرس ئۆتمەيسەن» دەپ سورىماسمۇ؟ ياكى باھاۋۇدۇن باي ئاتېئىزمچىمىدى؟ «باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتكەن» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ: غۇلجىدا 1870 - يىللىرى تۈرلۈك پەننىي دەرسلەرنى ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارمىدى؟ تاللاپ ئىشلەتكۈدەك كۆپ بۇ ئوقۇتقۇچىلار قايسى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەن؟ بۇ دارىلمۇئەللىمىننى كىم قۇرغان؟ بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى كىملەر ئىدى؟

گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ بايانلار توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئىككىنچى ئابزاستىكى 1896 - يىلى غۇلجىدا «ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەننىي مەكتەپ»، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك جەدىدچە مەك-

تەپ بولغان، «بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشاتتى»
دېگەندەك بايانلارمۇ كۆلكىلىكتۇر. ئۇ چاغدا غۇلجىدا بۇ سەۋىيە،
بۇ كۆلەمدىكى جەدىدچە مەكتەپ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئە-
گەر بار بولسا نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت 1911 - يىلى يازغان «تاراز-
چىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسلىسى قانداق» دېگەن ماقالى-
سىدە 1896 - يىلىلا ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشىدىغان، يەت-
تە سىنىپلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك جەدىدچە مەكتەپنى «يوق» دې-
يىشكە تىلى بارمىغان بولاتتى. يۇقىرىقى بايانىدىكى تارىخىي ئەمە-
لىيەتكە خىلاپ يەنە بىر مەلۇمات «بۇ مەكتەپتە مۇسابايېفلارنىڭ
راسخوتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن
ئابدۇراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇ-
چىلىق قىلىشقا باشلايدۇ» دېگەن جۈملىلەردە كۆرۈلىدۇ. ھۆججەت-
لىك پاكىتقا ئاساسلانغان ھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاكا -
ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تۈركىيەگە ئابدۇراخمان شادى، مەسئۇد ئە-
پەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنى
چىقارغان ۋاقتى 1904 - يىلىدۇر. ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە چىقىش
جەريانى مۇنداق:

ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان مەسۇم ئەپەندى ئاكا - ئۇكا مۇسابا-
يېفلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوسمانلى تىل - يېزىقىدا ئوسمان
ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدكە ئىلتىماس سۇنغان.
ئىلتىماستا تۆت ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ بېرىش تەلەپ قىلىن-
غان. شۇ بويىچە ئابدۇراخمان شادى قاتارلىق تۆت ئوقۇغۇچى
ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا چىققان. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئوقۇشى 1913 -
يىلى، باشقىلىرىنىڭ ئوقۇشى 1914 - يىلى تاماملىنىپ ئانا ۋە-
تىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەربىي
مەكتەپتە ئوقۇغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن پېداگوگىكا مەكتەپتە
ئوقۇغان ئابدۇراخمان شادى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. تىببىي مەك-
تەپتە ئوقۇغان مەسئۇد سەبىرى «ئالتاي دوختۇرخانىسى» دېگەن



بۇ مەسۇم ئەپەندى 1904 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدكە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ نامىدىن يازغان خەت بولۇپ، خەتتە ئوقۇغۇچى تەربىيەلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان ھەم ئەۋەتىلىدىغان تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ نامى قەيت قىلىنغان.

نامىدا دوختۇرخانا ئاچقان. «ئالتاي دوختۇرخانىسى» ئېچىش تەكلىپىنى ئۇنىڭغا 1913 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجىغا كېلىپ تۆت

يىلغا يېقىن مائارىپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان داڭلىق تاتار مائارىپچى ئابدۇللا بۇبى (1871 ~ 1922) بەرگەن. ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئانا ماكانى بولغان ئالتاينىڭ نامىنى قوللىنىشنى قارار قىلغان. ئابدۇراخمان شادى، مەسئۇد سەبىرىلەر تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ 1914 ـ يىلى ئۇدۇل قەشقەرگە كەلگەن. ئۇستۇنئاتۇش ئىكساقتا ئېچىلغان «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن» دە قىسقا مۇددەت دەرس ئۆتۈپ، ئاندىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. بۇ ئىشلار ئەينى ۋاقىتتىكى «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ مۇدىرى ئەھمەد كامالنىڭ كىتابىدا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. قىسقىسى، «جەننەت ماكان ـــ ئىلى» دېگەن كىتابتا يېزىلغان يۇقىرىقى بىر ئابزاس مەلۇمات ھەم باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللىرى غۇلجىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان، دېگەن قاراش پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

تۆتىنچى، جەدىدلىك مائارىپىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە شەكىللىنىش تارىخىنى بىلمەسلىك مەسىلىسى. روشەنكى، جەدىدلىك (يېڭىلىق ھەرىكىتى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، بىزدە جەدىدچىلىك دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ھەرىكىتى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى رۇسىيەگە تەۋە قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى قىرىم تاتارلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى فىرانسىيەدە ئىككى يىل تۇرۇپ ياۋروپانىڭ ئىلغار مائارىپى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ كەلگەن ئىسمائىل غاسپىرالى (1851 ~ 1914) نىڭ باغچە ساراي شەھىرىدە 1883 ـ يىلى «تەرجىمان» گېزىتىنى نەشر قىلىشى ۋە 1884 ـ يىلى «ئۇسۇلى جەدىد» («ئۇسۇلى سەۋتىيە» مۇ دېيىلىدۇ) ئوقۇتۇش مېتودىنى سىناق قىلىشىنى باشلىنىش مەنبەسى قىلىدۇ. جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تېز ساۋات چىقىرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولغاچقا قىرىمدىن باشقا قازان تاتارلىرى ۋە ئەزەربەيجانلىقلار ئارىسىدا تېز

ئومۇملاشقان. ئەمما 1890 ـ يىللاردا ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى سەمەرقەنت، بۇخارا، تاشكەنت، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك جېدىلى قاتتىق بولغان. 1909 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۇرىشىدىكى كەسكىنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ «قەدىمچىلىك ۋە جەدىدچىلىك» دېگەن مۇھاكىمە ماقالىسىنى يېزىپ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 5 ـ ئايدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلغان.①

مەشھۇر پېداگوك ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ غەيرىتى بىلەن باشلانغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بارغانسېرى نوقۇل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىسلاھاتى بولۇشتىن ھالقىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەرىپەت ھەرىكىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ھەم مەزمۇنىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جەرياندا قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك تەرەپدارلىرى كەسكىن ئېلىشىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمچىلەر دىن نامى بىلەن ئىش كۆرۈپ جەدىدچىلىك ئىمانىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇممەتلەرنى ئاداشتۇرىدۇ، دەپ قارىغان. جەدىدچىلەر ياشاش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، تەرەققىيات يوللىرىنى ئۆگەنمىسەك بىراقلا ھالاك بولىمىز، دەپ قارىغان. ئومۇمەن، كۇرەشنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولغان. جەدىدچىلىك تەرەپدارلىرى ئاممىۋى ئاساسى ئاجىز يېڭى كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. شۇنداقتىمۇ يولىدىن قايتمىغان. جەدىدچىلەر 10 ~ 20 يىلدەك تىرىشىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىگەن ھەم جەدىدلىك ھەرىكىتىنى تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندۇرغان. ئانا دىيارىمىزدىمۇ جەدىدچىلىك بىلەن قەدىمچىلىك جېدىلى ئوخشاشلا ئۆتكۈر بول-

---

① «ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ پىكرىي ئەسەرلىرى»، تۈركىيە «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، تۈركچە، 273 ~ 286 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

غان. مۇتەپەككۇر جەدىدچى ئابدۇقادىر داموللام (1870 ~ 1924) قەشقەردىن ئۈچ قېتىم چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەھمەد كامال چېقىمچىلىقتا ئۇچراپ قەشقەردە تۈرمىلەرگە قامالغان ھەم ۋەتىنىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئابدۇللا بۇبى غۇلجىدا تۇرالماي قازانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قەشقەر، ئاتۇش ۋە غۇلجىدىكى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمگە ئوخشاش يەرلىك جەدىدچىلەر قەدىمىنى ئاستىلاتقان. ئۇيغۇر جەدىدلىك ھەرىكىتىگە ئۇل سالغان كاتتا شەخس ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلىش پوزىتسىيەسىدە پەرق ھەم مەلۇم ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. ھۈسەيىن باي ئېھتىياتچان بولۇۋالغان، باھاۋۇدۇن باي دادىل بولغان بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئاكىسىنىڭ رايىنى نەزەرگە ئېلىپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا زاماندىش جەدىدچىلەرنىڭ خاتىرە ۋە شېئىرلىرىدا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش دەرىجىسى نەزەرگە ئېلىنىپ باھاۋۇدۇن بايغا ئالاھىدە يۇقىرى باھالار بېرىلگەن. مەسىلەن، ئەھمەد كامال، ئابدۇللا بۇبى، ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە[1]، شەمسىدىن داموللام ئۆز مەرسىيەسىدە باھاۋۇدۇن بايغا بەك يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇڭا، جەدىدچىلىك بىلەن قەدىمچىلىك تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. كونىچە مائارىپتىن يېڭىچە مائارىپقا ئۆتۈش جەريانى ھەممىلا جايدا ئوخشاشلا مۇشەققەتلىك

---

① ئەھمەد كامالنىڭ «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى. شاڭخەي خاتىرىلىرى» دېگەن خاتىرىسى 1997 ـ يىلى، ئادىل ھېكمەت بەينىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» دېگەن خاتىرىسى 1999 ـ يىلى تۈركىيەدىكى ئۆتۈكەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىلىرى 1913 ـ يىلى تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ 1917 ـ يىلى غۇلجىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان جەريانىنى ئەسلىمە شەكلىدە يازغان خاتىرە بولۇپ، تاتارىستاندىكى ئارخىپتا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدىن تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدە دوكتورانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ۋەتەندىشىمىز ئۆمەرجان نۇرى تەرىپىدىن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان.

بولغان. چۈنكى «كونىچە مائارىپتىن يېڭىچە مائارىپقا ئۆتۈش ناھايىتى زور ئىسلاھات ھەرىكىتى بولۇپ، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، مەرىپەت بىلەن خۇراپاتلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەسكىن ۋە تەكرار ئېلىشىشلار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن①.»

تارىخىي ئەمەلىيەت مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، «جەننەت ماكان — ئىلى» نىڭ يېڭى مائارىپ تارىخى توغرىسىدىكى بابى ۋە ئۇنىڭغا مەنبە بولغان كۆپلىگەن ماقالىلەردە ئىلى ۋادىسىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە جەدىدچە مەكتەپلەر يۇقىرى ئاممىۋى قىزغىنلىق بىلەن توي بولغاندەك داغدۇغىلىق شەكىلدە ئەمەلگە ئاشقاندەك ھالەتتە يېزىلغان. كىشىنى ئۇيالدۇرۇپ قويىدىغان يېرى شۇكى، ئاپتورلارنىڭ بىلمەسلىكى ۋە ئەستايىدىلسىزلىقى سەۋەبىدىن ئىلى ۋادىسىدىكى جەدىدلىك مائارىپى (گەرچە پەننىي مەكتەپ ۋە پەننىي ئوقۇتۇش دېيىلگەن بولسىمۇ) مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاسىيا قىتئەسىدە جەدىدلىك ھەرىكىتى باشلانماستا باشلانغان قىلىپ يېزىلغان. تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق شۇنى بىلىمىزكى، ياپونىيەدە 1860 ـ يىللىرى قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك (يېڭىلىق) تەرەپدارلىرى كەسكىن كۆرەش قىلىپ، ئاخىر قانلىق ئۇرۇش بولغان. نەتىجىدە 1868 ـ يىلى مېيجى يېڭىلىققا كۆچۈش ئىسلاھاتىنى پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ھۆكۈمەت ھەرىكىتى سۈپىتىدە يولغا قويغان. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە 1890 ـ يىللاردا خەنزۇ مىللىتىنىڭ سەرخىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا بولغان تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، 1901 ـ يىلى «يېڭى سىياسەت» يولغا

① «ئۇمىد يولتۇزى» (غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب)، 2001 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان. 244 ـ بەت.

قويۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ خىل مىللىي ئارزۇ ھۆكۈمەت ئىرادىسىگە ئايلانغان. نەتىجىدە، يېڭىچە مائارىپ تۈشمۇتۈشتىن يولغا قويۇلغان. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا 1884 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغاندىن، گېزىت چىقارغاندىن ۋە «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقاندىن كېيىن بارا ـ بارا جەدىدلىك ھەرىكىتى بىخلانغان. ئالدى بىلەن قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگ شەھەرلىرىدىكى تاتار ۋە باشقىرت مىللىتىنىڭ سەرخىللىرى ھەم ئەزەربەيجان زىيالىيلىرى ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا بولغان قىزىقىش تولىمۇ تەستە شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى قالاقلىقىغا ئىچى سىقىلغان ئىسمائىل غاسپىرالى 1892 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەم ئۇسۇلى جەدىد (ئۇسۇلى سەۋتىيە) ئوقۇتۇش مېتودىنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستانغا بەلگىلىگەن گېنېرال گۇبېرناتور ئە. ب. ۋرېۋىسكىيغا (يەنە بىر مەلۇماتتا روزىنباخقا دېيىلگەن) مۇراجىئەت قىلىپ مەكتۇپ يازغان. ئۇ مەكتۇپىدا يەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئالتە يىلدا باشلانغۇچ (ئىپتىدائىي) مەكتەپتە بېرىلىدىغان بىلىمنى تەڭشەپ ئىككى يىلدا ئېلىپ بېرىپ ئۆگىتىش، قالغان تۆت يىلدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت بىلىملەرنى ھەم رۇس تىلىنى ئۆگىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ئىلغار مەدرىسەلەرنى قايتا قۇرۇپ «ئالىي مەدرىسە» گە ئۆزگەرتىپ رۇس تىلى، رۇسىيە قانۇنلىرى ۋە پېداگوگىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەييارلاش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ ھەتتا مەكتۇپىدا ئۆزى تۇرۇشلۇق باغچە سارايدا-

كى «زەنجىرلى» مەدرىسەسىنى ئودېسسانىڭ سابىق گېنېرال گۇ-
بېرناتورى خ. خ. راپپىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا تەشكىللەپ، ئىل-
غارلاشتۇرۇپ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان «ئالىي مەدرىسە» گە
ئايلاندۇرغانلىقىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. تۈركىستاننىڭ
تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق گېنېرال گۇبېرناتورى ۋىرىۋېسكىي ئىسما-
ئىل غاسپىرالىنىڭ مەكتۇپىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان
مىسسىيونېر ن. ئوستىروموف بىلەن ك. پ. پابېدىناستىسېۋگە
بەرگەن. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان ۋىرىۋېسكىي ئىسمائىل
غاسپىرالىغا جاۋاب خەت يېزىشنى هاجەتسىز دەپ بىلگەن. بۇنداق
بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە سەۋەب بار ئىدى.

چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم ئۆلكىلىرىنى ئۆز
مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، 1867 ـ يىلى تاشكەنتنى مەركەز
قىلىپ تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنى تەسىس قىلغان. گېنېرال
ك. پ. كوۋفمان گۇبېرناتور بولغان. ئۇ يەرلىك ئاھالىنى
رۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ن. ئى. ئىلمىنسكىي (1822 ~
1891) نىڭ قازان تاتارلىرىنى رۇسلاشتۇرۇش تەجرىبىسىنى تۈر-
كىستان رايونىدا تەتبىقلاش ئۈچۈن ئۇنى تاشكەنتكە تەكلىپ قىل-
غان. ئىلمىنسكىي ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنى ناھايىتى مۇ-
كەممەل بىلىدىغان، «بابۇرنامە» نى 35 يېشىدا رۇسچىغا تەرجىمە
قىلىپ قازاندا نەشر قىلدۇرغان تۈركولوگ ئىدى. ئۇ قازان دىنىي
ئاكادېمىيەسىنىڭ پىروفېسسورى، تۈركىي خەلقلەرنى رۇسلاشتۇ-
رۇش مەقسىتىدىكى مائارىپ لايىھەسىنى تۈرگۈزۈپ چىققان، تا-
تارلارنى رۇسلاشتۇرۇشتا زور تەجرىبە توپلىغان مىسسىيونېر ئى-
دى. چارروسىيە مۇستەملىكە قىلغان تۈركىستان رايونىدا ئېچىلغان
«رۇس ـ تۈرك» مەكتەپلىرى ئىلمىنسكىينىڭ لايىھەسى ئاسا-
سىدا قۇرۇلغانىدى. چارروسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە
قاراتقان مائارىپ سىياسىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: ۋولگا دەرياسى
بويلىرى، ئۇرال، كاۋكاز، قىرىمدىكى تۈركىي خەلقلەر مائارىپى

www.uyghurkitap.com

پىروگراممىسىغا سىڭدۈرۈلگەن رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تۈركىستان رايونىدىكى خەلقلەر مائارىپىغا تەتبىق قىلىش ئىدى. بۇ سىياسەت رۇسىيە مائارىپ ۋازارىتىنىڭ 1869 ـ يىلىدىكى نىزامنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ نىزامنامە رۇس مىسسىيونېرلىرىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى ئىلمىنىسكىينىڭ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى رۇسىيەنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىدە يېڭى مائارىپ سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ سىياسەت توغرۇلۇق ئامېرىكىلىق جەدىدشۇناس دوكتور ئەدىب خالىد «ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىدچىلىك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «مۇستەملىكە مەمۇرىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام قانۇنى، ئەمرىمەرۇپلارغا ئەمەل قىلىشلىرىنى مەنئى قىلمىدى. كونا مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ پائالىيىتىگە توسالغۇ بولمىدى. ئەكسىچە، ئېتىبار قىلمىدى. مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئېتىبارىدىن چەتتە قالغانلىقى ۋە دۆلەت ياردىمىدىن مەھرۇم بولغانلىقى، ۋەخپە مۈلۈكلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەر قولىغا ئۆتكەنلىكى باش ھۆكۈمەت نەزىرىدىن ھەم قالدى. ھۆكۈمەت يەرلىك خەلقنى «رۇس ـ تۈرك» مەكتەپلىرىگە جەلپ قىلىش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. چۈنكى بۇ مەكتەپلەردە يەرلىك باللار ۋە رۇس باللىرى بىرلىكتە تەلىم ئالاتتى. يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىش ئاسان ئىدى، بۇ ئارقىلىق چاررۇسىيەگە سادىق يەرلىك قاتلام تەشكىل قىلىش مۇمكىن بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن گېنېرال گۇبېرناتور كوۋفمان مائارىپ تۈزۈمىنىڭ باش مەقسىتى، دىنىي ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رۇسىيە ئۈچۈن پايدىلىق بولغان يۇقرالارنى تەربىيەلەش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.» بېنجامىن. س. لېۋىيىنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانىدىن قارىغاندا «1884 ـ يىلىدىن كېيىن، رۇس تىلىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى

ئاتالمىش ‹رۇس ـ تۈرك› مەكتەپلىرىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپلەردە يېرىم كۈن رۇسچە ئۆگىنىش، يېرىم كۈن ئەنئەنىۋى مەكتەپلەردىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش يولغا قويۇلغان. بىراق، بۇ مەكتەپلەر بەك كۆپ ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەن[1].»

تۈركىستان گۇبېرناتورى ۋىرىۋېسكىي ئىسمائىل غاسپىرالىغا جاۋاب خەت يازمىغاندىن كېيىن ئۇ پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان غايىلىك كىشىلەردە بولىدىغان روھ بويىچە دادىل ئىش كۆرۈپ، 1893 ـ يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاشكەنتكە كەلگەن. ئۇ يەردىن سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا بارغان. سەمەرقەنتتە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان تاتار مىليونېر غەنىباي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. سەمەرقەنتتىكى مېھماندارچىلىقلاردا تەبىئىي ھالدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە سۆھبەت بولغان. نەتىجىدە، ئىسمائىل غاسپىرالى سىناق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان. مىليونېر غەنىباي خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولغان، ئىسمائىل غاسپىرالى ئېلىپبە ۋە ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان باكۇلۇق ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىد غەنىزاتنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سەمەرقەنت شەھىرىدىن 30 غا يېقىن بالىنى يىغىپ بىر سىنىپ قىلىپ ئوقۇش باشلىغان. ئېلىپبە ئۆتۈلۈپ 40 كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنىڭ ساۋاتى چىققان. سىناق مۇۋەپپەقىيەت-

① بېنجامىن . س. لېۋىي: «شىنجاڭ مائارىپى: 1884 ~ 1928»، بۇ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى بولۇپ، 2006 ـ يىلى ئامېرىكا ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزىي ياۋروپا ـ ئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتېتىغا ئۇنۋان ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان. بۇ ماقالىدىكى شىنجاڭ جەدىدچىلىك مائارىپى 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردىكى بايانلار ئاساسىدا يېزىلغان. ئاپتور ماتېرىياللارنى تەنقىدىي نەزەر بىلەن تەكشۈرۈپ باقمىغاچقا بەك كۆپ ئىلمىي خاتالىقلارغا يول قويغان.

www.uyghurkitap.com

لىك بولغان، كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان. تاشكەنتلىكلەر ھەتتا بالىلارنىڭ ساۋاتىنى ناھايىتى تېز چىقارغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەكتەپنى «ماشىنا مەكتەپ» دەپ ئاتاشقان. بۇ مەكتەپنىڭ داڭقى ئەتراپقا تارقالغان. مەكتەپنىڭ داۋرىڭى چاررۇسىيە مەمۇرى بولغان مائارىپ باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن بۇ مەكتەپنى قانۇنسىز، دەپ دەرھال تاقىغان. بەزى يەرلىك مۇتەئەسسىپ روھانىيلارمۇ تەتۈر شامال چىقارغان. قازان شەھىرىدە تۇرىدىغان مۇستەملىكىچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك ن. ئى. ئىلمىنسكىي ئۆزىنىڭ تۈركىستاندا ئىش بېجىرىدىغان مەسلەكدىشى ك. پ. پابېدىناستىسېۋگە يوللىغان مەكتۇپىدا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن: «ئالىملاردىن ۋە ئۆتە بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاگاھ بولۇڭلار. ئەدەپلىك ۋە ۋۇجۇدى بىلەن دىنغا بېرىلگەن ئاددىي ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىڭلار. رۇس بىلىمىنى ئۆگەنمىگەن، رۇسلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەن يەرلىك ئادەملەر بىز ئۈچۈن رۇسچە بىلىم ئالغان تاتارغا قارىغاندا ياخشىراق. يامىنى ئۇنى ـ بۇنى بىلىۋالغانلار، ئەڭ يامىنى ئۇنىۋېرسىتېت تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەردۇر. بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ئادەملەر رۇس تىلىنى ياخشى بىلمەسلىكىدىن قىزىرىدىغان، ئانچە ـ مۇنچە خاتا يازىدىغان، گۇبېرناتوردىنلا ئەمەس، ئاددىي مەمۇرلىردىنمۇ قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.»

دېمەك، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى مانا مۇشۇنداق ياۋۇز مۇستەملىكىچى سىياسەت ۋە يەرلىك قاشاڭ ئاڭ ـ ئىدىيە ئىگىلىرى تەرىپىدىن يوققا چىقىرىلغان. ئەمما، بۇ چاغدا ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ھەپتىدە بىر سان چىقىشقا ئۆزگەرتىلگەن «تەرجىمان» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كەڭ تارقالغان. ئىلغارلىققا مايىل، ئەمەلىيەتچى، يىراقنى كۆرەر ياشلار «تەرجىمان» گېزىتىدىكى ئاكتۇئال سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىق-

تىسادىي، مەدەنىي، مىللىي ۋە دىنىي خەۋەر، مۇلاھىزىلەرنى ئو-قۇپ بارا ـ بارا جەدىدىزملىق ئاڭغا ئىگە بولغان①.

ئىسمائىل غاسپىرالى «تەرجىمان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئىش ئىلىم ۋە مائارىپ ئىشىدۇر. ئەڭ مۇقەد-دەس ئىنتىلىش ئىلىمگە، مائارىپقا ئىنتىلىشتۇر. چۈنكى ئىن-ساننى ئىنسان قىلغان مېھنەت ۋە بىلىمدۇر. بىلىم مەدەنىي تۇر-مۇشقا يېتىش ۋاستىسىدۇر. مەدەنىي تۇرمۇش بولسا ئىنساننىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە ئۇسۇلىدۇر.» قالاقلىق، نادانلىق ئاسارىتىدە ۋىجدانى پۇچىلانغان ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ بۇ خىتابلارنى هايا-جانلانماي ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1897 ـ يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ مەھ-مۇد خوجا بەھبۇدى (1874 ~ 1919) بىلەن كۆرۈشكەن. دەل مۇشۇ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئارىدىن ئون يىللار ئۆتكەندە، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدچىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. شۇ ئۇچرىشىشتا 46 ياشقا كىرگەن ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن 23 ياشقا كىرگەن مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. بەرچىناي جۇدايىۋانىڭ «ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدىلىك ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1898 ـ يىلى قوقەنتتە موللا سالاھىدىن ئەپەندى تەرىپىدىن تە-سىس قىلىنغان. يەنە بىر ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، 1900 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سالاھىدىن ئەپەندى دەپ ئاتىلىدىغان تاتار مۇئەللىم قوقەنتلىك ئەلى ئەسقەر ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ مەكتەپ ئاچقان ھەم ئۇسۇلى سەۋتىيە بىلەن با-

① يالقۇن روزى: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟»، «شىنجاڭ مەدەنى-يىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلى 1 ـ سانى.

www.uyghurkitap.com



لىلارنى ئوقۇتۇشنى باشلىغان. ئالتە ئاي توشقاندا جامائەت ئالدىدا بالىلاردىن ئىمتىھان ئالغان. جامائەت 8 ~ 9 ياشلاردىكى بالىلارنىڭ خەت يېزىشنى، كىتاب ئوقۇشنى، ھېساب ئىشلەشنى، جۇغراپىيە ۋە تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ھەم قىرائەت قىلىشنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ ھەيران قېلىشقان. ئابدۇقادىر شۈكۈرى 1901 - يىلى ئاتايىن بۇخارادىن كېلىپ بۇ مەكتەپ بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن. ئومۇمەن، چارروسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان تۈركىستان رايونىدا، جۈملىدىن تاشكەنتتە ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشى تاتار مۇئەللىملەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. يەرلىك خەلق تاتار مۇئەللىملەر قوللانغان جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى دەسلەپتە «نوغايچە ئوقۇتۇش» دەپ ئاتاشقان. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى 1900 - يىلى تاشكەنتكە كەلگەن بىر تاتار مۇئەللىم بەشياغاچ دەرۋازىسىدىكى «نوغاي مەھەللىسى» دە قوللانغان. ئۆزبېكلەر كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى تاتارچە ئېلىپبەنى قازا تۇنكە تاختىغا بور بىلەن يازدۇرۇپ ئوقۇتۇش ھەم ئانچە - مۇنچە ھېساب ئۆگىتىش ئىدى. بۇ «نوغايچە ئوقۇتۇش» ئىدى. تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقى تېررىتورىيەسىدە تۇنجى بولۇپ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان مەشھۇر ئۆزبېك جەدىدچى مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخاندۇر. ئۇ 1901 - يىلى يەرلىكلەردىن تۇنجى بولۇپ تاشكەنت شەھرىدە جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. ئارقىدىنلا توقماق شەھرىدە ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇش مېتودىنى قوللانغان بىر مەكتەپ، ئەنجاندا شەمسىدىن داموللا ئاچقان بىر مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. 1903 - يىلى سەمەرقەنتتە ئابدۇقادىر شۈكۈرى ۋە مەھمۇد خوجا بەھبۇدىيلار تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. شۇنداق قىلىپ جەدىدچە مەكتەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان. ئارقىدىنلا گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنغان. دەرسلىكلەر تۈزۈلگەن. جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان. مەھمۇد خوجا بەھبۇدى، ئابدۇقا-

دىر شۈكۈرى، مۆنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇللا ئەۋلانى، سەدىردىن ئەينى، ھەمزە ھەكىمزادە، ئەبەيدۇللا خوجا، ئابدۇرەئۇف پىترەت، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى، پەيزۇللا خوجا، ئوسمان خوجا، چولپان قاتارلىق داڭلىق جەدىدچىلەر ئوخشاشمىغان ساھەلەر بويىچە باشلامچىلىق قىلغان، پىداكارلىق كۆرسەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى مۇستەملىكىچى چارپادىشاھ دائىرىلىرىنى ئەندىشىگە سالغان، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە پىروگراممىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسى تۈركىي خەلقلەر تەپەككۇرىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاب ئىدى. بۇنداق تەپەككۇر ئىنقىلابىنىڭ ئاقىۋىتى چارىزمغا پايدىسىز دەپ قارىغان چارپادىشاھ دائىرىلىرى، جەدىدىزم ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك قەبىھ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن ھەم مۇتەئەسسىپ دىن پېشۋالىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئىچكى ئىختىلاپنى كۈچەيتكەن. بولۇپمۇ جەدىدچە مەكتەپلەرنى تاقاش، بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئومۇملىشىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىش، شۇ ئارقىلىق بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىشقا ئۇرۇنغان.

دېمەك، تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن مەركەز قىرىمنىڭ باغچە ساراي شەھىرى ئىدى. ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن شەخس موسكۋادا ئوقۇغان، فىرانسىيەدە ئىككى يىل ئۆگەنگەن داڭلىق زىيالىي ئىسمائىل غاسپىرالى ئىدى. بارلىققا كەلگەن ۋاقتى 1884 ـ يىلى ئىدى. بۇ بارلىق جەدىدشۇناسلار ئېتىراپ قىلغان ئورتاق قاراش ئىدى. پەقەت بىز لا بۇ ھەقىقەتنى ئۆگەنمىگەنىدۇق. شۇڭا يىلنامىلەرنى خالىغانچە قوللىنىپ، جەرياننى خالىغانچە بايان قىلىپ، سەۋەبنى خالىغانچە توقۇپ جەدىدلىك ھەرىكىتىنى گويا بىز باشلىغاندەك تەرزدە يېزىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە، جەدىدلىك ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ ماقالە ـ ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىنغى-

www.uyghurkitap.com

نىدەك ئۇنداق ئادەتتىكى ھەرىكەت ئەمەس ئىدى. مائارىپتىكى زور ئىسلاھات ھېسابلىنىدىغان جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە تەربىيەلەنگەن ئوقۇتقۇچى بولمىغان شارائىتتا كونا مەكتەپلەرنىڭ خەلپەتلىرىگە تايىنىپلا بۇنداق مەكتەپنى ھەرگىز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئۇنداقتا، ئىلى ۋادىسىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان؟ شۇبھىسىزكى، قىرىمدىن تارقىغان جەدىدلىك مەشئىلىنىڭ ئۇچقۇنلىرى تاتارىستان، ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە جەدىدچە مائارىپنىڭ ئوچاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەندەك، ئانا دىيارىمىزدىكى ئاتۇش، غۇلجا، چۆچەكتىن[1] ئىبارەت ئۈچ يۇرتتا ئوخشاش مەزگىلدە جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئانا دىيارىمىزدىمۇ خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك تەرەققىيپەرۋەر بايلارنىڭ ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان ياش زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ بولغان.

تاتارىستانلىق ئاكادېمىك مىرقاسىم گوسمانوف (ئوسمانوف) نىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قازانلىق ۋەلىشاھ غالىئەكبەرېف دېگەن بىرەيلەن «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1899 ـ يىلى 10 ـ دېكابىردىكى سانىغا بىر خەۋەر يازغان. خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۈسەيىن مۇسابايېف 1898 ـ يىلىدا «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن رۇ-

① مالىك چانىشىف (تاتار) ئەپەندى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «چۆچەك شەھىرىدە تۇنجى ئۇسۇلى جەدىدچە تاتار مەكتىپى 1910 ـ يىللاردا ئېچىلغان» (74 ـ بەت) دەپ يازغانىدى. ئەينى زاماندا چۆچەكتە ياشىغان تاتار تارىخچى قۇربان ۋەلىدى خالىد 1905 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى» ناملىق كىتابىنىڭ 751 ـ بېتىدە «چۆچەكتە تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1899 ـ يىلى 15 ـ دېكابىردا ئېچىلغان» دەپ يازغان. مەن قۇربان ۋەلىدى خالىد ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى ئۇچۇرنى ئىشەنچلىك دەپ قارايمەن.

سىيەنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدىكى جەدىدچە تاتار مەدرىسەسىگە ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتكەن. مانا شۇ كىشى ئورېنبۇرگدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ «ئۇسۇلى سەۋتىيە» بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، شۇ كۈنلەردە غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ خەۋەرنى يازغان ۋەلىشاھ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1900 - يىلى 16 - يانۋار كۈنىدىكى سانىدا يەنە ماقالە يېزىپ ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ ئىشقا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ھۈسەيىن مۇسابايېف يەنە بىر كىشىنى — ھاجى سوپى ئوغلى مەسۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن باغچە ساراي شەھىرىگە ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ مەسۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. «تەرجىمان» گېزىتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ تۇرغان («تەرجىمان» 1902 - يىلى 3 - ئاۋغۇست).

مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ ماقالىسىدىكى بۇ بايان بىزگە مەسۇم ئەپەندى قىرىمغا بارغاندا قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغانلىقىدەك مۇھىم ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ. قەشقەردىكى جەدىدچە مەكتەپ ئابدۇلكەرىم (كېرەم) ئەپەندى ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە 1899 - يىلى كەچ كۈزدە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نى كۆرسىتىدۇ[1]. غۇلجىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنى كىملەر ئاچقان بولۇشى مۇمكىن؟ يۇقىرىقى باياندا كۆرسىتىلگەندەك «ھۈسەيىن باينىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىش-

① يالقۇن روزى: «لاي قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 - يىلى نەشرى.

چانلىقى» ئاساسىدا ئېچىلغانمۇ ياكى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رۇسىيەلىك تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىلغانمۇ ۋە ياكى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم تەرىپىدىن 1895 ـ يىلى ئېچىلغانمۇ؟ مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم 1895 ـ يىلى ياركەنتتىكى ئابدۇراخمان داموللا دېگەن تاتار كىشىدىن جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىپ غۇلجىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان، دېگەن قاراشنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ قاراشتا مەن باشتا ئېيتقاندەك مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بار. لېكىن بۇ ئاساس بۇ قاراشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشىغا يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىسىز گۇمانلىق ئىككى نۇقتا بار: (1) ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ غۇلجىدا دىنىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئېلىپ كىرگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان قاراش بولسىمۇ، مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ماقالىسىدە «1895 ـ يىلى» دېگەن يىلنامىنى دەلىل ـ پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور بۇ ماقالىسىنى 1984 ـ يىلى يازغان. ئارىدا 90 يىل ۋاقىت بار، شۇڭا يىلنامىنى بايان قىلغاندا ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا، ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. خاتا كېتىپ قېلىش ئەھۋالى ھەر زامان مەۋجۇت. مەسىلەن، مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىمۇ يىلنامىگە ئالاقىدار مۇنداق بىر روشەن خاتالىق كۆرۈلگەن: «1910 ـ يىلى كەشفۇلئەسرار دامولـلامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاتارلار ‹نوغاي مەكتىپى› دەپ مەكتەپ ۋە بىر قىرائەتخانا ئاچقان.» بۇ باياندا ئىككى خاتالىق كۆرۈلگەن. بىرى، 1910 ـ يىلى ئەمەس 1914 ـ يىلى دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى. يەنە بىرى، كەشفۇلئەسرار دامولـلامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەمەس، ئابدۇللا بۇبىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى. (2) مۇرات ھەمرايىف بىلەن نەزەر

خوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ياركەنتنىڭ مائا-رىپ ئەھۋالىنىڭ 1895 ـ يىلى ئۇ دەرىجىدە ئۇستۇن ئەمەسلى-كىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىلىق مۇنداق ئىككى ئامىل بار: (1) «ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۇچىلەرنىڭ بىرى» دې-گەن ئۇچۇرنى يازغان مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپىتىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق، مۆتىۋەر كى-شىدۇر. ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى يازغان بولۇپ، ئىشەنچلىك-لىك دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى. (2) ياركەنت شەھىرىدە ھەققە-تەن ئابدۇراخمان داموللام دېگەن كىشىنىڭ بىر مەزگىل تۇرغان-لىقى توغرا بايان قىلىنغان. ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىسىدە ئاب-دۇراخمان دامولىنىڭ ياركەنتتە ياشىغانلىقىغا ئائىت بىر ئۇچۇر بار. ئابدۇللا بۇبى بۇ ئۇچۇرنى 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى غۇلجىغا كېلىپ، تاتارلارنىڭ قىزلار مەكتىپى بىلەن ئو-غۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ بىرەر ئاي ئۆت-مەي تۇرۇپ، غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلى تاتارلار ئۇچۇن ئاقسا-قال[1] لىققا تەيىنلىگەن 40 ياشلاردىكى فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ زەرىبىسىگە ئۇچرىغاندا بايان قىلغان. ئۇ خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن بۇرۇن، بىزدىن مۇساپىلارغا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن ئابدۇلمۇتەللىپ ئىلكايىفنىمۇ فازىلجان ئەپەندى يولغا سېلىۋەتكەنىكەن. مېنىمۇ ئۇ، ئابدۇلمۇتەللىپنى يولغا سې-لىۋەتكەندەك يولغا سېلىۋەتمەكچى ئىكەن. لېكىن ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى.»، «ئۇنىڭ پۇتۇن مەقسىتى ھەركىمنى ئۆزد-

① ئاقساقاللىق تۇزۇمى بەگلىك تۇزۇمىگە ئوخشاش تۇزۇم بولۇپ، چاررۇسىيە ھۆكۇمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تاتار، ئۆزبېك پۇقرالىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن ئادەمگە بېرىدىغان ئەمەل نامى. فازىلجان ئاقساقال تاتارلارنىڭ كاتتا بايلىرىدىن بو-لۇپ، ياركەنتتىن غۇلجىغا 1904 ـ يىلى ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئاقساقال بولۇپ كەلگەن.

گە بېقىندۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىلىملىك قىلىپ كۆرسى-تىشتۇر. ئۆزىگە بېقىنمىغان، ئۆزىدىن پازىل بىر ئادەمنى ھەر ۋاقىت بار كۈچى بىلەن بوزەك قىلىشقا، يوقىتىشقا ھەرىكەت قى-لىپ يۈرىدۇ. ياركەنتتىكى داموللا ئابدۇرەھمانىنىمۇ ئۇ خاراب قىلغان. پىتنە توقۇپ ئىناۋىتىنى تۆككەن.»

بۇ ئۇچۇردىن بىز ئابدۇراخمان داموللىنىڭ ياركەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللى-يەلەيمىز.

قىسقىسى، ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ئىلىدا ئۇسۇلى جەدىد ئو-قۇتۇشىنى يولغا قويغان پېشۋا مائارىپچىلاردىن بىرى ھېسابلاندى-سىمۇ، ئەمما، پاكىت يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئاساس كۈچلۈك بول-مىغاچقا تۇنجى جەدىدچى دېگەن ئاتاققا نائىل بولالمايدۇ. مۇئەي-يەنلەشتۈرۈش بىلەن ئىنكار قىلىشنىڭ ئاساسلىرى تەكشۈرۈلۈپ قالغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچلۈك ئاساس ياكى ھۆججەت-لىك پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىققاندا، چوقۇمكى، بۇ ئىككى تەكشۈرۈلۈك قاراشنىڭ بىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

ئىلىدا مۇنتىزىم يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىرقەدەر كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان قاراش مەسۇم ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.

مەسۇم ئەپەندى دېگەن ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ھازىرقى كىشىلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس. لېكىن ئۇنتۇ-لۇپ كەتكەن بۇ ئادەم ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىدىكى تۆھ-پىسى ئەڭ زور پېشۋا مائارىپچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇر جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان ئاكا — ئۇكا مۇسابايېفلار رۇسىيەدىكى تاتار شەھەرلىرىدە سودا قىلىش جەريانىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ بال-دۇر تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 1898 — يىلى ئاتۇشتىن كېرەم

ئەپەندىنى ئۇرىنبۇرگقا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1902 ـ يىلى 3 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن بىز ھاجى سوپى ئوغلى مەسۇم ئەپەندىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن ھۇسەيىن مۇسابايېف تەرىپىدىن باغچە ساراي شەھىرىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئەنە شۇ مەسۇم ئەپەندىنىڭ مۇخبىرغا قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە توققۇز جەدىدچە مەكتەپ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز. مەسۇم ئەپەندى باغچە سارايغا بارغاندىن كېيىن مۆتىۋەر جەدىدچى ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن كۆرۈشكەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئۇنىڭغا يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇش تەكلىپىنى بەرگەن. چۈنكى بۇ يىللاردا تۈركىيەدە ياۋروپاچە مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلىپ يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە يۈكسەلگەن. مەسۇم ئەپەندى ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ تەكلىپى بىلەن باغچە سارايدىن 1902 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوقۇش مەقسىتىدە تۈركىيەگە بارغان. مەسۇم ئەپەندى تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن 1884 ـ يىلى مەھمەت نادىر بەي تەرىپىدىن قۇرۇلغان «نەمۇنە تەرەققىي مەكتىپى» دە ئوقۇش ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ باش نازارىتىگە ئىلتىماس سۇنغان. ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرگەن مائارىپ نازىرى جەلالىددىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا تۆۋەندىكىچە ئىلتىماس سۇنغان:

**مائارىپ باش نازارىتىدىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا:**

*غۇلجىدا «مەكتىپى ھۇسەينىيە» مۇئەللىمى بولۇپ، چىنىدىكى ئىسلام مەكتىپىدە ئۆگەنگەن ۋە كۆرگەن ئىلىمنى ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسلامنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇللىرىنى قولايلاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سۇلتانلىقىمىزغا ئەۋەتىلگەن مەسۇم ئە-*

*پەندىنىڭ «نەمۇنە تەرەققىي مەكتىپى» گە ئىلتىجا قىلغان ئىلتىماسى ماڭا كەلدى. مەزكۇرنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئۇسۇلدا ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇۋاپىق باشقا بىر مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ھەققىدە پەرمان قىلىپ 1318 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 1929 ـ نومۇرلۇق مەخسۇس بۇيرۇق بىلەن مەزكۇرنى خەلىپىلىكىمىزگە تەۋە مەخسۇس مۇئەللىم يېتىشتۈرىدىغان «دارىلمۇئەللىمىن» گە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلىپىلىكىمىزنىڭ «مەكتەبى مۈلكىيە»[1] دىمۇ ئوقۇشىغا سۇلتانىمىز ئەمر قىلسا.*

*ھىجرى 1320 ـ يىلى جەمادىيەل ئاخىرنىڭ 27 سى*
*(1902 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى)*
*مائارىپ نازىرى جەلالىددىن*

بۇ قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇردىن بىز مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار غۇلجىدا ئاچقان جەدىدچە مەكتەپ «مەكتىپى ھۈسەينىيە» نىڭ مۇئەللىمى ئىكەنلىكىنى، «تەرجىمان» گېزىتىدىكى خەۋەردە ئېيتىلغاندەك «جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن» باغچە سارايغا ئوقۇشقا بارغانلىقىنى بىلەلەيمىز.


ئۇنداقتا، «مەكتىپى ھۈسەينىيە» قاچان ئېچىلغان؟ بۇ سوئالغا ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس. كېرەم ئەپەندى توغرۇلۇق «تەرجىمان» گېزىتىگە بېسىلغان خەۋەردىكى «غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن» دېگەن ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ، بەلكىم ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى

---

① «مەكتەبى مۈلكىيە» ـــ 1856 ـ يىلى قۇرۇلغان ھاكىم ۋە مەمۇرىي باشلىق يېتىشتۈرىدىغان مەمۇرشۇناسلىق مەكتىپى. كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتى بولغان.

ئۆگىنىپ كەلگەن كىرەم ئەپەندى غۇلجىدا مەسۇم ئەپەندىگە ئوخ-
شاش بىرنەچچە ياشقا ئۆزى ئۆگىنىپ كەلگەن جەدىدچە ئوقۇتۇش
مېتودىنى ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا
قويالايمىز. چۈنكى ئۇسۇلى جەدىد مېتودى ئەنئەنىۋى مائارىپ
ئۈچۈن زور يېڭىلىق ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، ئۆگىنىۋېلىش ئۇز-
چىۋالا تەس مېتود ئەمەس ئىدى. بۇ كونىچە مەكتەپلەردىكى بو-
غۇمنى بوغۇمغا قوشۇپ يادلاپ ساۋات چىقىرىدىغان قىيىن ئۇ-
سۇل، يەنى «ئۇسۇلى ھىجا» مېتودىنىڭ ئورنىغا، تاۋۇشلارنى تونۇش
ۋە قوشۇپ ئوقۇش ئارقىلىق ساۋات چىقىرىدىغان «ئۇسۇلى سەۋتىيە»
مېتودىنى كۆرسىتەتتى. بۇ 1810 ـ يىللىرى گېرمانىيەلىك پېداگوك
ھېربېرت (Johann Friedrich Herbart، 1776 ~ 1841) ياراتقان
تېز ساۋات چىقىرىش مېتودى ئىدى. ئەلۋەتتە، جەدىدچە مائارىپ
ئوقۇمى ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئۇسۇلى
سەۋتىيە مېتودى ئۇسۇلى جەدىد مېتودى ئىچىدىكى بىر مۇھىم
ئۇسۇل ئىدى. يەنى تېز ساۋات چىقىرىش مېتودى ئىدى. ئەينى
يىللاردا كونىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار 5 ـــ 6 يىل
ئوقۇپمۇ كۆپىنچىسى يېزىشنى ئۆگىنەلمەيتتى. ئەمما ئۇسۇلى
سەۋتىيە مېتودىنى قوللىنىپ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە ئوقۇش
ۋە يېزىشنى ئۆگىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. بۇ شۇ
يىللاردا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ھەيران قالارلىق يې-
ڭىلىق ھېسابلانغاچقا، ھەر قېتىملىق ئىمتىھان يۇرت جامائىتى-
نىڭ ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىنىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق
قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. دېمەك، مەسۇم ئەپەندى بەلكىم
كىرەم ئەپەندىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى ئېھتىمال دېيىشىمىزدىكى
سەۋەب مۇشۇ. نېمە ئۈچۈن مەسۇم ئەپەندى كىرەم ئەپەندىدىن ئۆ-
گەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دەيمىز دېگەندە، كىرەم ئەپەندىنى ئو-
رېنبۇرگقا باشقا بىرى ئەمەس، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئوقۇشقا
ئەۋەتكەن. مەسۇم ئەپەندى باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، ئاكا ـ ئۇكا

www.uyghurkitap.com




بۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ نازىرى جەلالىددىن تەرىپىدىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا يېزىلغان خەت

مۇساباييېفلار غۇلجىدا ئاچقان «مەكتىپى ھۇسەينىيە» نىڭ مۇئەللىمى. بۇ مۇناسىۋەتمۇ بىزنىڭ پەرىزىمىزنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىدۇ.

مەسۇم ئەپەندى تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ كەلگەندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار غۇلجىدا مەخسۇس يېتىم باللار ئۈچۈن ئاچقان «يېتىملەر مەكتىپى» دىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇنى بىز تۈركىيەدە چىقىدىغان «سىراتىل مۇستەقىم» دېگەن گېزىتنىڭ 1909 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ گېزىتتە يېزىلىشىچە، ئىسمائىل غاسپىرالى 1909 ـ يىلى تۈركىيەدە ئېچىلغان، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ ۋەزىرى ئەھمەد مىتھاد ئەپەندى قاتناشقان بىر يىغىندا مەسۇم ئەپەندىنىڭ غۇلجىدا يېڭى مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن مەش-

غۇل بولۇۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغان. ئەشرەپ ئەدىب بەي بۇ دوكلاتنى خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ ھىجرىيە 1327 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 19 ـ كۈندىكى «سىراتىل مۇستەقىم» گېزىتىدە ئېلان قىلغان.

ئۇنداقتا، ئىلىدا تاتارلار كۆپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى سەۋىيىسى بويىچە تەسىر كۆرسىتىشىنى نەزەرگە ئالامدۇق ـ يوق؟ ئۇلار تەربىيىدىن تەربىيەلەنگەن بولسىچۇ؟ دېگەندەك سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل سوئاللارغا بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن تاتارلارنىڭ غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشى 1900 ـ يىللىرى باشلانغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشىدەك جانلىق بولمىغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى پاكىتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرى، «سىراتىل مۇستەقىم» گېزىتىگە بېسىلغان يۇقىرىقى خەۋەردە «باشقا جەھەتتىن چىن مۇسۇلمانلىرى تېخىمۇ بالدۇر ھەرىكەت قىلماقتا» دېگەن جۈملە ئارقىلىق ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېف ۋە مەسۇم ئەپەندى قاتارلىق ئىلى جەدىدچىلىرىنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش جەھەتتىكى ئاكتىپ پائالىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىككىنچى، بۇ خەۋەردىكى «چىن مۇسۇلمانلىرى» ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدىكى ئىلى تاتارلىرى تەۋەلىك جەھەتتىن رۇسىيە پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئىلىدىكى رۇس كونسۇلى باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشى ئىدى. يەنە بىر پاكىت، ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ خاتىرىسىدە 1913 ـ يىلى 42 يېشىدا غۇلجىغا ئايالى ھۆسنۇفاتىمەنى ئېلىپ تاتارلار ئاچقان ئوغۇللار ۋە قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا كەلگەن چاغدىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازغان: «مەن كەلگەن يىلى ئوغۇللار مەكتىپىدە تۆت سىنىپقا بىر مۇئەللىم باركەن. قىزلار مەكتىپىدە بىرمۇ مۇئەللىمە يوقكەن.

مەن كەلگەندىن كېيىن سالاھىددىن ئەپەندىنى ئەكەلدۇردۇم. يۇ-
سۇپ قارىي، سالاھىددىن ۋە مەن ئۈچ مۇئەللىم بولدۇق. قىزلار
مەكتىپىگە ھۆسنۇفاتىمە، يېنىغا ئابدۇللا مۇھسىنىنىڭ خوتۇنىنى
ئەكەلگەندى. لېكىن مۇئەللىملىككە يارىمىغاچقا قايتۇرۇۋەتتۇق،
تۆت سىنىپتىكى قىزلارنى ھۆسنۇفاتىمە ئۆزى يالغۇز ئوقۇتۇشقا
مەجبۇر بولدى. مەنمۇ بىرئاز ياردەم قىلدىم.»

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غۇلجىدىكى تاتارلار 1913 -
يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى جەھەتتە مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق تارت-
قان. ناۋادا ئۇلار غۇلجىدا 1899 - يىلى مەكتەپ ئاچقان بولسا،
10 يىللار ئۆتكەندىكى تەرەققىياتى بۇ ھالەتتە بولمىغان بولاتتى.
1913 - يىلىغىچە ئۆزلىرىگە يارامىلىق مۇئەللىم تاپالماي تۇرغان
غۇلجا تاتارلىرىنىڭ مەسۇم ئەپەندىگە ئوخشاش 1899 - يىلىلا ما-
ئارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان مۇئەللىمگە ئۇسۇلى سەۋتىيە مې-
تودىنى ئۆگەتكەن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، مەن ئىلىدا تۇنجى جە-
دىدچە مەكتەپ — «مەكتىپى ھۇسەينىيە» 1899 - يىلىنىڭ باش-
لىرى ئېچىلغان، بۇ مەكتەپكە 1898 - يىلى ئۇرېنبۇرگقا بېرىپ
ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى ئۆگىنىپ كەلگەن كېرەم ئەپەندى
ئۇلگە كۆرسىتىپ دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، مەسۇم ئەپەندى قاتارلىق
تۇنجى جەدىدچى مۇئەللىملەرنى تەربىيەلىگەن، دەپ قارايمەن. كې-
رەم ئەپەندى قەشقەرگە بېكاردىن - بېكار غۇلجا ئارقىلىق قايتمىغان
بولسا كېرەك. بۇ مەنتىقىي خۇلاسە مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئىلى مائارى-
پىدىكى تۇنجى جەدىدچى ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قارايدىغان بولساق، مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئىسمى ئىلىدىكى يېڭى
مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ياز-
مىلاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، مەسۇم ئەپەندىنى
ماقالىسىدە تىلغا ئالغان كىشى نەسىردىن ناسىرىدۇر. مەن ماقا-
لەمنىڭ باش قىسمىدا «قىممەتلىك ئۈچۈرلار بار» دەپ مۇئەييەن-
لەشتۈرگەن «ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»

دېگەن ماقالىدە نەسىردىن ناسىرى مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئال-
تە قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ ماقالىسىدە غۇلجىدىن تۈركىيەگە ئو-
قۇشقا چىققانلارنى سانىغاندا باشتا مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئا-
تىغان. ئۇ ماقالىسىدە يەنە مۇنداق يازغان: «مەسۇم ئەپەندى، ئاب-
دۇراخمان ئەپەندى، جىرجىس هاجى قاتارلىقلار ئىلى بەيتۇللا
مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئىلىم - بىلىم دەرنەك مەكتىپى ئېچىپ،
شەهەردىكى بالىلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى يىغىپ پەن-
نىي بىلىملەرنى ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپ ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ
كېيىنكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.» نەسىردىن
ناسىرى ئەپەندى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار توغرۇلۇق
توختالغاندا «غاپپار پالتايوف، هەسىنىم پالتايوف، ئابدۇللا لوز-
دون، هەسەن شاڭخەي، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، مەقسۇت هاجىم قاتار-
لىقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشهۇر بىلىم ئىگىلىرى، سودا - سا-
نائەتنىڭ ماهىر يېتەكچىلىرى ۋە يېڭى ئىلىم - مەرىپەت تارقات-
قۇچىلاردىن بولۇپ قالغانىدى» دەپ يازغان.

ئەلۋەتتە، مەسۇم ئەپەندىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش پائالىيىتى
توسالغۇسىز بولمىغان. نەسىردىن ناسىرى ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە،
بۇ جەهەتتىكى كۈرەش گەۋدىلىك بولغان. بۇنى بىز تۆۋەندىكى با-
يانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن ئە-
پەندىلىرىمىز ياكى دىنىي ئۆلىمالىرىمىز بولسۇن خەلق مائارىپى-
نى راۋاجلاندۇرۇش، پەن ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە كۆپ تى-
رىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى مۇتەئەسسىپ
كۈچلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ، ياش ئوغول - قىزلىرىمىزنىڭ پەن-
نىي ئۆگىنىش، ناخشا ئېيتىش، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش-
تەك يېڭىلىق ئىشلىرىغا قارشى چىقتى. مۇتەئەسسىپ جاهىل
كۈچلەر يەنە: ‹جەدىدچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، دىنىي ئوقۇشىمىزغا
زىيان سالدى، تالىپلار دىنىنى تاشلاپ جەدىدچىلەرگە ئەگىشىپ
كەتتى› دېيىشىپ مەسۇم ئەپەندىنى دەرنەكنى يېپىشقا قىستىدى.

مەسئۇم ئەپەندى يۇرت مۆتىۋەرى ھەم پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، مەرىپەت ساھەسىدىكى مەسلىكىدىن يانمىدى، بەلكى خەلققە ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەدەنىيەت لازىملىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆپلىگەن ئىلغار زات ۋە ئۆلىمالار مەسئۇم ئەپەندىنى قوللاشتى. شۇڭا دەرنەك مەكتەپ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ، خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىدى. شۇ چاغدا ئىسمائىل خەلپەت بۇ مەكتەپ ھەققىدە مۇنداق بىر غەزەل ئوقۇپ يۇرگەنىدى:

بۇ مەكتەپ بېغىدا ئېچىلدى گۇل، ئەترە، رەيھان،
ئىلى شەھرىنى خۇشبۇي ھىدى قىلدى خاسىيەتلىك دەۋران.»

ئومۇمەن، غۇلجىنىڭ تۇرپانيۇزى يېزىسىدىكى نامدار ئائىلىدىن بولغان مەسئۇم ئەپەندىنىڭ نامى 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مائارىپ ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ماقالىلەردە ئۇچرايدۇ. 1934 ـ يىلىدىن باشلانغان غۇلجىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىدا بۇ كىشىنىڭ نامى پەقەت تىلغا ئېلىنمايدۇ. نەۋرىسى، شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىنىڭ ئېيتىشىچە، مەسئۇم ئەپەندى 1930 ـ يىلى قازا قىلغانىكەن.

مەسئۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئابدۇللا بوبى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق تىلغا ئالغان: «غۇلجىدا ئېچىلغان ھۆكۈمەت مەكتىپىدە بىر ـ ئىككى يىل ئىشلىگەن بىر ياپون بولۇپ، ئىنقىلاب ۋاقتىدا مەكتەپلەر تاقالغاندىن كېيىن، رۇسىيە ئارقىلىق لوندونغا كەتمەكچى بولغانىكەن. لېكىن، تاشكەنتتە، ‹ياپون جاسۇسى› دەپ قاراپ، رۇسلار تۇتۇۋېلىپ، ئون ئاي ساقچى نازارىتىدە تۇرغان ۋە ئاخىر يەنە غۇلجىغا ئەكېلىپ تاشلىغانىكەن. ھازىر بۇ يەردە تۇركىيەدە ئوقۇپ قايتقان مەسئۇم ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ.»

ئابدۇللا بوبى خاتىرىسىدە بۇ ئۈچۈرنى 1913 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى بىر ئىشقا باغلاپ يازغان. بۇ ئۇچۇردىكى ئىنقىلاب 1912 ـ

يىلى 1 ـ ئايدا غۇلجىدا يۈز بەرگەن «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى» نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياپون مۇئەللىم ئىلىدىكى ياپونىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ئوفىتسېر ياڭ زەنشۇ باشقۇرىدىغان يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەشكە تەكلىپ قىلىنغان بولسا كېرەك.

خۇلاسىلىگەندە، مەسۇم ئەپەندى ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرى باشلانغان چاغدىكى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا كېيىنكىلەر ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتكەن. نەسىردىن ناسىرىنىڭ ماقالىسىدىكى بايانلارمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى دېگەندەك قوزغىيالمىغان. 1910 ~ 1920 ـ يىللاردا ئىلىدا تېخىمۇ يېتىشكەن زىيالىيلار ۋە جەدىدچە ئوقۇتۇشقا ماھىر مۇئەللىملەر بارلىققا كەلگەچكە، لامپۇچكىدەك يانغان بۇ مۇئەللىملەر ئىلى يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بۇ تۇنجى شامنى خىرەلەشتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ «ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان؟» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ۋە قاراشلىرىم مۇشۇ. مەن بۇ ئىزدىنىشلىرىمنى ئاخىرقى چەك، بۇ قاراشلىرىمنى ئاخىرقى يەكۈن دەپ تۇرىۋالمايمەن. بۇ تېما ھەممىمىز ئۈچۈن ئوچۇق، پەقەت ئىزدىنىش ئۇسۇلىمىز ئىلمىي تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى، قاراشلىرىمىز پاكىتلىق، لوگىكىلىق بولۇشى شەرت! بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسسىز قاراشلارنى «جەننەت ماكان — ئىلى» دېگەن كىتابتىكىگە ئوخشاش تەكرارلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىغانغا ئەمدى ھېچقانداق باھانىمىز يوق. بۇ تېمىدىكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سەل قاراش ئىلمىي پوزىتسىيە جەھەتتىكى بىپەرۋالىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. پاكىتنى ھۆرمەت قىلىش، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈننى قوبۇل قىلىش ئىلمىي ساپاغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# نەزەرىيە ئەمەلىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز

ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەركىن مۇنازىرە مۇھىتىنىڭ قويۇق بولۇشى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، دەپ چۈشىنىش ئىلمىي ئەقىدىگە ئايلانسا، بىزنىڭ تەتقىقات ۋە تەنقىدچىلىك ساھەمىزدە تېزدىن جانلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولاتتى. ئۇنداق بولمىسا، تەتقىقات ساھەسىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار ئۆز پېتى قېلىۋېرىدىغان ھەم ئىزچىل تەكرارلىنىۋېرىدىغان، سۈپەت ئېغى يوق قەلەمكەشلەر ئەرزىمەس يازمىلىرىنى بىمالال ھالدا مەتبۇئاتلاشتۇرۇۋېرىدىغان، ئىلمىي ئۆلچەم ۋە ئىلمىي پرىنسىپ ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان، ياخال ئەسەرلەر ئىلىم مۇنبىرىنى قاپلاپ كېتىدىغان نورمالسىزلىق كۆرۈلۈۋېرىدۇ.

شۇڭا مەن، ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەركىن مۇنازىرە مۇھىتىنىڭ قويۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن ھەم ياقتۇرىمەن. چۈنكى، قۇرۇق ھاياجان تۇيغۇسىدىكى ئەمەس، بەلكى لوگىكىلىقى كۈچلۈك ئىدراكىي مۇھاكىمە تۇيغۇسىدىكى، شەخسىيەتچىلىك خاھىشىدىكى ئەمەس، ئىلمىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى ئەركىن مۇنازىرە ئىلمىي ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىلىق. بۇ تەتقىقاتچىلار ۋە ئەدىبلەر ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە پايدىلىق.

ھەربىر ئادەم ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيادا ياشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى دۇنياسى بولىدۇ. بۇ ئىككى

دۇنيا كىشىلەرنىڭ بىلىشى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق
باغلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا بەزىدە بىردەكلىكنى ساقلىسا،
بەزىدە زىددىيەتلىك ھالەتتە بولىدۇ. زىددىيەتلىك ھالەتنىڭ ئىپا-
دىسىنى شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىلىش ئۇ-
سۇلى ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەپەككۇرىدىن ھېس قىلغى-
لى بولىدۇ. بۇ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋا-
لىنى بىلىشتە روشەن دەلىل بولالايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، تەپەك-
كۇر جەھەتتە ئەگىشىش تىپىدىكى، خاراكتېر جەھەتتە قۇرۇقتىن -
قۇرۇق قايىل بولۇش تىپىدىكى، بولۇپمۇ نوپۇزغا قارىغۇلارچە ئى-
شىنىش تىپىدىكى ئوقۇرمەنلەر قەلەمكەشلەرنىڭ بايان، باھا،
مۇلاھىزە ۋە قاراشلىرىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىلىش
ئۇسۇلىنى ھەم لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەپەككۇرىنى بايقىيال-
مايدۇ. نەتىجىدە، قارىغويۇق قوبۇل قىلىدۇ - دە، خاتا يېتەكلىنىپ
كېتىۋېرىدۇ.

بۇنداق يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ھەم
قەلەمكەشنىڭ بىلىش ئۇسۇلى ۋە لوگىكا جەھەتتىكى خاتالىقىنى
كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ھېس قىلالمىغان تەرەپلىرىنى تونۇۋې-
لىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تەنقىدىي ماقالە ياكى مۇنازىرە ماقا-
لىسى يېزىش بەكمۇ زۆرۈر. بۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ ساغلام، سۈپەت-
لىك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. بولۇپمۇ پەرق
ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 2 -
سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلان-
غان؟› ناملىق ماقالىگە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ بىلىش
مەسىلىسىگە ياتىدىغان مەسىلىلەردە ئەھمىيەتلىك بىر مۇنازىرى-
نىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدۇم. مېنىڭچە، ماقالە ئاپ-
تورى غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان بولسا
كېرەك. ئىلمىي لاياقەتكە ئىگە ھەرقانداق بىر ئادەم ئىلمىي ئەھ-

مىيەتكە ئىگە ئىلمىي مۇنازىرىنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. ھەرقانداق
بىر پەن ياكى ھەرقانداق بىر لاياقەتلىك ئىلىم ئىگىسى كىشىلەر-
نى ھەرگىزمۇ ئۆز قارىشىغا شەرتسىز ئەگىشىشكە دەۋەت قىلمايـ-
دۇ، كىشىلەردىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلارنى مۇلاھىزىد-
سىز قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئىلىم ـ پەن گۇمانىي پو-
زىتسىيە ھەم تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدىكى تىنىمسىز ئىز-
دىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە مۇنازىرە قىلىش بىلەنلا گۈللىنىدۇ.
ئىلمىي ھەقىقەت ئىزدەش سەپىرى مۇشەققەتلىك ھەم دېموكراتىك
بولىدۇ. نوپۇزغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، سالاھىيىتىنى پەش قى-
لىش، ئىلىم مۇنبىرىنى مونوپول قىلىۋېلىش، ئىلىم زومىگىرى
سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقىش رەت قىلىنىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر
قەتئىي ئىلمىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» (تۆۋەندە قىسقارتىپ
شۇنداق ئاتايمەن) ناملىق ماقالىسىدە مېنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارد-
پىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە
تەتقىقاتىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ «يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائا-
رىپى ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق
ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخ-
شۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەش-
تۈرىمەن» دەپ كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ روشەن ئىلمىي پوزىتسىيە-
سىنى بىلدۈرگەن. مېنىڭچە بۇ، مەن تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ئەر-
زىيدىغان ئىلمىي باھا. چۈنكى، مەن يازغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارد-
پى قاچاندىن باشلانغان؟» دېگەن ماقالە 1980 ـ يىللىرىدىن بىرى
ئومۇملىشىپ، تۇراقلىشىپ كەتكەن بىر خاتا قاراشنى تارىخىي
پاكىتلارنى مىسال كەلتۈرۈش ۋە تارىخىي جەريانلارنى چۈشەندۈ-
رۈش ئارقىلىق تۈزىتىپ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېڭى ھەم
توغرا قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ماقالە ئىدى. غەيرەتجان ئوسمان
ئۇتغۇر مۇئەييەنلەشتۈرگەن بۇ مەسىلە مېنىڭ ماقالەمدىكى تۈپ

مەسىلە ئىدى. بۇ تۈپ مەسىلىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەت-
قىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تەتقىقاتچى تەرىپىدىن روشەن
پوزىتسىيەدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، مېنىڭ قارىشىمنىڭ قوبۇل
قىلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ناۋادا مېنىڭ قارىشىم
مۇشۇ تەرزدە باشقا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈل-
سە، بۇ مەن ئۈچۈن شەرەپ بولغاننىڭ ئۈستىگە، 30 يىلدىن بۇيان
داۋام قىلىپ كەلگەن بىر زور خاتالىققا خاتىمە بېرىلگەنلىك بى-
لەن نەتىجىلىنىدۇ. مېنىڭ قارىشىم باشقا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن
روشەن دەلىل ۋە قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈش بىلەن رەت قى-
لىنمىسىلا، ئوخشاشلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنگە باراۋەر بولۇۋېرىدۇ.
بىر تەتقىقات ماقالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان يېڭى قاراش ياكى يېڭى ھۆكۈم ماقالىنىڭ جېنى ھەم
قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا يېڭى قاراش ياكى يېڭى ھۆكۈم
تەتقىقات ساھەسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولسا بۇ
شۇ ماقالىنىڭ غەلىبىسىدۇر. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈش پىكرى مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تەشەككۈر
بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مېنىڭ ماقالەمدىكى تۈپ قاراشنى
مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنى «بەزى تەرەپلەرنى
ئىزاھلىغاندا، ئايرىم نۇقتىلارغا يەشمە بەرگەندە، مەركىزىي ئىدد-
يەنى تەھلىل قىلغاندا ئاپتور تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشتا
ئەمەس، بەلكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە، ئىلىم - پەن مەسىلى-
سىگە غەيرىي ئويۇننى ئارىلاشتۇرۇۋالغانلىقى، ھەتتا ئومۇمىيلىق
مەسىلىسىدە ئايرىمچە ۋە خۇسۇسىي قارىشىنىڭمۇ مۇناسىپ دەرد-
جىدە ئېپادىلىنىپ قالغانلىقىنى، مەسىلىلەرنى ماكان، زامان ئى-
چىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىش قارىشىنىڭ كەملىكىنى، مەسىلى-
نىڭ ماھىيىتى ۋە ھادىسىنى چۈشىنىش ئېڭىنىڭ نىسبەتەن تۆ-
ۋەنلىكىنى سەزمەي تۇرالمىدىم» دەپ يېزىپ بىرقانچە نۇقتىغا بۆ-

www.uyghurkitap.com

لۇپ تەنقىدىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ نۇقتىلارغا بۆلۈپ يۇرگۈزگەن تەنقىدلىرىنى رەددىيەگە موھتاجدەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەنقىدىي مۇلاھىزە يۇرگۈزگەن مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنى زۆرۈر تاپتىم. ئەلۋەتتە، مۇنازىرىلىشۋاتقان تەرەپلەردە يۇكسەكلىككە ئىنتىلىدىغان مەقسەت، ئەمەلىيەتكە ھەم ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇشنى قوغلىشىدىغان ئىلمىي ئىستىل بولۇشى كېرەك. بىر تەرەپنىڭ مۇددىئاسى يۇكسەكلىككە ئىنتىلىش بولۇپ، ئىلمىي، ئوبيېكتىپ مەيداندا تۇرۇپ مۇنازىرە قىلسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ مۇنازىرە مۇددىئاسى چاكىنا، مۇنازىرە ئۇسۇلى مەنتىقسىز بولسا، بۇنداق مۇنازىرە ئىلىم ساھەسىگە، قەلەم ئىگىلىرىگە، ئوقۇرمەنلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاقىل تەرەپ نادان تەرەپكە مەغرۇر سۈكۈتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئەخمەققە بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب سۈكۈت. بەلكىم بەزىلەر كىمنىڭ نادانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەپلاتون شۇنداق دېگەنىكەن: «نادانىنىڭ نادانلىقىنى ئىككى تەرەپتىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ. بىرى، گەپ – سۆزى تۈتۈرۇقسىز كېلىدۇ، يەنە بىرى، جاۋابى تاقتا – تۇقتا بولىدۇ.» ئەپلاتوننىڭ بۇ ھېكمەتلىك باياننى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە بىزنىڭ ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەمىزدە كۆپلەپ مىسال تېپىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. بىزدە گەپ – سۆزى تۈتۈرۇقسىز، جاۋابى تاقتا – تۇقتا مۇنازىرىچىلەرمۇ بار. ئىلمىي، ئادىل، توغرا، ئوبيېكتىپ پوزىتسىيەدە ئىدراكىي مۇنازىرە قىلالايدىغان مۇنازىرىچىلەر تولىمۇ كەمچىل. مەن ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەركىن مۇنازىرىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئوبزورچى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ قاراشلىرىغا ھەم تەنقىدىي پىكىرلىرىگە قارىتا مۇنازىرە يۇرگۈزگەندە بار ئىمكانىيىتىم بىلەن ئىلمىي، ئادىل، توغرا،

ئوبيېكتىپ بولۇشقا تىرىشمەن. ناۋادا تەنقىدىي پىكىر ۋە تەنقىدىي قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانىدا ئېغىپ كەتسەم، ئوچۇق ـ ئاشكارا تۈزىتىلىشىنى كۈتىمەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر «تولۇقلىما» دا، بىرىنچى مەسىلە سۈپىتىدە، مېنىڭ «ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تۈنجى خاتالىق كىمنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟» دەپ سوئال قويۇپ، ئىبراھىم نىيازنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسەتكەنلىكىمنى «زامان، ماكان ئېچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىشى يېتەرلىك بولمىغان» دەپ تەنقىدلىگەن. غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر ئىبراھىم نىيازنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلگەن بۇ خاتالىق ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ «ۋۇجۇدقا چىقىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن پېشقەدەم مائارىپچى» لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بۇ ھەقتىكى «تۈنجى خاتالىقنى ئىبراھىم نىياز ئەپەندى سادىر قىلغان، دەپ كۆرسىتىش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. مېنىڭچە، ماقالە ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغانىكەن، ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇن جەھەتتىن ئىبراھىم نىياز ئەپەندىدە بولىدۇ. شۇڭا، مەسئۇلىيەتنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بۇ بىر ئەقەللىي مەسىلە. ئىبراھىم نىيازنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ «ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ياردەمدە بولغان ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن» لەر مەسئۇلىيەتتىن مۇستەسنا. چۈنكى، ھەرقانداق تەتقىقاتچى ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب ئىزدىگەندە چوقۇم ئېھتىياتچان، ئاقىلانە، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن تەپەككۇر قىلىپ يېڭى يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئىبراھىم نىيازنىڭ ماقالىسىنى ئىلمىيلىك يېقىدىن، توپلىغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل

رەتلەش، ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا يېزىلغان تەتقىقات نەتىجىسى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ماقالە پەقەت ئۇنىڭدىن ــ بۇنىڭدىن توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ دۆۋىسى، خالاس. تەتقىقاتچى توپلىغان ماتېرىياللىرىنى، مەيلى ئۇ ئاغزاكى ياكى يازمىچە ماتې-رىيال بولسۇن، رەتلەش ۋە پەرقلەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلمىسا تەتقىقاتچى ئەمەس، خاتىرىلىگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئىبراھىم نىياز بۇ ماقالىدە خاتىرىلىگۈچى سالاھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى تەتقىقات-چى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭا، مېنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئاپتور سالاھىيىتىدىكى ئىبراھىم نىيازغا باغلاپ ئىزاھلىشىم ئادالەتسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئادىللىقتۇر. بۇنداق ئىزاھلىشىمە-نىڭ ماكان، زامان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ناۋادا 1980 ــ يىللارنىڭ بېشىدا «چەت ئەلنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇنمىغان، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار، دۆلەتنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، تەھقىقلەن-مىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئاردىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، گۇۋاھ-چىلار ئالەمدىن ئۆتكەن، ۋاستىلىك گۇۋاھچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ئارىلىشىپ كېتىش، ئېلىشمانچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن بىر ۋاقىت ئىدى. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلگەن سەۋەن-لىكنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنداقتا، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى 1885 ــ يىلى باشلانغان» دېگەن خاتا قاراشنىڭ تۈنجى قېتىم مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان كىشى كىم بولۇشى كېرەك؟ غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ» دېگەن سۆزى تولىمۇ ئېنىقسىز سۆز بولۇپ، ئېنىقلىقتا ئىگە ئىلمىي جاۋاب ئەمەس. مېنىڭچە، مەتبۇ-ئاتلاشقان خاتالىقتا ھەرقانداق ماكان ۋە زاماندا ئاپتور جاۋابكار. «توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ» دېگەن قاراش مەسئۇلىيەت ئېنىق ئايرىلمىغان، مۇجمەل پوزىتسىيە. ئەگەر بىز قەشقەر پېداگوگىكا

ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئىبراھىم نىيازنىڭ قەلىمى ئارقىلىق مەتبۇئاتلاشقان بۇ تۇنجى خاتالىقنى، ئۇنى خا-لىس ھالدا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن، «ئەسلىمىلىرى ئارىلى-شىپ كەتكەن ۋاستىلىك گۇۋاھچىلار» غا دۆڭگىسەك ئادىللىق بولارمۇ؟ كىشىلەر تەمىنلىگۈچى مۇھىممۇ ياكى تەتقىقاتچىمۇ، ئاپتور مۇھىممۇ ياكى ئېيتىپ بەرگۈچىمۇ؟ دەپ سوئال قويۇپ تۇرۇۋالسا نېمە دېگۈلۈك؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا قايسى تەرەپنىڭ خا-تالىقنى «توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ؟». روشەنكى، ئېيتىپ بەر-گۈچى بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ خاتالىقنى توغرا چۈشىنىشكە بو-لىدۇ. مەسئۇلىيەتنى ئاپتورغا، يەنى تەتقىقاتچىغا ئارتماي باشقا چارە يوق. ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان ئەسەردە كۆرۈل-گەن خاتالىقنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ھەرقانداق ئاپتور قېچىپ قۇ-تۇلالمايدۇ. مەسئۇلىيەت ئېغىر يوق ياكى ئاجىز ئادەم ئاپتور سۈ-پىتىدە، تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى لازىم. خاتىرىلىگۈچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئاندىن «كۆرۈلگەن خاتالىقنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.» ھەممىگە ئاياندىكى، ئىبراھىم نىياز مەتبۇئاتتا ئاپتور سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭا، ئەسەرىدە كۆرۈلگەن خاتالىقنى شارائىتتا دۆڭگەپ ئىزاھلاش قائىدىگە سىغمايدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتكۈر ئىبراھىم نىيازنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلگەن تۇنجى خاتالىقنى ئاقلاش، توغرىسى دۆڭگەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماتېرىيال توپلاش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرمەك بولۇپ، «مە-لۇمكى، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىككى خىل بو-لىدۇ. بىرى، ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال، يەنە بىرى، يازما تارى-خىي ماتېرىيال» دەپ كۆرسەتكەن. غەيرەتجان ئوسمان ئۆتكۈر پو-تونلەي خاتا بۇ نەزەرىيەۋى بايانىنى ئەتەي بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس، كونتېكستىنىڭ ئىچىدە تەبىئىي دەپ تاشلىغان بولسا ئانچە ھەيران قالمىغان بولاتتىم. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم نەزەرد-

يەۋى ساۋاتلارنى ھەر دائىم توغرا، دەل سۆزلىيەلەيمەن ياكى
يازالايمەن، دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ. ئەمما، گەپنى «مەلۇمكى» دەپ
باشلاپ، ئۆزى ئېنىق بىلىدىغاندەك ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ،
باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ تامامەن
خاتا بولغان نەزەرىيەنى سۆزلىسە، بۇ ھەرقانداق ئادەمنى ھەيران
قالدۇرماي قالمايدۇ.

1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى داڭلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇ-
ھەممەتئىمىن بىلەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ
نەشرىياتقا تەييارلانغان ئارگىنالىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، مەن كى-
تابتىكى «روشەنكى، ھەقىقىي مېتودولوگىيەسىز ھەقىقەتنى تې-
پىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جۈملىنى ئاڭقىرالماي، «بۇ پىكىر
قويۇلۇشىدىن قارىغاندا بەك مۇھىم مەسىلىدەك تۇرىدۇ، ماڭا چۈ-
شىنىشلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرسىڭىز بوپتىكەن» دەپ ئىلتىماس
قىلسام، بۇ مۇتەپەككۇر ئالىم ئالدىرىماي تۇرۇپ: «ھەرقانداق تەت-
قىقات توغرا ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيەگە موھتاج. ھەرقانداق بىر
پەننىڭ تەجرىبىلەردىن ئۆتۈپ نەزەرىيە يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈل-
گەن مېتودى بولىدۇ. شۇ پەننىڭ نەزەرىيەسىنى قېتىرقىنىپ ئۆ-
گەنمىگەندە شۇ پەننىڭ خاراكتېرىنى، تەتقىقات ئوبيېكتىنى، تەت-
قىقات مېتودىنى، ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئىنچىكە بىلگىلى
بولمايدۇ. بىزنىڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىس دەپ ئاتىلىۋاتقان تەتقى-
قاتچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان
پەننىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇزۇك بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ
ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قى-
لىدىغان ماقالە ـ ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك. يازغانلىرى كونس-
پېكت سەۋىيەسىدىكى ئاددىي ماقالە ـ ئەسەرلەر، مۇستەقىل ئىل-
مىي خۇلاسىدىن خالىي تەكرار يازمىلار، ئىلىم بىلەن شۇغۇللى-
نىشقا ئاساس بولىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىلمىي مېتود» دېگە-
نىدى. ئۇ يەنە تارىخشۇناسلىق مېتودى تارىخشۇناسلارنى تەربىيە-

لەيدىغان ئىلىم دەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئادەتتە هېرودود، سىماچيەن، تەبەرى، مىرزا هەيدەردەك بۈيۈك تارىخشۇناسلار تۇغما بولۇشى مۇمكىن، ئەمما داڭلىق تارىخشۇناسلار تەربىيەلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇغما تالانتلىقلارمۇ تارىخشۇناسلىق مېتودىنى ئۆزلەشتۇرۇش ۋە يارىتىش ئارقىلىقلا تارىخشۇناسقا ئايلىنىدۇ. تارىخشۇناسلىق مېتودى تارىختا ئۆتكەن مىڭلىغان تارىخشۇناسلارنىڭ تەجرىبىسىدىن خۇلاسىلەنگەن بولىدۇ. بۇ توپ مېتودلارنىڭ سىرتىدىكى تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسى بىلەن ئىدىيەسى، تارىخشۇناسلارنى زۆرۈر بولغان توپ ساپا ۋە تەربىيە مەزمۇنى بىلەن تەمىنلەيدۇ. »

مەن بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ سۆزلىرىدىن بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن ئىچى پۇشىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا هېس قىلغانىدىم. كېيىنچە نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشكە سەل قاراش خاھىشىنىڭ بىزدە ئومۇملاشقان مەسىلە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيەسىنى بىلمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش نەزەرىيە ۋە تەپەككۇرغا ئاجىز بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر تەتقىقاتچىنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرى ئاجىز بولىدىكەن، سۇبيېكتىپ هېسسىيات بىلەن قارىسىغا هۆكۈم قىلىشتىن ياكى يۈزەكى خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. بولۇپمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئادەتلەنمىگەن ئەھۋالدا ئىلمىگە يات بۇنداق مەسىلە تېخىمۇ ئېغىر كۆرۈلىدۇ. سىستېمىلىق ئىلمىي تەتقىقات شۈبھىسىز هالدا نەزەرىيە جەھەتتىكى يېتەرلىك تەربىيەلىنىشنى شەرت قىلىدۇ. تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى ئاددىيلىقتىن هەم يۈزەكىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ئالدى بىلەن «نەزەرىيە ئەمالىقى» دىن تېز قۇتۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشمەكتە. ئۇلار نەزەرىيە ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ قىممىتىنى بىر قىسىم تەت-

قىقاتچىلارنىڭمۇ تۈزۈك چۈشەنمەي، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئادەتلىنىشكە سەل قاراۋاتقانلىقىدىن، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماقتا. بىر پەننىڭ نەزەرىيەسى شۇ پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشى ئۇچۇن بىلسىمۇ، بىلمىسىمۇ بولىدىغان ئابستراكت گەپ تىزمىسى ئەمەس، ئۇ ئىلمىي بىلىش شەكلى. «نەزەرىيە — ئەمەلىي ماھارەت ۋە مېتودقا نىسبەتەن ئېيتىلىدىغان، مەلۇم بىر پەننىڭ ياكى سەنئەتنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرىنى، بىلىملەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلمىي تونۇش، مەلۇم بىر ئوبيېكتنى تەھلىل قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قائىدە - قانۇنىيەتلەر يىغىندىسى.» ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەزەرىيە — مۇئەييەن بىلىم ساھەسىدىكى ئۇقۇم ۋە پىرىنسىپلار سىستېمىسى. ئۇنىڭدىكى ئۇقۇم ۋە پىرىنسىپلارنى توغرا بىلمەسلىك شۇ پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشى ئۇچۇن ئېچىنارلىق ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى بىلەن تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئاجىز ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر مىسال. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «مەلۇمكى، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال، يەنە بىرى، يازما تارىخىي ماتېرىيال» دېگەن بايانىدا تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى خاتا ھالدا تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ قويۇلغان. يامان يېرى، ئاپتور بۇ بايانىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندا باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۆزى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ ھەتتا خاتا بىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە بايان قىلىنغان بۇ ناتوغرا ساۋات تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ

نەزەرىيەسىگە پۇتۇنلەي مۇخالىپ كېلىدۇ. تەيۋەنلىك پىروفېسسور دۇ ۋېيۈن (杜维运) نىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «تارىخشۇناسلىق مېتودولوگىيەسى» (史学方法论) ناملىق كىتابىدا؛ پاڭ جوخېڭ، لى شۆجى، ۋۇ يىڭلارنىڭ ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «تارىخشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا؛ جاۋ جىخۇي قاتارلىق ئون نەچچە كىشى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1993 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىخشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابتا بىردەك ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن يازما تارىخىي ماتېرىيال تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى ئىچىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتابلاردا تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدا «تارىخشۇناسلىق گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەنلەرگە مەنسۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى مەزگىلدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ھايات، ئىدىيەۋى مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە قانۇنىيىتىنى؛ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ جەريانى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ» دەپ شەرھلەنگەن. تارىخشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى «ئونتولوگىيە (本体论)، مېتودولوگىيە (方法论) ۋە بىلىش نەزەرىيەسى (认识论) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتابلاردا ئاپتورلار يەنە تارىخشۇناسلىقنىڭ مېتودى ھەققىدە ئىلمىي مېتود بىلەن بەدىئىي مېتودنى تەڭ قوللىنىش ھەققىدىكى قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، تارىخشۇناسلىقتىكى تېخنىكىۋى مېتود (技术性方法) بىلەن يېتەكچىۋى مېتود (导向性方法) تىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق مېتودنى بايان قىلىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى (ئىسپاتلاش ئۇسۇلىمۇ دېيىلىدۇ) نى تېخنىكىۋى مېتود كاتېگورىيەسىدە چۈشەندۈرگەن. بۇ

كىتابلاردا تېخنىكىۋى مېتود تەتقىقاتچىنىڭ «پاكىتلارنى بېكىتىش» كە ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇل بولسا، يېتەكچىۋى مېتود تەتقىقاتچىنىڭ «پاكىتلارنى شەرھلەش» كە ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇل، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتابلارنىڭ تارىخشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيە ۋە پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدا پەرق بولىشى مۇ، ئەمما، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن تەتقىقات مېتودى ھەققىدىكى بايانى بىردەكلىككە ئىگە بولغان. ھەممىسىدە غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى» دەپ كۆرسەتكەن ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن يازما تارىخىي ماتېرىيالنى تېخنىكىۋى مېتودنىڭ ماتېرىيال توپلاش قىسمىدا تىلغا ئالغان. دېمەك، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بۇ مەسىلىدە پرىنسىپال ئىلمىي خاتالىققا يول قويغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە «يالقۇن روزى بۇ ماقالىسىدە باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئەدەپلىك بىلەن دەپ، ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتكە، ئىلىمگە زىت بىر قاتار قاراشلارنى بازارغا سېلىپ چىققان» دەپ يېزىپ، بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە مېنىڭ ماقالەمدىكى «... 1851 ــ يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يېشىدا، يەنى 1870 ــ يىلى قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن ــ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەمتى، شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان» دېگەن بايانلارنى ئۈزۈپ كۆرسەتكەن ھەم ئارقىدىن بۇ مىسالغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن تۇنيۇقۇقتىن تارتىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگىچە بولغان 20 يېشىدا داڭ چىقارغان بىر قاتار شەخسلەرنى ئىسىملىكىگە سالغان. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بۇ ئارقىلىق 30 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن «باھاۋۇدۇن باي 20 يېشىدا قەشقەر، غۇلجىدىكى داڭلىق مەدرىسەلەرگە ئانا

تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قا-
تارلىق دەرسلەرنى كىرگۈزگەن» دېگەن كونا قاراشنى ئالغا سۈر-
مەكچىمۇ ياكى «20 ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ دەپ
كىم ئېيتىدۇ» دېگەن تەنقىدىي تولۇقلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قوي-
ماقچىمۇ، بۇ تازا ئېنىق بولماي قالغان. ئەگەر ئالدىدىكى قاراشنى
ئالغا سۈرمەكچى بولسا، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مېنىڭ
«ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟» دېگەن ماقالەمنى
«يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان
ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرد-
جىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخشۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇ-
مىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرىمەن» دېگەن پىكرى بىلەن
زىت بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقەتەن 30 يىلدىن بۇيانقى ماتېرىياللاردا
«باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈت-
كۈزۈپ بولۇپ، ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن 1870 - يىلى نوپۇزلۇق
ئۆلىما ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ‹بەيتۇللا
مەسچىتى› يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبى-
يات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق
دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشگە تۈرتكە بولغان» دەپ يېزىلىپ
كەلگەن. مەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟» دېگەن
ماقالەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە «ئۇسۇلى سەۋتىيە»، يەنى
يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى بولغان تاۋۇشلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى
1884 - يىلى قىرىم يېرىم ئارىلىدا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن
ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئانا دىيارىمىزدا تۇنجى بولۇپ 1899 -
يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىكساقتا بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى سى-
ناق قىلغان مەكتەپ بارلىققا كەلگەن، دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا
قويغانىدىم. مەن تارىخىي پاكىت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ
يەكۈن باھاۋۇدۇن بايغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان
قىلچىمۇ پاكىت ئاساسى يوق قاراشنى پۈتۈنلەي يالغانغا چىقىرى-

دىغان يېڭى يەكۈن ئىدى. مېنىڭ يەكۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئاپتورنىڭ يالغان ـ ياۋىداق قاراش ئىچىدىكى مەسىلىنى مۇنازىرە تېمىسى قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىشى مەنتىقىگە سىغمايدۇ.

ئەگەر 1870 ـ يىللاردا مەيلى قەشقەردە، مەيلى غۇلجىدا بولسۇن، راستتىنلا مەدرىسىلەردە تارىخ، ھېساب، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر مەخسۇس دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىغان بولسا، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شەرقىي ئاسىيا بويىچىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭى قەدەمنى تاشلىغان مىللەت بولاتتۇق. باھاۋۇدۇن باي بىلەن ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇم دۇنياۋى ئىسلاھاتچىلار سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان بولاتتى. ئەمما، 30 يىلدىن بېرى تۈرلۈك كىتاب ـ ژۇرناللاردا ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان بۇ بايانلار پۈتۈنلەي يالغان! كەملەرنىڭدۇر تارىخنىڭ چىنلىقىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، تارىخقا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالماسلىقى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، رېئال مەنپەئەت ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، روھىيىتىنىڭ تولىمۇ زەئىپلىكىدىندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يالغان تارىخ ياساش ھەم ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ يۈرۈشمۇ ئەمەلىيەتتە ھەم ئىلىمگە خىلاپ بىچارە قىلمىشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاجىز كىشىلەر تارىخقا ۋە رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «20 ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ» دېگەن كېيىنكى پىكرىنى تەنقىدىي تولۇقلىما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا، بۇ ئارتۇقچە ھەم ئورۇنسىز تەنقىد ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور مەن ماقالەمدە دېمىدىگەن، ئەمما ئۆزى ئەتەي شاخلىتىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئورۇنسىز مەسىلىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا، دۆلەتمىزدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ، چەت ئەللەردىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا 20 ياش ئەتراپىدىكى كىشى-

لەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلىپ، ھەممىنى ھەيران ـ ھەس قالدۇرغانلىقى، ھەتتا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغانلىقى تالاي قېتىم بولغان» دەپ يېزىپ تونيۇقۇق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئابدۇ-خالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قاتارلىقلار-نى ساناپ ئۆتۈشى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ساۋات سۆزلىگەندەك ئىش بولۇپ قالغان. باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىقتى-ساد ھەم ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە 20 ياشلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى تەۋرەتكەنلىكىگە ئائىت مىساللارنى بىلىدۇ. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مېنىڭ بايانلىرىمنىڭ ئۇرانىنى بۇر-ملاپ «20 ياشلىق بالا چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيت-تىدۇ» دەپ سوئال قويۇپ تۇرۇۋالغان. مېنىڭ ماقالەمدە ھەرگىز بۇنداق گەپ يوق. مەن ماقالەمدە باھاۋۇدۇن بايغا ئالاقىدار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يالغان ـ ياۋىداق بايانلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «ھېچكىممۇ باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللىرىدىكى جاھالەت تۇتەك-لىرى ئىچىدە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، غۇلجىدىكى بەي-تۇللا مەدرىسەسىگە غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزەلىشى مۇمكىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى قانداق ئىدى؟ شىنجاڭدا مەدرىسەلەرگە كى-رىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈدەك ئىختىساسلىق كىشى بارمىتى؟ دەپ ئويلاپ باقمىغان. ئەقەللىيسى، 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يې-شىدا، يەنى 1870 ـ يىلىدا قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن ـ مە-دەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەم-تى؟ شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىد-شى مۇمكىنمۇ؟» دەپ يازغانىدىم. مېنىڭ بايانلىرىمدا تەكىتلەنگەن مۇھىم مەسىلە ئىلمىي نوپۇز مەسىلىسىدۇر. باھاۋۇدۇن باي باي-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بالىسى بولغان بىلەن ئۇنىڭدا ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكۈدەك ئىلمىي نوپۇز يوق ئىدى. مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كەلسە ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى ۋە يۇكسەك ئىلمىي نوپۇزنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش مۇمكىن. مەيلى باي، مەيلى بەگ بولسۇن، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ. مەن مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ باينىڭ بالىسى بولغان 20 ياشلاردىكى باھاۋۇدۇن بايغا سىلىشتۇرما بولسۇن ئۈچۈن ماقالەمدە «ئابدۇقادىر داموللامدەك نوپۇزلۇق ئۆلىمانىڭ 1910 - يىللاردىن كېيىنمۇ جەدىدچىلىكنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلەرگە تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى» ئېنىق ئەسلىتىپ ئۆتكەنىدىم، بۇ ئارقىلىق مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىنى ۋە دەرس مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، باھاۋۇدۇن بايدەك ئىلمىي نوپۇزى يوق بىر ياش بالىنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىشنىڭ كېلىشى ئەمەلىيەتكە ۋە ئەقىلگە قەتئىي سىغمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. گەپ باشتىن - ئاخىر ئىلمىي نوپۇز توغرىسىدا كېتىۋاتسا «20 ياشلىق بالا چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ» دەپ ئۇقۇمنى كېڭەيتىپ، قاراتمىلىقنى ئۆزگەرتىپ، تېمىدىن چەتلەپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ مۇنازىرە مەزمۇنىنى بۇرمىلىۋەتسە، بۇ مۇنازىرە قىلغۇچىنىڭ مۇنازىرە مەقسىتى ناتوغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مەن «باھاۋۇدۇن باي 1870 - يىلى غۇلجا، قەشقەردىكى مەدرىسەلەرگە زامانىۋى دەرسلەرنى كىرگۈزگەن» دېگەن قاراشنىڭ پەقەتلا ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، لوگىكىغا ۋە تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئاساسەن شۇنداق ئېيتىمەنكى، باھاۋۇدۇن باي 1870 - يىلى تېخى تۇغۇلمىغان ياكى تۇغۇلغان بولسىمۇ،

گۆدەك بالا ئىدى. مەنتىقە بويىچە پىكىر يۈرگۈزسەك، بۇ قاراش-نىڭ تولۇق ئاساسى بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

مەن هازىرغىچە مۇسابايېفلار جەمەتىگە ئالاقىدار ماقالىلىرىمدە بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالمىغانىدىم. بەلكىم مېنىڭ بۇ يېڭى قارى-شىمدىن باشقىلار ھەيرانلىق ھېس قىلىشى ھەم «نېمىشقا ‹ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟› دېگەن ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدىڭ؟» دەپ كايىشى مۇمكىن. مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى ما-ئارىپى قاچاندىن باشلانغان؟» دېگەن ماقالەمدە تۇزەتكەن مۇھىم مەسىلە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قاچان ھەم قانداق باشلانغانلىقى مەسىلىسىدۇر. مەن بۇنداق نازۇك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان شارائىتتا دىققەتنى چېچىپ يەنە باشقا مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قو-يۇپ تۇزىتىش پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويسام تازا مۇۋاپىق بولمايدى-تى، شۇڭا بۇ قېتىم بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر دەپ قارىدىم. چۈنكى، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بىلەن بولۇۋاتقان بۇ مۇنازىرە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەقەززا قىلدى.

ئۇنداقتا، باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 20 يىللار كەيىنگە سۈرۈپ 1870 ـ يىلىنىڭ ئالدى ياكى كەينى دەپ ئوتتۇ-رىغا قويۇشقا قانداق پاكىت ئاساسىم بار؟ ھەممىگە مەلۇمكى، ھۇسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان يىلى مەتبۇئاتلاردا هازىرغىچە بىردەك ھۇسەن باي «1844 ـ يىلى»، باھاۋۇدۇن باي «1851 ـ يىلى» دەپ ئېلىنىپ كەلمەكتە. هازىرغىچە ھېچكىم بۇ-نىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ باقمىدى ھەم ئۇنىڭدىن گۇ-مانلىنىپ باقمىدى. ئەلۋەتتە، ھېچقانداق تارىخىي مەنبەدە ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان يىلىغا ئالاقىدار ئۇچۇر يوق. شۇڭا، مانا بۇ پاكىت دەپ كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. لېكىن مەسىلىنى ئىسپاتلاش-نىڭ يولى پەقەت بىرلا بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەسىلىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاشقا تامامەن بولىدۇ. ھۇسەن باينىڭ تۈركىيەدە ۋاپات بولغان «تۈنجى» بالىسى سابىت




مۇسابايېفنىڭ ئىستانبۇلدىكى قەبرىسىدە تۇغۇلغان ۋاقتى 1899 ـ يىلى، ۋاپات بولغان ۋاقتى 1971 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دەپ يېزىلغان. دېمەك، سابىت مۇسابايېف 1899 ـ يىلى تۇغۇل-غان. ھۈسەن باي بۇ چوڭ بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئىنىسى باھاۋۇدۇن باينىڭ 1897 ـ يىلى تۇغۇلغان ئىككىنچى پەرزەنتى پاتىگۈل خې-نىمنى ئېلىپ بەرگەن. دېمەك، ھۈسەن باي 1844 ـ يىلى تۇغۇل-غان بولسا، چوڭ ئوغلى سابىتنى 55 ياشقا كىرگەندە تاپقان بو-لىدۇ. باھاۋۇدۇن بايمۇ قىزى پاتىگۈل خېنىمنى 50 ياشقا يې-قىنلاشقاندا تاپقان بولىدۇ. مانا بۇ بىزدە گۇمان پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەب. ئەجەبا ئۇلارنىڭ ئۆيلەنگۈدەك پۇلى بولمىغانمۇ يا-كى تىجارەت بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيلىنىشكە ۋاقتى يەتمىگەنمۇ ۋەياكى بۇگۈنكى زاماندا تەكىتلىنىۋاتقان كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش تەشۋىقاتىغا بىر ئەسىر ئىلگىرى ئاۋاز قوشۇپ، بۇ جەھەتتە بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە تىكلىمەكچى بولغانمۇ؟ مېنىڭچە، سەۋەب ئىنتايىن ئاددىي، بىزنىڭ بىر قىسىم يىلنامە ئېغى يوق ئەسلىمىچىلىرىمىز، مەلۇماتى تۆۋەن تەزكىرى-چىلىرىمىز ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ

يېتەكچىلىكىدە پەرقلەندۇرۇشكە سەل قارايدىغان تەتقىقاتچىلىرىمىز ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئۆزلىرىنىڭ خىيالى بويىچە بېكىتكەن ھەم قارىغۇلارچە قوللانغان، خالاس. نەتىجىدە، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە ئاز بولمىغان قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلگەن. مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە، ھۇسەن باي 1865 ـ يىلىدىن كېيىن، باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىلىنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە تۇغۇلغان. مەن 2009 ـ يىلى ئەتىيازدا غۇلجىدا ھۇسەن باينىڭ ھازىر غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان 82 ياشلىق كېلىنى دىلئارام ئاپپاينىڭ ئۆيىدە سۆھبەتتە بولغانىدىم. دىلئارام ئاپپاي ئادەتتىكى گېزىت خېتىنى كۆزئەينەك تاقىماي كۆرەلەيدىغان، خاتىرىسى كۈچلۈك، گەپ ـ سۆزى دۇرۇس، ئۇقۇمۇشلۇق موماي ئىكەن. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە دىلئارام ئاپپاينىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھۇسەن باي زورىخان دېگەن تۇنجى ئايالى بىلەن توي قىلىپ 10 يىللارغىچە بىرنەچچە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ھەممىسى چاچراپ كەتكەن. بىر ئوغلى ھەتتا يەتتە ياشقا كىرگەندە، روزا ئېيىدا، قىزىلگۈل ئېچىلغاندا ھۇسەن باينىڭ غۇلجىدىكى «باغ قورۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تۇرالغۇسىدا ئېرىققا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. نەتىجىدە، ھۇسەن باي ئىككىنچى خوتۇنى مەيمۇنىخاننى ئەمرىگە ئېلىپ 1899 ـ يىلى سابىتنى تاپقانىكەن. ھۇسەن باينىڭ پەرزەنت داغى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن بىرىنچى ئايالى زورىخان ئاكىسى بىلەن بىللە شۇ يىلى ھەجگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغان ھەم ياراتقۇچىدىن پەرزەنت تىلىگەن. ئادەتتە ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە ئوغۇللار 18 يېشىدا نىكاھ يېشىغا يەتكەن بولىدۇ. ھۇسەن باي «ھاجى ئاپا» دېگەن ئايال بىلەن 1890 ـ يىلىدىن ئىلگىرى توي قىلغان ھالەتتە يەنىلا 20 دىن 25 ياشقىچە بولغان مەزگىلىدە توي قىلغان بولىدۇ. باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىككىنچى قىزى پاتىگۈل خېنىمنىڭ ئېرى سابىتتىن ئىككى ياش چوڭ بولۇشىدىكى سەۋەب باھاۋۇدۇن بايمۇ 20～25

ياشلىرىدا توي قىلغان بولغاچقا، ئىككىنچى قىزى 1897 ـ يىلى تۇغۇلغان. بىزنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بىر پاكىت باھاۋۇدۇن باينىڭ 1910 ـ يىلى غۇلجىدا تارتىلغان سۈرىتى. بۇ سۈرەتنى ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «تايمىس گېزىتى» نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى موررىسون (G.E.MORRISON) 1910 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭغا كەلگەندە غۇلجىدا تارتقان. سۈرەتتىكى باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭ 60 ياشقا كىرگەن پېشقەدەم ئەمەس، 40 ياشلار چامىسىدىكى قىران قامەت ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بىرنەچچە تۈرلۈك پاكىت ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەھۋاللار ھۇسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان يىلىنىڭ ماتېرىياللاردا يېزىلىپ كەلگەندەك ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ھۇسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان يىلى ئىلگىرىكىدىن 20 يىلچە كەينىگە سۈرۈلۈپ، تارىخىي چىنلىققا زور دەرىجىدە يېقىنلىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز يەنە «باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىلى مەدرىسەلەردە يېڭى دەرسلەرنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولغان» دېيەلەمدۇق؟


1910 ـ يىلى 5 ـ ئايدا موررىسون تارتقان سۈرەت

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇتغۇرنىڭ مەن ئوتتۇرىغا قويغان «باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللاردىكى جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەدرىسەسىگە غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزەلىشى مۇمكىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى قانداق ئىدى؟ شىنجاڭدا مەدرىسەلەرگە كىرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈدەك ئىختىساسلىق كىشى بارمىدى؟»، خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن تەنتەربىيە، رەسىم دېگەندەك دەرسلەرنى مەدرىسەلەرگە كىرگۈزگۈدەك ئىلمىي نوپۇز «20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟» دېگەن بىر قاتار سوئاللىرىمغا لوگىكىغا ئۇيغۇن جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، «20 ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، دېگەن قاراش يالقۇن روزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ئىبارەت» دېگەن يوق گەپنى تېپىپ، بىرمۇنچە چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىشى ھەم ئاددىي ساۋاتلارنى شېپى كەلتۈرۈپ يۈرگۈزگەن تەنقىدلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ھەم ئارتۇقچە ئىشتۇر.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدە تەنقىدىي مۇنازىرە يۈرگۈزگەن يەنە بىر مەسىلە «پىروفېسسورلۇق» مەسىلىسىدۇر. مەن ئۇنىڭ ماقالەمدىكى «پىروفېسسورلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنبىرىدە دەرس ئۆتۈۋاتقان، بىرقانچە تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى بولغان غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر» دېگەن جۈملىنى «ساغلام ھېسسىيات بىلەن ئېيتىلمىغان»، «كىنايە ئارىلاشىپ قالغان» دەپ چۈشىنىشىنى پىسخىكا جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى دەپ قارايمەن. مېنىڭ جۈملەمدە كىنايە تۈسى يوق، بەلكى ئېنىق تەنقىد مەنىسى بار. مېنىڭ سالاھىيىتىنى تىلغا ئېلىپ تەنقىدلىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئالىي ئۇنۋانلىق تەتقىقاتچى تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسسىز بايانلارنى قىلچە گۇمان قىلماي، ئەقلىي نەزەر بىلەن



2009 ـ يىلى غۇلجىدا دىلئارام ئاپپاينىڭ ئۆيىدىكى زىيارەت خاتىرىسى

كۆزەتمەي، راست ـ يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرمەي نەقىل ئېلىپ ئىشلەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لاياقەتلىك بىر ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ تۈپ ساپا ئىلمىي شۈبھە ھەم ئىدراكىي تەنقىدتىن ئىبارەت. بۇنداق تۈپ ساپانى ھازىرلىمىغان ئادەم لاياقەتلىك ئىلمىي خادىم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ساپا پىروفېسسور ئۇنۋانى بار كىشىلەردە جەزمەن بولۇشى لازىم. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ باشقىنى نەزەردە تۇتمىغاندىمۇ، «رەسىم دەرسى بىلەن تەنتەربىيە دەرسى» نى مەدرىسەلەرگە كىرگۈزۈش ئەينى يىللاردا ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمىغانلىقى مېنىڭ يۇقىرىقىدەك تەنقىدلىشىمگە سەۋەب بولغان، ھېلىمۇ رەسىم سىزىشقا، تەنتەربىيەگە باشقىچە قارايدىغان مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار يوق ئەمەس، مەشھۇر رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» دېگەن بىيوگرافىيەسىدە ئۆزد-

نىڭ بالىلىق مەزگىلىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر تەپسىلات بار: «دادام قازى بولغاچقا، موللا ـ ئۆلىمالاردىن يار ـ بۇرادەرلىرى جىق ئىدى. دادام ئۇلارنى ئارىلاپ ئۆيگە مېھمانغا چاقىرىپ تۇراتـ ـتى. بىر كۈنى دادامنىڭ ئۇلپەتلىرى هويلىمىزغا كىرىپ تاملارغا سىزىۋەتكەن رەسىملەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە دادامدىن:

— ئاخۇنۇم، بۇ رەسىملەرنى كىم سىزدى؟ — دەپ سورىدى. دادام:

— مانا مۇشۇ ئوغلۇم سىزدى، — دەپ مېنى كۆرسەتتى. ئۇلار باشلىرىنى چايقىشىپ:

— بۇ بولماپتۇ، زادىلا بولماپتۇ، بۇ بالا بىر بۇددىست بولۇپ يېتىلىپتۇ. هويلىنى بۇد بىلەن توشتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ بالىغا يول قويۇپ، ناھايىتى خاتا ئىش قىلىپتىلا. بۇ يالغۇز ئوغۇللىرىنى مەدرىسەدە ئوقۇتۇپ، ئۆزلىرىگە ئىزباسار قىلماقلىرى لازىم ئىدـ ـدى. بۇ هويلىدا ناماز ئوقۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس ئىكەن، — دەپ غۇدۇراپ كېتىشتى.» (41 ـ بەت)

غازى ئەھمەد ئەپەندى ھېكايە قىلغان بۇ تەپسىلات 1930 ـ يىللاردىكى قەشقەردە بولغان. بۇ چاغدا يېڭىچە مائارىپ پۈتكۈل شىنجاڭدا دېگۈدەك يولغا قويۇلۇپ بولغان چاغ ئىدى. مۇشۇنداق زاماندا رەسىمگە شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان موللا ـ ئۆـ ـلىمالار 1870 ـ يىلى خانلىق مەدرىسەنىڭ دەرۋازىسىنى رەسىم ئۆگەتكۈچىگە ئېچىپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى بىز خانلىق مەدـ ـرىسەدە ئۆتۈلگىنى رەسىم ئەمەس، نەقىش دەرسى دەپ ئۆزگەرتىپ چۈشىنەمدۇق ـ يا؟

ئىلمىي شۇبھە ھەم ئىدراكىي تەنقىد ئومۇملاشمىغان ئەھۋالدا ئىلىم ساھەسى كەلسە ـ كەلمەس ماقالە ـ ئەسەرلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، لېكىن سۈپەتكە توشىدىغىنى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. تەنـ ـقىدىي تەپەككۇرغا ئادەتلەنمىگەندە راست ـ يالغاننى ئايرىغىلى ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار چىقارغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ مائاردـ ـپىمىزدا تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىگە سەل قارىلىدىغان بولـ

غاچقا توغرا بىلەن خاتانى، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرۈش، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەھلىل يۈرگۈزۈش، مۇستەقىل قاراش شەكىللەندۈرۈش جەھەتلەردە زور دەرىجىدە يېتەرسىزلىك مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىمىزدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، ئالىي مەكتەپ مائارىپىمىزدىمۇ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ئالىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار ھەم تەنقىد روھى كۈچلۈك ئالىي ئۇنىۋانلىقلار بولغاندىلا ئاندىن ئىلىم مۇھىتى ساغلام بولىدۇ. تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسى ئومۇملاشمىغان ئەھۋالدا ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە بۇنداق يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ھەم لاياقەتلىك ئىستۇدېنتلارنى كۆرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك بالدۇر. تەنقىدىي تەپەككۇر خىسلىتى شەكىللەنمىگەن ئادەمدە جاسارەت ۋە پاراسەت، ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە ئۆتكۈرلۈك يېتىلمىكى تەس. لۇ شۈن ئەپەندى شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگولۇقلار يازغان كىتابلارنى ئاز ئوقۇيلى، چاتاقچىلاردىن بولايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەنىكەن. ئۇ بۇ خىل تەشەببۇسنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تەنقىد روھىنىڭ كەملىكىنى ھەم ھازىرقى شارائىتتا تەنقىدىي روھنى تۇرغۇزۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتقانىكەن. ئۇ جەمئىيەتتە ھەرقانداق بىر ئىشتا چاتاق تاپىدىغان ئادەملەر بولغاندىلا ئاندىن يېڭىلىق ياراتقىلى، كۈندىن - كۈنگە راۋاج تاپقىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىكەن. مەشھۇر ئەدەبىيات ئوبزورچىسى بېلىنسكىي «ھەربىر مىللەتنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنىڭ سىرى ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە غىزا - تائاملىرىدا ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنى چۈشىنىشتىكى نەزىرى ۋە ئۇسۇلىدا» دەپ ئېيتقان. بۇ ھېكمەتلىك سۆزدىمۇ تەنقىدىي تەپەككۇر جەھەتتىكى خاسلىقنىڭ مۇھىملىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ بايانلار بىزگە تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ تەخىرسىز مەسىلە ئىكەنلىكىد-

نى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئالىي مائارىپ ئىستۇدېنتلاردا تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە كۆنتەرتىپكە كىرگۈزمىسە تەپەككۇر جەھەتتە ئەگىشىش تىپىدىكى، خاراكتېر جەھەتتە قۇرۇقتىن - قۇرۇق قايىل بولۇش تىپىدىكى ئىستۇدېنتلار تۈركۈملەپ جەمئىيەتكە چىقىۋېرىدۇ. جۇڭگولۇق مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكىدا تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتى تولۇق كۇرس مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق ئۆلچەم بولۇپلا قالماستىن، ئاسپىراتلارنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىشتا تەكشۈرىدىغان ئاساسلىق نىشان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، «دۆلىتىمىزدە تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسى ئەمدىلەتىن يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە بىزنى ئەنسىرىتىۋاتقىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتى» دەپ كۆرسىتىشتى. ئۇلار يەنە «جۇڭگو مەدەنىيىتىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر ئەنئەنىسى كەمچىل، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ساپاسىدا لوگىكا قارىشى يۇزە، تەنقىدىي تەپەككۇر ئېڭى كەمچىل. تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىنىڭ ئەھمىيىتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ساپاسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ چۈشەندۈرۈشتى. بىز بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشر قىلغان «تەنقىدىي تەپەككۇر دەرسلىكى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1993 - يىلى پىرىستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «تولۇق كۇرس مائارىپى ئىستراتېگىيەلىك پىلان كومىتېتى» تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا چىقارغان 12 تۈرلۈك ئۆلچەمنى كۆرۈپ باقساق، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر مەسىلىسىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

1. ئېنىق تەپەككۇر، سۆزلەش ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتى بولۇش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

2. تەنقىدىي ۋە سىستېمىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قابىلىيىتى بولۇش.
3. ئۇقۇم شەكىللەندۈرۈش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش قابىلىيىتى بولۇش.
4. مۇستەقىل مۇلاھىزە قىلىش قابىلىيىتى بولۇش.
5. يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك ۋە مۇستەقىل ئىشلەش قابىلىيىتى بولۇش.
6. ھەمكارلىشىش ۋە ئالاقىلىشىش قابىلىيىتى بولۇش.
7. نېمىنىڭ مەلۇم نەرسىنى تەلتۆكۈس چۈشەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولۇش.
8. مۇھىم نەرسە بىلەن ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، ئۇزاق مەزگىللىك نەرسە بىلەن قىسقا مەزگىللىك نەرسىنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولۇش.
9. ئوخشاشمايدىغان تەپەككۇر شەكىللىرىگە پىششىق بولۇش (مىقدار، تارىخ، پەن، ئەخلاق، ئېستېتىكا).
10. مەلۇم ساھەدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولۇش.
11. ئوخشاشمايدىغان پەن، ئەدىيە، مەدەنىيەتنىڭ باغلىنىشلىق تەرەپلىرىنى كۆزىتىش قابىلىيىتى بولۇش.
12. ئۆمۈرۋايەت ئىزدىنىپ ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولۇش.

بۇ 12 ئۆلچەم ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن بىر ئادەمدە بولۇشى كېرەك بولغان تەلەپلەردۇر. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە تەنقىدىي تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك تەلەپ سىڭگەن. شۈبھىسىزكى، تەنقىدىي تەپەككۇر بىزنىڭ قېتىپ كەتكەن تەپەككۇر تۈپرىقىمىزنى يۇمشىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. قاتمال تەپەككۇر سىستېمىمىزنى جانلاندۇرىدۇ. تەپەككۇر بوشلۇقىمىزنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. تەنقىدىي تەپەككۇر بىزنىڭ تەپەككۇر تۈپرىقىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى، تەپەككۇر بوشلۇقىمىزنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەپەككۇر سىستېمىمىزنىڭ ئەلالىشىشىنى ئىلگىرى

سۇرۇپ، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ ئېنىق، راۋان، تەرتىپلىك ۋە جانلىق بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنىڭ قاراشلىرىمىزنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق توغرا قارارلارنى چىقىرىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇردا پىروفېسسورلاردا بولۇشى زۆرۈر بولغان تەنقىد روھى ۋە مەسئۇلىيەت تويغۇسى يېتەرلىك بولغان بولسا، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغان قاراش ياكى نەقىل قىلىنغان ئۇچۇرلارنى «ئىشەنچلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ـ ئەمەسمۇ، دەپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقمايلا» قارىقويۇق قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. بۇ قاراش ياكى ئۇچۇرلار قانچىلىك كۆپ كىتاب ـ ژۇرناللاردا قوللىنىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىلمىي شۈبھە ۋە ئىدراكىي تەنقىدنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولاتتى.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە كۆپرەك كايىپ تەنقىد يۈرگۈزگەن يەنە بىر مەسىلە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك پىروفېسسورلۇق مەسىلىسى بولغاچقا، مېنى «يالقۇن روزى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىروفېسسورلۇقنى مەنسىتمەيدىغانلارنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ بىرى» دەپ ئەيىبلىدى. ئاپتورنىڭ بۇ جۈملىسى ئىلمىي تەنقىد تىلى بىلەن ئەمەس، تاپا ـ تەنە تىلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى «پىروفېسسورلۇق يالقۇن روزى كىنايە قىلىپ يۈرىدىغان ھەم ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس» دېگەن تولۇقلىما تەنقىدى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ پىروفېسسورلۇق توغرۇلۇق ئۇنداق ـ مۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ، دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

پىروفېسسورلۇق بىر تۈرلۈك كەسپىي ئۇنۋان (غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئېيتقاندەك ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس). مەن پىرو-

فېسسورلۇق بىلەن پىروفېسسورلارنىڭ پەرقلىق ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ھازىرغىچە يازغان ماقالە ـ ئەسەرلىرىمدە پىروفېسسورلۇق توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ قىلمىدىم. ئەمما پىروفېسسورلار توغرۇلۇق ئانچە ـ مۇنچە تەنقىدىي مۇلاھىزىلەرنى قىلدىم. بۇ خۇددى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ھەممە ئادەم شەرەپلىك خىزمەت دەپ بىلسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدا ئەركىن باھا، تەنقىد، تەكلىپلەرنى بەرگەندەك بىر ئىش. غەيرەتجان ئوسمان «پىروفېسسورلۇق» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «پىروفېسسور» دېگەن ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلمەي قوللاندىمۇ ياكى ئەتەي گەپنى كونكرېت شەخستىن ئابستراكت كەسىپكە يۆتكەپ بارلىق پىروفېسسورلارنى غەزەپلەندۈرۈپ، مېنى پىروفېسسورلارنىڭ غەزەپ «تاشقىنى» دا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئارزۇ قىلدىمۇ، بىلەلمىدىم. مېنىڭچە، ئوقۇتقۇچىلارنى تەنقىدلىگەنلىك ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىنكار قىلغانلىققا تەڭ دەپ چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. پىروفېسسورلار توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر قىلىشنى پىروفېسسورلۇق كەسپىنى مەنسىتمىگەنلىك دەپ قارايدىغان ساددا ئادەم ھەم بولمىسا كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، جۇڭگودا ئۇنۋان تۈزۈمى ئەسلىگە كېلىپ، ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانغا 30 يىللار بولدى. بۇ 30 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى پەن ۋە كەسىپلەردە مىليونلىغان ئالىي ئۇنۋانلىقلار بارلىققا كەلدى. دېمەك، 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ئالىي ئۇنۋانلىق پىروفېسسور ۋە دوكتورلار قاتلىمى كۆلەملىشىپ ئاللىبۇرۇن جەمئىيەتتىكى بىر مۇھىم ئىجتىمائىي توپ بولۇپ شەكىللەندى. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى، بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتى توغرۇلۇق تەكشۈرۈش، تەتقىقات ۋە تەنقىد ئېلىپ بارىدىغان زۆرۈرىيەت تۇغۇلدى. خۇددى «بىزگە قانداق ئوقۇتقۇچىلار كېرەك»، «بىزگە قانداق لىدېرلار كېرەك»، «بىزگە قانداق ئەدىبلەر كېرەك»، «بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك» دەپ

مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندەك، «بىزگە قانداق پىروفېسسورلار كېرەك»، «بىزگە قانداق دوكتورلار كېرەك» دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە تامامەن بولىدۇ. پىروفېسسور ياكى دوكتورلار تېمىسى تەنقىد - مۇلاھىزە قىلىش چەكلەنگەن تېما ئەمەس. ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش ۋە ماختىنىشنى ئىستەشتەك پىسخىكىلىق كېسەللىككە دۇچار بولغان ئاجىز ئادەملەردىن باشقا جەمئىيەتتە مەلۇم بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىقات ۋە تەنقىدىنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش ۋە ماختىنىشنى ئىستەش پىسخىكىسى كۈچلۈك، زىيادە شۆھرەتپەرەس ھەم ئۆزىگە ئىشەنچىسى كەمچىل ئادەملەرلا تۇرمۇشتا تەبرىك گۈللىرىگە، چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرىغا بەكمۇ تەشنا بولغان ھالدا ياشايدۇ. ئۇنداقلار ئۆزى ھەققىدىكى ئاشۇرۇپ - ئۇچۇرۇۋېتىلگەن مەدھىيە سۆزلىرىدىنمۇ قىزارماستىن، شادلىنىپ كېرىلىپ كېتىدۇ. «ئەخمەقنىڭ دورىسى ماختاش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى بىلىۋالغان ياغلىما ئېغىز، ياخشىچاق جان باقتىلار ئۇنداقلارنى ماختاپ - ئۇچۇرۇپ كولدۇرلىتىپ يۈرۈۋېرىدۇ. «داڭلىق جامائەت ئەربابى»، «ئالاھىدە تالانتلىق ئەدىب»، «يېتۈك ئالىم»، «ئۇستاز ژۇرنالىست»، «ئەل سۆيگەن سەنئەتكار» دېگەندەك سۇپەت سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غازاڭدەك ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىر - بىرىنى ماختاپ - ئۇچۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى سۇپەت ئېڭى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت روھى ئومۇملاشمىغان «ياخشىچاقلار جەمئىيىتى» تولىمۇ زەئىپ جەمئىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى سۇپەت ئېڭى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت روھى ئومۇملاشقان «تەلەپچانلار جەمئىيىتى» ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ساغلام جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە ھېچكىمنىڭ ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىشىغا بولمايدۇ. «تەلەپچانلار جەمئىيىتى» دە «پىروفېسسورلۇق ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بو-

لىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس» دېگەندەك ساغلام بولمىغان گەپلەر ئارقىلىق پىروفېسسورلارنى شەرتسىز چوڭ كۆرۈش، شەرتسىز ئۇلۇغلاش تەلەپ قىلىنسا كۈلكىلىك ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ. پىروفېسسور ۋە دوكتورلارنىڭ ئۆزلىرىنى «بۇ ئۇنۋان ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەن» دەپ قاراپ بىيۇروكرات ئەمەلداردەك خىياللاردا بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەخمەقلىق دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، پىروفېسسور ۋە دوكتورلار ھەرگىزمۇ تەلەپ قويۇلۇش، تەنقىد قىلىنىش كەچۈرۈم قىلىنىغان ئالاھىدە توپ ئەمەس. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ئادىل، توغرا تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى. پىروفېسسور ۋە دوكتورلار ئالىي ئۇنۋانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تەلەپ ۋە تەنقىدتىن مۇستەسنا دەپ قارالسا، ئۇلارغا ئىداركىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىنمىسا، تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتتە «ئۇنۋان خۇراپاتلىقى» ئۇلغىيىپ، ئالىي ئۇنۋانلىقلارغا قارىغۇلارچە باش ئۇرۇش پىسخىكىسى كۆرۈلىدۇ. ئۇلارغا يۇقىرى تەلەپ، ئەستايىدىل پوزىتسىيە، ئىدراكىي نەزەر بىلەن قارىماستىن «پىروفېسسورلار ئالىي مەكتەپنىڭ گۈلى» دەپ قارىغۇلارچە ماختىسا پىروفېسسورلۇقنى يۇقىرى شەرەپ ھەم يۇقىرى مەسئۇلىيەت دەپ بىلىدىغان پىروفېسسورلار بىلەن پىروفېسسورلۇقنى تاج قىلىپ بېشىغا قوندۇرۇۋېلىپ، تاجغا تۇشلۇق تىرىشچانلىق، تاجغا تۇشلۇق ئىلمىي روھ، تاجغا تۇشلۇق مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى يوق، پەقەت تاجغا تۇشلۇق تەمىنات بىلەنلا قانائەتلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان «لوڭقىسىمان پىروفېسسور» لار ئارىلىشىپ كېتىدۇ. پىروفېسسورلۇق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋاننى قانداق مۇشكۈلچىلىكلەرنى يېڭىپ، قانداق قاتتىق تەلەپلەرنى ئادا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، تەلەپ ۋە تەنقىدتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. تەلەپ ۋە تەنقىدتىن مۇستەسنا ئەمەلدارمۇ، پۇلدارمۇ، پىروفېسسورمۇ، دوكتورمۇ، دوختۇرمۇ ئوخشاشلا چىرىكلىشىدۇ. تەلەپ ۋە تەنقىد ئېڭى يوق كىشىلەر پىرو-

فېسسور ياكى دوكتورلارنى شەرتسىز ئۇلۇغلايدۇ. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «پىروفېسسورلار ئالىي مەكتەپنىڭ گۈلى» دېگەن تەرىپى پەقەت شائىرانە سۆپەتلەش بولۇپ، ئۇلارغا ھېسسىي نەزەر بىلەن مەپتۇن بولۇپ قارىغانلىقتۇر. مېنىڭچە، پىروفېسسورلارنى بۇنداق ھېسسىي نەزەر بىلەنلا ئۇلۇغلاش، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى سۆپەت ئېڭى، كۆچلۈك مەسئۇلىيەت روھى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىدراكىي باھا بېرىشتىن تولىمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. بىز ئىدراكىي باھانى ھېسسىي باھادىن ئۈستۈن كۆرىدىغان تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرمىسەك، چىرايلىق گەپ ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈۋېرىمىز. گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ نىچشې «كىشىنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى مەدھىيەلەڭلار!» دەپ ئېيتقان. شەيئىلەرگە قەتئىي، ئەستايىدىل، ئىدراكىي، جىددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش، «ھاياتتا ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەندەك كىشىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان قىممەت قارىشىنى دەستۇر قىلىپ ياشاشتىن مىڭ ئەلا!

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئۆزىنىڭ پىروفېسسورلارنى قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى بىلەن، مەن «بىر پارچە خىشنىڭ سىررى» ناملىق ماقالەمدە نەقىل كەلتۈرگەن، ياپونلارنىڭ «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن سۆزىنى «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرغان»، «مەنبە ئاساسى بولمىغان بىر خىل قاراش» دەپ ئەيىبلىگەن.

«مەنبە ئاساسى يوق» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ قاراشنىڭ مەنبە ئاساسى يوق ئەمەس. بۇ سۆز «ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ھېكمەتلىرى» دېگەن ئەقلىيە سۆزلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان، ئۇنداقتا، مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ماقالەمدە ئىشلەتكەندە مەنبەنى ئەسكەرتمىدىم دېگەندە، مېنىڭ «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى» ناملىق ماقالەم ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئەمەس، بەلكى پۇبلىستىك ماقالە. مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى

قاچاندىن باشلانغان؟»، «20 ـ ئەسىردىكى تۈنجى ئىسلاھاتچى»
دېگەن ماقالىلىرىم ئىلمىي ماقالە بولغاچقا قوللىنىلغان ھەربىر
نەقىلنىڭ مەنبە ئاساسىنى ئېنىق كۆرسەتكەنىدىم. «بىر پارچە
خىشنىڭ سىرى» دېگەن ماقالەم پۇبلىستىك ماقالە. پۇبلىستىك
ماقالىلەرگە ئىلمىي ماقالىلەردەك مەنبە ئاساسىنى بىرمۇبىر ئې-
نىق كۆرسىتىش تەلەپ قويۇلمايدىغان بولغاچقا كۆرسەتمىگەن-
دىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم ئىلمىي ماقالە بىلەن پۇبلىستىك
ماقالە يېزىپ قالسام پەرقلىق مۇئامىلە قىلىمەن. چۈنكى، پۇب-
لىستىك ماقالىگە ئىلمىي ماقالىگە قويۇلىدىغان قاتتىق تەلەپ
قويۇلمايدۇ. پۇبلىستىك ماقالە ئەركىن ئۇسلۇبتا يېزىلىدۇ. ئىل-
مىي ماقالە چوقۇم قېلىپلاشقان رامكا ئىچىدە يېزىلىدۇ. بۇ، ئۆز-
گەرمەي كېلىۋاتقان تەلەپ.

«ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرغان» دې-
گەن گەپكە كەلسەك. مېنىڭچە بۇ، جانلىق ئىدىيەسى يوق، قاتمال
پىكىر قىلىدىغان كىشىلەرگە خاس تەپەككۇر. «100 پىروفېسسور
تەربىيىلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن بۇ
قاراش كىشىلەرنى زەھەرلەيدىغان قاراش ئەمەس، بەلكى شەيئى-
لەرگە بولغان چۈشىنىشنى موللاشتۇرىدىغان قاراش. بۇ قاراشنى
ئەلۋەتتە مۇتلەق توغرا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا نىسپىي ھەقى-
قەتنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بىر پۈتۈن دۆلەت-
نىڭ ياكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنى يېڭىلى-
ۋەتكەن پىراگماتىزملىق مائارىپشۇناس جون دېۋېي (John Dewey)
غا ئوخشاش مۇتەپەككۇر پىروفېسسورلارمۇ بولىدۇ، مىڭلىغان پى-
روفېسسورلارنى باش كۆتۈرگۈزمەي ئىشلىتىدىغان بىل گايتىسقا
ئوخشاش كارخانىچىلارمۇ بولىدۇ. بىز ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە،
پەرقلىق قاراشلاردىن چۆچۈپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. بىزنىڭ-
كىگە ئوخشىمايدىغان ئىدىيە، بىزنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان
قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئاپەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىرەر يېڭى ئىدى-



www.uyghurkitap.com

يە، بىرەر يېڭى قاراشنى «كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ»، «ئىلىم ساھە-
سىنى قايمۇقتۇرىدۇ» دەپ يەڭگىللىك بىلەن ئەيىبلەش ياكى «ئۇ-
نىڭغا باھا بېرىش ھاجەتسىز» دەپ يۈزە ھالدا ئىنكار قىلىش ئىد-
دىيە قاتماللىقى ھەم تەپەككۇر نامراتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش
بىلەن بىللە، ئادەمنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى بوغۇپ قويىدۇ.
«100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن
ئەلا» دېگەن قاراش مەمۇرىي بۇيرۇقمۇ ئەمەس، ئىلاھىي پەرمانمۇ
ئەمەس، پەقەت شەيئىلەر ھەققىدىكى ئۆزگىچە بىر خىل تونۇش.
ئۇ جەمئىيەتكە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغان ئەخلاقتا، ئېتىقادتا،
قانۇنغا خىلاپ خەتەرلىك قاراشمۇ ئەمەس. بىز مۇشۇنچىلىك دەرد-
جىدىكى ئۆزگىچە قاراشلارغىمۇ بىمالال مۇئامىلە قىلالمىساق،
بارغانسېرى قاتمال ئىدىيەنىڭ تار قەپىسى ئىچىگە قامىلىپ، باش-
قىلارنىڭ كۆكنى قۇچقان ئەركىن پەرۋازىغا كۆزىمىزنى پارقىرد-
تىپ قاراپ تۇرۇۋېرىشتىن قۇتۇلالمايمىز. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا،
ھازىر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىقتىسادتا
ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشلا ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ۋە ئىدىيەدىمۇ
ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتۇر. تەپەككۇردا، ئىدىيەدە ھاللىق سەۋد-
يەگە يەتمىگەن ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاللىق سەۋىيەگە يەت-
سىمۇ، يەنىلا «پۇلى بار نامرات» ئاتىلىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ھەر -
ھەر بايلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشتىكى مەقسىتى تۇغ-
رۇلۇق پاراڭلىشىپ باقساق، ھەممىسى دېگۈدەك «بالىلىرىمىزغا
مىراس قالدۇرۇش ئۇچۇن» دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق قاراش
نادان پومېشچىكنىڭ قارىشىدۇر. پۇل تاپقاندىن كېيىن پۇلغا
قانداق مۇئامىلە قىلىش شۇ ئادەمنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەر-
بىيەلىنىشىگە باغلىق.

يېڭى ئىدىيەدىن ئۇركۇش، ئۆزگىچە قاراشتىن قېچىش بىزنى
بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان خەتەرلىك روھىي ھالەت.
20 - ئەسىردىكى ئەنگلىيەلىك مۇتەپەككۇر فىرىدرىخ ئاۋگۇست

خايېك (F.A.Hayek) «قۇللۇققا تۇتاشقان يول» ناملىق كاتتا ئەسىرىدە «ئىدىيەنى هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغىنى ـــ ئوخشاشمىغان بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردۇر. ئىدراكىي ئۆسۈپ يېتىلىش ـــ مۇشۇنداق پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي جەريان» دەپ يازغان. بىز ئوخشاشمىغان بىلىم، ئوخشاشمىغان چۈشەنچە، ئوخشاشمىغان ئىدىيە، ئوخشاشمىغان قاراشلارنى چامىمىزنىڭ يېتىشىچە نېرىگە ئىتتىرسەك، ئاخىرقى هېسابتا تەپەككۇر مەجرۇهلۇقى، ئىدىيە قاتاللىقى، بىلىم نامراتلىقى بىزنىڭ خاس ئالاهىدىلىكىمىز بولۇپ قالىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، مەلۇم بىر خىل نۇقتىئىنەزەر، مەلۇم بىر خىل ئىدىيە مەيلى كونىرىسۇن ياكى يېڭىلانسۇن، ياكى ئاغدۇرۇلسۇن، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە هامان رولى بولىدۇ. شۇڭا، سىناپ بېقىشقا، كۆزىتىپ بېقىشقا، ئاڭلاپ بېقىشقا، تەكشۈرۈپ، تەهلىل قىلىپ بېقىشقا ئادەتلىنىشىمىز لازىم. «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن ئۆزگىچە قاراشقا «جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلىدۇ»، «ئىلىم ساهەسىنى قايمۇقتۇرىدۇ» دەپ زەهەرلىك گازغا، خەتەرلىك ۋىرۇسقا مۇئامىلە قىلغاندەك جىددىي مۇئامىلە قىلىش بىر خىل ئاجىز پىسخىكىلىق هالەت. بۇنداق ئاجىز ئىجتىمائىي پىسخىكىنىڭ شەكىللىنىشى هەم ئومۇملىشىشىدا هەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللار، تارىخىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، مېنىڭچە ئەڭ مۇهىمى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىمتىهان مائارىپى مۇهىتىدا يېتىلگەن ئىدىيە قاتاللىقى مۇهىم بىر ئامىلدۇر. 1993 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن جۇڭگونىڭ ئاساس مائارىپ باسقۇچىدا ساپا مائارىپى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمتىهان مائارىپىنىڭ ئاسارىتى تېخىچە تۈگىگىنى يوق. ئۇنداقتا، ئىمتىهان مائارىپى بىلەن ساپا مائارىپى ئالاهىدىلىك جەهەتتىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟ مۇتەخەسسىسلەر بۇ پەرقنى جۇڭگو مائارىپى

بىلەن تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى مائارىپىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يەكۈنلىگەن:

بىرىنچى، ئوقۇتۇش مەقسىتى جەھەتتە، بىز بىلىم بېرىشكە ۋە بىلىم ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىمىز. خەق ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، بىز قۇيۇپ قويۇشقا كۆڭۈل بۆلىمىز، خەق ئىلھاملاندۇرۇشقا، قىزىقتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولى جەھەتتە، بىز سۆزلەش ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىمىز، خەق ئوي - پىكىرنى قوزغاشقا، تەتقىقاتقا يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى جەھەتتە، بىز ئەستە تۇتۇش، يادقا ئېلىشنى تەكىتلەيمىز، خەق چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەكىتلەيدۇ.

مانا مۇشۇنداق پەرق تۈپەيلىدىن بىزنىڭ مائارىپىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ئىستۇدېنتلار بىلەن خەقنىڭ مائارىپىدىن يېتىشىپ چىققان ئىستۇدېنتلار ئومۇمىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە مۇنداق ماھىيەتلىك پەرققە ئىگە بولغان: بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىمى مول، ئەمما رامكىدىن چىقالمايدۇ، تەقلىد قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. خەقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭى ئىدىيەسى مول، ئويلىنىش دائىرىسى كەڭ، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەتلىك.

جۇڭگونىڭ مائارىپى بىلەن غەربنىڭ مائارىپى ئوتتۇرىسىدىكى مانا مۇشۇنداق پەرق ۋە ئوخشاشمىغان نەتىجە جۇڭگونىڭ مائارىپ نەزەرىيەچىلىرىنى قاتتىق ئويغا سالغان. ھازىر كۈچەپ يولغا قويۇلۇۋاتقان ساپا مائارىپى بىلەن دەرس ئىسلاھاتى بىرتالاي ئىللەتكە ئىگە، ئۇنۇمى تۆۋەن ئىمتىھان مائارىپىغا خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان. چۈنكى، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور، قوشۇنى ئەڭ كۆپ جۇڭگو مائارىپى قولغا كەلتۈرگەن ئۇنۇم جەھەتتىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولالماي قالغان. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى

ئۆلچەملىك جاۋاب بىلەن چەكلەيدىغان، ئۇلارغا مېخانىك مەشىق قىلدۇرۇشنى، ئۆلۈك كىتابىي بىلىمنى ئىگىلىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغان ئىمتىھان مائارىپى قاتتىق تەنقىد قىلىنغان.

ساپا مائارىپى ۋە دەرس ئىسلاھاتىنى تېزدىن يولغا قويۇشنى تەكىتلىگەن مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى، توغرا ئىدىيە بىلىمدىن مۇھىم، جانلىق ئىدىيە ئۆلۈك بىلىمدىن مۇھىم. ئېچىۋېتىلگەن تەپەككۇر قاتمال تەپەككۇردىن ئۈستۈن، ئەركىن خاراكتېر ئىتا-ئەتچان خاراكتېردىن ئۈستۈن، دەپ قاراشقان. ئىمتىھان مائارىپى شارائىتىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشقا ئېتىبار بېرىپ ئۆگىنىشكە ئېتىبار بەرمىسە، تەييار يەكۈننى يادلىتىشقا ئېتىبار بېرىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە، تەھلىل قىلىشقا ئېتىبار بەرمىسە، بىلىمنى قۇيۇپ قويۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، تۈرلۈك سوئاللار-نىڭ قويۇلۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىسە، ئىمتىھان نەتىجىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدى-لىكلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىسە، چۈشىنىش ئىقتىدارىغىلا ئېتىبار بېرىپ، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمىسە ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنىڭ قوزغىلىشىدىن، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى ھازىرلىيالىشىدىن ئۈمىد كۈت-كىلى بولامدۇ؟ بۇنداق مائارىپ، بۇنداق ئوقۇتۇش شەكلى كۆپلى-گەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆگىنى-دىغان «ئۆگىنىش ماشىنىسى» غا ئايلاندۇرۇپ قويماي قالامدۇ؟ ئەھۋال دەل مۇشۇنداق بولغاچقا «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى يېڭى مائارىپ بورىنى» دەپ سۈپەتلەنگەن دەرس ئىسلاھاتى يولغا قو-يۇلدى.

دېمەك، بىزنىڭ كۆپلىگەن ئادەملىرىمىزدىكى نەزەرىيە ئەمالد-قى، پىكىر بېقىندىلىقى، تەپەككۇر نامراتلىقى ۋە ئىدىيە قاتماللى-قىغا دەل ئىمتىھان مائارىپى سەۋەبچى. بىزدە ئوخشاشمىغان دە-رىجىدە ئىمتىھان مائارىپى شارائىتىدىكى يېتەرسىزلىك بار.



www.uyghurkitap.com

ئوخشاشمىغان ئىدىيەنى قارغاش، ئوخشاشمىغان قاراشقا كەيپىيات بىلەن قارشى تۇرۇش، ئوخشاشمىغان ئىدىيە ياكى قاراشتىكى ئادەمنى سىغدۇرماسلىق، «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەندەك ئەمەلىيەتكە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن تەرەپلىرى بار ئادەتتىكى قاراشنىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ چۈشىنىش شۇ خىل يېتەرسىزلىكنىڭ تىپىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە مېنى ئەيىبلەپ يەنە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ چىققان، پىروفېسسورلاردىن تەلىم ئالغان يالقۇن روزىنىڭ پىروفېسسورلارنى مەسخىرە قىلىدىغان قىلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەيرىي تەسىر قوزغاپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان ھەم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە يۇرتىدىكى ئىككى دېھقان يىگىتنىڭ ئۆز دادىلىرىنى ئوقۇتقان بىر پېشقەدەم مۇئەللىمنى ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىپ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ دېھقان بالىلىرىغا قاراپ، دەسلەپ «‹بۇلار ئەخمەقمۇ نېمە›، دېگەن ھاماقەتلەرچە خىيال» دا بولغانلىقىنى، ئاندىن «دەرھال كاللىسىنى سىلكىپ بۇ خىل چاكىنا خىيالدىن ئويغانغان» لىقىنى يازغان. بۇ دېھقان يىگىتلەرنىڭ پەزىلىتىدىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتقا چۆمگەن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «مەن ئۈرۈمچىدە، مەدەنىي چوڭ شەھەردە، ئالىي بىلىم يۇرتىدا يىگىرمە نەچچە يىل ياشاپ، بۇنداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپ باقمىغانىدىم» دەپ يازغان.

مېنىڭچە، ئىككى دېھقان يىگىتنىڭ قىلغان ئادەمگەرچىلىكى ئەلۋەتتە ياخشى ئەخلاق ھەرىكىتى ھېسابلانسىمۇ، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ بۇ ھەرىكەتتىن زىيادە ھەيران بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كېتىشى ساددىلارچە ھېسسىياتتۇر. پىشقان بىر ئادەم ئادەتتىكى بىر ئەخلاقىي ھەرىكەتتىن ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ

كەتمەي، لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ ھەم ئاشۇرۇۋەتمەي نورمال ئىش قاتارىدا ئويلايدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇھەممەت ئابدۇللا ئىسىملىك ناھايىتى زېرەك ھەم سۆزمەن بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولىدىغان. بۇ ئادەم جانلىق پىكىر قىلىدىغان، ئەمەلىيەتچى ئادەم بولۇپ، قىزىق ھەم ئۆزگىچە پىكىرلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇ كىشى بىر قېتىم ئالىي مەكتەپتىكى بىر قىسىم مۇئەللىملەرنىڭ ساددىلىقى، كىچىككىنە ئىشلاردىن خۇشال بولۇپ كېتىدىغان گوللۇقى توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ، «يالقۇن ئۇكام، بىزنىڭ بۇ مۇئەللىملەر ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنبىرىدە دەرس سۆزلىگەن بىلەن، ئارىسىدا كىچىككىنە ئىشلاردىن خۇشال بولۇشۇپ، ئانچىكىم ئىشلاردىن غەم يەپ يۈرىدىغان ساددا، گول مۇئەللىملەر ئاز ئەمەس. ناۋادا مەكتەپ تۇخۇم تارقىتىپ قالسا 4 ~ 5 كىلوگىرام تۇخۇمنى كۆتۈرگىنىچە گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۇچرىغان ئادەمگە سورىمىسىمۇ سۆزلەپ ‹تۇخۇم تارقىتىپتىكەن، شۇنى ئەكېلىۋاتىمەن› دېيىشىپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇخۇمنىڭ گېپىنى قىلىشىپ يۈرىدۇ» دېگەنىدى. مەن ئۆزۈممۇ سۆز ـ ھەرىكىتىدە زىيادە ساددىلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇنداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى كۆپ كۆرگەن. ئەلۋەتتە، ئىنتايىن ئەقىللىك، خاراكتېرى كۈچلۈك، نەزىرى ئۈستۈن، سۈپەت ـ ساپاسى كىشىدە تەبىئىي ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆپ كۆرگەن.

مېنىڭچە، پىشقان بىر مۇئەللىم سۈيۈنۈشكە توغرا كەلسە ئۇزۇم كۆتۈرۈپ يوقلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىسىدىن ئەمەس، مۇستەقىل پىكىر قىلىش جاسارىتىگە ئىگە ئوقۇغۇچىسىدىن سۈيۈنۈشى، ھەيران قېلىشقا توغرا كەلسە قول قوۋۇشتۇرۇپ جىممىدە تۇرىدىغان ئىتائەتمەن ئوقۇغۇچىسىغا ئەمەس، تەنقىدىي روھى بار، ئىلمىي جاسارىتى بار، قەتئىي ئىرادىسى بار ئوقۇغۇچىسىغا ھەيران قېلىشى كېرەك. ھەقىقىي بىر مائارىپچى ئوقۇغۇچىلىرى-

دىن ئىتائەت ئەخلاقىنى نامايان قىلىشنى كۈتمەيدۇ، بەلكى ئىلمىي جاسارىتىنى نامايان قىلىشنى كۈتىدۇ. مۇئەللىمى ئاغرىپ قالسا ئۈزۈم كۆتۈرۈپ يوقلاپ كېلىدىغان ئوقۇغۇچى كۆپ بولىدۇ. ئەمما يېڭى قاراش، يېڭى چۈشەنچە، يېڭى پىكىر ھاسىل قىلىپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئىلمىي مۇنازىرە قىلىدىغان ئوقۇغۇچى ساناقلىق بولىدۇ. ئاۋۋالقىلار ئاۋامغا خاس قائىدە ـ يوسۇن، باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلەرنى ئادا قىلىپ ياشاش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئادەتتىكى بەندىلەر بولسا، كېيىنكىسى پروفېسسورلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان قابىل شاگىرتلار ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق، ئادەمگەرچىلىك قائىدىلىرىنى ئادا قىلىپ ياشاش ئەرزىمەيدۇ، دېمەكچى ئەمەس، ئۇ چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەقەللىي ئىش، لېكىن ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىدىن چاتاق تاپالايدىغان ئوقۇغۇچى بولۇش تېخىمۇ مۇھىم، دېمەكچى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىلدۈرىدىغان ئىتائەتمەنلىكى ئادەتتىكى مەنىدىكى ئەخلاق ھېسابلانسا، شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىدىن چاتاق تېپىش جاسارىتى يۈكسەك مەنىدىكى ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. لۇ شۈن ئەپەندىنىڭ شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە «چاتاقچىلاردىن بولايلى» دەپ چاقىرىق قىلىشى دەل مۇشۇ داۋلىغا چۈشىدۇ. ھەقىقىي مائارىپچى ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشىنى ئەڭ زور خۇشاللىق ئىش دەپ بىلىدۇ. ئادەتتىكى قائىدە ـ يوسۇن، باردى ـ كەلدى ئىشلاردا ئىپادىلەنگەن ئەخلاقىي سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە نورمال ئىش قاتارىدا قارايدۇ. ئوقۇغۇچى ياكى شاگىرتلار ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىگە قارىغۇلارچە باش ئۇرماي، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر جاسارەت. ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزنى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن قويۇۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا قەدىمكى گىرېك دانىشمەنلىرى «مەن ئۇستازىمنى

ھۆرمەت قىلىمەن، لېكىن ھەقىقەتنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزنى مىراس قالدۇرغانىدى.

ئادەتتىكى قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئادا قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەپلىك، ئوڭلۇق، مۇلايىم، ئىتائەتمەن كۆرۈنىدىغانلىقى راست. لېكىن ئۇلارنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتمىگەن پەزىلىتىگە ئالدىراپ ئاپىرىن ئوقۇماسلىق لازىم. ف.پېگىن «بەخت پەيدا قىلغان پەزىلەت چەكلىك بولىدۇ. بەختسىزلىك پەيدا قىلغان پەزىلەت قەتئىي بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان بىر خىل پەزىلەت» دېگەنىدى. تەبىئىي ياشايدىغان، غەمسىز يۈرىدىغان، يەنى كۈن چىقتى، كۈن پاتتى دەپلا يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسى يوق دېيەرلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئەخلاق ـ پەزىلىتىمۇ سىناقتىن ئۆتمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنى ئۇنداق ئاق كۆڭۈل، مۇنداق سەممىي دەپ ماختاش بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدە «بەشىنچى مەسىلە» قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنىڭ 1885 ـ يىلى ئەمەسلىكىگە «ئىلگىرى مەنمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىغان» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ 2007 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ئىلى ۋە كاشغەرلەردە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردىن بىرقانچىسى قۇرۇلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1907 ~ 1908 ـ يىللىرى ئىلىدا مۇساباي جەمەتىنىڭ ئىلكىدە مەكتەپ بولغان. شۇ يىللاردا كاشغەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلغان» دەپ ئېھتىيات بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىز ئاپتورنىڭ بۇ مۇجمەل مەلۇماتىدىكى ئېنىقسىز نۇقتىلارغا قارىتا «بىرقانچىسى قۇرۇلغان» دەپسىز، ئاساسىڭىز قېنى؟ «كاشغەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا» دەپسىز، بۇ قايسى يېزىلار؟ نىمە

ئۇچۇن بۇ يېزىلارنىڭ ئىسمى يوق؟ دەپ سوئال قويساق، ئېھتىيات قىلغانىدىم، دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغان گەپ. بۇ بىر ئېتىقادقا ياكى قانۇنغا چېتىلىدىغان نازۇك مەسىلە بولمىسا نېمىشقا قۇرۇقتىن ــ قۇرۇق ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر؟! ئاپتور بۇ گۇمانلىق قارىشىنى شۇ يىلى ئۇرۇمچىدىكى بىر تويدا «ئىكساق مائارىپىنىڭ باشلىنىش مەسىلىسىدە گۇمانلىق يەرلەر باردەك تۇرىدۇ، بۇنى قايتا تەكشۇرمىسەك بولمىغۇدەك، ئىلگىرى ھېسسىياتقا تايىنىپ يىل ــ ۋاقتى بۇرۇنغا سۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن» دەپ پاراڭ ئارىلىقىدا ئوتتۇرىغا قويسا، شۇ ئۇستەلدە ئولتۇرغان بىر يۇرتۋاز كۆكەرمە دەرھال ئەلپازىنى بۇزۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، كېيىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە تەھدىت سېلىپ قورقۇتقانلىقىنى يازغان ھەم «شۇ ئىشتىن كېيىن مەن سەل چۆچۈپ قالدىم ھەم بۇ مەسىلىدە بەزىلەرنى ئالدىراپ قايىل قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپ قاراپ ‹قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى› ناملىق كىتابىمدا ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتكەن نۇقتىلارنى ئىككى يىلدىن كېيىن ئېلان قىلغان ماقالەمدە خېمىغا يېنىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدۇم» دەپ چۈشەندۇرگەن.

ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پىروفېسسوردا ئىلىمنىڭ ھەقىقىتىنى قوغدىغۇدەك، راست گەپ قىلغۇدەك ئىلمىي جاسارەت بولمىسا، نېمە دېگۈلۈك؟ خەق ئازراق پوپوزا قىلىپ قويسا بوشاپ، يۇمشاپ كېتىش لاياقەتلىك بىر ئىلىم ئەھلىگە خاس پەزىلەت ئەمەس. توي ــ تۆكۈنلەردىكى ئۇستەللەردىلا، رېستورانلارنىڭ قاۋاقلىرىدا قاۋاپ ــ قاقشاپ، سۆزلەپ ــ كاپىلداپ يۈرىدىغان بىر ناكەس يۇرتۋازنىڭ ئۆكتەملىكىدىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ 1500 نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغان كىتابىدىكى قاراشتىن يېنىكلىك بىلەن يېنىۋېلىش بىچارىلىك ئەمەسمۇ؟ ھەيران قالارلىق يېرى، ئاپتورنىڭ ئىككى يىل كېيىن يازغان ماقالىسىدە «خېمىغا يېنىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر» بولغانلىقىدۇر. بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئەڭ توپ پەزىلىتى پاكىتنى ئاساس قىلىش ھەم پاكىت

ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈندە مۇستەھكەم تۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. دۇنيا ئىلىم ـ پەن تارىخىدا ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھۆكۈمىدىن يانماي ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن، زىندانغا تاشلانغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىگە سېلىشتۇرغاندا، بىر ئالىجوقا يۇرتۋاز ئەبلەخنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىدىن چۆچۈپ خىيمىغا يېنىش قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئاجىزلىقتۇر. باشقىلارنى «پىروفېسسورلۇقۇمنى مەسخىرە قىلدى» دەپ ئەيىبلىگەن ئاپتور بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ پىروفېسسورلۇق سالاھىيىتىگە ھاقارەت ھېسابلىنىدىغان ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىغان. رۇسىيەنىڭ ئىستالىن دەۋرىدىكى ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ ياشىغان داڭلىق يازغۇچىسى پىرىشۋىن «ھەقىقەتتىن قېچىش تولىمۇ ئاسان، ئەمما ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاش بەك مۇشكۇل» دېگەنىدى، مېنىڭچە، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر قاچقان ھەقىقەتنى ئۇ دەرىجىدە خەۋپكە تولغان ھەقىقەت دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنچىلىك ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ قەتئىي تۇرۇپ قوغدىيالمىغان بىر تەتقىقاتچى زىيالىيغا خاس مەنىۋى سۈپەتنى ھازىرلاشتىن يىراق تۇرىدۇ. ئىتالىيەلىك مەشھۇر ماركسىزمچى زىيالىي ئانتونيو گىرامىش (1891 ～ 1937) «زىدىيالىيلار ئېقىمغا قارشى ئىش ئېلىپ بارالايدىغان ھالقىلىق كۈچ» دەپ قارىغانىكەن. بىز ئېقىمغا ئەمەس، بىر نادان يۇرتۋازغىمۇ قارشى يول تۇتالمىساق قانداق بولىدۇ؟

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدە «ئالتىنچى مەسىلە» سۈپىتىدە مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟» ناملىق ماقالەمدە تاتارىستانلىق ئاكادېمىك مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ پاكىتلىق قارىشىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى ۋە باشلىنىش سەۋەبىنى يېڭىدىن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەنلىكىمنى «چەت ئەللىكلەرنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن مىزانى، قويۇپ بەرگەن ‹دىياگنوز› نى ئۆلچەم قىلىش» خاتالىقىنى سادىر قىلغان، دەپ ئەيىبلىگەن.

مېنىڭچە، بۇ بىر ئىلىم ئەھلى دەيدىغان گەپ ئەمەس. ئىلىم
ساھەسىدە مىللەت، يۇرت ئايرىمىچىلىقى قىلىش تار مەھكىمىچد-
لىك. پاكىتقا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ھەقىقەتنى ھۆرمەت
قىلىش ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي پەزىلەت.
بىر پاكىتنى چەت ئەللىك ئوتتۇرىغا قويسا كېسەك، بىز ئوتتۇ-
رىغا قويساق گۆھەر بولۇپ قالمايدۇ. ئىلىم ساھەسىدە پاكىتنى
ئۆزىمىزنىڭ، چەت ئەلنىڭ دەپ سۇبيېكتىپ تۈس بېرىش كۈلكد-
لىك ئىش.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيەسى ۋە
تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چەت ئەل ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرد-
نىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ قانات يايدۇرالام-
دۇق؟ مېنىڭچە، ئىلىم ساھەسى كەسكىن رەت قىلىدىغان بىر
مەسىلە — بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە بولغان «ئاجىز غۇرۇرلۇق»
لارغا خاس ئىپادىدۇر. «ئاجىز غۇرۇرلۇقلار» ئادەتتىكى ئەھۋالدا
باشقىلارنى يەكلەيدىغان پوپاڭ گەپ - سۆزلەرنى يېنىكلىك بىلەن
ئېيتىۋېرىدۇ ياكى ئىپادىلەۋېرىدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچ-
لۈك ئادەملەر باشقىلارغا مەردانە پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىدۇ.
ناۋادا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە پايدا - زىيىنى تېگىدىغان، ھەق -
ناھەق مەسىلىلىرىگە چېتىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئاڭلىد-
سا، ئاندىن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇششاق
گەپنى تولا قىلىدىغان، ئاسان كۆپىدىغان «ئاجىز غۇرۇرلۇق» لار
ھالقىلىق پەيتتە «پار» غا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدە «يەتتىنچى مەسىلە»
سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ تەنقىدلىگەن مەسىلە تېخىمۇ ئۆزگد-
چە. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «‹ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلاذ-
غان؟› ناملىق ماقالىنىڭ ئاساسىي روھى... بويىچە ‹ئۇيغۇر يېڭى
مائارىپچىلىق ھەرىكىتى› تېگى - تەكتىدىن غەربتىن، تاتار جە-

دىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەنىكەن. بۇ خىل قاراش مۇتلەق قاراشمۇ؟»

بۇ باياندىن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مېنىڭ ماقالەمدىكى تۆپ قاراشقا گۇمانى بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەن تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىلمىي شۈبھە ۋە ئىداراكىي تەنقىدنىڭ بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى ماقالەمنىڭ باش قىسمىدا قەيت قىلغانىدىم. شۇڭا، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ گۇمانىي سوئالىنى غەلىتىلىك دېمەيمەن. يامان يېرى، ئۇ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان؟» ناملىق ماقالىدە يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخشۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈردىمەن» دەپ ئېنىق يازغان. بىر ئاپتورنىڭ ئوخشاش بىر مەسىلىدە، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت پوزىتسىيەنى ئىپادىلىشى بىر تۇتۇرۇقسىزلىق. لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى نورمال ئادەم ئوخشاش مەسىلە توغرۇلۇق ئوخشاش ۋاقىتتا بۇنداق زىددىيەتلىك پوزىتسىيەنى ئىپادىلىمەيدۇ، مەن بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، قائىدە بويىچە غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى تېگى ـ تەكتىدىن غەربتىن، تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن» دېگەن «بۇ خىل قاراش مۇتلەق قاراشمۇ؟» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان شۈبھىلىك سوئالىغا جاۋاب بېرىشىم ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى ئۇ ماقالىسىدە ئۆزى شۈبھىلەنگەن نەرسىنى يەنە ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ماقالىسىنى خۇلاسىلىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى غەربنىڭ تەسىرىدىن، تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ بايانىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «رۇسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەيلى

قانچىلىك پەسكەش ۋە نومۇسسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى سىلاۋىيانلارنىڭ ھەر خىل مەينەت نەرسىلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ، قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن، باشقىرتلار ۋە تاتارلار ئۈچۈن ئوخشاشلا مەدەنىيەتلىك ئىدى». ئېنگېلس بۇ سۆزىدە يېقىنقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا مەدەنىيلىكنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلغان، دېمەك، باشقىرتلار بىلەن تاتارلار رۇسلارنىڭ بويسۇندۇرۇشىغا ئۇچرىغان تۇنجى تۈركىي مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يېقىنقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتىنى رۇسلاردىن ئۆگىنىش پۇرسىتىگىمۇ بالدۇر ئېرىشكەن. تارىخچى ۋاڭ جىلەي ئەپەندى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا «چاررۇسىيە ئىمپېراتور پېتېرنىڭ ئىسلاھاتىنى باشتىن كەچۈرگەن ياۋروپا دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىياغا كاپىتالىزمنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنىمۇ ئېلىپ كەلدى» دەپ يازغان. مانا بۇ قاراشلار ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي ئويغىنىش ۋە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىغا ئاساس بولغان كۈچنىڭ غەربتىن، تاتار جەدىدچىلىكىدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مېنىڭ جەدىدچە مائارىپنى تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىغان مائارىپ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خارابلاشقان كونا ئۇسۇلدىكى مائارىپىمىزدىن ئۈستۈن قويغانلىقىمنى بىر تەرەپلىمە قاراشقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ‹كونا (دىنىي) مائارىپ›، كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكىتى، ئەركىن پىكرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويغان بولۇشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ‹مەدرىسە مائارىپى› (كونا مائارىپ) تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ‹قۇتادغۇبىلىك›، ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق›، ‹دىۋانى ھېكمەت›، ‹خەمسە نەۋايى›، ‹خەزائىنۇلمەئانى›، ‹دىۋانى زەلىلىي...› قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز».

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماقالىسىدە يەنە بىرمۇنچە مىساللارنى ۋە سىلىشتۇرمىلارنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ بىرمۇنچە چۇۋالچاق بايانلىرىدىن بىزگە يەتكەن ئۇچۇر: «ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپىمىزمۇ قالتىس ئىدى» دېگەن ھېسسىيات تۇسى قويۇق، ئىدراك تۇسى سۇس بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ قاراشنى بىر تەرەپلىمە دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ توغرا يېرىمۇ، خاتا يېرىمۇ بار. توغرا يېرى شۇكى، مەدرىسە مائارىپىمىز قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە مىسلىسىز گۈللەنگەن. بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەت. ئەمما، يەكەن خانلىقى چۈشكۈنلىشىشكە باشلىغاندىن ئېتىبارەن مەدرىسە مائارىپىمىز خارابلىشىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ بۇخارا ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇل ئۆلىمالىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاجان شىرازىي بۇخارادا دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە سەلبىي ئۈلگە تىكلىگەن. مۇتەئەسسىپ خاراكتېرگە ئىگە بۇ ناچار ئۈلگە ئۈچ ئەسىر جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدرىسەلەردە كەڭ ئومۇملاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مائارىپى كېيىنكى چاغلاردا مېغىزى چىرىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان قالاق مائارىپ بولۇپ قالغان. بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەنگەن مەشھۇر تاتار جەدىدچى ئالىم رىزائىددىن فەخرىددىن (1858 ~ 1937) قالاقلىشىپ كەتكەن مەدرىسە مائارىپىنى قاتتىق تەنقىدلەپ مۇنداق يازغان: «رۇس ۋە پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلىملەر تەلىم ئېتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۇستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چاناـ ھارۋىلىرىمىز، ھەتتاكى سىياھ ـ قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى، يالىڭاچ تېنىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار بولسا، بارچىسى شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى، ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر. لېكىن بىزلەر قاچانغىچە ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن زەررىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتابلاردىن ساۋاق

بەرمەك بىلەن بالىلارنىڭ زېھىنلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقبال-
لىرىنى بەربات ئېتۇرمىز؟!»

مەدرىسە مائارىپىدىكى مانا مۇشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال مىرزا-
جان شىرازىينىڭ دۇنياۋى پەنلەرنى چەكلەپ تەسەۋۋۇپ نامايەندى-
لىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئەقىدىگە ياكى ئەقلىگە پايدىسى تەگمەي-
دىغان «زەنجانى»، «ئاۋامىل»، «شەرھى موللا»، «مەۋھۇمە يۇنانىيە»
قاتارلىق كىتابلارنى دەرس قىلىپ كىرگۈزگەنلىكى بىلەنمۇ مۇنا-
سىۋەتلىك ئىدى. خەلقىنىڭ رېئال مەسىلىلىرىگە يۈزلەنمىگەن،
خەلق دۈچ كەلگەن قاتمۇقات كىرىزىس، كۆلپەتلەرگە پەرۋايى پە-
لەك مەدرىسە مائارىپى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى چۈشكۈن، بىپەرۋا،
هاياتىي كۈچى يوق جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. خۇددى ئاكادې-
مىك مىرقاسىم گوسمانوف «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە
ئىسمائىل غاسپىرالى» دېگەن ماقالىسىدە يازغاندەك، «ياۋروپا ئەل-
لىرىدە مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى تازا يۈكسىلىۋاتقان
شارائىتتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە جاھالەت،
يەنى ئاڭ، بىلىم، پىكىردە قاراڭغۇلۇق هۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.»

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ‹كونا
(دىنىي) مائارىپ›، كىشىلەرنىڭ ئەركىن هەرىكىتىنى، ئەركىن
پىكرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويغان بولۇشى ناتايىنىدەك تۇرىدۇ» دې-
گەن قارىشى يېتەرلىك ئاساسى يوق بىر يۈزە قاراش. ئەگەر ئەينى
ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋا-
لى، مائارىپ ئەھۋالى شۇ قەدەر قالاق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان
بولسا، ئابدۇقادىر داموللام قوزغىغان جەدىدچىلىك هەرىكىتىنىڭ
نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن!؟ بىز ئابدۇقادىر داموللام قوزغىغان جە-
دىدچىلىك هەرىكىتىنى ئورۇنسىز ئېلىپ بېرىلغان، زۆرۈرىيىتى
يوق هەرىكەت ئىدى، دېيەلەمدۇق. ناۋادا قاراخانىيلار خانلىقى دەۋ-
رىدىكى مائارىپىمىزنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى 20 ـ ئەسىرگىچە
خارابلاشماي داۋاملىشىپ كەلگەن بولسا، ئابدۇقادىر داموللام قەش-
قەردە قوزغىغان جەدىدچىلىك هەرىكىتى زۆرۈرىيىتى يوق هەرد-

كەت بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەدرىسە مائارىپىمىز ئۈنۈمى تولىمۇ تۆۋەن، مىللىي ئېھتىياجىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان دەرىجىدە زەئىپ، چېچىلاڭغۇ بىر مائارىپ بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۆزىمىزنى ئالداپ، رېئاللىقنى تەن ئالماي، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تاتارلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ئىكەنلىكىگىمۇ چىدىماسلىق قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن «خېمىرتۇرۇچ» ئۆزىمىزدە بار ئىدى، تاشقى جەھەتتىن «سىرتنىڭ، غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ تاتارلارنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش يارىماس قىلىقتۇر. «تاتار جەدىدچىلىكى» 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەكىللىنىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى دولقۇن قوزغىغان بۈيۈك تارىخىي ھادىسە. تېخى تەتقىقاتچىلار نېمە دەيدۇ، دېمەستىن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىلمىي، توغرا تەرىپى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بېرىش بىمەنە پوزىتسىيەدۇر. بىزلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر تاتار مۇتەپەككۇرلىرى ۋە مائارىپچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەم پاراسىتى ئارقىلىقلا بارلىققا كەلگەن جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىشى لازىم. تاتارلار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغىمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئويغىنىش ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى 40 ~ 50 يىل كېچىكىپ شەكىللەنگەن بولاتتى. «خېمىرتۇرۇچ» ئۆزىمىزدە بار ئىدى دېيىش، ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان مىللىي پوچىلىقتۇر. ئاپتورنىڭ بۇ «خېمىر تۇرۇچ» قارىشى ئىچكى ئامىل ئاساس، تاشقى ئامىل قوشۇمچە، دېگەن قاراشنى دوگما ھالدا تەتبىقلاپ چۈشىنىشتۇر. ئېيىنىشتېيىن «بېلىق ئۆمۈرۋايەت ئۆزى ئىچىدە ياشاۋاتقان سۇ ھەققىدە قانچىلىك نەرسە بىلىدۇ؟» دەپ سوئال قويغان. بۇ ئاڭنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەنلىكتۇر. ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق جەدىدچىلەرنىڭ ئىسلاھات ئېڭى غەپلەت باسقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىد-

دە شەكىللەنگەنمۇ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار جەدىدچىلىكى-نىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەنمۇ؟

ئومۇمەن، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائا-رىپى قاچاندىن باشلانغان؟، ناملىق ماقالىگە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسى چىقىش نۇقتىسى نامۇۋاپىق، مەزمۇنى چۇۋالچاق، قاراشلىرى ئاساسسىز، پىكىر - مۇلاھىزىلىرى يۈزە، ئەقلىي قۇ-رۇلمىسى ئاجىز، لوگىكىلىقى تۆۋەن ماقالە ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەت-تە، ماقالىدىكى توغرا قاراشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. ئاخىرقى پىكرىم شۇكى، ئاپتورنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرى ۋە پاكىت ئاساسى بار رەددىيەلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىش ھوقۇقىنى ھەر دائىم ھىمايە قىلىمەن. لېكىن، مۇنازىرىنى يۈكسەكلىككە يېتەك-لەيدىغان ئالىيجاناب ئىلمىي مۇددىئانى چىقىش قىلىپ قەلەم تەۋرىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2011 - يىلى مايدا يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى

يازنىڭ يېزى ھېسابلىنىدىغان 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچى نا. ھايىتى زېرىكىشلىك تۇس ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تۇغقان يوقلاشقا، سەيلە ـ ساياھەتكە، كاماندىروپكىغا، دەم ئېلىشقا، قوم. غا كۆمۈلۈپ، ئارىشاڭغا چۆمۈلۈپ داۋالىنىشقا بارىدىغانلار تۇشمۇ. تۇشتىن ھەر تەرەپكە يول ئېلىشىدۇ.

1996 ـ يىلى بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ماڭا نېسىپ بولمىغان يىل بولدى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئېزىلەڭگۈ ھەم مەنىسىز بۇ كۈنلەرنى «خىزمەت ئالدىراشمۇ؟» دەپ يالغاندىن سالاملىشىدىغان ئۈرۈمچىلىكلەر ئارىسىدا تونۇش چىرايلارغا تەكرار ـ تەكرار دوقۇرۇپ، تونۇش كوچىلاردا تەكرار ـ تەكرار مېڭىپ، كۈندىن ـ كۈنگە مەززىسى قالمايۋاتقان خىزمەتلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئىشلەپ، جۇڭگو بويىچە ئەمىلى ئەڭ تۆۋەن يوق. لىمچى باشلىقمىنىڭ كۈندە تۆت ۋاق تەرلەپ ـ پۇشۇلداپ قىلى. دىغان يوقلىمىسىدىن تەكرار ـ تەكرار ئۆتۈپ ئۆتكۈزۈشۈمگە توغرا كەلدى. ساپاسى، بەرىكىتى يوق ھاياجانسىز بۇ ھاياتنىڭ تېخىمۇ مەنىسىز بۇ كۈنلىرىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئازابلىق ئوي ـ پىكىرلىرىمنى يازغىمىمۇ، روھىي تەسەللىگە باي ئېسىل كىتابلارنى ئېرىلىپ ئوقۇغۇمىمۇ كەلمەيتتى. ئايالىم زېنەپ بىلەن ئوغلۇم كامالتۈرك تۇغقان يوقلاپ قومۇلغا كەتكەن بولغاچقا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكلىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئائىلە ئىللىقلىقىمۇ يوقىلىپ، مەنىسىزلىك ئۆي ئىچىنىمۇ قاپلىدى. تەلىيىمگە دەل شۇ كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە 26 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت

مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتقان بولغاچقا، تۈن كېچىدە سائەت ـ سائەتلەپ تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ دۇنياۋى مۇسابىقىنى تاماشا قىلىپ، باشلىنىش مۇراسىمىدىن تارتىپ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغىچە بولغان 17 كېچىنى تېلېۋىزور ئالدىدا ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزدۈم.

بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇقەددەس مەشئىلىنى ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىن چىققان، دۇنيا ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقىسىنىڭ سابىق چېمپىيونى، «دۇنيا بوكس شاھى» 54 ياشلىق مۇھەممەد ئەلى پاركىنسون كېسىلى تۈپەيلى لاغىلداپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرغاندا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ مەنزىرىدىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتقا چۆمگەنىدىم. كېيىنكى ئاخشاملىرى غەلىبە قىلغان ماھىرلارنىڭ بويىنىغا ئالتۇن مېدال ئېسىلغاندا، ئالتۇن مېدال ئالغان دۆلەتلەرنىڭ بايرىقى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كۆككە كۆتۈرۈلگەندە، يۈز مىڭلىغان تاماشىبىنلار غەلىبە قىلغان ماھىرلارغا ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ئەسەبىيلىكتىن خۇدىنى يوقاتقاندا، مەن بولسام تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا يامغۇردا قالغان چۈجىدەك شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ، چاناقلىرىمدىن پۇر ـ پۇر ياش قۇيۇلغان ھالدا ھەسرەت ۋە ھەۋەس بىلەن ئۇھ تارتاتتىم. قەلبىمدە بىر ئۇلۇغۋار قىزغىنىش چۇقان سالاتتى. يۈرىكىمنى ئاتەش كەبى ئارمانلار پۇچىلايتتى.

مەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدىغان «تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ۋەتەننى قوغدايلى!» دېگەندەك شوئارلارنى كۆپ ئاڭلايتتىم. نېمە ئۈچۈنكىن، بۇنداق يالتىراق شوئارلار مەندە تەنتەربىيە ئىشلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق قىزىقىش

قوزغىيالمايتتى. چوڭ بولغانچە گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى توغرىسىدىكى ئاجايىپ تەجرىبە ۋە پاكىتلارنى ئوقۇدۇم. ئۇلاردا كىشىلەرنىڭ چېنىقىش ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا بەدىنىدىكى ھەر خىل ئەزالارنىڭ ياخشى فىزىيولوگىيەلىك ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى، كېسەلگە بولغان قارشىلىق كۈچىنىڭمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، شۇڭا يېتەرلىك ھەرىكەت مىقدارىنى ئورۇنلاشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. ھەتتا ئالىملارنىڭ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ياۋا توشقاننىڭ ئۆمرى 15 يىلدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، ئۆي توشقىنى بولسا 4 ~ 5 يىللا ياشىيالايدىغانلىقىنى، ياۋا پىلنىڭ 200 يىلدىن كۆپرەك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى، ئەمما ھايۋانلار باغچىسىدىكى پىلنىڭ 80 يىل ئەتراپىدا ياشىيالايدىغانلىقىنى، پادا ئىتىنىڭ 27 يىل ياشىيالايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۆي ئىتىنىڭ ئادەتتە 13 يىللا ياشىيالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقىدەك قىزىقارلىق تەجرىبىلەر كۆرسىتىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇق ئىزدەش ۋە دۈشمىنىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قىلىدىغان ھەرىكىتىنىڭ مىقدارى ئۆيدە بېقىلىدىغان ھايۋانلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە كۆپ بولغاچقا بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا سەۋەب بولغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىنساننىڭ سالامەتلىكىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسى كىشىنى قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە قايىل قىلىدۇ. ئەمما، بىز تەنتەربىيەنىڭ بۇنىڭدىنمۇ زور پايدىسىنىڭ بارلىقىنى بارا ـ بارا تونۇپ يەتتۇق. شۇڭا، باشقىلار تېلېۋىزور ئالدىدا مەستانىلىك ۋە زوقلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى كۆرسە، بىز دەكلەر تامامەن باشقىچە ھېسسىياتتا ئولتۇرۇپ كۆرىمىز.

ئۆزگە بولغان مىللىي ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى

ئاجايىپ كۈچلۈك گېرمانلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە تەلتۆكۈس گۇمران بولۇپ، ئازاب، مەيۈسلۈك، ئاچارچىلىق، خورلۇق ۋە نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، ئۈمىد ۋە ئىستىقبالدىن ئايرىلغان مەنىسىز تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي تۇرغان يىللاردا، كىم ئۇلارنىڭ مىللىي ئىشەنچىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ھەقىقىي يوسۇندا ياردەم قىلغان؟

شۈبھىسىزكى، گېرمانلار بۇ سوئالغا بىردەك: «مىللىي قەھرىمان — فىرىتىس ۋولتېر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

فىرىتىس ۋولتېر 1950 ـ يىللاردىكى دۇنياغا مەشھۇر پۇتبول چولپىنى. ئەينى يىللىرى، ئۇ ئۆز كوماندىسىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئوينىغان ھەربىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى گېرمانىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر كۆڭۈل ئېچىش ئىدى. فىرىتىس ۋولتېر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى يەكشەنبە كۈنىدىكى 90 مىنۇتتا ئوينىغان توپ مىليونلىغان گېرمانىيەلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىنوخانا، قەھۋەخانا ۋە مۇزىكا زالىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

فىرىتىس ۋولتېر 1954 ـ يىلى گېرمانىيە كوماندىسىنى باشلاپ، شىۋېيتسارىيەنىڭ پايتەختى بېرندا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولۇپ، گېرمانىيەلىكلەرنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزگە بولغان مىللىي ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشىغا مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپە قوشقان.

بۇ پاكىت بىزگە تەنھەرىكەتنىڭ، بىز تەربىيە ۋە تەشۋىقاتلىرىمىزدا تىلغا ئېلىپ باقمىغان تېخىمۇ قالتىس ئەھمىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر تەنھەرىكەتنىڭ مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئەھمىيىتى بولمىغاندا ئىدى، ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولغاندا ھېچقانداق تەنتەنە قىلمىغان ئامېرىكىلىقلار، 18 ياشلىق مۇھەممەد ئەلى 1960 ـ يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقى-

ىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ دۆلىتىگە قايتقاندا، ھۆكۈمەت تە-
رەپ ئايرودۇرۇمغا مەخسۇس ئۇنى كۈتۈۋالغىلى ھۆرمەت قاراۋۇل-
لىرىنى چىقارمىغان، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن نەچچە
ئونمىڭلىغان قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر يولنىڭ ئىككى
قاسنىقىدا تۇرۇپ تەنتەنە قىلىشمىغان بولاتتى.

تەقدىر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەي-
تىپ، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان بۇنداق مىللىي قەھ-
رىمانلارنى ھەممىلا خەلققە نېسىپ قىلىۋەرمەيدىكەن. چۈنكى
ئۇنداق مىللىي قەھرىمانلار مىليونلىغان، ھەتتا مىلياردلىغان
كىشىلەرگە نىسبەتەن غالىب ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، بىزدەك
ساندىمۇ، ساپادىمۇ نۇرغۇنىنىڭ كەينىدە قالغان بىر مىللەتنىڭ
بۇنداق مىللىي قەھرىمانلاردىن تامايىمىزمۇ يوق ئىدى. پەقەت
باشقىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپلا تۇراتتۇق. چۈنكى «يىپەك يولى»
خارابلاشقاندىن بۇيانقى بىرنەچچە ئەسىر مابەينىدىكى تارىخنىڭ
تۈگىمەس تاسقاشلىرى، رەھىمسىزلىك بىلەن تەكرار - تەكرار
ئەخمەق قىلىشلىرى بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە سۆزلەپ
تۈگەتكۈسىز كەچمىشلەرگە مۇپتىلا قىلغانىدى. لېكىن، پاختىنىڭ
ئىچىدە چوغ ساقلايدىغان تەقدىر ئىلاھى مىللىي ۋۇجۇدىمىزدىكى
نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتىي كۈچكە باي ئىرسىي گېنىنىڭ ئۇنداق
ئوڭاي يوقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەينى چاغلاردا ئوت-
تۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان كەڭلىكلىرىدە دەۋران سۈرگەن ھۇن چە-
ۋەندازلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋايىغە يەتكەن بۇ خىل ئىرسىي گېن
بۈگۈنكى كۈندە تەنھەرىكەت مۇنبىرىدە ئۆزىنى ناھايىتى تېزلا نا-
مايان قىلدى. باتۇرلۇقتا، تەۋەككۈلچىلىكتە، رىقابەتچانلىقتا، خى-
رىسچانلىقتا، ھوشيارلىقتا تويۇنغان، ئەمما تارىخنىڭ چاڭ -
توزانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ مىللىي ئېتنىك روھ 21 - ئە-
سىرنىڭ ھارپىسىدا يېڭىباشتىن ئويغىنىشقا باشلىدى. تالانت ۋە
ئىقتىدارنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت تۇغۇلۇۋىدى، مۇشۇ بىر

يىل ئىچىدىلا خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان ئوغۇللىرى — ئابدۇشۇ-كۇر بىلەن ئادىل باشلىرىغا «جۇڭگو بوكس شاھى» ۋە «دۇنيا بوشلۇق شاھى» دېگەن تاجنى كىيىشتى.

يوشۇرۇن كۈچكە باي بۇ مىللەتنىڭ پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكا-نىيىتىگە ئېرىشسىلا، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدى-غانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى.

پۇرسەت ۋە تاللاش تالانتنىڭ گۈللىنىشىنى پورەكلىتىدىغان مۇ-ھىم شەرت. پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مۇھىتتا، ئالەمشۇمۇل تالانت ئىگىلىرىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئانچە پەرقلەنمىگەن ھالدا ئادەتتىكىچە ياشاپ توپا ئاستىغا كىرىپ كې-تىدۇ. نېمە ئۈچۈن نامى تىللاردا داستان قىلىنىدىغان قو-ماندانلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم ئۇرۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؟ جۇڭگۇ لياڭ بامبۇكزارلىقتىكى كەپىسىدىن چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسا، تارىختىكى تالاي نام-سىز تالانت ئىگىلىرىدەك ئىز - دېرەكسىز كۆمۈلۈپ قالماسمى-دى؟ سادىر پالۋان سۇلتان ئەلاخان باشلىغان قوزغىلاڭغا قاتنى-شىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسا، ئادەتتىكى بىر مەھەللىۋى «لوكچەك پالۋان» بولۇپ قالماسمىدى؟ ئۇ چاغدا ئەۋلادلار ھەر-گىزمۇ «ئېلىپبە» نى ئۆگەنگەندىن باشلاپ ئۇنىڭ نامىنى يادلىمى-غان بولاتتى.

شۇنىسى ھەممىگە ئايانكى، سادىر پالۋان ھەرگىزمۇ تۇغما مىللىي قەھرىمان ئەمەس، بەلكى كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن يۇرت سورايدىغان ئادەتتىكى نوچىلارغا ئوخشاش، نوچىلىقىنى قەيەردە نامايان قىلىشنى، پەم - پاراسىتىنى قەيەردە جارى قىلدۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەتتىكى بىر مەھەللىۋى «لوكچەك پالۋان» ئىدى. شۇڭا، شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇف ئۆزىنىڭ مەشھۇر داستانى «كىتابۇلغەزات دەرمۈلكى چىن» دە سادىر پالۋاننى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بار ئىردى ئۇشول جەڭدە ئەيياركار،
بەغايەت ھەرىپ، دۇز روزكار.
بىراۋ قالماغان ئىردى قاقشاتماغان،
بىر ئۆي قالماغان مالىنى ئالماغان.
ئۈچ ئوغلى، ئاتاسى ھاراقچى ئىدى،
ھاراقچى ئىدى ھەم قاراقچى ئىدى.
ئوغرىلىق قىلىپ كىچىلەر ئۇيىماغان،
فەقىرۇ غەنى مالىنى قويماغان.
سىپاھلارغا ھەم زەررە بوي بەرمەگەن،
خاتۇن ئالسا يۇرتىغا توي بەرمەگەن.
بۇ ئەييارنىڭ ئاتى سادىر ئىدى،
يامانلىقتا چۇن رەئىد شاتىر ئىدى.

دەپ تەرىپلىگەن.

لېكىن، سۇلتان ئەلاخان رەھبەرلىكىدە قوزغالغان 1860 - يىللاردىكى ئىلى قوزغىلىڭى سادىر پالۋانغا پەم - پاراستىنى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىدىغان تارىخىي پۇرسەتنى ئاتا قىلىۋىدى، نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە يۈز ئادەم ئۆ - لۈپمۇ ئالالمىغان بايانداي سېپىلى بىلەن كۈرە سېپىلىنى سادىر پالۋان ئۈچ ئوغلى بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، تارىخىمىزدىكى نامى ئۆلمەس مىللىي قەھرىمانغا ئايلانغان.

ئەلۋەتتە، ئۇرۇش بولمىسا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخانىنىڭكىدەك ئارغىماق بولسىمۇ سۆرەمگە سالىدىغان، ئوغۇزخانىنىڭكىدەك ئۆت - كۈر نەيزە بولسىمۇ تونۇرغا كۆسەي قىلىدىغان، چىن تۆمۈر باتۇر - نىڭكىدەك مىسران قىلىچ بولسىمۇ چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىدىغان گەپ. شۇڭا، پۇرسەت ۋە تاللاشقا ئېرىشىش بەكمۇ مۇھىم.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئالتە ئەۋلادىدىن بېرى دارۋازلىق بى -

لەن شۇغۇللانغان ئادىلنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش پۇرسىتى نېسىپ بولغان بولسا، بۇ شان ـ شەرەپنى ئا ـ دىلنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىر ـ ئىككى ئەسىر ئىلگىرىلا قولغا كەلتۈرگەن بولاتتى. تارىخ بۇ پۇرسەتنى ئادىلغا نېسىپ قىلىۋى ـ دى، ئۇ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سۈرئەتتە سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، دۇنياۋى شەخس بولۇپ قالدى.

ئادىل بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانىمىز، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، ئۇ 21 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ئويغىنىۋاتقان، يوشۇرۇن كۈچكە باي مىللىي روھىمىزنىڭ سىمۋولى.

1996 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ «دۇنيا ۋەزىيىتى» پىروگراممىسىدا فىلىپپىن زۇڭتۇڭى رامۇسنىڭ ئوت ـ تۇرا شەرق، جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردىكى باي دۆلەتلەر ـ گە بېرىپ، ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، تۇر ـ كۇم ـ تۇركۇملەپ دۆلىتىگە قايتىپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ فىلىپپىنلىق ئايالنى تاشقى پىرېۋوت زاپىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەسسە قوشقانلىقى ئۈچۈن «بۇ ئاياللار بىزنىڭ مىللىي قەھرىمان ـ لىرىمىز» دەپ مەدھىيىلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

فىلىپپىنلىقلار مەدىكارلىرىنى «مىللىي قەھرىمانلىرىمىز» دەپ پەخىرلەنگەن يەردە، بىز ئادىلدەك ئەزىمەتلىرىمىزدىن قانچى ـ لىك پەخىرلەنسەك ئەرزىيدۇ. ئادىل باتۇر، تەۋەككۇلچى ۋە مەغرۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋارىسى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن مەغرۇرلۇقى مەندە ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلدى.

ھەممىگە مەلۇم، ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تېلېۋىزور ۋە رادىيولاردا قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئامېرىكا تەۋە ـ لىكىدىكى كانادالىق رەقىبى كوچرەيننى يېڭىۋېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈرگەن، ئاتالمىش كەمتەرلىككە ۋە ئېھتى ـ ياتچانلىققا مۇخالىپ كېلىدىغان بۇ روھ دەل ئۇلۇغ ئەجدادلىر ـ مىزنىڭ روھىدۇر.

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. مۇناسىپ كېلىدىغان مەغرۇرلۇقنى ئۆزىنى چاكىنىلاشتۇرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى كەمتەرلىكتىن ئۈستۈن كۆرەتتى. «تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىسماركى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئۇلۇغ دانىشمەن ۋەزىرىمىز بىلگە تۇنيۇقۇق «تۇنيۇقۇق مەڭگۈتېشى» غا: «ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولىدىكەن ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن... ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم — بىلگە تۇنيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا خەلق — ئادەم - ئىنسان بولمىغان بولاتتى» دەپ چەكتۈرگەن. ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىيمۇ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دەپ ماختانغان. كىتابىنى بولسا: «ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن، دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم» دەپ ئۇلۇغلىغان. ھەرگىزمۇ ساختا كەمتەرلىك ۋە ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆز مېھنىتىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈرمىگەن. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرمىغان. روشەنكى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئادەملەر مەغرۇر ۋە روھلۇق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەلىبىسىلا ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيىتىمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئاجىزلارنىڭ نىقابىنى تاقاپ يۈرۈشنى راۋا كۆرمىگەن. مەغرۇر ۋە روھلۇق يۈرۈشنى، ئۆزىنى ئىپادىلەپ ياشاشنى ئەلا بىلگەن.

ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى مانا شۇنداق ئەجداد روھىنى نامايان قىلدى. بىز شۇنداق ئىپتالايمىزكى، ئەگەر ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ بىزگە

يەنىلا ئۇنىڭ جەڭ ئېلان قىلىشتىن، خىرىس قىلىشتىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇر روھى مىراس قالغان بولاتتى.

تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتتى. ئۆتكەندىمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان زور غەلىبە بىلەن ئۆتتى. بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولدى. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھىمىز ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتا تولىمۇ زۆرۈر بولغان مىللىي ئىشەنچكە ئېرىشتى. ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھىمىز پات ئارىدا پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالمىسىلا، ھەرقايسى تۈر ۋە كەسىپلەر بويىچە سانسىز «ئادىل»لارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. چۈنكى، بىزدەك تارىخىي كەچمىشكە ئىگە مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللىي ئىشەنچ كېلەچەكتىكى تالاي غەلىبە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنىڭ خېمىرتۇرۇچى.


ئادىل بۇ خېمىرتۇرۇچنىڭ بىر پارچىسىنى بوشلۇقتىن ئېلىپ چۈشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادىلغا مىڭلارچە تەشەككۈر.

1997 ـ يىلى يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سامادىن ساقىدى يۇلتۇز

(مۇسىبەتنامە)



شىنجاڭ بوكسچىلىقىنىڭ بەرپاچىسى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تونۇلغان داڭلىق مەشقاۋۇل، تەڭرىتاغنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى، خەلقىمىزنى 20 يىلدىن بۇيان تەكرار ھاياجانغا چۆمدۈرۈپ كەلگەن قەيسەر ئەزىمەت ئابلىكىم ئابدۇرېشىتنىڭ يۈرىكى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى (سەيشەنبە) ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 0 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە 54 يېشىدا سوقۇشتىن توختىدى. ئانا دىيارىمىزنىڭ مىسكىن ئاسمىنىدىكى بىر نۇرانە يۇلتۇز ساما بويلاپ ساقىدى، تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىكى بىر قامەتلىك شەمشاد قاراسلاپ سۇندى، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى بىر قىران بۈركۈتنىڭ قانىتى قايرىلىپ چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ چۈشتى، تارىم بوستانلىقىدىكى بىر ھەيۋەتلىك توغراق گۈرسىلەپ ئۆرۈلدى، ئىلى تاغلىرىدىكى بىر باتۇر بۆرە مەڭگۈلۈك غايىب بولدى، ئالتاي يايلاقلىرىدىكى چاپچىپ تۇرغان بىر ئارغىماق ئاچچىق كىشنەپ يىقىلدى. يۈرەكلەرنى ئارماندا قويغان،

قەلبلەرنى ھەسرەتكە چۆمدۈرگەن ئازابلىق ماتەم خەۋىرى ھەممە
يەرنى قاپلىدى. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا مۆڭگۈلىنىپ
ئولتۇرغان مۆتىۋەر بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى، خوتەن دىيارىدىـ
ـكى سالاپەتلىك تېۋىپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىندى، غۇلجىلىق سازەنـ
ـدىنىڭ تەمبۇرىنىڭ تارى ئۈزۈلدى، ئۈرۈمچىدىكى بىر سەگەك زىـ
ـيالىي چوڭقۇر ئويغا غەرق بولدى، ئاتۇشتىكى جاھان كەزگەن بىر
ساخاۋەتچى سودىگەر ئارمىنىنى ئىچىگە يۇتتى، قومۇلدىكى ياش
مۇئەللىمنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، چۆچەكتىكى بىر
مېھرىبان ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىـ
ـدىكى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابدۇرېشىت، نىجات ھوـ
ـسەن، ئەكرەم ئىسھاق، ئەكرەم بارات، ئەكبەر يۈسۈپ، مۇھەممەتـ
ـتۇرسۇن چوڭ، نەبى سەيدۇللا، نەبى ئابلەت، زىبىبۇللا مەمەت، زەي
يىخۇ، كۈرەش ئۆركەش، پەرھات ئابدۇكېرىم، ئەكبەر ئىسلام قاـ
تارلىق 50 تەك قەيسەر ئوغلان يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەپ نالە
قىلدى. قازاقىستاندىكى قانات ئىسلام ئېسىنى يوقىتىپ قاققان
قوزۇقتەك تۈرۈپ قالدى. مىليونلىغان يۈرەكلەر بىردەك: «ئەلـ
ـۋىدا، ئوغلان!» دەپ نىدا قىلدى. بۇ گويا «ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىـ
ـمۇ؟! پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟! ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟! ئەمدى يۈـ
رەك يىرتىلۇر!» دېگەندەك ئېچىنىشلىق ئىش بولدى.

بوكس پېشۋاسى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندى بۇ يىل 9 ـ
ئايدا بايقالغان ئاشقازان ئاستى بېزى راكىنى بېيجىڭدا ئوپېراتـ
ـسىيە قىلدۇرغان بولسىمۇ، كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچتا بايقالغاچـ
ـقا، داۋالاش ئۈنۈملۈك بولماي، قايتىپ كېلىپ ئۆيىدە ھەم ئاپتوـ
ـنوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا كۈتۈنۈش خاراكتېرىدە
داۋالانغانىدى. شۇنداقتىمۇ نىجىس كېسەل بارغانسېرى ئەدەپ ئاـ
ـخىر بۇ ئەزىمەتنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. مۇسىبەت خەۋىرى
چاقماق تېزلىكىدە قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يەتتى. تور ۋە تېلېفونلار
بۇ ئازابلىق خەۋەرنى جاھانغا يايدى. گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزورلار




بۇ ئەزىمەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىگە ئۇقتۇردى. بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئادەتتىكى بىر ئۆلۈم خەۋىرى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل خەلقىمىزنى قايغۇغا سالىدىغان، بوكس ساھەسىدىكى كەسىپداشلارنى ھەسرەتتە قويىدىغان يوقىتىش خاراكتېرلىك بىر ئېغىر مىللىي مۇسىبەت ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە سىستېمىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، جۇڭگونىڭ بوكس ھەرىكىتى ئۈچۈنمۇ زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ مۇسىبەت خەۋىرى دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەر ۋېنجۇۋغا يېتىپ بارغاندا، ۋېنجۇۋ شەھىرىدە بۇ يىللىق مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە ھازىر بولۇپ تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن مەشقاۋۇل ۋە بوكسچىلار بۇ قەدىردان سەپدىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ ماتەم بىلدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە خىزمەتچىلەرمۇ ھاياتى شان ـ شەرەپ بىلەن تولغان بۇ ئابرۇيلۇق خىزمەتدىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇردى. ئاتۇش شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 2000 دىن ئارتۇق

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى قەلبى پۇچىلانغان ھالدا بۇ نامى ئۆچمەس مىللىي قەھرىمانىغا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئابلىكىم ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭ بوكسچىلىقىدىكى مۆتىۋەر سەركەردە ئىدى. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، چېنىققان، مول تەجرىبىگە ئىگە پاراسەتلىك سەركە سۈپىتىدە بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنى يېتەكلەپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلىرىدە ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ - كىچىك بوكس مۇسابىقىلىرىدە سالاپەتلىك قىياپەتتە پەيدا بولۇپ، رەقىبلىرىنى ۋەھىمىدە قوياتتى، رىقابەتچىلىرىنى دەككە - دۈككىگە سالاتتى، شاگىرتلىرىنى غەلىبە - ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرەتتى. ئۇ يىگىرمە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ بوكسچىلىقىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭگودىكى نام - ئاتىقى يوق ئاجىز كوماندىدىن ھەممە بىلىدىغان ھەيۋىسى زور، غالىب كوماندىغا ئايلاندۇرغانىدى، جۇڭگو بوكس ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارا مۇسابىقىلەردە ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ تەربىيىلىگەن شاگىرتلاردىن ئابدۇشۈكۈر مىجىت «جۇڭگو بوكس شاھى» دېگەن كەمەرنى بېلىگە مەھكەم باغلىغانىدى، ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇن چوڭ «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى» دېگەن تاجنى بېشىغا كىيگەنىدى. قانات ئىسلام ئولىمپىك مىس مېدالىغا ئېرىشكەنىدى. نىجات ھۇسەن خەلقئارا بويىچە ھەربىيلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە ئىككىنچى بولغانىدى...

قىسقىسى، بۇ بوكس پېشۋاسىنىڭ كوماندىسىدىكى ماھىرلار دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ - كىچىك بوكس مۇسابىقىلىرىدە ئاتمىشتىن ئارتۇق ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. 2000 - يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتى مەركىزىنىڭ ماھىرلىرى ئۇدا تۆت قېتىم خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نەشرى




كېلىۋاتاتتى، ئۆلكە دەرىجىلىك بىر كىچىك كوماندا ماھىرلىرىنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىنى ئىزچىل ھالدا تۆت نۆۋەت ئىگىلىشى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ كەسىپداشلارنىڭ ھەيرانلىقىنى ۋە قايىللىقىنى قوزغىغانىدى. ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىستىكى شىنجاڭ خەلقىگە ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىدىن بىرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوغلانلىق بۇرچىنى ئاقلاش ئىدى. ئەپسۇس، رەھىمسىز كېسەل بۇ ئەزىمەتنى 54 يېشىدا بوكس مۇنبىرىدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىم، كۇرەش ئۆركەش قاتارلىق ئىزباسار مەشقاۋۇللارنىڭ يەلكىسىگە يۈكلەندى. شىنجاڭ خەلقى بوكس ساھەسىدىكى بىر جەسۇر ئوغلانىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىنى ئونىڭ باھادىر ۋارىسلىرىغا تىكمەكتە.


بوكس پېشۋاسى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندى 1958 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاتۇشنىڭ كاتتايالاق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرىدىلا ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغان. تەنتەربىيىگە بولغان قىزىقىشى زىيادە كۈچلۈك بولغاچقا، ئالىي

مەكتەپىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىگە ئىمتىھان بەرگەن. 1983 ـ يىلى
شىئەن تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا كەسپىنى
پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سابىق تەنتەربىيە كومىتېـ
تى مەشىق 1 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتـ
چىسى بولغان، كېيىن مۇسابىقە باشقارمىسىدا مۇدىر بولۇم ئەزا ـ
سى بولغان. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇ ـ
رۇش مەركىزى قۇرۇلغان، ئۇ بۇ مەركەزنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك
مەشقاۋۇلى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن
باشلاپ بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

بوكس پېشۋاسى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت بارلىقىنى شىنجاڭنىڭ
بوكس ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بېغىشلىغان ئەلپىدا ئە ـ
زىمەت، قابىل مەشقاۋۇل، ئىجادچانلىق ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك
يېتەكچى ۋە خاراكتېرى كەسكىن باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىـ
لەن، خىزمەتنى بەجانىدىللىق بىلەن تولىمۇ ئەستايىدىل ئىشـ
لەيتتى. ئۇ بوكس كوماندىسىنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرەتتى،
بوكسچىلارنى بارلىقىم دەپ بىلەتتى. ئەڭ كۆپ ۋاقتىنى ئىدارىدە



ئۆتكۈزەتتى، ئەڭ كۆپ زېھنىنى بوكسچى ئەزىمەتلەرنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلاتتى.



ئابلىكىم ئابدۇرېشىت بىر تەلەپچان ئاتا، پىشقان پېداگوك ئىدى. ئۇ بوكسچىلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىدىيەگە ئىگە بولۇشىنى، توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈپ ياشىيالايدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. كەسپىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇش بىللە، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارغا ئۇنۇملۇك مەشىق ۋە ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆگىتىپ، ياراملىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيتتى. ئۇلاردا يۇكسەك كەسپىي ساپا ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىش روھىنىڭ بولۇشىغا پۇختا ئاساس سالاتتى.

ئابلىكىم ئەپەندى قاتماللىقتىن، بىكىنمىچىلىكتىن خالىي ئىدى، پىكىرلىرى ئوچۇق، مىجەز-خاراكتېرى مەردانە ئىدى، پىلان - لايىھە تۈزۈشكە دادىل ئىدى، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى ئەپقاچمايتتى. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك كوماندىغا ئايلاندۇرۇش، مۇسابىقىلەردە تېخىمۇ كۆپ شان - شەرەپ-

لەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەستايىدىل كۆزىتەتتى، زېرىكمەي ئۆگىنەتتى. ئۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىر-گۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە مەشىق ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ يېڭىلىق يارىتىپ، تەنھەرىكەتچىلەرنى چوڭ مۇسابىقىلەردە يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇراتتى. شۇڭا ئۇ، كەسىپداشلىرىنى قايىل قىلىپ، ئاۋامنى زوقلاندۇرۇپ ئاز بولمىغان ئەمەلىي ئۇنۇم ۋە يۇقىرى شان - شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ شىنجاڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىن بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپ ۋە مۇنەۋۋەر ۋەكىل، شىنجاڭ تەنتەربىيە ساھەسىنىڭ «ئىلغارلاردىن بولۇش» پائالىيىتىدىكى جانلىق دەرسلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى. ئۇنىڭ شىنجاڭ بوكس ھە-رىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن چاغدىكى كۆرسەتكەن تۆھپىسى كۆپ قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈل-گەن. مەسىلەن، 1998 - يىلى دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىقى ۋە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە سىپىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەرگەن. 2000 ـ يىلى گوۋۇيۇەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس بولۇپ بېكىتىلگەن. 2006 ـ يىلى جۇڭگو بوكس جەمئىيىتى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى بەرگەن. 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندا، گوۋۇيۇەن شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىگە «بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا زور تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى»نى ھەم ئابلىكىم ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆزىگە «بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شەخس مۇكاپاتى» نى بەرگەن. شۇ يىلى ئۇ يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان. ئابلىكىم ئەپەندى 2009 ـ يىلى مەملىكەتلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس دېگەنناملارغا ئېرىشكەن.

ھاياتى شان ـ شەرەپ ۋە غەلىبە ـ ئۇتۇقلار بىلەن تولغان بۇ

پەخىرلىك ئوغلان ھەممىمىزنى ھەسرەتتە قويۇپ ئارىمىزدىن كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى، مەرد ھەم مەردانە خىسلىتى، ئالىيجاناب كەسپىي پەزىلىتى، سەركەردىگە خاس سالاپەتلىك ئوبرازى قەلبىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەر مۇنداق دەپ بىردەك شىۋىرلىدى: ئەلۋىدا، ئەزىمەت! ئەلۋىدا، تەكرىتاغ ئوغلى! ئەلۋىدا، ئاز ئۇچرايدىغان بوكس پېشۋاسى!

2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يېزىلدى.

www.uyghurkitap.com

# كامالتۈرك ۋە ئۈرۈمچى

بوشلۇق مۇھىتى بىپايان يېزا - سەھرالىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، ئاسمىنىدىن ئىس - تۈتەك كەتمەيدىغان ئۈرۈمچى تولىمۇ قىستا - قىستاڭ شەھەر. ھازىرغىچە بولغان ھايات مۇساپەمدە، ماڭا تېخى ئۈرۈمچىدىن چوڭراق بىرەر شەھەرنى كۆرۈش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، ئۈرۈمچىنى باشقا خەقلەرنىڭ شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئارتۇق - كەم يەرلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ھاسىلات پەيدا قىلغۇدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمىدىم. ئەمما، ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدىغىنى، مەلۇم بىر رۇسىيەلىك مۇخبىرنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچى ھەققىدە يازغان، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىگە بېسىلغان زىيارەت خاتىرىسىدىكى بىر ئابزاس تەسۋىرى. بۇ مۇخبىر ئۆز تەسىراتىنى يازغاندا: «ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ئايروپىلان دېرىزىسىدىن بۇ شەھەرگە قارىسام، قاپقارا ئىس - تۈتەكلەرگە چۆمۈلگەن بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنى ماڭا خۇددى دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى» دېگەن. پىراۋوسلاۋىيە دىنىدا دوزاخنىڭ دەرۋازىسى قاپقارا ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ تەسۋىرلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ رۇس مۇخبىرنىڭ ئوخشىتىشى ئۆز مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە. مەن شۇنىڭدىن بۇيان رۇس مۇخبىرنىڭ نەزىرىدىكى بۇ «دوزاخ» ھەققىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. كۆرۈمسىز ئاسمىنىدا تۈكلىرى ئىسلىنىشىپ كەتكەن سەرگەردان قۇشقاچلاردىن باشقا ھاياتلىقنى ئۇچرىتىش مۇشكۇل بولغان ئۈرۈمچى مېنى تەگسىز خىياللارغا بەند قىلاتتى. ئەندىشە ۋە ۋەھىمە بىلەن تولغان خاتىرجەمسىز ئىچكى كەيپىيات ۋۇجۇدۇمنى بارغانسېرى قاتتىق چىرمايتتى.

مەن توپ ـ توپ قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچۇشۇپ تۇرىدىغان،
ئاسمىنى كەڭ قەدىمىي سەھرادا تۇغۇلغان. يالىڭاچلانغان ئېتىز ـ
لىقلاردا ۋاللەي ئويناپ، تاغۇتاشلاردا پادا بېقىپ، چاڭقىسام ئېرىق ـ
ئۆستەڭلەرگە دۈم يېتىپ غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچىپ، بىخىل قوش ـ
نىلارنىڭ بېغىدىن ئالما، ئۆرۈك ۋە ئەتراپتىكى قوغۇنلۇقىدىن
سويما ئوغرىلاپ، كۈندۈزلىرى بولسا قاتار ئۇچقان تۇرنىلارنىڭ
پەرۋازىغا زوقلىنىپ قاراپ، كېچىلىرى يېڭىدىن توي قىلغان قىز ـ
يىگىتلەرنىڭ ھۇجرىسىنى قىزىقسىنىپ ماراپ، خامان ساقلاپ
ياتقاندا، ئۆمۈر بويى يالاڭ ئاياغ يەر دەسسەپ تاپىنى يېرىلىپ
كەتكەن ئۇزۇن ساقال بوۋايلارنىڭ گۈزەل چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ،
قېلىن يەرلىرىگە كەلگەندە پىخىلداپ كۈلۈپ چوڭ بولغان. ئۇ
چاغلاردا ماڭا، يېزىمىزنى ئوراپ تۇرغان تاغلارنىڭ كەينىدىكى
دۇنيا تېپىشماقتەك تۇيۇلاتتى. ئۇرۇمچى چۇشۇمدىكى شەھەر ئى ـ
دى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى لاۋۇلداپ چوغ بولۇپ ئۇپۇقتىن كۆ ـ
تۈرۈلۈپ يەر ـ زېمىننى نۇرلاندۇرىدىغان قۇياش ماڭا خۇددى ئۇ
تاغنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، بۇ تاغنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ غايىب
بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. سىرلىق تەبىئەت بالىلارغا خاس ساددا
تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ يۇمران قاناتلىرىنى يېشىپ، خىيال ئېكرا ـ
نىمنى تۈگىمەس گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن تولدۇراتتى. ياز كۈن ـ
لىرى ئۆگزىدە ئۇخلاش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.
مۇنداق بولغاندا ئەتراپتىن پۇتكۈل تەبىئەتنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. ئۈستۈڭدىكى يۇلتۇز بىلەن تولغان قاراڭغۇ ئاسماننىڭ
قەرىدە ئۇ باشتىن بۇ باشقا سوزۇلۇپ ئاقىرىپ تۇرغان سامانيولى
بالىلىق قەلبىڭدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر يۇكسەك ـ
لىكنى ئويغىتاتتى. يىراقلاردىن، بالاغەتكە يېتىپ، خىيال كىرىپ
قالغان سۈچى يىگىتنىڭ ئىشتىياق بىلەن ئېيتقان لەرزان ناخ ـ
شىسى ئاڭلىناتتى. سەلكىن شامال يۈزۈڭنى سۆيۈپ، ھەممە نەر ـ
سىگە سەگەك تۇرىدىغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىڭغا نېمىلەرنىدۇر

شۋىرلاپ ئۆتەتتى. بۇنداق چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ تە-
بىئەتنىڭ بىر زەررىسى ئىكەنلىكىنى شەك - شۈبھىسىز ھالدا
چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ.

مېنىڭ ئەكسىچە، ئوغلۇم كامالتۈرك شاۋقۇن - سۈرەنلىك
ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى ھايۋانات
باغچىسىدا چوڭ - كىچىك قەپەسلەرگە سولىنىپ ياتقان ھەر خىل
ھايۋانلارنى كۆرۈش، تېلېۋىزور ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قور-
چاق فىلىملىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، يەسلىدە ياغاچ ئاتقا مىنىپ
ئويناش، سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان كالا سۈتىنى ئىچىش، ئانى-
سىنىڭ زۇكامداپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدىكى تەكرار ئا-
گاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلاش، ئىستولىبلارغا چاپلانغان ئادەم ئىز-
دەش ئېلانلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. قېلىپلىشىپ، رى-
تىملىشىپ كەتكەن كۈندىلىك تۇرمۇش، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈ-
زىدىغان تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئادىتى، مەكتەپكە يولنىڭ
چېتى بىلەن ئۇدۇل بېرىپ، ئۇدۇل قايتىپ كېلىدىغان ئۆزگەر-
مەس قائىدە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «گەپ ئاڭلايدىغان ئوبدان بالا» بو-
لۇش ھەققىدىكى پەند - نەسىھەتلىرى، بەدىنى قىزىپ قالسا دەر-
ھال دورا يېيىش ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.
گەرچە ئوغلۇم يەتتە ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، بىرەر قېتىم سا-
ئەتنىڭ جىرىڭلىشىدىن ئەمەس، خورازنىڭ چىللىشىدىن ئويغىنىپ
باقىنى يوق. تېخىچە قۇياش كۆتۈرۈلگەن پارلاق سەھەرنى كۆرۈپ
باقىنى يوق. چۈنكى، بۇ شەھەردە قۇياش چەكسىز ئۇپۇقنىڭ
قوينىدىن ئەمەس، مەلۇم بىر ئىدارە بىناسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆ-
تۈرۈلىدۇ. شارقىراپ ياغقان يامغۇرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن
ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگەن ھەيۋەتلىك ساداسىنى ئاڭلىغىنى، تۈن
قوينىنى يېرىپ، يەر - زېمىننى زىلزىلىگە سالىدىغان چاقماقنىڭ
نۇرىنى ياكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەسەن - ھۈسەننى ۋە ياكى
يامراپ كەلگەن شىددەتلىك كەلكۈننى كۆرۈپ باقىنى يوق. بۇنداق

ۋەھىملىك مەنزىرىلەر تېخى بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ باقمىدى. شۇبھىسىزكى، ۋەھىمىدىن يۇكسەك كەيپىيات تۇغۇلاتتى. بۇ خىل ۋەھىمىدىن تۇغۇلغان يۇكسەك كەيپىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئەتنىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇراتتى. تەبىئەتنىڭ ھەيۋەتلىك ھادىسىلىرى ۋە تاسادىپىي ئۆزگىرىشلىرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئوغلۇم كامالتۈرك ئېنىقكى، تەبىئەت ھەققىدە چوڭقۇر ھەم ئۆزگىچە تەسىراتلارغىمۇ ئىگە ئەمەس. تا بۈگۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ يالاڭ ئاياغ ھالدا چىلان تۇپراقنى دەسسەپ باقمىغان، دەريا-ئۆستەڭلەرگە چۆمۈلۈپ باقمىغان ئوغلۇمغا قاراپ ئىچ-ئىچىمدىن پۇچىلىنىپ كېتىمەن. تەشتەكتىكى گۈللەر بىلەن ئەينەك قاچىدىكى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان رەڭدار بېلىقچانلار ئۇ كۈندە ھەپىلىشىدىغان بىردىنبىر تەبىئەت. ئەسلىدە ئوغلۇم تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر تەبىئەت ئۇنىڭ قۇچىقىغا بەند بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ تەتۈر قىسمىتى ھامىنى بىر كۈنى ئۆز قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ. شۇبھىسىزكى، ئۈرۈمچىنىڭ بۇ ئاتالمىش زامانىۋى مەدەنىيىتى، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھەقىقىي، ساپ تەبىئەتتىن مۇستەسنا بولغان مۇھىتى ئوغلۇمنى يەپ كېتىۋاتىدۇ. چوڭلارمۇ بۇ خىل رېئاللىقتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئادەمگەرچىلىك كۈنسايىن سۇسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت بۇنىڭ دەلىلى.

تەبىئەت — دۇنيادا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى تەربىيەچى. ئۇنىڭ تەربىيەلەش دائىرىسى ئىنتايىن چەكسىز، تەربىيەلەش مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەربىيەلەش ۋاستىسى ئىنتايىن كۆپ. ئەپسۇسكى، ئۈرۈمچىدە بۇ تەربىيەچىنىڭ ھالى بەك خاراب.

ئېنىقكى، مەكتەپلەر ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ بۇ تەربىيەچىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى، مەكتەپلەر ئەزەلدىن بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى زىيادە قوغلىشىپ، ھېسسىيات (مېھىر ـ مۇھەببەت) تەربىيەسىگە سەل قارايدۇ.

ئىنسان ئەقىل بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە تەڭ تەربىيەلەنمىسە پاجىئەدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەممە جەھەتتە يۇكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىقلار، يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا چوڭقۇر ھېسسىيات ئاجىزلىشىپ كەتسە ماددىي رېئاللىق بىلەن مەنىۋى رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئېرىشكىنى بىلەن يوقاتقىنى تەڭلىشىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، «چوڭقۇر ھېسسىيات» تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى تەربىيەنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزگەن. ئۇلار بۇ جەھەتتە شۇنچىلىك ئىنچىكىلىگەنكى، ھەتتا ھامىلىدار ئاياللارنى دوختۇرخانىدا ئەمەس، ئائىلىدە بوشاددۇرۇش ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھېسسىيات يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق، دېگەننى تەشەببۇس قىلىشقان. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھامىلىدار ئاياللارنى ئائىلىدە بوشاندۇرغاندا، بارلىق ئائىلە ئەزالىرى يېڭى بىر جاننىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى، ئانا بولغۇچىنىڭ بۇ جەرياندا قانچىلىك ئازاب چېكىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مېھرىنى قەدىرلەش جەھەتتە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېسسىيات تەربىيەسىگە ئىگە بولىدىكەن. ئەگەر ھامىلىدار ئايال دوختۇرخانىدا تۇغدۇرۇلۇپ، ھەپتىدىن كېيىن بالىسىنى يۆگەككە ئوراپ كۆتۈرۈپ بازاردىن كاللەكبەسەي سېتىۋالغان كىشىدەك كۆلۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، ئائىلە ئەزالىرى ھېچقانچە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولمايدىكەن.

چەت ئەللكلەرنڭ سەيلە ـ ساياھەتكە كۆپ چقشدكى
ئالاھدە مەقسەتلرنڭ برى، دەل تەبئەت بلەن كۆپ ئۇچرد ـ
شپ ئۆزگچە ھەم مول تەسرلننشلەرگە مۇيەسسەر بولۇش ئۇ ـ
چۇندۇر. ھەقىقەتەنمۇ شەھەر مۇھتى ئادەمنى ھەممە ئشتا تەھ ـ
لل بلەن ياشاشقا، قائدە ـ تۈزۈملەرگە ئەمەل قلپ ئۆتۈشكە
مەجبۇر قلدۇ. شەھەرلكلەر بلەن توختاملشپ مۇئاملە
قلمساڭ، لەۋزگە ئشنش مۇمكن ئەمەس. شەھەر كوچلد ـ
ردا سەھرانڭ توپلق يولدا ماڭغاندەك ئەركن خيال سۈرۈپ
مڭش تخمۇ مۇمكن ئەمەس. ئەمدلەتن بر خيالغا چۆكۈپ
كتۋاتساڭ كۆزۈڭگە «يەر ئاستى يولى بلەن مڭڭ» دگەن
خەتلەر چلقدۇ ـ دە، ئۆزۈڭگە كلشكە مەجبۇر بولسەن.
شەھەردە قزل، يشل چراغلار بلەن ئالا بالداق يول بەلگد ـ
لرگە ئەمەل قلپ مڭشڭ ئۆزلا كشنى چارچتۋتد ـ
دۇ. شاۋقۇن ـ سۈرەننڭ قۇلاق ـ مڭەڭنى يىشى، كشلەر ـ
نڭ سنى قپقپ ـ سوقۇپ ئۆتۈشلرى ۋە تونۇش ـ بلش
چرايلارغا راست ـ يالغان تەبەسسۇم قلپ مڭشلار تخى بۇ ـ
نڭ سرتدا. شۇنداق قلپ ھرپ ـ ئچپ ئۆيۈڭگە كلد ـ
سەن ـ دە، ياكى بغى، ياكى ھويلسى يوق قەپەستەك تار ئۆيۈڭدە
پۇت ـ قولۇڭنى سوزۇپ يتپ، خاترجەم ئارام ئالسەن. مانا
بۇ دەل بەختسزلك ئچدكى بەخت!

تەبئەت بلەن ئۇچرشپ تۇرمغان كشنڭ قەلبى قۇر ـ
غاقلشپ كتدۇ. شۇڭا جنايەت ۋە شۇملۇقلار كۆپنچە شە ـ
ھەرلەردە يۈز بردۇ. ساختپەزلك ۋە كاززاپلقلارغا شەھەر
كوچلرىدا كۆپرەك دۇچ كلسەن. نامەردلك ۋە شەپقەت ـ
سزلكلەرنڭ شەھەر نوپۇسغا ئۆتكەنلكنى كۆرۈپ، ھەيرەتتە
قالسەن.

ئاتا ـ بوۋلرمز 20 ~ 30 يللاپ «تاغ ـ دەريالارنى
بويسۇندۇرۇپ، تەبئەت ئۈستدن غالب كلمز» دگەندەك ئا ـ

تالمىش ئىنقىلابىي ئىرادىنى نامايان قىلىدىغان شوئارلارنى توۋ-لىغان. بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى قاراش بولسا، ئادەم بىلەن تەبى-ئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئەتنى بويسۇندۇرغۇچىدىن تەبىئەت بىلەن ھەمكارلاشقۇچىغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆرغۈن كۆلپەتلەر ئۆتۈ-كەندىن كېيىن ئېرىشكەن ئېتىقادىمىزدۇر. تەبىئەتنى تالان - تاراج قىلىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئاي - يىللار بويىچە ئۆدا ئېشىشى-نى قوغلىشىپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا پىسەنت قىلماسلىق، ئا-خىرىدا ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلە. بۇ بىر خىل مۇقەررەر ھالاك بولۇش پەلسەپىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى.

گورباچېف «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» ناملىق كىتابىدا: «بىز ھەممىمىز يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ كېمىدىكى يولۇچىلار-مىز. شۇڭا، بۇ كېمىنى غەرق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ خىتاب قىلغان. بۇ خىتاب پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى يەر شارى مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى ھەققىدىكى ئەندىشە ئېچىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، تەبىئىي مۇھىتى كۈنسېرى بەت-تەرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىدە «مەدەنىيەتلىك ئۈرۈمچىلىكلەر-دىن بولايلى!» دەپ تاملىرىنى شوئار بىلەن تولدۇرۇۋالىدىغان ئۈ-رۈمچىلىكلەرنىڭ ئېڭىدا تېخى بۇنداق ئاڭ شەكىللەنمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىت ئېڭىغا ئىگە بولمىغان ئا-دەمنى «مەدەنىيەتلىك ئادەم» دېگىلى بولمايدۇ. پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ئىس - تۈتەككە تولغان بۇ شەھەر مۆلچەرلىگۈسىز كې-لەچەككە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇلغانغان تەبىئىي مۇھىت بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە كارىدىن چىقارماقتا. كۆپنى كۆرگەن پېشقەدەملەر: «60 - يىللاردىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى تولىمۇ گۈزەل



شەھەر ئىدى، بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايراپ تۇراتتى، مەھەللە ـ
كويلار ياپيېشىل قارىياغاچلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى، كو ـ
چىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. كىشىلەر ئاساسەن دېگۇدەك بىر ـ
بىرى بىلەن تونۇشاتتى» دېيىشىپ ھەسرەت چېكىشمەكتە ...

مەن ھەمىشە ئوغلۇم كامالتۇركىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇرۇمچىد ـ
نىڭ رېئاللىقىنى بىرلەشتۇرۇپ ئەندىشىلىك خىيالغا پاتىمەن.
بىز، ئەلۋەتتە، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا سېلىۋات ـ
قان تەھدىتىگە ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشى ـ
مىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى بىزار قىلىپ كەلگەن مە ـ
سىلىلەرنى ھەمىشە ۋاقىتنىڭ ۋە ئالەمنىڭ كەينىدىكى كۈچنىڭ
ھەل قىلىشىغا قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىپىك ئىنكاسى «غەزەپ بى ـ
لەن سۈكۈت قىلىش» تىن ئىبارەت. مېنىڭچە، شەخسنىڭ ئەند ـ
شىگە ۋە خەۋپكە تولغان مۇھىتنى ئىدارە قىلىشقا چامى يەتمىس ـ
مۇ، لېكىن ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا ۋە ئۆزىنى يارىتىشقا چامى
يېتىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ بۇلغانغان مۇھىتى ھەربىر ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتىگە تەھدىت سالماقتا. مەن ئوغلۇم كامالتۈركنىڭ ئىنسانغا خاس ساغلام قەلبكە، ئالىيجاناب مەنىۋى دۇنياغا ئىگە بولۇشىنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن تەبىئەتنى تونۇتۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلارنى قىلدىم، ھەتتا سىم تورغا سولاپ ئۆيۈمدە نەچچە ئاي كىرپە باقتىم. مەن بۇ ئىشلىرىمنى بىھۇدە، دەپ قارىمايمەن. چۈنكى، بالىلىق قەلب تەبىئەتتىن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ. تاسادىپىي پۇرسەتتە، قوينىڭ قوزىلىشىغا «تۇغۇت ئانىسى» بولۇپ قالغان بىر بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇنداق مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ ھەم ئانا ـ بالىلىق مۇھەببەتنىڭ يارقىن سىماسى بولۇپ قەلبىگە ئورناپ كېتىدۇ. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلىپ كۆرگەن بولغاچقا، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەن: تەبىئەت ــ ئىنسانلار ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئوقۇغان، شۇنداقلا مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگىتىپ بولالمايدىغان بىباھا قامۇس. شۈبھىسىزكى، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ قامۇسنىڭ بىر ۋارىقى. شۇڭا، پەيلاسوپلار تەبىئەتنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم تەبىئەتنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ.

ئۈرۈمچىدەك بىر شەھەردە تەبىئەتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش زور چەكلىمىگە ئىگە بولىدۇ. بالىلارغا كۆكتاتچىلاردىن ئالغان سەۋزە ـ چامغۇرنى تونۇتساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆكتاتچىنىڭ ھارۋىسىغا چىققۇچە قانداق «كۈنلەر» نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز. تېلېۋىزوردا بىرەر ھايۋان كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا، «ئەنە ئاۋۇ پوكۇنى ھايۋان» دەپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كۆرسىتىپ قويىمىز، ئەمما ئادەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمىز. تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىنى تولۇقى بىلەن بىلدۈرۈشكە، تەبىئەتنىڭ مۆجىزىدەك مەنزىرىلىرى-

نى ۋە ھادىسىلەرنى كۆرسىتىشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىمىز. چۈنكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق بىزنى يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

قارىغاندا كامالەتۈركنى سەھرانىمۇ چۈشىنىدىغان، شەھەرنىمۇ چۈشىنىدىغان، جەمئىيەتنىمۇ چۈشىنىدىغان، تەبىئەتنىمۇ چۈشىنىدىغان قىلىش قىيىن ئوخشايدۇ. شۇنىسى ئايانكى، بۇ مەقسەتكە يەتمەي بولمايدۇ. چۈنكى، ئەسلەشكە ئەرزىگۇدەك ئۆزگىچىلىكى بولمىغان، بالىلىقتا خاس مەزمۇنى بولمىغان، ساددا قەلبى تەبىئەت بىلەن تويۇنمىغان قاتمال، مەنىسىز بالىلىق ھايات ئىنساننى مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە ھامىلىدار قىلىدۇ.

ھەي، ئۈرۈمچى، ھەي، كامالەتۈرك!

1998 ـ يىلى يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شىۋۇلدىكى رازىخان

2001 ـ يىلى 12 ـ مارت چۈشتىن بۇرۇن، تەكلىماكان قۇمـ لۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى كېرىيە بوستانلىقىغا قاراشلىق بىر نامرات يېزا. تۇتۇق ئاسماندىن توختىماي توپا يېغىپ تۇراتـ تى. ئەتىياز بىلەن قىش ئارىلىقىدا بولىدىغان مۇزدەك سوغۇق بەدەننى ھېلىدىن ـ ھېلىغا جۇغ ـ جۇغ قىلاتتى. چاڭ باسقان يوپۇرماقسىز دەل ـ دەرەخلەر شۈمشىيىپ تۇراتتى. شاخ ـ شۇمـ بىلار بىلەن قوشامداپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەر بەكمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى. ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مەنزىـ رىلەر بىلەن تولغانىدى. يېزىغا قاراشلىق قورۇق تېمىمۇ يوق، ھەممە يېرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بىر مەكتەپنىڭ ھويلىـ سىدا، مۇزدەك سوغۇقتا، كىيىملىرى يېلىڭ بىر مەسۇم قىز مۇخبىرلار ئالدىدا نىمجان باچكىدەك دىرىلداپ تىترەپ تۇراتتى. بۇ مەسۇم قىزنىڭ ئىسمى رازىخان ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرى شامدەك ئېرىمەي قالمايتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ قىسقا، ئەمما بەكمۇ ئېچىـ نىشلىق ئىدى. كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە غەـ لىتە بولۇپ، ئەقىلگە پەقەت سىغمايتتى.

ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ ئېـ چىنىشلىق ھېكايىسى ھەم ئۇنىڭ مۇخبىرلار ئالدىدا دىرىلداپ تىترەپ تۇرغان ھالىتى تۇنۇگۈنكىدەكلا ئېسىمدە. مەن ئۇنى پات ـ پات ئەسلەيمەن. ئۈرۈمچىدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك ھايات قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش، توغرا قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش تېمىلىرىدا تەكلىپ بىلەن

نۇتۇق سۆزلىگەندە مىسال كەلتۈرىمەن. رازىخاننىڭ ھېكايىسى مەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي خەۋەر ئىدى. مەن رازىخاننى كۆرگەندە 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغىنىمىزغا 71 كۈن بولغانىدى. كېلەچەككە ھەر دائىم ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان روھىي ھالىتىم 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا تېخىمۇ ئۈمىدكە تولغانىدى. ماڭا نىسبەتەن 21 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ قۇچاق ئېچىشى مۇمكىن بولغان بىرەر پارلاق مەنزىرىدىن دېرەك بولمىسىمۇ، ۋۇجۇدۇمدا كۆرۈلگەن بۇ پىسخىكىلىق ھالەت كالېندارىدىكى «چوڭ سەكرەش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي ھاياجان ئىدى. مەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشنى كالېندارچىلىق جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن تاشقىرى چۈشىنىشكە ئامالسىز ئىدىم. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى بىر ئەسىر ئالمىشىش ئەمەس، بەلكى مىڭ يىلدا بىر ئۆزگىرىدىغان ئېرا ئالمىشىش ئىدى. بىر ئېرادىن يەنە بىر ئېراغا قەدەم قويۇش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇنداق چوڭ ئېراغا ئاتلىغاندىن كېيىن قەلبىمنى لەرزىگە سالغان چوڭ خەۋەر، ئاشۇ مەسۇم قىز رازىخاننىڭ ھېكايىسى بولغانىدى.

بۇ يىل، يەنى 2010 ـ يىلىنىڭ باشلىرى بىر كۈنى كەچتە ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ، تىزگىنەك بىلەن تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى تاللاپ كۆرۈۋاتاتتىم. توساتتىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2 ـ يۈرۈش قانىلىدا، دىكتور ماينۇر ئەخمەتنىڭ نەق مەيدان خەۋىرى كۆرسىتىلىپ قالدى. دىكتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى بىلەن سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى نەق مەيداندىن ئاڭلىتىۋاتاتتى. دىكتور ماينۇر ئەخمەت ئارىلىقتا بۇ قېتىمقى «ئىككى يىغىن» دا مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش توغرىسىدىكى قارارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئۇق-

تۇردى. شۇئان كۆڭۈل ئالبومۇمدا رازىخانىنىڭ سوغۇقتا، يېلىك كىيىملىرى بىلەن مۇخبىرلار ئالدىدا دىرىلداپ تۇرغان ھالىتى ئەكس ئەتتى. ئەگەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بالدۇرراق ئاشقان بولسا، بۇ قارار نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولاتتى ـ دە، بەختسىز قىزچاق رازىخانىنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشمىغان ئەھۋالدا، بۇنداق قارارنى چىقىرىشقا ھەقىقەتەن ئىمكانىيەت يار بەرمەيتتى. بۇ تەرىپىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. يۈز بەرگىنىگە ئون يىل بولغان بۇ ھېكايىنى بىز 2001 ـ يىلى مارتتا كېرىيە ناھىيەسىدە ئاڭلىغانىدۇق. بىز دېگىنىم شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تەشكىللەنگەن دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئوقۇغۇچى بېشىغا ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ئون كىشى ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم تەشكىللىگەن بولۇپ، گۇرۇپپىنىڭ مەقسىتى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ مەركەزگە يوللاش، شۇ ئارقىلىق مەركەزنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش قارارىنىڭ چىقىرىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئىدى. بۇ تىرىشچانلىقىمىز نەتىجىلىك بولۇپ قالسا، نۇرغۇن نامرات ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى يەڭگىللىگەن بولاتتى. ئابدۇرازاق سايىم يۇقىرىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان ياخشى خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىللىگەنىدى. بۇ گۇرۇپپىدا ئابدۇرازاق سايىم بىلەن مەندىن باشقا ما-

ئارىپ نازارىتىدىن ئىلھام، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن
گۈلشەن ئابدۇرېھىم، مۇنىرە غوپۇر، مەمتىلى ئابلىز، ئەنۋەر رو-
زى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدىن روشەن، ئىبرا-
ھىم بار ئىدى. مەن ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ سۆز تېكىستىنى يې-
زىشقا مەسئۇل ئىدىم. بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، كورلىدىن
ئۆتۈپ قۇملۇق تاشيولى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىگە قەدەم
قويدۇق. خوتەن تەۋەسىدە كۈندە دېگۈدەك توپا يېغىۋاتقان، ھاۋا
سوغۇق كۈنلەر ئىدى. بىز نىيە ناھىيەسىدىكى ئىككى كۈنلۈك
تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېرىيەگە يېتىپ بارغان كۈنى
كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، كېرىيەنىڭ ھاكىمى مەتسەيدى خۇدابەردى
بىزگە كېرىيەنىڭ شىۋۇل دېگەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن دەرسلىك
كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر پاجىئەلىك ھېكايىنى سۆزلەپ
بەردى. مەتسەيدى خۇدابەردى ھاكىمنىڭ دېيىشىچە، شىۋۇل يېزى-
سىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر جۈپ ئاكا ـ
سىڭىل بولۇپ، ئاكىسى 13 ياشتا، سىڭلىسى 11 ياشتا ئىكەن.
ئۇلارنىڭ قولى قىسقا ئاتا ـ ئانىسى تېرىپ ـ تۆشەپ يىغقان پۇ-
لىنى ئىككى بالىسىنىڭ دەرسلىك كىتاب پۇلىغا تۆلىگەن بولسىمۇ،
يەنىلا ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىگە 20 يۈەندىن جەمئىي 40 يۈەن
كەملەپ قاپتۇ. دەرسلىك كىتابنىڭ پۇلىنى شىنخۇا كىتابخانىسى-
غا تاپشۇرىدىغان قەرەل توشۇپ كەتكەچكە، مەكتەپ بۇ ئىككىيلەن-
دىن قالغان 40 يۈەن پۇلنى تېزرەك تۆلىۋېتىشنى سۈيلەپتۇ. ئاكا ـ
سىڭىل ئىككىيلەن ئەھۋالنى ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتقاندىن كېيىن،
دادىسى نائىلاج ئۈچ ئورۇق مېكىيىنىنى سېتىپ 20 يۈەن
راسلاپ، ئىككى بالىسىغا 10 يۈەندىن تۇتقۇزۇپ، مۇشۇنى بولسىمۇ
تۆلەپ تۇرۇڭلار، دەپتۇ. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بى-
قۇۋۇللۇقىنى چۈشىنىدىغان بالىلارنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىشقا تىلى
بارماپتۇ. نومۇس تۈيغۇسى كۈچلۈك 13 ياشلىق ئوغۇل باشقىلار-
نىڭ ئالدىدا يەنە خىجالەتچىلىك تارتىشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ قو-

لىدىكى 10 يۈەننى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، سەن قەرزىڭنى
تۆلىۋەتكىن، مەن بىر ئامال قىلىمەن، دەپ سىڭلىسىنى مەكتەپكە
يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كېتىپتۇ. كەچتە
ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ جەسىتىنى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىۋالغان
يېرىدىن تېپىپتۇ.

تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان بۇ ئېچىنىشلىق خەۋەر-
دىن ھەممىمىزنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى، 20 يۈەن پۇلنىڭ
كەم بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن 13 ياشلىق بىر نوتا ھاياتىدىن
ئايرىلغانىدى. جاپاكەش دېھقانىنىڭ ئۈمىدىنى يەلكىسىگە يۈكلىگەن
بىر ساغلام سەھرا بالىسى قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى.
دى. ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ مەيدانلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشكە،
ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يېزا يوللىرىدا قۇيۇندەك چېپىپ ئويناش-
قا، مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن «بىز بەختى-
لىك ئەۋلاد» دېگەن ناخشىنى جاراڭلىق ئېيتىشقا، ئاتا ـ ئانىسى-
نىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ شادلىق ئىلكىدە ئۇلارنىڭ مەڭزىگە سۆ-
يۈشكە ھەقلىق بىر ئۆسمۈر بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ توپا يېغىپ
تۇرغان بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقانىدى. مەن سەپەرگە
چىقىشنىڭ ئالدىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمغا مەك-
تەپنىڭ «بىر تەشتەكتىن گۈل ئېلىپ كېلىش» تاپشۇرۇقىنى ئو-
رۇنلاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ يېنىدىكى گۈل
بازىرىدىن 20 يۈەنگە بىر تەشتەك گۈل ئېلىپ بەرگەنىدىم. خىيا-
لىمدا ئادەتتىكى بىر تەشتەك گۈل بىلەن ئون گۈلنىڭ بىرى
ئېچىلمىغان بىر سەبىي بالا بىر ـ بىرىگە روبىرو تۇراتتى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر 12 ـ مارت ئەتىگەندە شىۋۇل
يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاشۇ بىچارە ئو-
غۇل ئوقۇغان مەكتەپنى كۆرۈش، ئەھۋالىنى ئېنىق ئۇقۇش، ئۆ-
لۈۋالغان ئوغۇلنىڭ سىڭلىسىنى يوقلاش ئىدى. گۇرۇپپىدىكى
بارلىق ئەزالار بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ راستلىقىغا ئۆزلىرىنى



www.uyghurkitap.com



ئىشەندۈرەلمەيۋاتاتتى.
ئۇلار ھېلىدىن - ھې-
لىغا باشلىرىنى چاي-
قايتتى. ماشىنىلار
كېرىيە ناھىيە بازى-
رىدىن يولغا چىقىپ
بىر يېرىم سائەتچە
يول ماڭغاندىن كې-
يىن شۇۋۇل يېزىسى-
غا يېتىپ كەلدى.
مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە قارىساق چوڭ يىغىن ئېچىلىۋاتقانىكەن. بىرنەچچە ئېغىزلىق ئاددىي سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىدىكى توپى-لىق مەيداندا ئاتا - ئانىلار، ئوقۇغۇچىلار توپىدىلا ئولتۇرۇپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتچىلەرنىڭ مەكتەپكە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش» توغرىسىدىكى سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانىكەن. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاۋازى سىنىپ بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇپ قويۇلغان كانايدىن ياڭراپ تۇراتتى. ھاۋا چاڭ ھەم سوغۇق ئىدى. بىز بارغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى سۆز-دىن توختاپ ھەممىمىز بىلەن كۆرۈشتى. شۇ ئارىدا دىكتور مۇ-
نىرە غوپۇر ھېلىقى
قىزنى تېپىپ، يانغا
تارتىپ پاراڭلىشىۋې-
تىپتۇ. ئەنۋەر روزى
تېلېكامېراغا ئېلىۋې-
تىپتۇ. سوغۇق ھاۋادا
يېلىڭ كىيىنىۋالغان
قىزچاق نىمجان باچ-
كىدەك دىرىلداپ تىتى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ـرەپ، ئالدىدا ئېگىلگىنىچە ئۆزىگە چوڭقۇر مېھىر ۋە چەكسىز ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان رىياسەتچى مۇنىرە غوپۇرنىڭ سوئاللىرىغا قورۇنۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بېرىۋېتىپتۇ. مۇنىرە غوپۇرنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ. بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان پاجىئەلىك ھېكايىنىڭ ھايات پېرسوناژى بولغان قىزچاق تولا يىغلاپ ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەنمۇ ياكى گۆدەكلىكىدىن بۇ پاجىئەنىڭ تىراگېدىيەلىك قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش يوق ئىدى. ئەمما، سوغۇقتىن توختىماي تىترەيتتى. مۇنىرە غوپۇر ئۇنى ۋۇجۇدى بىلەن بولسىمۇ ئىسسىتىش ئۈچۈن باغرىغا بېسىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا مەكتەپ مۇدىرى يىغىن ئەھلىگە كانايدىن داڭلىق يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قىزى گۈلشەن ئابدۇرېھىمنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 2000 يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرۇپ يىغىن تىڭشاۋاتقان ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشتى. ئارقىـ

دىن گۈرۈپپىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىئانە قىلىشتى. مۇنىرە غوپۇر رازىخان ئىسىملىك ھېلىقى قىزنى يېتىلەپ كېلىپ، گۈرۈپپىدىكى ھەممەيلەنگە تونۇشتۇردى. قىزنىڭ گويا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ھالىتى قەلبىمىزگە ئورناپ كەتتى. قىزچاق چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ قاراپ تۇرغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، توپىلىق مەيداندىن ئۈنۈپ چىقىپ قالغان شىۋاقتەك ئۈن - تىنسىز تۇراتتى. تۇتۇق ئاسماندىن توختىماي توپا يېغىۋاتاتتى. ئاسمانمۇ توپا، يەرمۇ توپا ئىدى. ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپقارا قىسمەتنىڭ ئىلكىدە 11 ياشلىق رازىخان بۇ دۇنياغا قويۇلغان سوئال بەلگىسىدەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. كۆزلەر نەملەشكەندى. ھېچكىم ئارتۇق گەپ قىلمايتتى...

بىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كەچتە يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، شائىر روزى سايىت ۋە ھەبىبۇللا ھاجىم، ئابلىكىم ھاجىم قاتارلىق بىرنەچچە دوختۇر ئاغىنىلەر بىلەن «خوتەن مېھمانخانىسى» نىڭ ئايرىم خانىسىدا غىزالانغاچ پاراڭلاشتۇق. يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن شائىر روزى سايىت پاراڭ ئارىلىقىدا مەندىن ئۈرۈمچىدىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە سوراپ قالدى. مەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان ئۇچراتقان ئەڭ يېڭى خەۋەر سۈپىتىدە شىۋۇلدىكى رازىخاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم. سورۇندىكىلەر ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندى. ئىرادىسى قاتتىق، ئەمما كۆڭلى يۇمشاق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. خەلقچىل شائىر روزى سايىت بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىغىغا ئەگىشىپ يۆتىلىمۇ تۇتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە يۆتەلدى...

يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىدە «خوتەن

مېھمانخانىسى» نىڭ ئايرىم خانىسىدىكى سۆھبەت ئەھۋالىنى قىستۇرۇپ يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنى بۇ پاجىئەلىك ھېكايىدىن ئەڭ دەسلەپ خەۋەردار قىلدى. بىز بىر ئايغا يېقىن ئىلىنىپ بارغان تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەپ «ئېچكى ماتېرىيال» سۈپىتىدە ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا يەتكۈزدۇق. شىۋۆلدىكى رازىخانىنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ھۆججەتلىك فىلىمدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ خاتىمىسىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلتىماس قىلدۇق. ھۆججەتلىك فىلىم بەكمۇ تەسىرلىك، ئەمەلىي ھەم جانلىق ئىدى. كۆرگەن ھەرقانداق رەھبەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى. بىزنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2002 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «200 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى دەرسلىك كىتابتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ» دېگەن خەۋەر بېسىلىپ تارقىتىلدى. دەرسلىك كىتابتىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىغان ئوبيېكتلار خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىكى 200 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى ئىدى. بىز ئىشلەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىغان «ئېچكى ماتېرىيال» نىڭ بۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېگىلى بولمايتتى. بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتى، تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىگەنىدى. بۇ خىزمەتتە ئابدۇرازاق سايىم ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇ بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىللىمەي، ئۆزى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. لېكىن، خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى ئىزدىنىپ يۈرۈپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ كادىر بىر قىسىم ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئىزدىنىپ ئىشلەش ئادىتى يوق كا-

دىلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى. ئۇ قايسى ئورۇندا ئىشلىسە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغۇدەك ئەمەلىي، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. مەسىلەن، ئابدۇرازاق سايىم 1996 ـ يىلى دېكابىردا ئاقسۇ ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلىنىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا چۈشكەن مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۆھپە قوشقان. يەنى بۇ ناھىيەنىڭ شۇ يىللاردىكى «كوناشەھەر» دېگەن نامىنى تارىختىكى ئاتىلىشى بويىچە «ئونسۇ» دەپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەمۇرىي ۋە قانۇن تەرتىپى بويىچە زېرىكمەي يول مېڭىپ ئاخىر ئەمەلگە ئاشۇرغان. بىر قىسىم كادىرلار ئىلكىدىكى خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت دەپ چۈشەنمەي، بەلكى ئىمتىياز دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلققە مۇلازىمەت قىلىدىغان «چاكار» لىق بۇرچىنى ئۇنتۇپ، ئۆز مەنپەئەتى كويىدا سوكۇلداپ ياشاشتىن باشقىنى ئارتۇقچە، دەپ قارايدۇ. مەن بۇنداق مەسئۇلىيەتسىز كادىرلارغا ئۆچ ئىدىم. ئۇلار ھوقۇقنى مۇلازىمەت دەپ ئەمەس، ئۆزىنى بېيىتىدىغان ھەم باشقىلارغا ماختىنىدىغان مەنسەپ دەپ چۈشىنىدىغانلار ئىدى. بۇنداق كادىرلاردىن مەنلا ئەمەس پارتىيە، ھۆكۈمەتمۇ، ئاۋام خەلقمۇ بىزار ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئويغانسام كېچىچە ياغقان قېلىن قار ھەممە يەرنى ئاپپاق قىلىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچىدە «قارنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، قار ياغقان كۈنى ئەتىگەندە چوقۇم ھەربىر ئىدارە ـ ئورگان ئۆز تەۋەسىدىكى يول بۆلەكلىرىنى تازىلاپ قاتناشنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك» دېگەن چۈشەنچە ئومۇملاشقان بولغاچقا، كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھاپىلا ـ شاپىلا ئىشقا ماڭدىم. بىنا ئالدىغا چىقسام باشقا خىزمەتداشلار ئەمدىلەتىن گۈرجەكلەرنى تاراڭ ـ تۇرۇڭ قىلىپ قار تازىلاشقا باشلىغانىكەن.

مەن بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ خىزمەتچىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يول بۆلىكىگە كېتىۋاتسام، كىچىككىنە ئەمىلىدىن كېرىلىپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر كوت ـ كوت باشلىق مېنى كۆرۈپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

ــ قارا، يالقۇن، مۇشۇ بىزنىڭ خەلقىمىز قاچانمۇ تۈزىلەر؟ ھېلىراقتا بىر قېرى دىۋانە كېلىپ، دۇئا قىلىپ، پۇل تىلەپ تۇرۇۋېلىپ بەك يۈزۈمنى تۆكتى. كۆرمەمسەن، بۇ يەردە خەنزۇ يولداشلار بار، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قېرىنداشلار بار. مۇشۇلارنىڭ ئالدىدا بەك ئىزا تارتىپ، ھەيدەپ دېگۈدەك كەتكۈزۈۋەتتىم دېگىنە. سەن ئويزورچى بولغاندىكىن، خەلقىمىز ئارىسىدىكى مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىللەتلەرنى تەنقىدلەپ يازساڭ بولاتتى، ــ دېدى.

ئۇنىڭ سۆز قىلغان چاغدىكى ئەزۋەيلەپ كېتىشلىرىدىن مىللەتنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىغا كۆڭۈل بولىدىغان مەسئۇلىيەتچان روھىنى ئەمەس، ئەتەي ئۆزىنى كۆرستىۋاتقان مەمەدانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. مەن ئالدىراپ تۇرساممۇ، خەلقىمىزنىڭ ئوبرازىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قالغان بۇ ئاتالمىش «خەلقپەرۋەر» كادىرغا نەشتىرىمنى سانجىپ قويغۇم كەلدى ـ دە:

ــ سەن خاتا چۈشىنىپ قاپسەن. تىلەمچىلىك گەرچە ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. تىلەمچىلىك تەرەققىياتنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدىكى يايلاق مىللەتلىرىدىلا يوق ھادىسە. چۈنكى ئۇلاردا شەھەر مەدەنىيىتى شەكىللەنمىگەن. شەھىرى يوق مىللەتنىڭ تىلەمچىسىمۇ بولمايدۇ. شەھەر مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن مىللەتلەردىلا تىلەمچىلەر قاتلىمى مەۋجۇت بولىدۇ. جەمئىيەت ھەرقانچە تەرەققىي قىلسىمۇ تىلەمچىلەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئەڭ تەرەققىي تاپقان غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ تىلەمچىلىك ھادىسىسى تۈگىگىنى يوق. شۇڭا، سېنىڭ تىلەمچىلەردىن نومۇس ھېس قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى قويىدىغانغا يەر تاپال-

ماي قالغانلىقىڭ ئوشۇقچە ئىش. سەن ئادەتتىكى ساقلانغىلى بول-
مايدىغان ئىجتىمائىي ئىللەتنى يوقىتىشتا تېگىشلىك ئېغىر جى-
نايى ھەرىكەت دەپ چۈشىنىۋاپسەن. ئىزا تارتىشتا توغرا كەلسە
ھۆكۈمەت تاپشۇرغان، خەلق ئىشىنىپ بەرگەن ھوقۇقنى توغرا
ئىشلەتمەي نەپسانىيەتچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدارلاردىن، ھوقۇقنى
ئىشلەتمەي ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان لىڭتاسما مەنسەپدارلاردىن نو-
مۇس قىلىش كېرەك، — دېدىم.

ئادەتتە، يۇرۇش – تۇرۇشلىرىدىن كۆرەڭلىك، گەپ – سۆزلى-
رىدىن بىلەرمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ مەمەدان بايقۇش گې-
پىمنى ئاڭلاپ ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ئارقامدىن تىلىنى چايناپ غو-
تۇلداپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قالغان گېپىنى ئاڭلىماي، قار تازىلى-
غىلى كەتتىم.

ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا كۆ-
ڭۈل بۆلمەستىن، يۇقىرى – تۆۋەننى ئالداپ، بولار – بولماس
ئىشلەپ، كۈن چىقتى، كۈن پاتتى دەپ لايغەزەللىك بىلەن كۈننى
كەچ قىلىپ، ھوقۇق ئىسراپچىلىقى پەيدا قىلىدىغان بۇنداق مەن-
سەپدارلارنى ئاياپ ئولتۇرغۇم كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەن بى-
لەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن ھاكاۋۇر ئىدىم.
مېنىڭمۇ ئۇلارنى ھەقىقەتەن مەنسىتكۈم كەلمەيتتى. مېنىڭ نەزى-
رىمدە يارامىلىق ئەمەلدار بىلەن يارامسىز ئەمەلدارنى پەرقلەندۈر-
مەستىن، ئۇلارغا ئوخشاشلا ھۆرمەت كۆرسىتىش ياخشىچاق جان
باقتىلارنىڭ تۇتقان يولى ئىدى، مەن ئادەتتە بۇنداق پىرىنسىپسىز
ياخشىچاقلارنىمۇ، مەسئۇلىيەتسىز مەنسەپدارلارنىمۇ مەنسىتمەيت-
تىم. مەن ئۆزۈمدە بىر زىيالىيدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەققانىيەت-
چىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىپ ياشايتتىم. پەلسەپە تەت-
قىقاتچىسى جۇ خېجۇن «كۈندە بىردەم پەلسەپە ئوقۇيلى» دېگەن
كىتابىدا يازغاندەك، ھەقىقىي زىيالىيلارنىڭ «ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە-
سى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولىدۇ، باشقىلارغا ئەگەشمەيدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئازدۇرۇشنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدۇ، ئار ـ نومۇسنى بىلىدۇ، يىراقنى كۆرىدۇ. ھاكاۋۇرلۇق قىلىشتىن خالىي بولالمىسىمۇ، ئىش ـ ئەمىلى دۇرۇس بولىدۇ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ كېلىدۇ، بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان پەسلەردىن پەرقلىنىدۇ» دەپ قارايتتىم.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتاب بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش توغرىسىدىكى يېڭى سىياسەتنىڭ قارار قىلىنىشىدا، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا مۇۋاپىق يول بىلەن يەتكۈزۈپ كەلگەن كادىرلارنىڭ تۆھپىسى گەۋدىلىك ئىدى. ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئەمەس، خوتۇن ـ بالىلىرى ئۈچۈن تۇتىدىغان كادىرلارنىڭ خىيالى بولسا، بىز مارىغان مۇشۇكتەك شەخسىي مەنپەئەتنىڭلا كويىدا ئىدى. شۇڭا، ئەمەلدارلارنىڭ ئادىمىيلىك ساپاسى مەسىلىسى ھازىر مەركەزدىن تارتىپ مەھەللىگىچە ھەممە كىشى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە بولۇپ قالدى.

دىكتور ماينۇر ئەخمەتنىڭ ئاڭلاتقان خەۋىرى مەن ئۈچۈن بىر خۇش خەۋەر ئىدى. مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە، 20 يۈەن كىتاب پۇلىنى تەييارلىيالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئاكىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان بەختسىز قىز رازىخان ئاللىقاچان 20 ياشتىن ئاشتى بولغاي. ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىدە بۇ يىللاردا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بالىسى مەكتەپتە ئوقۇسا، چوقۇم دەرسلىك كىتاب سېتىۋېلىش يۈكىدىن خالىي ھالدا ئوقۇيدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ كۈنلىرى غەم ـ غۇسسىسىز ئۆتىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

2010 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېزىلدى.



# كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى ــ ئۈمىد

*ئىلاۋە: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىدا 2011 - يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرى داڭلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى بىلەن رىياسەتچى ئابلەت ئابدۇرېھىمنىڭ «كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى ــ ئۈمىد» دېگەن تېمىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى قويۇلغاندىن كېيىن كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008 - يىللىق 2 - سانىدا يالقۇن روزىنىڭ ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پىروگراممىسىدا ئۆتكۈزگەن «بەخت ئىلكىڭىزدە» دېگەن تېلېۋىزىيە سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسىنى ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدە ئابستراكت ئۇقۇملار جانلىق ھەم چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بۇ سۆھبەت خاتىرىسى شۇ يىلى تۈزۈلگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ*

*«تىل ـ ئەدەبىيات ـــ 4» تاللىما دەرسلىكىگە نادىر سۆھبەت سۇ ـ پىتىدە كىرگۈزۈلگەن. بۇ قېتىم بىز يالقۇن روزى بىلەن ئابلەت ئاب ـ دۇرېھىمنىڭ «كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى ـــ ئۈمىد» دېگەن تېمىدىكى تېلېۋىزىيە سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇ ـ زۇرىغا سۇندۇق. ئۆزگىچە قاراشلارغا تولغان بۇ سۆھبەت خاتىرى ـ سىمۇ ھېكمەتكە باي مەزمۇنى ۋە جانلىق مەسىلە ـ مىساللىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى مەمنۇن قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.*

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

* * *

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم، «مەدەنىيەت بوستا ـ نى» پىروگراممىسىنىڭ ئەزىز كۆرۈرمەنلىرى. پىروگراممىمىز سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. ھەممى ـ مىزگە ئايانكى، ئۈمىد ـــ كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى، ئۇ ـ مىدۋارلىق تۇرمۇشتىكى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار روھىي ھالەت. ئۈمىدسىزلىك ھاياتقا تۇتۇلغان پاسسىپ پوزىتسىيە. بىز بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزدە كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى بولغان ئۈمىد مەسى ـ لىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. بۈگۈنكى سۆھبەتكا ـ رىمىز تونۇلغان ئوبزورچى يالقۇن روزى.

يالقۇن ئەپەندى، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىز ئۈرۈمچى تې ـ لېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رىياسەتچىسى ئىلنۇر ئىبراھىم بىلەن «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پىروگراممىسىدا «بەخت ئىلكى ـ مىزدە» دېگەن تېمىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغانىدىڭىز. شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولغان. ئەلۋەتتە، بەخت مەسىلىسى ھەممە كىشى ئىزدىنىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇ ـ ھىم مەسىلە. خۇددى بەختنىڭ نىمىلىكىنى تونۇش زۆرۈر بولغان ـ دەك، ئۈمىد مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشمۇ كىشىلىك ھاياد ـ

تىكى ئىنتايىن زۆرۈر مەسىلە. سىزنىڭچە، ئۈمىدنى قانداق تو-نۇش كېرەك؟

**يالقۇن روزى:** ئۈمىد خۇددى بەختكە ئوخشاشلا كىشىلىك ھا-ياتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھەم ئەڭ مۇھىم روھىي بايلىق. بىراق، كىشىلىك ھاياتتا ئۈمىدنىڭ ئەڭ مۇھىم روھىي بايلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ھەممىلا كىشى چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتا-يىن. بۇ خۇددى ھەممە ئادەم بەختكە ئىنتىلىسىمۇ، ئەمما بەختنىڭ نېمىلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان ھەم ھېس قىلىد-دىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ بولمىغىنىدەك بىر ئىش.

ئۈمىد ھەقىقەتەن كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى. كىشىلىك ھا-يات مۇشكۈلاتتىن خالىي بولمايدۇ. ئىنسان تۈرلۈك خىرىسلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت مۇرەككەپلەشكەنسېرى ئادەم ئىق-تىسادىي بېسىم، كىشىلىك مۇناسىۋەت بېسىمى، ئۆرپ - ئادەت بېسىمى، خىزمەت بېسىمى دېگەندەك تۈرلۈك بېسىملارغا بەرداش-لىق بېرىپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق خىرىس ۋە بېسىملارنى پەقەت تىرىشچانلىق، ئىدراك، ئىرادە، سەۋر - تاقەت، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ. ھاياتتا ئەقلىنى ۋە ئىشەنـ-چىنى يوقاتمىغان ئادەمنىڭ يوقىتىدىغان نەرسىلىرى ئۇنچە كۆپ بولمايدۇ. ئىشەنچ بار يەردە ئۈمىد بار. ئىشەنچىنى يوقاتقان ئادەم-نىڭ ساقلاپ قالغۇدەك ھېچ نەرسىسى قالمايدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئا-دەمنى لەقۋالىققا ئېلىپ بارىدۇ. لەقۋا ئادەمدە نە غەيرەت، نە ھە-رىكەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. روشەنكى، غەيرەتسىز، ھەرىكەت-سىز ھايات چۈشكۈن ھاياتتۇر. چۈشكۈنلۈك مەغلۇبىيەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇڭا، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ مۇ-ھىم روھىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** بىز سىزنىڭ ئۈمىد توغرىسىدىكى بۇ تەرىپلىرىڭىزدىن ئۈمىدۋارلىقنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى قىممى-تىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۇق. ئۈمىد ئابستراكت تېما. ئۇنى

ئېنىقراق چۈشىنىش ئۈچۈن ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر. يالقۇن ئەپەندى، سىز ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك مەغلۇبىيەتكە تەڭ دېدىڭىز، مۇشۇ بويىچە بولغاندا ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ئادەم كېرەكسىز ئادەم ھېسابلىنىشى كېرەك. سىزنىڭچە، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ئادەمنى ئەخلاقسىز ئادەم دېيىشكە بولامدۇ؟

**يالقۇن روزى:** دائىم دېگۈدەك ئۈمىدسىز، چۈشكۈن يۈرىدىغان ئادەم ھەقىقەتەن كېرەكسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ئادەمنى ئەخلاقسىز ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. قانۇنغا مۇخالىپ يول تۇتقان ئادەم دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ئادەملەرنى ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمىز يوق ياكى ئۈمىدسىز، چۈشكۈن بىرەر ئادەمنى ساقچىلارنىڭ ئىزدەپ، سوراق قىلغانلىقىنى كۆرگىنىمىز يوق. دېمەك، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئەخلاق مەسىلىسىمۇ ئەمەس، قانۇن مەسىلىسىمۇ ئەمەس. ئەمما، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ سۈپەتى مەسىلىسى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىنىڭ بۇلاقبېشى، يەنى سەنشىخاڭزا ئەتراپىدا كوچا لۈكچەكلىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىكار تەلەپ بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولغاچقا بالىسى تەربىيەسىز چوڭ بولۇپ، يامان بالىلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاتا ـ ئانا چىرايلىق تەربىيە قىلسا بۇ يىگىت بولىدۇ، دەپ ئاڭلايدىكەن ـ يۇ، ئەمەل قىلالمايدىكەن. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلپەتلىرىدىن ئايرىلالمايدىكەن. بىكار تەلەپلىك يولىدىن قايتالمايدىكەن. نەتىجىدە، بۇ يىگىت بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت كۆرۈلۈپ، يىگىت ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرماي بىر ئېغىزلىق كونا ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ شۇ ئۆيدە تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىشتىن يىگىتنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولىدىكەن. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ بۇ يىگىتنى ئۇچراتسا ئەيىبلەيدى-

كەن. روھىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھەم تۇرمۇشىدىكى
مەنىسىزلىكنى ھەل قىلالمىغان بۇ يىگىت ئۆمىدسىزلىنىپ، ئۆ-
لۈۋېلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ بۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، قائىدە
بويىچە ئۆلۈش ئالدىدا كۆڭلۈمدىكى بىرەر ئارزۇنى ئورۇنلاپ، ئۆ-
زۈمنى رازى قىلىپ ئۆلەي دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ توخۇ گۆشىگە
ئامراقلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بازاردىن بىر چار
خورازنى سېتىۋېلىپ كەچتە ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ پۈتى
باغلاقلىق خورازنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ، قولىغا يوغان
پىچىقنى ئېلىپ خورازنىڭ بوينىغا سۈرەي دەپ تۇرسا، توساتتىن
ئىشىكى جىددىي قېقىلىپ، ئۆزى بىلەن بىر ھويلىدا ئولتۇرىدى-
غان بىر قوشنىسى ئالدىراپ كىرىپ كەپتۇ. قوشنىسىنىڭ ئايالى
ئېغىر ئاياغ ئىكەن. توساتتىن تولغىقى تۇتۇپ كەتكەچكە، ئايالىنى
دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىپ بېرىشكە ياردەم تەلەپ قىلىپ كىرگە-
نىكەن. ئۇ يىللاردا قاتناش قوراللىرى قىس، تاكسى يوق زامانلار
بولغاچقا، بۇ ئىككىيلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ قۇرۇلۇش ئورنى-
دىن لاي توشۇيدىغان بىر چاقلىق قول ھارۋىسىنى ئارىيەت ئېلىپ
كېلىپ، ئۈستىگە كىگىز، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سېلىپ، ئېغىر
ئاياغ ئايالنى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دوخ-
تۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. دوختۇرخانىلارنىڭ مۇلازىمەت شارائى-
تى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى ھازىرقىدەك ياخشى بولمىغاچقا ئۇياققا
يۈگۈرۈپ، بۇياققا سۆرەپ ئاخىر ئايالنى ياتاققا ئالدۇرۇپتۇ. يىگىت
ئۇ ئەر ـ خوتۇننى دوختۇرخانىدا قالدۇرۇپ، قول ھارۋىسىنى
سۆرەپ قۇرۇلۇش ئورنىغا تاپشۇرۇۋېتىپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆ-
يىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆيىگە كەلگەندە ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ
قالغان بولغاچقا يىگىت خورازنى سويۇپ، ئادالاپ، گۆشىنى پىشۇ-
رۇپ يېيىشكە كۆزى يەتمەي، قۇرۇق نان يەپ، بولدىلا، ئەتە سويۇپ
يەي دەپ، ھارغىنلىقتا ئۇخلاپ قاپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈپتۇ. لايدەك ئې-
زىلىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان يىگىت توساتتىن خورازنىڭ چىللىغان

سۈزۈك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا خوراز پۇتى باغلاقلىق، بويىنىدا يوغان پىچاق بېسىقلىق تۇرغان ھالەتتە يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ تۇرۇپ چىللاۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرۈپ، يىگىتنىڭ ئەقلى ھەيران قاپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: بىر ئاجىز خوراز مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ چىللاپ تۇرۇپتۇ، مەن ئادەم تۇرۇپ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۆلۈۋالسام ئۇيات ئەمەسمۇ، دەپ پىچىرلاپ، ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى ئوي ـ خىيالىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. ھاياتنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن چۈشكۈنلۈكتىن، مەنىسىزلىكتىن قۇتۇلماقچى بولغان بۇ يىگىت ئەنە شۇنداق سەۋەب بىلەن ھاياتقا يېڭىباشتىن قايتىپ كەپتۇ. تۇرمۇشقا يېڭىباشتىن قەدەم قويۇپتۇ، جەمئىيەتكە يېڭىباشتىن نەزەر تاشلاپتۇ. دېمەك، ئۇ چۈشكۈن، ئۈمىدسىز، پاسسىپ ھاياتتىن قول ئۈزۈپ جۇشقۇن، ئۈمىدۋار، ئاكتىپ ھاياتقا قەدەم بېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ سۈپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپتۇ.

شۇڭا، ئۈمىدۋارلىق تۇرمۇشنىڭ سۈپىتى مەسىلىسى، ئۇ بىر تۈرلۈك قىممەتلىك كىشىلىك ساپا دەپ قارايمەن. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، ھاياتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدىغان جۇشقۇن روھ، ھاياتنى نۇرلاندۇرىدىغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئېنېرگىيە بولغان ئۈمىد تۇيغۇسىغا ھەرقانداق ئادەم ھەقسىز ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ قەددىڭىزنى رۇسلىشىڭىزنى، كۆزلىرىڭىزنى قۇياش بالقىپ تۇرغان چەكسىز ئۇپۇقلارغا تىكىشىڭىزنى كۈتىدۇ. مۇشۇنداق ياشاش، شۈبھىسىزكى، ھاياتقا سۈپەت، قىممەت، ئەھمىيەت، نەتىجە، ئۇتۇق ئاتا قىلىدۇ.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** مېنىڭچىمۇ، ئۈمىد ئادىمىيلىكنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان ئالاھىدە ساپا، شۇنداقلا ئۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. يالقۇن ئەپەندى، سىز يۇقىرىدا ئۈمىدسىزلىك ئەخلاق مە-

سىلىسىمۇ، قانۇن مەسىلىسىمۇ ئەمەس دېدىڭىز. ئۇنداقتا، ئۇ-مىدسىزلىك كىشىلىك هاياتتىكى ئادەتتىكى مەسىلىمۇ؟ ئۇنىڭ كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس دېيىشكە بولامدۇ؟

**يالقۇن روزى:** ئۈمىدسىزلىك روھىي هالىتى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مەسىلە ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئادەمنى لەقۋالىققا ئېلىپ بارىدۇ. لەقۋا ئادەم بىپەرۋا، بىغەم بولىدۇ. ئۇنداق ئادەمدە غەيرەت ۋە ھەرىكەت بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەندىشە ئېڭى، تەشۋىش ئېڭى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىمۇ يوق بولىدۇ. شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇراخمان جامى «بىپەرۋالىق ھەم بىغەملىك مىڭ تۈرلۈك قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبچىسىدۇر» دەپ ئېيتقان. ھەقىقەتەنمۇ، چۈشكۈنلۈك يامرىغان، ئۈمىدسىز ئادەملەر ئاۋۇپ كەتكەن جەمئىيەتنىڭ مۇۋازىنىتى بۇزۇلغان بولىدۇ. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ھەق - ناھەق ئۆلچەملىرىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشىغا، ئېسىل قىممەت مىزانلىرىنىڭ ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىغا، ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە، مەسئۇلىيەتسىزلىك روھىنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، ئەخلاق، روھىيەت ۋە ھەرىكەت جەھەتتە كېسەللىك خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي پىسخىكا ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئۈمىدسىزلىك ھەم چۈشكۈنلۈك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي ئاقىۋەت ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى، كۆپىنچە ھاللاردا جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن ئەخلاققا مۇخالىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار چۈشكۈنلۈكنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «ئۈمىدسىزلىك ئىبلىسنىڭ ئىشى» دېگەن سۆز ئاددىي مەنىدە ئېيتىلغان سۆز ئەمەس!

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** خوش، سىز چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىجتىمائىي ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پىسخىكىلىق كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلدىڭىز، ئۇنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگۈسىز دەپ كۆرسەتتىڭىز. ئۇنداقتا، سىزنىڭچە بارلىق ئۈمىدسىزلىكنى كىشىلىك ھاياتتىكى پاسسىپلىق، جىمى ئۈمىدۋارلىقنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئاكتىپ پوزىتسىيە، دەپ قارىساق بولامدۇ؟

**يالقۇن روزى:** بۇ ناھايىتى نازۇك سوئال بولدى، بۇ ھەقىقەتەن ئىنچىكە مەسىلە. چۈنكى، روھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. كېسىپ بىرنېمە دېيىش تەس. ئۈمىد مۇرەككەپ ئابستراكت ئۇقۇم. مېنىڭچە، بارلىق ئۈمىدسىزلىكنى پاسسىپلىق، جىمى ئۈمىدۋارلىقنى ئاكتىپلىق دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا دانا كىشىلەر كىرىزىس تۇيغۇسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل كىرىزىس تۇيغۇسىغا ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر سەۋەب بولىدۇ. ئۇلار باشقىلارنى ئويلاپ، باشقىلارنى كۆزدە تۇتۇپ ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەر ھېس قىلىپ يەتمىگەن خەۋپ ۋە يامان ئاقىۋەتلەرنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولىدۇ. ئۇلار يىراقنى كۆرىدۇ. ھادىسىنىڭ ئىچىدىكى ماھىيەتنى، خۇشاللىقنىڭ كەينىدىكى قايغۇ ــ ھەسرەتنى، چىرايلىق سۆزلەرنىڭ تېگىدىكى سۇيىقەستنى كۆرۈپ يەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، ھوشيار، سەگەك ھالەتتە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە كۆپ ھاللاردا ھايات، جەمئىيەت ھەققىدىكى تونۇشى يۈزە، ساددا كىشىلەر ئۈمىدۋار ھالەتتە ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىكى بۇ ئۈمىدۋارلىق يەڭگىلتەك روھىي ھالەت بولۇپ، ئۇلاردا ئۆزىدىن ھالقىغان چوڭقۇر كىرىزىس تۇيغۇسى يوق. شۇڭا ئۇلاردىكى ئۈمىدۋارلىقنىڭ سۈپىتى بەكلا تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خىل ئۈمىدۋارلىق ساددىلىقنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** ھەربىر ئادەمدىكى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك روھىي ھالىتىنىڭ كۆرۈلۈشىگە ئوخشاش بولمىغان ئامىللار سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئادەملەر بېشىغا ئېغىر قىسمەتلەر كەلگەندە ئىشەنچىنى يوقىتىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىكەن. ھەتتا ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىكەن. يەنە بەزى ئادەملەر بېشىغا ئېغىر قىسمەتلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق مۇشەققەت خۇمدانلىرىدا ئۈزۈكسىز تاۋلىنىپ تېخىمۇ جەسۇر، تېخىمۇ روھلۇق، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ كېتىدىكەن. يالقۇن ئەپەندى، سىزنىڭچە، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى نېمە سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ؟

**يالقۇن روزى:** ئۈمىدسىزلىك بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەللىك. ئىنساننىڭ پىسخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغاندا كۆرۈلىدىغان روھىي ھالەت. ئادەملەردىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە، ھەممە ئىشتىن رايى قايتقان بىر خىل ئۈمىدسىز ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلار ئىشەنچىنى تامامەن يوقاتقان ئۈمىدسىزلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن، ھاياتتىكى ھەربىر ئۆزگىرىشتىن خاۋاتىرلىنىدۇ. نەتىجىدە، كەيپىياتى تۆۋەن، ناخۇش ھايات كەچۈرىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالدا بۇ خىلدىكى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى تېپىك ئىپادىلەنگەن. كەچقۇرۇندا كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى قۇياشنىڭ پېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەسرەت بىلەن «قۇياش ئۆلتۈردى، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى» دەپتۇ. يەنە بىرى، «ياق، يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ، گۈزەل كېچە ئاسمىنى يۈز ئېچىشقا باشلىدى» دەپتۇ.

ھاياتتا ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە ئەسلا باقمايدىغان، ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ۋە قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلەردىن ھەسرەت چېكىپ ياشاشمۇ بىر خىل ئۈمىدسىزلىك. تۇرمۇشتىكى رەڭدارلىقتىن تەسىرات جۇغلاپ، ھۇزۇر ھېس قىلىپ ياشاشنىڭ ئورنىغا قاغاپ ـ قاقشاپ ياشاشمۇ بىر خىل

ئۇمىدسىزلىك. فىرانسىيەلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر رۇسسو «ئەڭ ئەھمىيەتلىك ياشىغان ئادەم ئۇزۇن ياشىغان ئادەم بولۇشى ناتايىن. ئەھمىيەتلىك ياشىغان ئادەم تۇرمۇشتىن ئەڭ تەسىرلەنگەن ئادەم بولۇشى كېرەك» دەپ ئېيتقان. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەسىراتى ئوخشاش بولمايدۇ. شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بەزىلەر ئۇمىدۋار ھالەتتە ئالغا ئىنتىلىپ تىپتىك ياشايدۇ. بەزىلەر ئۇمىدسىز ھالەتتە غۇدۇراپ ـ ۋايساپ ياشايدۇ. بۇ ئوخشاش ئىش ئۇستىدە قايسى تەرەپتىن تەپەككۇر قىلىشقا باغلىق. ئادەتتە، يولدا كېتىپ بارغاندا يامغۇر يېغىپ قالسا، كۆڭلۈكىنى ئېچىۋەتسەكلا بولىدۇ، «ئەجەبمۇ نەس كۈن بولدى، يەنە ياغدى بۇ يامغۇر» دەپ ۋايساشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق ۋايساش يامغۇرغا، بۇلۇتقا ياكى شامالغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، كەيپىياتىڭىزنى بۇزىدۇ، خالاس. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆپىنچە ئىشلار دەل مۇشۇنداق. شۇڭا، كەيپىياتنى ئۇستۇن تۇتۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشنى پۇختا قىلىش كېرەك. ھەدېسىلا ۋايساپ يۈرۈش كەيپىياتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇ خىل ھالەت تەكرارلىنىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا ئادەم ئۇمىدسىز ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھايات بەك مۇرەككەپ بولىدۇ. ھاياتتا ھەرقانداق ئادەم ئەسلا ئۇمىدسىزلەنمەيمەن، دەپ ئېيتالمايدۇ. پىسخىكىسى ھەرقانچە كۈچلۈك ئادەملەرمۇ بەزىدە ئۇمىدسىزلىك روھىي ھالىتىگە گىرىپتار بولۇشى تەبىئىي. بىردەملىك ياكى قىسقا مەزگىللىك ئۇمىدسىزلىك كەيپىيات كىرىزىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆتكۈنچى بولىدۇ. ئۇزاق مەزگىللىك ئۇمىدسىزلىك ئىشەنچ كىرىزىسى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز ئىشەنچ كىرىزىسىگە دۇچار قىلىدىغان ئۇزاق مەزگىللىك ئۇمىدسىزلىك ھالىتىدىن ئىبارەت. بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرلۈك ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، بەزىدە ئادەم قوبۇل قىلىپ بولغۇسىز دەرىجىدىكى پاجىئە

ۋە بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولمايمەن، دېيەلمەيدۇ. تاسادىپىيلىقلار بىلەن تولغان بۇ ئالەمدە ھەممىلا ئىش ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىگە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، كۆپىنچە كىشىلەردە ئورتاق كۆرۈلىدىغان ئۈمىدسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكى تۆت نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بىرىنچى، باشقىلارنىڭ باھاسى ئىچىدە ياشاش. ئىككىنچى، بەلگىلىگەن نىشانى مۇۋاپىق بولماسلىق. ئۈچىنچى، ھاياتنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇش. تۆتىنچى، كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشى يۈزە بولۇش.




**ئابلەت ئابدۇرېشىم:** سىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئامىللارنىڭ ئىچىدىكى باشقىلارنىڭ باھاسى ئىچىدە ياشاش دېگەن ئۇقۇمنى روشەنرەك چۈشەندۈرۈپ باقسىڭىز. بىر قىسىم ئادەملەر ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ باھاسى ئىچىدە ياشاشقا كۆنگەن بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى كۆڭۈلسىز باھالىرىنى ئاڭلىسا خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ. سىز ئۆز ئەركىنى باشقىلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان، ئۆزگىلەرنىڭ باھاسى ئىچىدە قايمۇقۇپ

يۈرىدىغان كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك خاھىشى نىسبەتەن ئېغىر دەپ قارامسىز؟

**يالقۇن روزى:** كىشىلىك ھاياتتا باشقىلارنىڭ سۆزىگە، بولۇپمۇ باھاسىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەملەر ئاسانلا مەغلۇبىيەتچى بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ خىل كىشىلەر دائىم دېگۈدەك ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. كۈتكىنى بىلەن ئەمەلىيەت زىت بولۇپ قالسىلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ناۋادا باشقىلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىغا دۇچار بولۇپ قالسا بىراقلا خۇدىنى يوقىتىپ بوشاپ كېتىدۇ. «كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش دېڭىزغا كۆۋرۈك سېلىشتىن مۇشكۇل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ھاياتتا قۇسۇرچى، ھەسەتخور، مەسخىرىۋاز ئادەملەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەلىپەتىش باھالىرىغا، زەھەرخەندە مەسخىرىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كەلسە ئۇششۇك تەگكەن كاۋىدەك تۈگىشىدىغان گەپ. پىسخىكىسى كۈچلۈك، مۇستەقىل خاراكتېرى بار قەيسەر ئادەملەر ئۆزى توغرىسىدا ھەسەت ۋە مەسخىرە بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ھەسەتخورلارنىڭ، مەسخىرىۋازلارنىڭ سۆزلىرى تاشقا ئوخشايدۇ. ئاجىز بولسىڭىز بۇ تاشلارغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ، بارغانسېرى ئىشەنچىڭىزنى يوقىتىسىز، كۈچلۈك بولسىڭىز بۇ تاشلارنى پەلەمپەي قىلىپ ئۈزۈكسىز ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ ھايات نىشانىغا بارغانسېرى يېقىنلىشىسىز. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، ئادەمدە پولاتتەك ئىرادە، كۈچلۈك خاراكتېر، پەيلاسوپلارچە پوزىتسىيە بولۇش كېرەك. روشەنكى، غايىسى يۈكسەك، شان ـ شۆھرىتى يۇقىرى، ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەملەر خىلمۇخىل تاپا ـ تەنىلەرگە، ھۇجۇم، ھەسەتلەرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** بىز پولاتتەك ئىرادە، كۈچلۈك خاراكتېر دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىغان. بۇنى ۋۇجۇدىدا ھازىرلىيالىغان

كىشىلەر ئاز بولسىمۇ، ئەمما بۇنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. لېكىن پەيلاسوپلارچە پوزىتسىيە دېگەن ئۇقۇمنى بىلىدىغانلار مېنىڭچە كۆپ بولمىسا كېرەك. شۇڭا مۇشۇ ئۇقۇمنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ باقسىڭىز قانداق؟

**يالقۇن روزى:** پەيلاسوپلارچە پوزىتسىيە كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ، مەلۇماتى مول، تەپەككۇرى جانلىق كىشىلەردە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يۇقىرى پىسخىكىلىق ساپا. بۇنى جانلىق بىرەر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، سوقرات توغرىسىدىكى بىر ھېكايە بۇ خىل پوزىتسىيەنى ناھايىتى ياخشى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارايمەن.

سوقرات بويتاق مەزگىلىدە بىرقانچە دوستى بىلەن ناھايىتى كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئەتىدىن كەچكىچە خۇشال يۈرىدىكەن.

بىر كىشى ئۇنىڭدىن: «شۇنچە كۆپ ئادەم كىچىككىنە ئۆيدە قىستىلىشىپ ياشاپ تۇرۇقلۇق سىز يەنە نېمىگە خۇشال بولىسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقرات: «دوستلار بىر يەرگە جەم بولسا ھەر ۋاقىت ئىدىيە ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ، سىزنىڭچە، بۇ خۇشال بولۇشقا ئەرزىگۈدەك ئىش ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سوقراتنىڭ دوستلىرى توي قىلىپ، كۆچۈپ چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە سوقرات يالغۇز قاپتۇ. لېكىن ئۇ ھەر كۈنى يەنىلا خۇشال يۈرۈۋېرىپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئۇنىڭدىن: «سىز ئۆزىڭىز بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرۇپ، يەنە نېمىگە خۇشال بولىسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقرات: «مېنىڭ نۇرغۇن كىتابىم بار، بىر كىتاب بىر ئۇستازغا باراۋەر. مەن شۇنچە كۆپ ئۇستازلار بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتسام ھەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇلاردىن تەلىم ئالالايدىغان تۇرسام نېمە ئۈچۈن خۇشال بولمايدىكەنمەن؟» دەپتۇ.

نەچچە يىللاردىن كېيىن سوقراتمۇ توي قىلىپ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپتۇ. بۇ يەتتە قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى بىنانىڭ 1 ـ قەۋىتىدە ئىكەن. ئۇستىدىكىلەر ھەمىشە تۆۋەنگە يۇندى تۆكىدىكەن، كونا ئاياغ، سېسىق پايپاق، چاشقاننىڭ ئۆلۈكى دېگەندەك مەينەت نەرسىلەرنى تاشلايدىكەن. ھېلىقى كىشى سوقراتنىڭ يەنىلا خۇشال ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىققان ھالدا ئۇنىڭدىن: «سىز مۇشۇنداق مۇھىتى ناچار ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىڭىزنى شۇنچە خۇشال ھېس قىلامسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقرات: «شۇنداق، سىز 1 ـ قەۋەتنىڭ ياخشى تەرىپىنى بىلمەيسىز، مەسىلەن، ئىشىكتىن كىرسىڭىزلا ئۆي، ھېرىپ ـ ئېچىپ ئېگىز قەۋەتكە چىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق، نەرسە ـ كېرەك يۆتكەشكىمۇ قولايلىق. كىشىنى تېخىمۇ رازى قىلىدىغىنى بىنانىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە گۈل ياكى كۆكتات تېرىغىلى بولىدۇ، بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش ـ ھە!» دەپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن سوقرات 1 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىنى يۇقىرى قەۋەتتىكى بىر دوستىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. چۈنكى بۇ دوستىنىڭ ئۆيىدە پالەچ بولۇپ قالغان بىر ياشانغان كىشى بار ئىكەن. سوقرات بىنانىڭ ئەڭ يۇقىرىقى قەۋىتىگە كۆچۈپ چىقىپ يەنىلا خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ. ھېلىقى كىشى سوقراتنى مازاق قىلغان ھالدا: «تەقسىر، 7 ـ قەۋەتتە ئولتۇرسا قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار ئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقرات: «ياخشى تەرىپى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم چۈشۈپ ـ چىقىشنىڭ ئۆزىلا ساغلاملىققا ئىنتايىن پايدىلىق. يەنە كۈن ياخشى چۈشىدۇ، ئۆي يورۇق بولغاچقا كىتاب كۆرگەندە، ماقالە يازغاندا كۆز چارچىمايدۇ ھەم يۇقىرى قەۋەتتە سىزنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمايدۇ. كېچە ـ كۈندۈز ئىنتايىن تىنچ ئۆتىسىز» دەپتۇ.

ئۇ كىشى كېيىن سوقراتنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى ئۇچرىتىپ قې-

لىپ ئۇنىڭدىن «سىزنىڭ ئۇستازىڭىز ھەمىشە شۇنداق خۇشال يۈرەمدۇ؟ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇنىڭ ھەر قېتىم تۇرغان ئۆيىنىڭ مۇھىتى ئانچە ياخشى ئەمەسقۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقراتنىڭ شاگىرتى ئۇنىڭغا: «ئادەم ئۇچۇن روھىي كەيپىيات مۇھىتتىنمۇ زۆرۈر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ سوقرات ھەققىدىكى بىر توقۇلما ھېكايە. ھېكايىدىن سوقراتنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا روھىي ھالىتىنى ئازادە ھەم خۇشال تۇتۇپ ياشايدىغان پەيلاسوپلارچە پوزىتسىيەسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مۇتەپەككۇرلار تۇرمۇشتىكى ئانچىكىم قىيىنچىلىقلارنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ، پىرىنسىپال مەسىلىلەردىلا ئاندىن قەتئىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ. چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەسىلىنى چوڭ جەھەتتىن ئويلىشىدۇ، پەقەت نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەرلا كىچىك ئىشلارنى زىغىرلاپ تۇرۇۋالىدۇ. قىسقىسى، پەيلاسوپلارچە دۇنيا قاراشقا ۋە مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە بۇنداق كىشىلەر ھاياتنىڭ مەنىسىنى باشقا نۇقتىلاردىن ئىزدەيدۇ.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** يالقۇن ئەپەندى، سىز پەيلاسوپلارچە پوزىتسىيە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەردىڭىز. ئەمدى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نىشانى مۇۋاپىق بولماسلىق دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتكەن بولسىڭىز.

**يالقۇن روزى:** ھاياتتا ئۆزىگە زىيادە يۇقىرى تەلەپ قويۇۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار ئۆز غايىسى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى بېكىتىۋالىدۇ. نەتىجىدە، ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئۆزىنى تەلىيى كاج ھېسابلاپ، بىئاراملىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئادەم ئۆزىنى توغرا مۆلچەرلىمىگەندە، يەتمەكچى بولغان نىشان ـ غايىلىرى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغاندا ئۆزىنى مەغلۇبىيەتچىدەك ھېس قىلىپ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. شۇڭا، نىشان، غايە-

نىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىمۇ ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەب، دەپ قارىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان نىشانغا ئىنتىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا رايى سۇۋۇپ، ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى كېلىپ چىقىدۇ. بىر قىسىم نىشانلار شۇ كىشىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىنتايىن ماس كەلسىمۇ، بىراق ھەرقانداق نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشى سۇبيېكتىپ ئامىللارغىلا باغلىق بولۇۋەرمىگەچكە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ قالىدۇ. چۈنكى، بىرەر نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئەقىلگە مۇۋاپىق بەزى ئارزۇ ـ نىشانلارمۇ شەرت ـ شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ياكى يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئىرادىسى ئاجىز بىر قىسىم كىشىلەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئادەم ئىدىيە جەھەتتە جانلىق، پىسخىكا جەھەتتە ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ئۈمىدنى بىرلا نۇقتىغا باغلاپ قويۇش خاتا. مۇھىت ـ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى، تۈرلۈك ئىنكاس ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئادەم ئۆزىنىڭ نىشانىنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ تۇرۇشى كېرەك. ئادەم ئۈمىد باغلىغان بىر نىشان توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا، شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان يەنە بىر نىشاننى ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدۇ. ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىر ئۈزۈكسىز جەريان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇششاق ھالقىلار بولىدۇ. ھەربىر كىچىك ئارزۇ ئەمەلگە ئاشقاندا ئاندىن يەتمەكچى بولغان چوڭ ئارزۇغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. شۇڭا نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغان ئادەمنىڭ تاكتىكىسى جانلىق بولۇشى كېرەك. ھە دېگەندىلا رايى قايتىپ، بوشىشىپ كەتسە مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا رېئاللىققا ئاكتىپ يۈزلىنىش كېرەك.



ئەقىللىق ئادەملەر تۇرمۇشتا مۇئەييەن نىشان تۇرغۇزۇپ، ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ھاياتىغا قىممەت ئاتا قىلىشنى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئويلايدۇ. ھاياتتا ئەقىللىق بولۇش كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭغا قەيسەر ئىرادە قوشۇلمىسا، نەتىجىسى ئالاھىدە بولمايدۇ. چۈنكى ئەقىللىق ئادەملەر كىچىك ئىشلارنى قىلىدۇ. قەيسەر، ئىرادىلىك ئادەملەر چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ھەم ئەقىللىق، ھەم جەسۇر ئادەم شەمشەرگە ئوخشاش ھەرقانداق چاغدا كېرەككە كېلىشىۋېرىدۇ. تۇرمۇش تۈگىمەس سىناقلارغا، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان، كۆڭۈلنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان ئېزىقتۇرۇشلارغا تولغان بولىدۇ. بۇنداق سىناق ۋە ئازدۇرۇشلار پەزىلىتىمىزنى، خاراكتېرىمىزنى ئۆلچەيدىغان تارازىدۇر. بىز قىيىنچىلىقنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ھەربىر قېتىم يەڭسەك بىر قەدەم ئىلگىرىلىيەلەيمىز، پىشىپ يېتىلىمىز. ئىرادىسى مۇستەھكەم، خاراكتېرى كۈچلۈك، ئىستىقبال ئىستەكلىرى ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەن ھەرقانداق ئادەمنى، يەنى كېلەچەككە بولغان

يۈكسەك ئىنتىلىش قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ھەرقانداق ئا-
دەمنى كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈرلۈك ئېزىتقۇ ھەۋەسلىرى ۋە ئۆت-
كۈنچى مەنپەئەتلىرى ئاسانلىقچە قايمۇقتۇرالمايدۇ. قەتئىي ئىرا-
دىلىك كىشىلەرلا بوشاشماي ئالغا بېسىش جەريانىدا ھاياتتىكى
كۈچلۈكلەردىن بولالايدۇ. ئادەم ئۆزىنى چەكلەشنى بىلگەندىلا،
ئاندىن كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇ-
دۇرالايدۇ. نىشان قىلغان غايە - مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** يالقۇن ئەپەندى، سىز يۇقىرىدا تىلغا
ئالغان ھاياتنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇش سەۋەبىدىنمۇ ئۈمىدسىز-
لىك، چۈشكۈنلۈك روھىي ھالىتى كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن قاراش-
نى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟

**يالقۇن روزى:** بۇ يەردىكى ھاياتنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇش
ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنىڭ ماددىي شەرت - شارائىتىنى كۆرسەتمەي-
دۇ، بەلكى ئادەمنىڭ مەنىۋى سۈپىتىنى، يەنى روھىي دۇنياسىدى-
كى غۇربەتچىلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ
ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. روھىي دۇنياسى غۇربەت
ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىمۇ ناھايىتى تۆۋەن
بولىدۇ. ئۇلار روھىي دۇنياسىدىكى نامراتلىقنى ئۆزىنىڭ تاشقى
دۇنياسىنى بېزەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق يېپىشتەك ناتوغرا ئۇ-
سۇلغا بېرىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ھەشەمەتچىلىك قىلىپ توي -
تۆكۈنلەرنى زىيادە چوڭ ئۆتكۈزۈش، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر
بىلەن قاتار چاي ئۆتكۈزۈش، ئىستېمال جەھەتتە بەسخورلۇق قى-
لىپ، ئىستېمال تەلۋىسىگە ئايلىنىش، ئەتىدىن كەچكىچە ئويۇن -
تاماشىغا بېرىلىپ، كىيىم - كېچەك، سايا تۇرمۇش كەچۈرۈش، شۇ ئارقى-
لىق ئۆزىنى باي - باياشات، خاتىرجەم، توقۇزى تەل ھالەتتە يا-
شاۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش قاتارلىقلار روھىي غۇربەتچى-
لىكنىڭ باشقىچە شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق
روھىي غۇربەتچىلىك كۆپ سانلىقلاردا كۆرۈلسە ئۇلار جەمئىيەت-

نىڭ ئاساسى كۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى بەزىدە ساننىڭ كۆپلۈكىمۇ مۇھىم ئېقىم پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئېقىم مەن ـ مەن دېگەن ئادەملەرنى ئۆز قايىنىمى ئىچىگە سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كېتەلەيدۇ. كۆپ سانلىقلار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھايات قارىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى ئەسلا ياقتۇرمايدىغان ئاز سانلىقلار ئامالسىزلىقتىن ئاشۇ روھىي دۇنياسى نامرات كۆپ سانلىقلارنىڭ بولمىغۇر قاراشلىرى، يوقىلاڭ ئادەتلىرى ۋە ئەرزىمەس پەتىۋالىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چۈشۈپ تېپىرلاپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، يېقىن تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى بىلەنلا ئۆتكۈزسە كۇپايە بولىدىغان توي ـ تۆكۈنلىرىمىز پېشى تېگىپلا كەتكەن ئادەملەرنى بىلسۇن ـ بىلمىسۇن ئالا قويماي چاقىرىدىغان ھازىرقى قىم ـ قىم ئادەم توپلاپ ئابرۇي ئىزدەيدىغان چاكىنا مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق توي ـ تۆكۈنلەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىغا زىيادە بېسىم ئېلىپ كەلگەننىڭ ئۈستىگە ئەڭ يامىنى تالاي كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىپ بارىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە توي ـ تۆكۈنلەرنىڭ داغدۇغىسىدىن ئابرۇي ئىزدەيدىغان كۆپ سانلىقلارمۇ ھەم بۇنداق مەرىكىلەرگە بىزارلىق بىلەن قارايدىغان ئاز سانلىقلارمۇ بار. ئاز سانلىقلار خالىمىسىمۇ بۇ خىل ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ دەردىنى تارتىشقا مەجبۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ۋاقىت قارىشى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، ۋاقىتنى قەدىرلەش ئېڭى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، ۋاقىتنى بۇ دەرىجىدە ئىسراپ قىلىدىغان ئادەت ئادەمنى ھەقىقەتەن بىزار قىلىدۇ. پىخسىق بولۇشقا توغرا كەلسە، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدە ئۈچىغا چىققان پىخسىقلاردىن بولۇش كېرەك. چۈنكى ۋاقىتنى زايە قىلىش ھاياتنى زايە قىلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق چاكىنا مۇراسىملارغا تولغان ھايات بىغەم، بىپەرۋا ھاياتتۇر. ھاياتنى سۆيمىگەن ئادەم ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىكار ئۆتكەن ھاياتىغا، زايە كېتىۋاتقان ۋاقتىغا ئېچىنىشنى بىل-
مەيدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەش ئېڭى يوق ئادەملەر تىنىم تاپماي ماجاڭ
ئوينايدۇ، قارتا ئوينايدۇ، بىلىيارت ئوينايدۇ، كۆنلەپ - كۆنلەپ
قۇرۇق پاراڭ سالىدۇ. گېرمانىيەنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى شوپېنخا-
ۋېر: «قارتا ئويناش ئەقىلدىكى ئاجىزلىقنىڭ روشەن ئالامىتى. ئا-
دەملەر پىكىر ئالماشتۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە قارتا ئوينىشىدۇ»
دېگەن. بوتۇلكىنى تىكلىۋېلىپ كېچە - كېچىلەپ رومكا قېقىشى-
دىغان، كاركىراپ كۇلۇشۇپ تايىنى يوق لەتىپە - يۇمۇرلارنى
ئېيتىشىدىغان، كونا دۇتارنى جالدىرلىتىپ، ئالتاغىل تووۋلاپ،
ھېلى باغدا، ھېلى تاغدا، ھېلى قاۋاقتا، ھېلى ياتاقتا تەكرار -
تەكرار سورۇن تۈزۈپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىمىز، دەپ ئەخ-
مەقلەرچە خۇش بولۇپ، ئۆزىنى گوللاپ ياشايدىغان بۇنداق تۇرمۇش
شەكلى تىپىك چۈشكۈن تۇرمۇش شەكلىدۇر. روھىي چۈشكۈن-
لۈككە بېرىلىش — ھەقىقىي بەختسىزلىكتۇر. رېستوران - رېس-
تورانلاردا خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئويناپ، سەكرەپ، قايناپ - قى-
زىپ ياشاۋاتقان بۇ بايقۇشلارنىڭ قارىماققا روھىي ھالىتى جۇش-
قۇندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇرمۇشىدىكى مەنى-
سىزلىكنى سەزگۈلىرىنى غىدىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭىشكە
ئۇرۇنۇۋاتقان بىچارە ئىنسانلاردۇر. بۇ خىل بىخەملىك روھىي
چۈشكۈنلۈكتۇر. بۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈككەن كىشىلەر مەنىسىنىڭ
بار - يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي، كۆلەيلى دوستلار، دەپ
كالۋالارچە كۈلۈپ يايرايدۇ. ئوينايلى دوستلار، دەپ خۇدىنى يوقات-
قان، مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىخەملەرچە ئوينايدۇ، ياشاي-
لى دوستلار، دەپ نىشانسىز، مەقسەتسىز ھالدا نادانلارچە ياشايدۇ.
كۆپ سانلىقلارغا ئورتاق بولغان بۇنداق تۇرمۇش كېسەل روھىي
ھالەتنىڭ، ئىجتىمائىي پسىخىكىدىكى ساغلامسىزلىقنىڭ ئىپادى-
سى. بۇنداق نورمالسىزلىقتىن كېسەل جەمئىيەت شەكىللىنىدۇ.
نىكاھ كىرىزىسىگە پاتقان مەجرۇھ ئائىلىلەر، ئىللىقلىقى يوقاپ،

پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان بەختسىز ئائىلىلەر، مەسئۇلىيەتسىز دادىلار، دىيانەتسىز ئانىلار، پۇل، ھوقۇق كويىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان تالاي كىشىلەر، كۆڭۈلدىكىدەك تەلىم ـ تەربىيە مۇ- ھىتىغا ئېرىشەلمەي، چولپانلارنى چوڭ بىلىش بىلەن قەلبىنى ئاۋۇندۇرۇپ چوڭ بولۇۋاتقان بىچارە بالىلار دەل مۇشۇنداق كېسەل جەمئىيەتنىڭ روھىي دۇنياسى يىمىرىلگەن قورقۇنچلۇق قوشۇن- لىرىدۇر. مەشھۇر پەيلاسوپ كانت: «ئىدراكتىن، ئەخلاقتىن چەت- لىگەن ھالدا، تامامەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە دۇم چۈشكەنلەرنىڭ ھا- ياتى بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇكسىز ھالدا ئالغا تەلپۈنۈپ ياشاشنى ئىستىمەيدىغان ئادەمنىڭ ھاياتى قىممىتى يوق، ئەرزىمەس ھاياتتۇر. ياشاشتىن مەقسەت ئۇزاق ياشاش ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەت- لىك ياشاش بولۇشى كېرەك. ئۇزاق ياشىغان بىلەن ھاياتنىڭ مە- نىسىنى ھېس قىلىپ ياشاشنى بىلمىسە ياشىمىغانغا باراۋەر! قىممەت ياراتماي ياشىغاندىن ئۆلگەن ئەلا!

كىشىلەردىكى بۇ خىل روھىي غۇربەتچىلىك ئۇلارنىڭ پىسخى- كىسىدىكى ئاجىزلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى ئۆزى! ئادەم پەقەت ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كېلەلىسىلا، ئۆزىنى بويسۇندۇرالايدۇ ھەم دۇنيانى بويسۇندۇرالايدۇ. ھەربىر ئا- دەم ھاياتتا باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھ بولالماس- لىقى مۇمكىن، لېكىن ھەربىر ئادەم ئۆزىگە پادىشاھ بولالايدۇ.

ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاشقان ئەرزان باھالىق ئەرزىمەس ياردەم- لەردىن ئۈمىد كۈتمەي، تەۋرەنمەس ئىشەنچىمىزگە تايىنىپ، ئۈ- مىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەك بىز ھاياتتىكى تەشەببۇسكار ئا- دەمگە ئايلىنالايمىز. ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ھاياتتا بىر ئىشىك ئېتىلسە، جەزمەن يەنە بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ! ئادەم تۇرمۇشقا يۈزلەنگەندە چوقۇم جەسۇر بولۇشى، ھە دېسىلا زارلاۋەرمەسلىكى لازىم. ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىش-

لىيالىغان ئادەم ھاياتنىڭ سىرلىق قوۋۇقلىرىنى ئاچالايدۇ، ئاچالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزىگە يۇز كېلەلىگەن ھالدا ياشىغان ئەزىمەت سۈپىتىدە كۆز يۇمىدۇ. بۇنداق ئادەم ھەقىقىي ئەركىن ئادەمدۇر. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان ئادەم قۇل ئادەمدۇر. چۈنكى بۇنداق ئادەملەر ئۆزىگە غوجايىن بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئادەملەردۇر. مۇتەپەككۇرلار «ھاياتنىڭ غوجايىنى بول» دەپ كۆپ ئاگاھلاندۇرغاندا مۇشۇنداق ھاياتنى نەزەردە تۇتقان.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى، ھاياتنى ۋە جەمئىيەتنى كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشى يۇزە بولۇشنىڭ ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

**يالقۇن روزى:** ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى، ھاياتنى ۋە جەمئىيەتنى كۆزىتىش ھەم چۈشىنىشنىڭ يۇزە بولۇشى تەپەككۇر كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەپەككۇر قۇۋۋىتى نورمال كىشىلەر ھاياتتىكى «گۆھەر» لەرنى بايقاپ يېتەلەيدۇ. تەپەككۇر قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەر بولسا كىشىلىك ھاياتتىكى «گۆھەر» لەرنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

بىر بىتەلەي يىگىت بار ئىكەن، نېمە ئىش قىلسا ئوڭ كەلمەيدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەتۈر پېشانىلىكىدىن زارلىنىپ يۈرىدىكەن. شۇنداقتىمۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ئىستىقبالى ئۈچۈن يول ئىزدەيدىكەن. بىركۈنى كەچتە ئۇ خىيال بىلەن نىشانسىز ھالدا بىر چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز پۇتىغا بىرنېمە پۇتلاشقانلىقىنى سېزىپتۇ. غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئېگىلىپ قارىسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تومپىيىپ تۇرغان بىر خالتا تۇرغۇدەك. ئۇ خالتىنى سىلاپ بېقىپ، ئىچىگە لىق تاش قاچىلانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ھېچنېمىنى ئويلىماستىن خالتىنى قولىغا ئېلىپ، بىر تەرەپتىن نىشانسىز ئالغا ماڭسا، يەنە بىر تەرەپتىن زېرىككىنىدىن خالتىدىكى تاشلارنى بىردىن ـ بىردىن ئې-

لىپ دەرياغا تاشلاپتۇ.

تاشلار گاھى ئېگىز، گاھى پاكار يايسىمان ئىزنالارنى قالدۇرۇپ دەرياغا چۈشۈپ، زىل ئاۋاز چىقىرىپ، دەريادىكى ئاي شولىلىرىنى چايقىغاندا يىگىتنىڭ قەلبى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈلمىگەن شادلىققا تولۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇددى بالىلىق ۋاقىتلىرىغا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا قايتقاندەك ھېس قىپتۇ. تەلەيسىزلىكنىمۇ ۋاقىتىنچە ئۇنتۇپتۇ.

ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىغاندا، يىگىتنىڭ قولىدا ئاخىرقى بىر دانە تاش قاپتۇ. ئۇ ئۇنى دەرياغا تاشلىماقچى بولغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەسلىي ناھايىتى ئېسىل گۆھەر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئۆكۈنۈپتۇ، بايقىماي لىق بىر خالتا گۆھەرنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

بۇ ھېكايىدىكى يىگىت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان «گۆھەرلەر» نى تاشلىۋەتكەنىدى.

رېئال تۇرمۇشتىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى «گۆھەر» لىرىنى بىكاردىن ـ بىكار تاشلىۋېتىدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس! ئۇلار نادانلىق، بىكارچىلىق، ھۇرۇنلۇق، ئالدىراشلىق، قاتماللىق، بىپەرۋالىق ئىچىدە ئۈمىد، كۈرەش، قىزغىنلىق، بەخت، پۇرسەت، ئائىلە، شان ـ شەرەپ قاتارلىق قىممەتلىك ھايات گۆھەرلىرىنى يەڭگىللىك بىلەن تاشلىۋېتىدۇ ياكى ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدۇ. «تاڭ يورۇغان» دا بولسا ۋاقىتنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تەن ئېلىپ لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ. ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەر ياشلىق باھارى توزۇغاندا، بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقىتلارنى قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمىغاندا، ئاندىن ئۆزىدە ئىلگىرى بار بولغان ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. ھەسرىتىنى چېكىدۇ، ئۇلارنى ۋاقىتنىڭ جىددىي ئېقىنلىرىغا مەڭگۈلۈك تاشلىۋەتكەنلىكىدىن ئۆكۈنىدۇ.

ئاڭسىز رەۋىشتە تاشلىۋېتىش بىلەن ئاڭلىق رەۋىشتە تاشلى-

ۋېتىشىنىڭ پەرقى بار، ئەلۋەتتە. يۇقىرىقى چۆچەكتىكى يىگىتنىڭ ھەرىكىتى ئاڭسىز رەۋىشتە ئۆزىنىڭ «گۆھەرلىرى» نى تاشلىۋەت-كەنلىك بولۇپ، ئاڭسىز سەۋەنلىككە كىرىدۇ. بىراق، بەزى كىشى-لەر ئالىقىنىدىكىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك «گۆھەر»لەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ قىلچە قەدىرلىمەيدۇ. خالى-غانچە تاشلايدۇ، سۇندۇرىدۇ، ئىسراپ قىلىدۇ، ھەتتا دەپسەندە قى-لىدۇ. ئاخىر بېرىپ پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** يالقۇن ئەپەندى، سىز تەپەككۇر قۇۋۋى-تى نورمال كىشىلەر ھاياتتىكى قىممەتلىك «گۆھەر» لەرنى بايقاپ يېتەلەيدۇ، دېدىڭىز. بۇ سۆزىڭىزنى بىلىملىك ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى ئاكتىپ، ئۈمىدۋار؛ بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ روھىي ھالى-تى پاسسىپ، ئۈمىدسىز بولىدۇ، دەپ چۈشەنسەك بولامدۇ؟

**يالقۇن روزى:** ئۈمىد بىر خىل پسىخىكىلىق ھالەت. شۇڭا، بىلىم بىلەن ئۈمىدۋارلىقنى، بىلىمسىزلىك بىلەن ئۈمىدسىز-لىكنى باراۋەرلەشتۈرۈپ قويۇش خاتا. ئەمما، بىلىملىك، مەلۇماتى مول، تەپەككۇر قۇۋۋىتى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھا-ياتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالايدۇ. ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئېھتىماللىق-نى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۈ-مىدۋارلىق خاراكتېرگە باغلىق. بىلىمى يوق دېيەرلىك، لېكىن خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەملەر ئوخشاشلا ناھايىتى ئۈمىدۋار، ئى-شەنچىسى كۈچلۈك كېلىدۇ. مۇستەقىل خاراكتېرى كۈچلۈك بۇنداق ئادەملەر گاھىدا بىلىمى مول، ئەمما خاراكتېرى ئاجىز، ئەزمە كىشىلەرگە جاسارەت بېغىشلايدۇ، ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. ئە-قىللىق بولۇش ئۈمىدۋار بولۇشقا تەڭ، دەپ چۈشىنىشمۇ ئوخ-شاشلا نامۇۋاپىق قاراشتۇر. بىلىش كېرەككى، ئەقىللىق ئادەملەر-نىڭ قولىدىن كىچىك ئىشلار كېلىدۇ، ناۋادا ئەقىلگە جاسارەت قوشۇلۇپ كەلسە، ئۇ ھالدا بۇنداق كىشىنىڭ قولىدا چوڭ ئىشلار

ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا، ئۈمىد، ئىشەنچ چىرىغى كۆپ ھاللاردا جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ ۋۇ-جۇدىدا نۇر چاچىدۇ. بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر ھېسسىياتقا بېرىلىپ ياكى ئېقىمغا ئەگىشىپ ئىش قىلمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. ئۇلاردا تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرده بولىدى-غان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كۈچى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇلارمۇ زور ئەۋزەللىككە ئىگە. دېمەكچى بولغىنىم، ئۈمىدۋارلىقنىڭ خاراك-تېرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش. بۇنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك:

خاراكتېرى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان قوشكېزەك بار ئىكەن. ئاكىسى بېشىنى ساڭگىلىتىپلا يۈرىدىغان مىشچان بالا بولسا، ئىنىسى تۇغۇلۇشىدىنلا ئۈمىدۋار، تېتىك بالا ئىكەن. ئۇلارنىڭ سەككىز ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنى ھارپىسىدا، ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن ئالاھىدە ئويلىنىپ ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم سوۋغات تەي-يارلاپتۇ. چوڭىغا يېڭى تىپتىكى يېپيېڭى ۋېلسىپىت ئاپتۇ، كىچىكىگە ئات تېزىكى سېلىنغان قوتا تەييارلاپتۇ.

سوۋغات بېرىلگەندىن كېيىن چوڭلار ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن دىققەت بىلەن قارىشىپ تۇرۇشۇپتۇ.

ئاۋۋال ئاكىسى چوڭ قاپنى ئېچىپتۇ، ئېچىپتۇ - يۇ، پاڭگىدە يىغلىۋېتىپتۇ ھەم:

— سىلەر مېنىڭ ۋېلسىپىت مىنەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىسى-لەرغۇ! تېخى سىرتتا قار يېغىۋاتسا! — دەپتۇ.

ئاتا - ئانىسى پايىپېتەك بولۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، ئىنىسى قوتىنى ئېچىپتۇ. ئۆي ئىچى ئات تې-زىكىنىڭ پۇرىقى بىلەن توشۇپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئىنىسى خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا قوتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ ئاتنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭلار؟ — دەپتۇ.

بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خاراكتېرى ئاجىز، ئۈمىدسىز بالا ياخشى سوۋغاتتىن خۇشاللىق ھېس قىلىشنىڭ ئورنىغا، يىغلاپ ئۆزىنى خاپا قىلغان. خاراكتېرى كۈچلۈك، ئۈمىدۋار بالا تېزەكنى كۆرۈپ ئاتنى تەسەۋۋۇر قىلغان. چۈنكى، ئۇ، ئۈمىدۋار روھىي ھالەتكە ئىگە. شۇڭا، ئاكتىپ ئويلايدۇ، ئاكتىپ پىكىر قىلىدۇ. روھىي ھالىتى ئۈمىدسىز بالا بولسا، پاسسىپ ئويلايدۇ، پاسسىپ پىكىر قىلىدۇ. ئۈمىدۋارلىق كىشىلىك ھاياتتىكى قىممەتلىك روھىي بايلىق دېيىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب مۇشۇ يەردە.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** سىز «ئۈمىدۋارلىق كىشىلىك ھاياتتىكى قىممەتلىك روھىي بايلىق» دېگەن سۆزنى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئالدىڭىز. ئۈمىدۋارلىق ھەقىقەتەن قىممەتلىك روھىي بايلىق، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى. بۇ نۇقتا يۇقىرىقى سۆزلىرىڭىزدە خېلى روشەن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئەمدى ئۈمىدۋارلىقنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچ ئىكەنلىكىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ باققان بولسىڭىز.

**يالقۇن روزى:** ئۈمىدنى قانچە تەرىپلىسە ئەرزىيدۇ. لېكىن، تەرىپلەپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش يېتەرلىك بولمىسا، كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى بۇ مەسىلىگە ئاغدۇرغىلى، ئۇلارنىڭ ھايات قارىشىغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. سىزنىڭ ئۈمىدۋارلىقنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچ ئىكەنلىكىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېقىش توغرىسىدىكى تەكلىپىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى. بۇنى جانلىق ئىزاھلاپ بېرەلەيدىغان مىساللار ئىچىدە تۆۋەندىكى مىسال ناھايىتى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايمەن.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە گىتلېر گېر-

مانىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، بېرلىن شەھىرىنى ئىگىلىگەن ھەم گېرمانىيەنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ ئالىي قوماندانى بولغان ئامېرىكىلىق گېنېرال ئىزىنخاۋېر ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن شەھەر بېرلىنغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بېرلىنغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن غالىبلاردا بولىدىغان مەغرۇر ھېسسىيات بىلەن بېرلىن شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقماقچى بولغان. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھېسسىياتتىكى نەچچە ئون گېنېرال ۋە ئادەمىرالنى ئەگەشتۈرۈپ بېرلىن كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، ياۋروپادىكى بۇ مەشھۇر شەھەرنىڭ خارابە قىياپىتىنى تاماشا قىلغان. بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك، بىر ـ بىرىدىن سۈرلۈك بۇ گېنېرال ۋە ئادەمىراللارنىڭ ئالدىدا مەغرۇر قىياپەتتە كېتىۋاتقان ئىزىنخاۋېرنىڭ نەزىرى توساتتىن بومباردىماندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر بىنانىڭ خارابىسىدىكى كىچىككىنە تارچۇقنى ماكان قىلىۋالغان يالغۇز مومايغا چۈشكەن. قارىسا يېشى 80 لەردە بار، چاچلىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ، دۈمچىيىپ كەتكەن بىر بىچارە موماي ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، نېرىدىكى تۆكىدىن كۈرۈشكىدا سۇ ئېلىپ، ئۆزى ئۇچۇن پاناھجاي قىلىۋالغان تارچۇقنىڭ ئالدىدىكى يوپۇرماقلىرى ياشناپ، گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان كىچىك بىر گۈل تەشتىكىگە ئاۋايلاپ، مېھىر بىلەن سۇ قۇيۇپ، سۇغىرىۋاتقانىكەن.

گېنېرال ئىزىنخاۋېر تۆت كۈنلۈكى قالغان بۇ ئىگە ـ چاقىسىز غېرىب مومايىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ، جىممىدە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى مومايىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا قاراپ «بىز بۇ مىللەتنى ئېخى مەغلۇپ قىلالماپتۇق» دەپتۇ.

ئىزىنخاۋېرنى بۇ خىل ئوي ـ پىكىرگە كەلتۈرگەن كۈچ قانداقتۇر گېرمانىيەنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىرەر قۇدرەتلىك ئار-

مېيەسى ياكى مەخپىي قورال زاۋۇتى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تەۋە ئۆيى، قارايدىغان بالىچاقىسى، يېگۈدەك ئاش ـ تاماقىمۇ يوق، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ماك ـ ماك موماي ئىدى! ئىزىنخاۋىردىكى غالىبلارغا خاس مەغرۇر ھېسسىياتنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە دەل مومايدىكى ئۈمىدۋارلىقتىن ئىبارەت. ئادەتتىكى ئەھۋال بويىچە ئېيتقاندا، ئىگە ـ چاقىسىز، باش ـ پاناھسىز ئۇ موماي ئەسكى ـ تۈسكىلەرنىڭ ئىچىدە، تىلەمچىگە ئوخشاش سىياقتا ياكى ئۆلۈمىنى كۈتۈپ، ياكى بىرەرسىنىڭ ياردىمىنى كۈتۈپ يېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ موماي ئاشۇنداق ناچار شارائىتتا تۇرۇۋاتقان ھەم ئەڭ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، مۇھىتنى گۈزەل قىلىشقا تىرىشىپ بىر تەشتەك گۈلنى پۈتۈن مېھرى بىلەن بوۋاقنى ئېمىتىۋاتقان ياش چوكاندەك سۇغىرىپ ياشناتقان. مەشھۇر ئەدەبىيات ئوبزورچىسى بېلىنسكىي «تىرىشچانلىق ھاياتنىڭ شەرتىدۇر، تىرىشچانلىق توگىسە ھاياتمۇ توگىگەن بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. مومايىنى مۇھىتىنى گۈزەل قىلىشقا ئۈندىگەن كۈچ دەل ئۈمىدتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، گۈلنى سۆيگەنلىك گۈزەللىكنى سۆيگەنلىك، گۈزەللىكنى سۆيگەنلىك ھاياتنى سۆيگەنلىك. ھاياتنى قىزغىن سۆيگەن ئادەمدە ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بولىدۇ. ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان ئادەم تىرىشچان، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئادەمدۇر.

گېرمانلارنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئارىدىن 30 يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي خەلقئارادىكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان، ئىقتىسادىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغانلىقى ئۇلاردا ئەنە ئاشۇنداق، ئەڭ قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۈمىدىنى يوقاتماي، ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرماي ياشاشقا ئادەتلەنگەن ئانىلارنىڭ كۆپلەپ بولغانلىقىدا. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئانىلار باشقا مىللەتلەردىمۇ يوق ئەمەس. لېكىن، ئاز ـ كۆپلۈكىدە پەرق بار.

مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرى ئىدى. ئۇ يىللاردا سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش تاشلىنىپ قالغان. شۇڭا يېزا ئىگىلىكى بەكمۇ قالاق ئىدى. دېھقانلار شۇنچە ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويماي، ئۇچىسى ئىلىلىماي ئۆتەتتى. بىزنىڭ مەھەللە يەتتە ئائىلىلىك بىر كىچىك مەھەللە بولۇپ، مەھەللىمىزدە 50 ياشلاردىن ئاشقان، ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر بىر ئايال بولىدىغان. بۇ ئايال ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا كومۇنانىڭ ئېغىر ئەمگىكىدىن قالماي ئىشلەيتتى. ئۇستىبېشى شۇنچە نامرات، تۇرمۇشى شۇنچە قىيىن بولسىمۇ، روھىي ھالىتى كۆتۈرەڭگۈ يۇرەتتى. مەن بۇ ئايالنى قىشتىن باشقا پەسىللەرنىڭ ھەممىسىدە چېكىسىگە قىزىلگۈل، پىچانگۈل ياكى مامكاپ دېگەندەك گۈللەرنى قىستۇرۇۋالغان ھالەتتە كۆرەتتىم. كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كۆرگەن - بىلگىنىم ئاۋۇغاندا ھېس قىلدىمكى، ئاشۇ ئايالمۇ گويا ھېلىقى بېرلىنلىق مومايغا ئوخشاش قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان ئۈمىدۋار روھقا ئىگە ئانا ئىكەن. بۇ ئايالنىڭ چېكىسىگە گۈل قىسىپ يۇرۇشى ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، يەنى «سەن گۈل قىسقۇدەك ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدىكەن. ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر سۆز - ھەرىكىتى ئۇنىڭ مۇئەييەن پىسخىكىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ چېكىسىگە دائىم بىرەر گۈلنى قىستۇرۇپ ياشىشى ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى. ئەينى چاغدا ھەرقانداق بىر فوتوگراف ئۇ نامرات ھەم جاپاكەش ئايالنىڭ ئېتىز بېشىدىكى چېكىسىگە گۈل قىسقان تۇرقىنى كۆرگەن بولسا ھاياجانغا چۆممەي قالمايتتى. ناۋادا ئۇ ئايال مېھنەتكەشلەرنىڭ ئوبرازىنى سىزىشقا ئامراق غازى ئەھمەدتەك داڭلىق رەسساملارغا ئۇچراپ قالسا، ئۇلارنىڭ تۇيغۇن كۆزىگە بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئانىسى سىياقىدا كۆرۈنمەي قالمايتتى. فوتوگرافلارنى .

ھاياجانغا سالىدىغان، رەسساملارنىڭ ئىلھامىنى قوزغايدىغان بۇ كۆچ ھەرگىزمۇ ئۇ ئايالنىڭ تاشقى قىياپىتىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئاددىي قىياپەتنىڭ ئارقىسىدىكى ئالاھىدە روھىي ھالەت!

شۇڭا دەيمىزكى، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق ئادەمنى ھەم كۈچلۈك كۆرسىتىدىغان، ھەم كۈچلۈك قىلىدىغان ئاجايىپ خاسىيەتلىك مەنىۋى قورال.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئادەمگە كۈچ ئاتا قىلىدىغان تەڭداشسىز روھىي ئېنېرگىيە ئىكەنلىكىنى بەك جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەردىڭىز. سۆھبىتىمىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلارنى چۆرىدەپ قانات يېيىۋاتىدۇ.

ھەرقانداق دەۋردە ئۈمىدۋارلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك مەسىلىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەن. تەتقىقاتچىلار ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى دەۋردە ئۈمىدۋارلىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ بەكرەك موھتاج بولۇۋاتىدۇ، دەپ تەكىتلەشمەكتە. سىزنىڭچە، بۇنداق تەكىتلەشنىڭ تەخىرسىزلىكى نەدە؟

**يالقۇن روزى:** بۇنداق قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى ھەم بۇنداق تەكىتلەشنىڭ تەخىرسىزلىكى بار. تەتقىقاتچىلار بۈگۈنكى ئىنسانلارنى يۇقۇملۇق كېسەللىك دەۋرى ۋە جىسمانىي كېسەللىك دەۋرىدىن ھالقىپ مەنىۋى كېسەللىك دەۋرىگە قەدەم قويدى، دەپ كۆرسىتىشتى. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەت يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە جىسمانىي كېسەللىك بىلەن خوشلاشتى، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەنىۋى كېسەللىك تېخىمۇ كۆچەيدى ھەم تېخىمۇ ۋەھىملىك ھالەتكە ئۆتتى، دېگەنلىك. روشەنكى، ئۈمىدسىزلىك بىر خىل مەنىۋى كېسەللىك. ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن نابۇت بولۇۋاتقان كىشىلەر، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان سەۋەب بويىچە ئېيتقاندا، ئۈمىد-سىزلىك پۈت - قولىنىڭ ماغدۇرى كەتكەن، ئەقىل - ئىدراكى زەئىپلەشكەن، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى قالمىغان ياشانغان كىشى-لەردە كۆرۈلسە چۈشىنىشكە بولاتتى. يامان يېرى هازىر ئۈمىد-سىزلىك بارغانسېرى ياشلىشىۋاتىدۇ.

شۇڭا، بىز ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى كېسەللىك دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى هەم ئۈمىدسىزلىكنىڭ بارغانسېرى ياشلىشىۋاتقانلى-قىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈمىدۋارلىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش تە-خىرسىز مەسىلە بولۇپ قالدى، دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيمىز.

**ئابلەت ئابدۇرېھىم:** هۆرمەتلىك كۆرۈرمەنلەر، ئۈمىد تـوغ-رىسىدىكى بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز ناهايىتى ئەهمىيەتلىك بولدى، دەپ قارايمەن. ئۈمىدۋارلىق بىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن، ئىشەنچ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك قورالىمىز بولسۇن، ئەجدادلىرىمىز «ئىشەنچ ئالەمنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ ناهايىتى توغرا ئېيتقان. بىز هاياتقا مەڭگۈ ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنەيلى، هايات مۇساپىمىزنى ئۈمىد بى-لەن نۇرلاندۇرايلى.

مەن بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنى 2010 - يىلى 88 يېشىدا غۇل-جىدا ۋاپات بولغان، بىر ئۆمۈر ئۈمىد چىرىغىنى ئۈچۈرمەي ياشى-غان پېشقەدەم ئىنقىلابچى، جامائەت ئەربابى مۇھەممەتئىمىن ئىۆ-مەروفنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

باهارنىڭ ئاق گۈلى كۈمۈش چاچلىرىم،
كەتمىدى، بار تېخى مېنىڭ ياشلىقىم.
دەۋرىمگە جور قىلىپ سۇرگەن ئۈمىدىم،
شۇ مېنىڭ نىگارىم، قەلەم قاشلىقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كۆيۈۋاتقان يۈرەك

—— پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋە جامائەت ئەربابى
مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف ھەققىدە

**ئىلاۋە:** مەن مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف ئەپەندى بىلەن 1995 ـ يىلى يازدا ئۈرۈمچىدە تونۇشقان. ئۆمەروف ئەپەندى شۇ چاغدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا 1945 ـ يىلى شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان 711 مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر ـ جەڭچىسىگە خاتىرە مۇنارى تىكلەشكە ئىجازەت ئېلىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپ جاۋابىنى ساقلاپ ياتقانىكەن. يېنىدا ناخشىچى ئىززەتنىڭ دادىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيونېرى ئىلياس ئەپەندى بار ئىدى. بىز دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر خۇيزۇ ھويلىسىغا ئېچىۋالغان بىر قەۋەتلىك كونا مېھمانخانىدا ئۇچرىشىپ، ئىككى سائەت پاراڭلىشىپلا سىرداشلاردىن بولۇشۇپ كەتكەندۇق. ئۆمەروف ئەپەندى تۇنجى ئۇچرىشىشتىلا مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۆمەروف ئەپەندى ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان، زېھنى ئوچۇق، خاراكتېرى ئۇمىدۋار، سۆز ـ جۈملىلىرىدىن ناتىقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى ئەمەس ئۆزگىلەرنىلا ئويلايدىغان بوۋاي ئىكەن. ئۆمەروف ئاكا ئىلتىماسىغا جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن شارائىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان ھېلىقى مېھمانخانىدا بىرەر ئايچە ياتتى. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم پاراڭلاشتۇق، ھەر قېتىمدا ئىلياس ئەپەندى بىللە ئىدى. ئۆمەروف ئەپەندى مەندەك توختىماي ئۇنى ـ بۇنى



ئاپتورنىڭ ئۆمەروف ئەپەندى ۋە ئىلياس ئەپەندى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى

سورايدىغان ياش ئاغىنىسىگە ئامراق بولۇپ قالدى بولغاي، 1940 ـ ۋە 1950 ـ يىللاردىكى ئىشلار ۋە ئادەملەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. بىر قېتىم ئۆزىنىڭ 23 يېشىدا غېنى باتۇرنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزام دېگەننى بىلمەيدىغان، تەرتىپ ـ ئىنتىزام توغرىسىدا سۆزلىگەن ئادەمنى تىللايدىغان، ئاغزى بىزەپ، هاراققا ئامراق، خوتۇن ـ قىزلارنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان، ئەمما جەڭ دېسە جېنى نەرسىنى ئۇنتۇيدىغان پارتىزانلىرىغا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەشكە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەندە، غېنى باتۇرنى قانداق قىلىپ تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىشكە قايىل قىلىپ، باشقىلارنى هەيران قالدۇرغانلىقىنى جانلىق، قىزىقارلىق، تەسىرلىك سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۆمەروف ئەپەندى هەر ئۇچراشقاندا مىللىي ئىنقىلابقا مۇناسىۋەتلىك هېكايىلەرنى سۆزلىمەي قويمايتتى. مەن بۇ كونا ئىنقىلابچىنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنىڭ ئۆچمىگەنلىكىگە

www.uyghurkitap.com

ھەيران ئىدىم. شۇ چاغدا مەن «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» دە ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، «كۆيۈۋاتقان يۈرەك» دېگەن ماۋزۇدا ئۆمەروف ئەپەندىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى قىسقىچە يېزىپ ئېلان قىلىشنى ئويلىدىم. نەتىجىدە، ماقالە يېزىلىپ مەزكۇر گېزىتنىڭ 1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىندى. كېيىنكى كۈنلەردە مەن غۇلجىغا ئۆتسەم، ئۆمەروف ئەپەندى ئۈرۈمچىگە كەلسە ئىزدىشىپ، سىردىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. بۇ ئوت يۈرەك ئادەم 2010 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 88 يېشىدا غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتتى. مەن بۇ قەيسەر ئىنقىلابچىنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئاددىي ماقالەمنى بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى» دېگەن كىتابىمغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق مەرھۇمغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە سېغىنىشىمنى بىلدۈرۈشنى لايىق تاپتىم.

* * *

مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە قەتئىي ئىرادىگە ئىگە 73 ياشلىق بىر بوۋاي بىزنى ئۆزىنىڭ شىمالنىڭ دالىلىرىدا ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كەچكەن نۆۋەر چاغلىرى، خەلقىنىڭ چاكىرى بولۇپ تىنىمسىز ئىشلىگەن ياشلىق چاغلىرى، قاراڭغۇ كامېرلاردا مەھبۇس بولۇپ ئازار يېگەن قىران چاغلىرى ۋە مىللەت ئۈچۈن مەكتەپ قۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مويسىپىت چاغلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا ئۈندىمەكتە. بىزدەك كۆرگەن - بىلگىنى ئاز ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئاجايىپ قىسمەتلەر بىلەن بېزىگەن بىر بوۋاينىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى بىلەن قىسقىچە بولسىمۇ تونۇشۇپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف 1922 - يىلى سۈيدۈڭ ناھىيەسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1938 - يىلى ئىلى گىمنا-

زىيەسىنى تاماملاپ سۇيدۇڭ ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1944 - يىلى ئىلىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابى باشلانغاندا پارتىزان بولۇپ چىلپەڭزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1945 - يىلى 2 - ئايدا غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ ئارىشاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندا سۇيدۇڭ 1 - پىيادىلار پولكىنىڭ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇرۇشلارنىڭ بىرى — شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەردلەرچە قۇربان بولغان 711 ئوفىتسېر - جەڭچىنىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان. شىخۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇ پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ئىشلىگەن. 1946 - يىلى 6 - ئايدا غۇلجا پىيادىلەر 2 - پولكىغا يۆتكىلىپ سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ پولك ئورمانباغدا (ھازىر يەنسىخەي دەپ ئاتىلىۋاتقان جاي) تۇراتتى. مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف بۇ يەردە پولكىنىڭ ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە خىزمەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلەپ قىسىمدا ئاجايىپ جانلىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ قىسىم ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشقان بولغاچقا ھەر ۋاقىت ھوشيارلىق بىلەن ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق ھالىتىدە تۇراتتى. ھەربىي ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش ئۈزۈلدۈرمەي دەۋەت قىلىناتتى. شۇنداق شارائىتتا، قىسىمنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ سىياسىي تەلىم - تەربىيەنى قانداق ئېلىپ بېرىش سىياسىي كومىسسار بولغان كىشىدىن يۇقىرى تەشكىللەش ماھارىتىنى تەلەپ قىلاتتى. مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف جەڭچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەنتەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ساۋات چىقىرىش پائالىيەتلىرىد-

www.uyghurkitap.com

نى قانات يايدۇرغان. جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ھەربىي تۇرمۇش ۋە ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان بىر - ئىككى پەردىلىك سەھنە ئەسەرلىرىنى ئورۇنلاشقا تەشكىللىگەن. 35 كىشىدىن تەركىب تاپقان مۇزىكا ئەترىتى تەشكىل قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گېنېرال ئىسھاقبېكلەر ئورمانباغدا قىسىمنى كۆزدىن كەچۈرگەندە بۇ پولكنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ جانلىقلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىگەن.

خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك غەلىبىلىك يۈرۈشلەرنى قىلىپ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 - كورپۇسى بولۇپ تەشكىل قىلىنغان. بۇ كورپۇس ئىككى دىۋىزىيەگە بۆلۈنۈپ 13 - دىۋىزىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا، 14 - دىۋىزىيە شىمالىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف شۇ چاغدا شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 14 - دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولۇپ تەيىنلەندى. 1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مىللىي ئارمىيە كادىرلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن بىر يىللىق 1 - قارار سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقاندا مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف كۇرستا قاتنىشقان ھەمدە 2 - قارار كۇرستا تەلىم - تەربىيە باشلىقى بولغان. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كادىرلار نازارىتىنىڭ تەلىپى بويىچە مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 30 كادىرنىڭ قاتارىدا غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مۇئاۋىن باشلىق، قوشۇمچە ھۆكۈمەت باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

30 ياشقا كىرگەن چاغدا خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف ئۆزىنىڭ يۇقىرى

ئابرۇيى، كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسى، پىشقان رەھبەرلىك سەنئىتى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى، بولۇپمۇ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى كۈچەپ ئىشلەپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ ئۇ يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىدە سىياسەتنى جانلىق ھالدا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپ، خىزمەتنى ئىلاجى بار خەلق مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرۇپ ئىشلىگەچكە غۇلجا شەھىرى دائىرىسىدە چوڭ يەر - مۈلۈك ئىگىلىرىنى قامايدىغان، ئاتىدىغان ھەرىكەتلەر يۈز بەرمىگەن.

پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق قۇيۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىشقا، ياخشى - يامان ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىشكە باشلىغان 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خاتا سىياسىي ھەرىكەتتە، يەنى يەرلىك مىللەتچىلىك ۋە ئوڭچىللارغا قارشى ھەرىكەتتە مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف «مىللەتچى» دېگەن قالپاق بىلەن مۇددەتلىك 15 يىللىق جازا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ تۈرمىدە ھەقىقەتنىڭ ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىغا، ئادالەتنىڭ ھامان ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىپ، ئىرادىسىنى ئازراقمۇ بوشاتماي، ئېتىقادىدىن تەۋرەنمەي قويۇن دەپتىرىگە مۇنداق مىسرالارنى يېزىپ ئۆزىگە تەسەللىي بەرگەن:

ئادىمى بولماقلىق بىر مۇشكۇل سىناق،
ھامىنى بىر ئۆلۈم ئاغما ھەر يانە.
راستچىل بول، يالغاندىن ئاق بولۇر قارا،
ھەقىقەت يولىدا تۇرغىن مەردانە.

گەرچە ئۇ 15 يىللىق جازا مۇددىتىنى توشقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىدىغان ۋاقتى 1974 - يىلى، يەنى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا توختىتىپ قويۇلۇپ، 1976 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندا ئاندىن ئائىلىسىگە قايتقان. 1983 ـ يىلى خىزمەت تارىخى، دەرىجىسى ۋە ئىش ھەققى قاتارلىقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ دەم ئېلىشقا چىققان.

تومۇرىدا جەڭچىگە خاس جۇشقۇن قان دولقۇنلاپ تۇرىدىغان، يۈرىكى خەلق ئۈچۈن لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ياشىنىپ مويسىپىت بولۇپ قالغانلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەي، دەم ئېلىشقا چىققان دەسلەپكى بىر ـ ئىككى يىلدا قەلەمنى قولغا ئېلىپ بىر تۈركۈم تارىخىي ئەسلىمە ۋە كىتابلارنى يېزىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەرنى ۋە بۇ ئىنقىلابنىڭ سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىگە ئائىت مۇھىم ئىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن يورۇتۇپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئەخمەتجان قاسىمى ئورمانباغدا» ناملىق ئەسلىمىسى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «شىخۇ ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنى» ناملىق ئەسلىمىسى، «گۈلدەستە» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان «11 بىتىم ۋە ئۇنىڭ جەريانى» ناملىق ئەسلىمىسى ۋە شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەخمەتجان قاسىمى» ناملىق كىتابى جەمئىيەتتە ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف ئىشلىگەنسېرى غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ تەشكىللەش قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

1984 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى غوپۇر زاھت ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرلەردە ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرۇشىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا شەھەرىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار كۆپ بولۇپ، بۇلار جەمئىيەتكە، ئاتا ـ ئانىلارغا زور بېسىم پەيدا قىلغانىدى. ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق ئورۇنلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىگە توشىدىغان ئىشچىلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي تېخنىكوم مەكتىپىدىن بىرنى قۇرۇپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە تەربىيەلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف بىلەن غوپۇر زاھىت ئىككىيلەن جىددىي ھالدا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئىلىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلەردىن تېيىپجان ھادى، توختى ئىبراھىم، قۇربان نىياز، جاۋ جىگو (شىبە) قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش لايىھەسىنى بېكىتكەن. ئىككىنچى قەدەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەرنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ 1985 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رەسمىي ئوقۇش باشلىدىغان. مەكتەپ نامىنى «غۇلجا شەھەرلىك ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكوم» دەپ بېكىتكەن. مەكتەپتە بىرىنچى يىلىلا 14 خىل كەسىپ بويىچە 22 سىنىپقا 1200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ جەمئىيەتتە خېلىلا يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكەن. مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە كۈچ چىقارغان مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف قاتارلىق مۆتىۋەرلەر مەكتەپكە ھەقسىز ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ، مەكتەپنىڭ تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئۆمەروف ئەپەندى

لۇك خىزمەتلىرىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشكەن. 1987 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف مەكتەپ تەشكىلىگە ۋاكالىتەن تۆھپىكارلار قاتارىدا تەقدىرلەنگەن ھەم شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۆھپىكارلار يىغىنىغا قاتنىشىپ تەقدىرلەنگەن. يىغىن مەزگىلىدە شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى زۆھرە بارات بىلەن ئۆتكۈزگەن رادىيو سۆھبىتى رادىيودا ئاڭلىتىلغان.

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف بۇ يىل 73 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا خەلقىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن خالىسانە ئىشلەيدىغان ئالىيجاناب روھىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغىنى يوق.

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف ھازىر ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا خاتىرە مۇنارى ياسىتىش ئارزۇسىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروف ئادەتتە ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى قويۇن دەپتىرىگە مىسرالار ئارقىلىق پۈتۈشنى ئادەت قىلغان. بۇ ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى ۋە جامائەت ئەربابىنىڭ قويۇن دەپتىرىگە يېزىۋالغان تۆۋەندىكى ئىككى كۇپلېت شېئىرى بىزگە ئۇنىڭ

ئاخىرقى تىنىقىغىچە خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان پىداكارانە روھى-
نى، ئالىيجاناب خىسلىتىنى ۋە قەتئىي ئېتىقادى، تەۋرەنمەس
ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ:

هەر يىلى هەركىمگە مېهماندۇر باهار،
تېپىشماق بوپ قالار ئۆمۈر دېگەن هەم.
مۇكچەيگەن گەۋدىدە بىر ئوتلۇق يۈرەك،
هاياتقا بېغىشلار يېگىنچە بىر تەم.

قۇياشتەك چاقنىغىن، ياماش چوققىغا،
ئەۋلادىڭ ئىزىڭدىن دالجىماي ماڭسۇن.
تەۋرەنمەس ئىرادە بولسۇن ساڭا يار،
كۆكسۈڭدە ئەل ئىشقى لاۋۇلداپ يانسۇن.

1995 ـ يىلى يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى توغرىسىدا

يېڭى مائارىپ تارىخىمىزدىكى مەكتەپ ناخشىلىرى توغرۇلۇق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات بىزدە ھازىرغىچە تىلغا ئېلىنماي، نەزەر سېلىنماي كېلىۋاتقان بىر ساھە. مەكتەپ ناخشىلىرى يېڭى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر مەكتەپ ناخشىلىرىمۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، يەنى جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن. شەرق خەلقلىرىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مەكتەپ ناخشىلىرىدىكى ئورتاقلىق شۇكى، مەكتەپ ناخشىلىرى ئەينى دەۋردىكى تۈپ روھنىڭ يارقىن ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر. ئۇ يەنە مىللىي مۇزىكا مائارىپى ئەندىزىسىدىكى زور ئۆزگىرىشنىڭ بەلگىسى. مەكتەپ ناخشىلىرىدا ئەينى دەۋردىكى تۈپ روھ — مىللىي ئاڭنى ئويغىتىش، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، يېڭى مەدەنىيەتكە، ئىلىم - پەنگە ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش روھى مەركەزلىك ئەكس ئەتكەن. مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا مېلودىيەسى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىپادىلەش شەكلى، چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىنىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭگودا تۇۋەن دەرىجىلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر (学堂) 1912 - يىلى ناخشا دەرسى تەسىس قىلغان. ئەينى چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ

تۆۋەن يىللىقلىرىغا «ئاددىي ئاھاڭلىق ناخشىلار»، يۇقىرى يىللىق-
لىرىغا «مۇرەككەپ ئاھاڭلىق ناخشىلار» نى ئۆتۈش بەلگىلەنگەن.
شۇغىنىسى، ناخشىلار بىر خىل ئاھاڭدىلا ئېيتىلغان، دەرس سا-
ئىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىنمىغان، ھەتتا مائارىپ مىنىستىرلىقى
1912 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلغان «باشلانغۇچ مەكتەپكە دائىر
ئەمر - پەرمانلار» دا «شارائىتى بولمىسا» بۇ دەرس «ۋاقتىنچە
توختىتىپ تۇرۇلسۇن» دېيىلگەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب
شۇكى، ئەينى چاغدا جۇڭگودا مۇزىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان مائارىپچىلار ھەم مەكتەپ ناخشىلىرى ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئىجادىيەتچىلەر يوق ھېسابىتا ئىدى. ناخشا دەرس
بايلىقى ھەم ناخشا دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ زور
دەرىجىدە كەمچىل ئىدى. جۇڭگونىڭ مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ بار-
لىققا كېلىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان شېن شىنگوڭ (沈心工
1870 ~ 1947) ۋە لى شۇتۇڭ (李叔同 1880 ~ 1942) دەك
مۇزىكا مائارىپچىلىرى ساناقلىقلا ئىدى. ئۇلارمۇ ياپونىيەنىڭ
«مەكتەپ مۇزىكىلىرى» نى ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق تۇنجى مەك-
تەپ ناخشىلىرىنى روياپقا چىقارغان. مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ
تەڭدىن تولىسى ياپونىيە ۋە ياۋروپا - ئامېرىكا ناخشىلىرىنىڭ
مېلودىيەسىگە خەنزۇچە شېئىر سېلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈ-
رۈلگەنىدى. بۇ مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى خەلق-
نىڭ «چەت دۆلەتلەرنىڭ ھاقارىتىگە قارشى تۇرۇش»، «دۆلەتنى
بېيىتىپ ئارمىيەنى كۈچەيتىش» نى تەلەپ قىلىشتەك ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «قاچان ئويغىنارسەن»،
«گىمناستىكا — ھەربىي مەشىق»، «خۇاڭخې دەرياسى»، «ۋەتەن
ناخشىسى» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ناخشىلار ئىدى. بۇنىڭدىن
باشقا يەنە «ئاياللار ھوقۇققا ئېرىشسۇن»، «ئاياللار گىمناستىكى-
سى» قاتارلىق مەكتەپ ناخشىلىرىدا خانىم - قىزلارنىڭ ئۆزىنى
قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ئىدى-

www.uyghurkitap.com

يەسى، «ئەركىنلىك» قاتارلىق ناخشىلاردا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئىدىيەسى، «يەر شارى» قاتارلىق ناخشىلاردا ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەرغىب قىلىنىپ، فېئودال خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش تەشۋىق قىلىنغان، «بامبۇك ئات»، «خوشلىشىش»، «باھار سەيلىسى» قاتارلىق ناخشىلاردا ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. «جۇڭگو مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيەسىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ياۋروپا، ئامېرىكا، بولۇپمۇ ياپونىيە ناخشا ئاھاڭلىرىدىن ئېلىنغان[1]»، ھەتتا بەزى ئاھاڭلارغا ئوخشاش بولمىغان ئاپتورلار تەكرار ھالدا خىلمۇخىل شېئىرلارنى سالغان. ناھايىتى ئاز ساندىكى ناخشىلاردىلا جۇڭگونىڭ خەلق ناخشىلىرى، شىياۋدىياۋ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، «چاي ئۈزۈش ناخشىسى»، «ۋەتەن ناخشىسى» ۋە «پوت بوغۇش ئازابى» قاتارلىق ناخشىلار شۇنداق.

ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەكتەپ ناخشىلىرى تولىمۇ كەمچىل ئىدى. يېڭى مائارىپ مەزمۇنى ۋە مېتودىغا ئىگە يېڭىچە مەكتەپلەر ئاتۇش، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان، چۆچەكلەردە ئاندا ـ ساندا بارلىققا كېلىپ ئون يىللار ئۆتكەندە ئاندىن بۇ يېڭىچە مەكتەپلەردە مەكتەپ ناخشىلىرىنى ئېيتىش باشلانغان. 1914 ـ يىلى ئۈستۈناتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە قۇرۇلغان «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىدە تۈركىيەلىك ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامال ئوقۇغۇچىلارغا تۈركچە مەكتەپ ناخشىلىرىنى ئۆگەتكەن. شۇ يىلى غۇلجىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ دەرس جەدۋىلىدە ھەپتىسىگە بىرەر سائەت ناخشا (شېئىر) دەرسى ئۆتۈلىدىغانلىقى كىرگۈزۈلگەن. بولۇپمۇ

---

① خەلق مۇزىكا نەشرىياتى مائارىپ تەھرىر ئىشخانىسى تۈزگەن: «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى» (ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇزىكا دەرسى ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى ــ «مۇزىكا: باھالاش ۋە ھۇزۇرلىنىش»)، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە 206 ـ بەت.


داغلىق تاتار مائارىپچى ئابدۇللا بوبىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1914 ـ يىلىدىن باشلاپ يىلدا بىر قېتىم داغدۇغىلىق «ئەدەبىيات كېچىسى» ئۆتكۈزۈلۈپ يېڭىچە شېئىرلار دېكلاماتسىيە قىلىنغان ھەم مەكتەپ ناخشىلىرى ئېيتىلغان.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ جەدىدلىك ھەرىكىتىگە ئۆچمەنلىك قىلىشى نەتىجىسىدە 1914 ـ يىللىرى جانلانغان مەرىپەتچىلىك كەيپىياتى 1917 ـ يىلى ئەھمەد كامالنىڭ ئاتۇشتىن تۈركىيەگە، ئابدۇللا بوبىنىڭ غۇلجىدىن تاتارىستانغا كەتكۈزۈۋېتىلىشى بىلەن پەسكويغا چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە، مەكتەپ ناخشىلىرىمۇ بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان. خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ مىسلىسىز بولۇشى، تەرەققىيات تەقەززاسىنىڭ بارغانسېرى تونۇپ يېتىلىشى، ئىلغار ئىدىيەدىكى كىشىلەرنىڭ يىلسېرى كۆپىيىشى بىلەن 1930 ـ يىللارغا كەلگەندە يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىش قىزغىنلىقى ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك كۈچەيگەن.

بىز 1930 ـ يىللارنى ئانا دىيارىمىزدا مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەن مەزگىلى، دەپ ئېيتىمىز. بۇ جەھەتتىكى تۆھپىكار ئەزىمەت مەشھۇر مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) دۇر. ئۇ 1930 ـ يىللاردا مەكتەپ ناخشىلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ ساھەدە زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەكتەپ ناخشىلىرى 40 قا يېتىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى 1934 ـ يىلى كۇزدە ئاتۇشنىڭ ئىكەنبېرىق كەنتىدە «مۇئەللىملەر مەكتىپى» نى تەسىس قىلغان چاغدىلا مەكتەپ ناخشىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى باشلىغان. ئۇ مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شېئىرى ۋە ئاھاڭىنى ئۆزى ئىجاد قىلغان، ئاز بىر قىسمىلىرىنى تۈركچە ئاھاڭلارغا يېڭى شې-

www.uyghurkitap.com



مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)

ئىرلارنى يېزىپ ياكى باشقىلار يازغان شېئىرلارغا يېڭى ئاھاڭ ئىشلەپ بارلىققا كەلتۈرگەن.

مەلۇمكى، مەمتىلى ئەپەندى ھاياتىدا 1934 - يىلى 8 - ئايدىن 1937 - يىلى 4 - ئايغىچە پەقەت 36 ئاي يېڭى مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. 1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 36 يېشىدا پاجىئەلىك قەتل قىلىنغان. 36 يېشىدا جېنىدىن جۇدا قىلىنغان بۇ ئەلپىدا ئەزىمەت 36 ئاي يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۆنتۈلماس ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى نۇرلۇق مەشئەل بولۇپ قالغان.

1934 - يىلى 8 - ئايدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشتى، تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى، دەپ جاكارلىغان. خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى مەھمۇد مۇھىتى 6 - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ قەشقەرگە ئورۇنلاشقان. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. بۇ ئۇيۇشما شىڭ شىسەينىڭ 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنىڭ

بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ئېلان قىلىنغان «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» سىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ سىياسىتىنىڭ روھى بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى كېڭەيتىشكە، زامانىۋى شەكىل ۋە مەزمۇندىكى ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشكەن. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى خىتابنامىسىنىڭ 6 - ماددىسى بولغان «مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش» نىڭ كونكرېت مەزمۇنى «(1) مائارىپنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش؛ (2) مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش؛ (3) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش؛ (4) ھەربىر مىللەت ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش» دەپ ئىزاھلانغان. ئىزاھلانغان بۇ مەزمۇنلار ئىچىدىكى «مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش» كونكرېت قىيىن مەسىلە بولۇپ، ئەينى چاغدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتمۇقات قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا «مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش» تىن سۆز ئېچىش ۋە «ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش» دېگەنلەر يىراقتىكى مەسىلە ئىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان بىرەر دارىلمۇئەللىمىنمۇ يوق ئىدى. پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدىكى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بىلىدىغان مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ كەلسە 20 ~ 30 دىن ئاشمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەربىر مىللەت، ھەربىر يۇرت ئۆز كۈچىگە تايانمىسا باشقا ئامال يوق ئىدى.

تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر مەمتىلى ئەپەندى ئەينى چاغدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «مۇئەللىملەر مەكتىپى» ئاچقان ھەم ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 60 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسىنى بەرگۈدەك سەۋىيەگە كەلتۈر-

گەن. يېڭى مەكتەپلەرنى سالىدىغان قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە مائا-رىپ خىراجىتى مەسىلىسىنى «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇرۇش ئارقىلىق ئاتۇشتىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھەل قىلغان. شۇنداق قىلىپ 1934 - يىلى 8 - ئايدىن 1935 - يىلى 1 - ئايغىچە بولغان ئالتە ئاي ئىچىدە ئاس-تىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە يېڭى مەكتەپلەرنى سالدۇرۇپ، ئوقۇ-غۇچىلار تەربىيەلەش شارائىتىنى ھازىرلىغان. بۇ ئالتە ئاي ئىچى-دە ئۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك پىداكارانە روھنى، چىدامچانلىق خىسلىتىنى، ئەقىل - پاراسەت ئۇستۇنلۇكىنى، پولاتتەك ئىرادىسىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭدىكى ئۆز غايىسى ئۈ-چۈن كۆيۈپ كۆل بولۇشقا تەييار پىداكار ئەزىمەتلەردىلا بولىدىغان بۇ ئېسىل ئالاھىدىلىكلەر كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ئەينى چاغدا «مۇئەللىملەر مەكتىپى» دە ئوقۇغان شاگىرتى سەيپىدىن ئەزىزى كېيىن «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇرلار-نى قالدۇرغان: «كۆپ ۋاقىتلاردا مەمتىلى ئەپەندى باشقا كەنتلەر-دىن قايتىپ كېلىپ، توپتوغرا دەرسخانىغا كىرگەندە، بىز ئۇنىڭ بەك چارچىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئايايتتۇق. لېكىن ئۇنىڭدا تەتۈرىچە روھىي ئۇستۇنلۇك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا، ئاۋۋال بىزگە خۇشاللىق بىلەن كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشنىڭ ياخشى كېتىپ بارغانلىقىنى، پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچى بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن دەرس ئۆتۈشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى، ئاشۇ ئۈمىدۋار، جۇشقۇن قىياپىتىنىڭ ئۆزى بىزگە ناھايىتى چوڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بولاتتى. بىز ئاز دەم ئېلىپ، جىقراق ئوقۇشقا كۈچ چىقىراتتۇق»، «مۇشۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىلمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم بىرلا ئاشۇ مەمتىلى ئەپەندى ئىدى. مەكتىپىمىزنىڭ بىر-دىنبىر ئوقۇتقۇچىسىمۇ مەمتىلى ئەپەندى بولۇپ، تىل، ھېساب،

جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆتەتتى.[1]» مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چەبدەسلىكى، جەسۇرلۇقى ۋە پاراستىدىن تەسىرلەنگەن قەشقەر-دىكى ئالىي ھەربىي ئەمەلدار مەھمۇت مۇھىتى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشلىرىنى قوللاپ، قورallىق ئەسكەردىن ئىككىنى ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان.

پاراسەتلىك پىداگوك مەمتىلى ئەپەندى «قۇتۇلۇش[2]»، «ئىز-چىلار مارشى»، «مۇئەللىم — بىز» («مەرىپەت مارشى»)، «قوپ، قان - قېرىنداش»، «ئويغان، مىللەت!»، «ۋەتەن ئۈچۈن»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى» دېگەن نادىر ناخشا - مارشلىرىنى دەل ئاشۇ «مۇئەللىملەر مەكتىپى» دە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈۋاتقان ھەم كەنتلەردە يېڭى مەكتەپ سېلىۋاتقان كۈنلىرىدە ئىجاد قىلىپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى مەزمۇنى جەڭگىۋار، ئاھاڭى جۇشقۇن بۇ مەكتەپ ناخشىلىرى ئارقىلىق شاگىرتلىرى-نىڭ قەلبىگە ئوت يېقىپلا قالماستىن، دەۋرداشلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا يېڭى روھ سىڭدۈرۈش، ئۇلاردا يېڭى كەيپىيات، يېڭى قاراش شە-كىللەندۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن. شېئىر بىلەن مۇزىكىسى ئاجا-يىپ ياخشى ماسلاشقان بۇ مەكتەپ ناخشىلىرى چۈشىنىشلىك ھەم ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېيتىشىغا بەك ماس كەلگەچكە، جەمئىي-يەتتە تېزلا ئوموملاشقان. بۇ ناخشىلارنىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنى ئىلىم - پەنگە ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرىش، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىشنى قوللاشقا دەۋەت قىلىش، ئۇلاردا ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ دەل شۇ يىللاردىكى ئەڭ تۇپ

---

[1] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى، 400 - بەت.

[2] «قۇتۇلۇش» دېگەن بۇ ناخشىنىڭ شېئىرىنى مەرغىلانلىق تۇرغۇنجان ئابدۇرې-ھىم دېگەن ئۆزبېك شائىر 1933 - يىلى كۈزدە قەشقەردە يازغان ھەم «ئىستىقلال» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلغان. 1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى بۇ شېئىرغا ئاھاڭ ئىشلەپ مەكتەپ ناخشىسى قىلغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەۋر روھى ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەينى چاغدىكى مەلۇم ۋەقەگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغانىدى. مەسىلەن، «مۇئەللىم — بىز»، «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ»، «نۇرلاندۇردى»، «ئەي ئانا يەر!» دېگەن ناخشىلىرى ئەنە شۇنداق مەكتەپ ناخشىلىرىدۇر.

«مۇئەللىم — بىز» دېگەن مارشنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ مارشنى مەمتىلى ئەپەندى ئالتە ئايلىق «مۇئەللىملەر مەكتىپى» دىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزگەن چاغدا ئىجاد قىلغان. بۇ مەكتەپتىكى شاگىرتلىرىنى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغۇدەك بىلىم ۋە مېتودنى ئۆزىدە ھازىرلاپ بولدى، دەپ قارىغان مەمتىلى ئەپەندى بۇ يېڭى مۇئەللىملەرنى ئوخشاش فورمىدا كىيىندۈرۈپ، قاتار قىلىپ ئاتۇشنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىنى مەش دەسسىتىپ ئايلاندۇرغان. ئۇلار يول بويى بارابان، سۇنايلارنى چېلىپ، «مۇئەللىم — بىز» دېگەن مارشنى ئوقۇپ تەنتەنىلىك مائارىپ تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغان. بۇ ناخشىنىڭ شېئىرى مۇنداق:

مۇئەللىم — بىز، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسىلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

ئەينى چاغدىكى ئەھۋال توغرۇلۇق سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» دا مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «مەن تېجەن مەكتەپكە مۇدىر ھەم مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلەندىم. يەنە تۆركۆللۈك ئابدۇلبارى ۋە ئابدۇرېشىت دېگەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بىز ئاشۇنداق تىزىلىپ، ناخشا ئوقۇپ بارغاندا، مەكتەپ ئالدىدا، كوچىلاردا نۇرغۇن ئادەملەر قارشى ئالدى. مەكتەپ ئەمەت ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى بىر كۆل بويىغا سېلىنغان بولۇپ، ئىككى سىنىپ، بىر مۇئەللىملەر ياتىقى، بىر ئاشخانىسى بار ئىدى. ئەمەت ھاجىم تېجەندىكى ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. بىز قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ سىنىپقا كىرسەك، يورۇق، يېڭى ئۆيدە رەتلىك پارتىلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار دەس تۇرۇپ، ئوڭ قوللىرىنى بېشىغىچە كۆتۈرۈپ بىزنى قارشى ئالدى. تېخى ئوقۇش باشلىمىغان، مەكتەپمۇ كۆرمىگەن بالىلارنىڭ مۇنداق تەرتىپلىك بولۇشى بىزنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئاڭلىساق، مەمتىلى ئەپەندى بالىلارغا ئۆگىتىپ چىققانىكەن. ھەر سىنىپقا بىردىن سىنىپ باشلىقى تەيىنلەپ، بالىلارنى تەرتىپكە ساپتىكەن.①»

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا ئىككىنچى قېتىم ئېچىلغان «مۇئەللىملەر مەكتىپى②» نىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ 60 چە ئوقۇتقۇچى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە قىياپىتى، جۇشقۇن روھى، جەڭ-

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى، 418 ـ بەت.

② ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى «مۇئەللىملەر مەكتىپى» ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ياردىمى بىلەن 1914 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئېچىلغان. تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال باش ئوقۇتقۇچى بولغان.

گىۋار ناخشىلىرى، ھەربىيلەردەك مەش دەسسەپ مېڭىشلىرى بىـ-
لەن ئاستىن ئاتۇشنىڭ يېزا - كەنتلىرىنى لەرزىگە سېلىۋەتكەن.
ئەزەلدىن بىر - ئىككى ئوقۇتقۇچىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئوقۇتـ-
قۇچىلار قوشۇنىنى كۆرۈپ باقمىغان خەلق بەكمۇ شادلانغان. كىـ-
شىلەرنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى ۋە قىزغىن ئالقىشلىرىـ-
دىن روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ مۇئەللىملىك ھاياتىدىن
چەكسىز شەرەپ ھېس قىلغان «ئابدۇراخمان شائىر» ئىسىملىك
مۇئەللىم شۇ چاغدىكى ھاياجانلىق كەيپىياتىنى مۇنۇ شېئىرى
ئارقىلىق ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىگەن:

بۈگۈن يۈرتقا يېتىپ خۇشلۇق يېڭىچە يول بىلەن ماڭدۇق،
كېلىپ ھۆرلۈك بۇ مىللەتكە گويا چولپان كەبى ياندۇق.

مۇبارەكلەپ ئانا خەلقىم ئاپىرىن ئېيتتى بۇ دەۋرانغا،
مائارىپ، ئەل ئاقارتىش يولىدا كۈلگەن شۇ ئارمانغا.

ساۋاتسىزلىق بالاسىدىن قۇتۇلماق بىزگە قەرز بولدى،
جىمىكى ئەر - ئاياللا ئۆگىنىش ھەر جايدا پەرز بولدى.

ئاجايىپ بىر ماھارەت ساھىبى — تەۋپىق چىقىپ شۇ دەم،
قىلىپ تەشۋىق، تەرغىبات خەلققە بولدىلەر ھەمدەم.

يىگىرمە تۆت ئورۇنغا سالدى يېڭى پەننىي مەكتەپلەر،
ئايا، چاقماق كەبى تېز بولدى ھەرىكەت، تاپتى بەرىكەتلەر.

«مۇئەللىم — بىز» دېگەن مارشنى ئوقۇشتۇق ھەممىمىز ياڭراق،
بولۇپ خۇرسەن جىمى خەلق ئالدى قوينىغا بولۇپ ئامراق.

مۇئەللىم بوپ تارالدۇق بەلگىلەنگەن كەنتلەرنى بويلاپ،
قىلىپ مەسئۇل، بېكىتتى ھەر ئورۇنغا ياخشىدىن تاللاپ.

كى مەنمۇ بەلگىلەندىم مېيى[1] مەكتەپكە بولۇپ مەسئۇل،
سۆيۈندى ئابدۇراخمانمۇ بۇ تەقسىمنى كۆرۈپ مەقبۇل.

«مۇئەللىم — بىز» دېگەن بۇ ناخشا 1930 - يىللاردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ مەرىپەت مارشى بولۇپ قالغان. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىن تارتىپ مىسرالىرىدا ئەكس ئەتكەن ئوتلۇق ئىدىيە، ئاھاڭىدا ئىپادىلەنگەن جۇشقۇن تېمپا كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان. بۇ مارش 1930 - يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل ئىنقىلابىغا ئاتاپ يازغان «نۇرلاندۇردى» دېگەن روھلۇق ئېيتىلىدىغان مارشىمۇ، ئەينى چاغدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۆزگىچە مەكتەپ ناخشىسىدۇر. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

نۇرلاندۇردى يۇرتلىرىمىزنى قومۇلدىن كۈن تۇغۇپ.
ئەدلى - ئادالەت قۇرۇلۇپ.
مۇستەبىت زالىملار بولسا،
مەھۋە بولدى ئۇرۇلۇپ، ئۇرۇلۇپ، ئۇرۇلۇپ!

ئەي غازى، غوجامنىياز[2] ھاجى ئاتا، سەن مىڭ ياشا!
غەيرىتىڭ بىلەن بۇگۈن بىز،
ئەسرىي مەكتەپتە ئوقۇيمىز،
قىز - ئوغۇللار بىر بولۇپ، بىر بولۇپ، بىر بولۇپ!

---

① ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسىغا تەۋە كەنتنىڭ نامى.
② خوجىنىياز ھاجىنى ئەينى چاغدا كىشىلەر غوجامنىياز ھاجى دەپمۇ ئاتاشقان.

كۆپ زامانلاردىن بېرى بىزلەر ئېزىلگەن خەلق ئىدۇق،
ئەيلىدى بىزلەرنى ئازاد!
دەۋرى ئىستىبداتنى بەربات!
سىدىقۇ بىرلەن قوزغۇلۇپ، قوزغۇلۇپ، قوزغۇلۇپ①.

1932 ـ يىلى قومۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى، سالى دورغىلار باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئىنقىلاب چىرىك، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلار زىددىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىشىگە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە، 1933 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ ئالتە يىل داۋام قىلغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بىر مەزگىللىك ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۈستۈنلۈك قازىنىپ شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولغان. ئۇ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ ئىستالىن رەھبەرلىكىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا دوستلۇق قولىنى سوزغان. ئىستالىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە تۇتاش ئارقا ھويلىسى بولغان شىنجاڭدا 1932 ـ يىلىدىن باشلاپ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قوراللىق ئېلىشىشلىرىغا خاتىمە بېرىش مۇددىئاسىدا شېڭ شىسەينىڭ ئۆزلىرىگە سۇنۇلغان قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى بار كۈچى بىلەن يۆلەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ياردەملەرنى قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. ئەنە شۇ جەرياندا ئىستالىن ھۆكۈمىتى قومۇل ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى خوجىنىياز ھاجىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قىستاپ، بەزىدە ئېزىقتۇرۇپ، ئاخىر شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشكە كۆندۈرگەن. نەتىجىدە، خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بو-

① «نۇرلاندۇردى» ناملىق بۇ مارشنىڭ سۆز ۋە ئىملاسى ئەينى چاغدىكى ئېيتىلىشى بويىچە ئېلىندى.

لۇپ، شىنجاڭدا «تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى» غا قوشۇلغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ ئۇرۇمچىدە ئىشلىگەن. شۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئەنە شۇ يىللاردا شىنجاڭدا يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش دولقۇنى قوزغالغان. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جانلانغان. مەتبۇئات ئىشلىرى شەكىللەنگەن. مەمتىلى ئەپەندى «نۇرلاندۇردى» دېگەن مارشنى ئەنە شۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئىجاد قىلغان.

«نۇرلاندۇردى» دېگەن ناخشا ئاتۇشتىكى مەكتەپلەردە ئېيتىلغاندا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كىشىلەر «ئەسىرىي مەكتەپتە ئوقۇيمىز قىز ـ ئوغۇللار بىر بولۇپ» دېگەن مىسرانى «قىز ـ ئوغۇللار بىر بولۇپ دېگۈچە، چوڭ ـ كىچىكلەر بىر بولۇپ، دەپ ئوقۇسا بولمامدۇ؟» دېيىشىپ غۇدۇراشقان. بۇ ئىش توغرۇلۇق يېڭى مائارىپنى قوللايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆلارنىڭ بىمەنە تەكلىپىگە قارىتا رەددىيە بېرىپ، بۇنى توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنى، بۇ ناخشىنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوقلۇقىنى ئېيتىسىمۇ، مۇتەئەسسىپلەر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان. مەمتىلى ئەپەندى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ بۇ پىكرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتكەن ھەم يېڭى مائارىپنى قوللايدىغان كىشىلەرگە «بۇ چوڭ ئىش ئەمەس، ئۇلار مەكتەپنى ئۆزگەرتەيلى» دەپ چۈقان سالمىغاندىكىن، بىر مىسرا شېئىرنى ئۆزگەرتەيلى دېسە، بوپتۇ دەيلى، مەن مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىپ ئوقۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلاي» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ «بىر مىسرانى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى» غەلىبىلىك نەتىجىلەنگەن.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ئىچىدىكى «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ» دېگەن مارشمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن تارىخىي ناخشىدۇر. بۇ ناخشىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى مەم-

تىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپچىلىق ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم شادلىق سەھىپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

1936 - يىلى باش كۈزدە مەمتىلى ئەپەندى باشتىن - ئاياغ بىر خىل كىيىنگەن، بىر خىل قوراللانغان، يەنى دۇمبىسىگە پالتا قىستۇرۇلغان خۇرۇم چامادان ئاسقان، ئىككى دولىغا قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك ئىككى بايراقچە قادىغان، قولىدا ئىزچىلار كالتەكى تۇتقان 40 تەك جەڭگىۋار ئىزچىسىنى باشلاپ، ئۇلارغا نەي، بارابانلارنى چالدۇرۇپ، ناخشا - مارشلارنى ئېيتقۇزۇپ يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان. بۇ ئىزچىلار ئاتۇشتىكى ھەرقايسى كەنت مەكتەپلىرىدىن تاللانغان 15 ~ 21 ياشلاردىكى قاۋۇل، روھلۇق، زېرەك ئوغۇللار بولۇپ، بۇلارنى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشنىڭ مەركىزى مەشھەدتىكى مەكتەپتە ئايرىم تەربىيەلەيتتى. كىشىلەر بۇ ئوقۇغۇچىلارنى «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىزچىلارنىڭ ۋەزىپىسى كۆپ خىل ئىدى. بازار كۈنلىرى تەرتىپ ساقلاشتىن تارتىپ يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىشقىچە ھەممە ئىشنى قىلاتتى. بۇ قېتىمقى يېڭى مائارىپ تەشۋىقات سەپىرىنى مەمتىلى ئەپەندى دەل مۇشۇ جەڭگىۋار ئىزچىلىرىنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ئىزچىلار بىلەن تاماملىغان. ئۇلار ئاتۇشتىن يولغا چىقىپ، پەيزاۋات، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، كوناشەھەر ناھىيەلىرىنىڭ يېزا - كەنتلىرىنى ئايلىنىپ، بارغانلا يېرىدە داغدۇغا قوزغاپ، ھاياجانلىق كەيپىيات پەيدا قىلىپ قىزغىن قارشى ئېلىنغان. ئۇلار بىرەر ئايچە جاپالىق، ئەمما مەنىلىك يول يۈرۈپ ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. ئەنە شۇ چاغدا بۇ ئىزچىلار ئاتۇشنىڭ مەشھەد بازىرىدا ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىپ كۈتۈپ تۇرغان مىڭلىغان ئاتا - ئانا، ئەر - ئايال، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا يېقىنلاشقاندا ئاجايىپ روھلۇق ھالەتتە «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ» دېگەن مارشنى ئوقۇپ، ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋەتكەن.

سەپەر قىلدۇق، تاغلار ئاشتۇق،
يېگىلىقتىن نۇرلار چاچتۇق.
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق.
ئىشسىز بىكار ھەم قالمىدۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

پىيادە چۆللەردىن ئۆتۈپ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغىتىپ.
كونىلىقنى قورقۇتۇپ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ئىزچىلىرىنى ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرگەندەك قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيەلىگەن. شۇڭا، ئۇلار «ئىزچىلار مارشى» نى ئوقۇپ ماڭسا، كىشىلەرگە ئوقۇغۇچىدەك ئەمەس، ھەربىيلەردەك تەسىرات بېرەتتى. بۇ جەھەتتە قىستۇرما قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش بار. 1936 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا 18 كىشىلىك بىر ئۆمەك تەكشۈرۈشكە بارغان. ئۆمەكنىڭ ئىچىدە بەش ئالاھىدە ۋەكىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مەنسۇر ئەپەندى[1] دېگەن كىشى ئىدى. مانا شۇ كىشى 1980 ـ يىللاردا

① مەنسۇر ئەپەندى دېگەن بۇ كىشى قازاقىستانغا تەۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ، 1902 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1989 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەسلىي ئىسمى مەشۇر روزىيېف، تەخەللۇسى «ۋەتەن بالىسى». ئىستالىن ھۆكۈمىتى 1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن مۇھىم ئادەم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يەنە بىر قېتىم ئەۋەتىلىپ تارباغاتايغا ۋالىي بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئالماتادا يازغان «ئۇيغۇر زېمىنىدا» ناملىق ئەسلىمىسىدە ئاتۇش مەشھەد مەكتەپتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىللىرىنى كۆرگەن چاغدىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازغان:

«بىز قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاستىن ئاتۇشتىكى ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكىكە ئىگە بىر ئاجايىپ مەكتەپنى كۆرۈشكە باردۇق. مەكتەپتە 7 ـ 8 مۇئەللىم بولۇپ، 400 بالا ئوقۇيدىكەن. مەكتەپ مۇدىرى مەمتىلى ئەپەندى دېگەن 35 ياشلاردىكى ئۇيغۇر كىشى تۈركىيەدە ئوقۇپ، تەلىم ئالغانىكەن. باشقا 4 ~ 5 ئۇيغۇر مۇئەللىم ئۇنىڭدا ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەپتۇ. بېقىلمىسەم، مۇئەللىملەرنىڭ بىرى ئوسمانلى تۈركلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

15 ياشتىن 21 ياشقىچە بولغان 200 چە بالىغا بېرىلىدىغان ھەربىي مەشىق دەرسىنى بىزگە كۆرسەتمەكچى بولۇشتى. ئۇلار ياغاچتىن ياسالغان ھەربىي قوراللىرىنى ئىشلەتكەن ھالدا، تۈركچە بېرىلگەن قوماندا بىلەن مەشىق كۆنۈكمىلىرىنى كۆرسەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئالغان تەسىراتلىرىمىز شۇ بولدىكى، بۇلارغا ئادەتتىكى پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشتىن كۆرە، تولىراق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىلىپ ھەربىي خادىملارنى ھازىرلاش كۆزدە تۇتۇلۇپتۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىللارنى تەربىيەلەش ئۇسۇلى مەنسۇر ئەپەندىگە ياقمىغان. بۇ ئۇنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ھەم سىياسىي قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. زۇلۇم ۋە خورلۇققا ئۇچرىسىمۇ قارشى تۇرۇشنى ئويلىمايدىغان ئىتائەتچان ئەۋلادنى ئەمەس، كۈرەشچان روھقا ئىگە يېڭىچە ئەۋلادنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان مەمتىلى ئەپەندى ئىستالىن بىلەن شېڭ شىسەيگە كەتمەن چاپىدىغان مەنسۇر ئەپەندىنىڭ كۆزىگە سىغمىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىستالىنىزمغا سادىق مەنسۇر ئەپەندى ئەينى يىللاردا



1935 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ بېشىدا ئاتۇشتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە يۇرتداشلارنىڭ تېجەن مەكتەپتە چۈشكەن سۈرىتى. سول تەرەپتىن 3 ـ كىشى مەمتىلى ئەپەندى، ئارقىسىدىكى شەپكىلىك يىگىت سەيپىدىن ئەزىزى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭلا ئەمەس، جۇڭگو مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ بوۋىسى شېن شىنگوڭنىڭمۇ «ئەزىمەت ئالدى بىلەن ئىرادىلىك بولسۇن» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «گىمناستىكا — ھەربىي مەشىق» دېگەن مەشھۇر ناخشىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەشىق جەھەتتە تەربىيەلەشنى تەشۋىق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شېن شىنگوڭنىڭ ناخشىسىنىڭ شېئىرى مۇنداق:

بولسىمۇ گەر كىچىك ـ يەسۇم،
شىجائەتلىك بۇ باللار.
قېرىنداش بوپ، قول تۇتۇشۇپ،
بىللە ھەربىي مەشىق قىلار.

كىچىكلىرى مىلتىق تۇتقان،
چوڭ قولىدا قىلىچ ئوينار.
تۇغ ـ ئەلەملەر جەۋلان قىلىپ،
كاناي ـ دۇمباق ئۈنى ياڭرار.

مەشىق قىلساق كۈندە تىنماي،
باتۇر بولۇپ كۈچلىنىمىز.
كەلگۈسىدە جەڭگە كىرسەك،
ياۋنى چوقۇم بىز يېڭىمىز.

بۇ ناخشا جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەكتەپ ناخشىلىرىدىن بىرى. روشەنكى، ئۇنىڭدا باللار ھەربىي مەشىق قىلىشقا چاقىرىلغان. بۇ ناخشا مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن مەكتەپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تەسىرى جەمئىيەتنى قاپلىغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ئىچىدىكى «ئىزچىلار مارشى» دېگەن ناخشىمۇ دەل مۇشۇنداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم كەڭ ئو-

مۇملاشقان نادىر ناخشا ھېسابلىنىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ ئۈچىنچى كۇپلېتى مۇنداق:

ئۆسكەن يۇرتىمىز قانلىق شىغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما، بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ئەنە شۇنداق قاراتمىلىقتا ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، شۇنداقلا ئاھاڭى جۇشقۇن، مەزمۇنى جەڭگىۋار بولغاچقا تەسىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى قاپلىغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئاچقان «مۇئەللىملەر مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مېيى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلىنغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى 1935 - يىلى يازدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپچى مەمتىمىن سوپىزادىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئاقسۇغا ئەۋەتكەن.

ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ئون نەچچە ئوقۇتقۇچىنى ئاقسۇنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدىكى مېھرى خېنىمنىڭ بېغىدا، ئەينى چاغدىكى ئاقسۇ مائارىپىنىڭ مەسئۇلى موللا مۇھەممەت ھاجى، مەھمۇت ئەپەندى، سوپىزادە قاتارلىق كىشىلەر قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئابدۇراخمان شائىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاقسۇدا قىسقا مۇددەت تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا «مۇئەللىم — بىز»

(«مەرىپەت مارشى»)، «ئىزچىلار مارشى»، «قوپ، قان ـ قېرىنداش» قاتارلىق قوزغىتىش ۋە ئويغىتىش كۈچىگە باي مارش ـ ناخشىلارنى ئۆگىتىپ ئۇلارنىڭ روھىنى جۇشقۇنلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۇلار ئاقسۇ خەلقىگە ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنىڭ قانداق يولغا قويۇلغانلىقىنى، قانداق نەتىجە قازانغانلىقىنى تونۇشتۇرغان. مەمتىمىن سوپىزادە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئىلغارلىققا تەلپۈنىدىغان ياشلارنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە يېڭى مائارىپنىڭ تەلىپى بويىچە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان «مۇئەللىملەر مەكتىپى» گە بەك قىزىققان ھەم شۇ يىلىلا «ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نى قۇرۇپ، بۇ مەكتەپكە ئۆزى مەسئۇل بولغان.

ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەرغىباتى ۋە ئاقسۇ جامائەتچىلىكىنىڭ، بولۇپمۇ خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋالىي نىياز شېرىپىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە جەدىدچە مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە «تۆمۈر غازى ئاتا» مەكتىپى، ئۈچتۇرپاندا «ساتۇق بۇغراخان» مەكتىپى ۋە «ئابباسىيە مەكتىپى»، ئاقسۇ كونىشەھەر، باي، كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيەلىرىدە «تۇران سادىقىيە»، «ۋەتەن يونۇسىيە»، «مەكتىپى ئوغۇزخان»، «مەكتىپى يېڭى يول»، «ساباھ»، «ھەمىدىيە»، «گۈلشەن» قاتارلىق مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان.

«ئاقسۇ شەھىرى تارىخى ماتېرىياللىرى — مائارىپ مەجمۇئەسى» (5 ـ قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «تارىختىكى مەكتەپ شېئىرلىرى (ناخشا) دىن تاللانما» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئېلان قىلىنغان «بىز ئوقۇغۇچىمىز»، «ئوقۇ، ياشلار»، «تىلىكىم ئوقۇش»، «ئەي ئەزىزىم، تۇر ئەمدى»، «خەلقىم يۇر ئەمدى» دېگەن بەش ناخشا مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان ناخشىلار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگەن ناخشىلار ئىچىدە لوتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلار يازغان شېئىرلاردا

ئۇلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بىلمىگەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگەن مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ شېئىرىدىن قارىغاندا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەسلىي ناخشىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە مەزمۇنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن. مەسىلەن، بىز مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «ئىزچىلار مارشى» نىڭ قانداق بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

## بىز ئوقۇغۇچىمىز

1. بىز ئوقۇغۇچى بىز، پۇت ـ قوللارىمىز،
كۆز دىماغىمىز ھەر يېرىمىز ساغلام.
ۋەتەن، خەلقنىڭ ـــ ئەلنىڭ قولى بىز،
دۈشمەنگە قەلبىمىز ساقلار ئىنتىقام.

قايتۇرمىسى:
يۇرۇك ئوقۇيلى ياش ئوقۇچىلار،
ۋەتەن، خەلق يولىدا قاينار ۋىجدانلار.

2. ئۇزۇن يىللار بىز زۇلمەت قوينىدا،
ئوقۇيالمىدۇق ۋەتەن يولىدا.
ئەمدى قۇتۇلساق بۇ نادانلىقتىن،
ئارمان يوق يۇرتىمىزغا ئىشلەش يولىدا.

قايتۇرمىسى:
يۇرۇك ئوقۇيلى ياش ئوقۇچىلار،
ۋەتەن، خەلق يولىدا قاينار ۋىجدانلار.

www.uyghurkitap.com

مەزكۇر كىتابتا بۇ ناخشىغا «بۇ ناخشا 1948 ـ يىلى نەنجىڭدا چىقىدىغان ‹تيانشان رەسىملىك ژۇرنىلى› دا ئېلان قىلىنغان. 1950 ـ يىلى شىئەندە نەشر قىلىنغان ‹شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى› دىمۇ نوتىسى بىلەن كۆچۈرۈپ بېسىلغان» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

مەتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «ئىزچىلار مارشى» نىڭ ئەسلىي شېئىرى مۇنداق:

بىز ئىزچىلار بىز، قولىلىرىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يۇرتىمىز قانلىق شىغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما، بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش!
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئاقسۇدا 1935 ـ يىلى «ئىزچىلار ئەترىتى» قۇرۇلغان. ئەترەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشتىكى مەقسىتى، قۇراللىرى ۋە ئېيتىدىغان ناخشىسى پۈتۈنلەي مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىزچىلار ئەترىتى» نى ئۈلگە قىلغان. ئابدۇراخمان مامۇت دىيارنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (24) دا ئېلان قىلىنغان، «ئاقسۇ كونىشەھىرىنىڭ مائارىپ تەزكىرىسى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يېزىلغان:

«‹ئىزچىلار ئەترىتى› ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، خەنزۇچە ‹تۇڭزىجۈن› دېيىلەتتى. بۇلار ئاساسەن تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇلار يىغىن، بايراملارنىڭ تەرتىپىنى ۋە كوچىلارنىڭ تەرتىپ ـ ئامانلىقىنى ساقلايتتى. ھۆكۈمەتتىن قارا كۆك تېرىكتىن كۇسار، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك، ئالتە شوئار قادالغان قالپاق تارقىتىلاتتى. ۋەزىپە بەلگىسى كۆڭلەكنىڭ ياقاچۈقىغا چۈشۈرۈلگەنىدى. قولىدا ئالا كالتەك بولاتتى. بۇ تەشكىلات 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، باشلىقى نەزىم قاسىمى ئىدى.

‹ئىزچىلار ئەترىتى› 1940 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئاقسۇ كونىشەھەردىكى ‹ئىزچىلار ئەترىتى› خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ھۆكۈمەت ساقچىلىرىدىن تەپ تارتمىغان كىشىلەر ‹ئىزچىلار ئەترىتى› دىن ئەيمىنەتتى. ئۇلارنى ئەمەلدارلارمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان ‹ئىزچىلار مارشى› بار ئىدى. بۇ مارشقا ئىلىم ـ پەننىڭ، مەرىپەتنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن:

بىز ئىزچىلارمىز، پۈت ـ قوللارىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئېشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا،
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇرۇپ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا.

ئۆگەن، تىرىش، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

‹ئىزچىلار مارشى› نىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ۋە ‹ئىزچىلار ئەترىتى› نى تەشكىل قىلغۇچى ـــ مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى ئىدى».①

بىز بۇ بايانلاردىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى تەسىرىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ شايار ناھىيەسىدىكى تەسىرىنى روزى ئىبراھىمنىڭ «شايار ناھىيەسىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» ناملىق ماقالىسىدىكى تۆۋەندىكى بايانلاردىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

«مەدەنىيەت ـ مائارىپ دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 1935 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغىچە ناھىيەنىڭ گۈلباغ، تويبولدى، يېڭى مەھەللە، مازارغوجام، يۇلتۇزباغ، نۇرباغ قاتارلىق 16 يېزىسىدا خەلق ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىدىن مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىشقا كىرىشتى. ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لاياقەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللىۋېلىپ ئۇيۇشما بىناسى ئىچىدە بىر سىنىپلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى. يەنە ئۈرۈمچىگە ئۈچ نەپەر، ئاقسۇغا ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى، كۇرس ئوقۇغۇ-

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (24) نىڭ 110 ـ ۋە 111 ـ بەتلىرى.

چىلىرى ئەخمەتجان ياقۇبى باشلىق ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىپ تەلىم ـ تەربىيە بېرىشى نەتىجىسىدە 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. بۇ يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇتقۇچىلارنى مەدەنيي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى ئورۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىدى. ئوقۇتقۇچىلار تەقسىم قىلىنغان جايلارغا بارغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن بەجاندىل ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان:

مۇئەللىم ــ بىز، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
ئىلىم ـ بىلىم نۇرلىرىنى خەلققە چاچىمىز.
ھارماي ـ تالماي ئىشلەش بۇ ئىرادىمىز،
ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىزنىڭ سادىق ئوغلى بىز،
ياشا ۋەتەن، ياشا خەلق،
يوقالسۇن، تۈگىسۇن خورلۇق ـ نادانلىق!

دېگەن ئوقۇتقۇچىلار مارشىنى جاراڭلىق ئوقۇپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېڭىچە پەن ـ مائارىپ بىلەن تەربىيەلەشكە باشلىدى.»①

بۇ باياندىن بىز، مەمتىلى ئەپەندى يولغا قويغان قىسقا مۇددەتتە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان «مۇئەللىملەر مەكتىپى» نىڭ شەكلى ۋە بۇ خىل كۇرسنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن كۈنلىرى ئاتۇش كوچىلىرىدا ئوقۇپ ماڭغان «مۇئەللىم ــ بىز» دېگەن مارشنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلىدە شايىردا ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (20) نىڭ 144 ـ ۋە 145 ـ بەتلىرى.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 32 ـ سانىدىكى ئابدۇ ـ ساتتار ھامىدىن يازغان «ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ شېئىرلىرى» دېگەن ماقا ـ لىدىمۇ «مۇئەللىم ـــ بىز» دېگەن مارش ئۆزگەرتىلىپ، «ئوقۇش پۇتكۈزۈش شېئىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان. بۇ نۇس ـ خىدا، مەتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ناخشىسى خېلىلا قىسقارتىۋېتىلگەن ۋە بەزى مىسرالار ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. مەسىلەن:

مۇئەللىم ـــ بىز، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچۇرمىز،
مىللەتنىڭ باشىغا نۇرلار چاچۇرمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭى ئېچىلغان قىپقىزىل گۈلى،
ئىنشائاللا بۇزۇلماس ياشار، مىڭ ياشار،
يۇرتىمىزدا مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغان گۈلى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن ئۆز ماقالىسىگە پەقەت كەلپىن ناھىيە ـ سىدىكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇلغان مەكتەپ ناخشىلىرىنىلا كىرگۈزگەن. بۇ توغرىدا ئاپتور مۇنداق يازغان: «يېڭى ئوقۇتقۇ ـ چىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان مەكتەپ ناخشى ـ لىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلپىندىكى مەكتەپلەردە ئوقۇلىدى ـ غان بولدى.» شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئابدۇساتتار ھا ـ مىدىن ئۆز ماقالىسىگە كىرگۈزگەن ئون سەككىز پارچە مەكتەپ ناخشىسىنىڭ ئىچىدىكى «ئويغان، ئاداش»، «ئىلىم ئوقۇيلى»، «قوپ، قان ـ قېرىنداش»، «قۇتۇلۇش»، «ئىزچىلار شېئىرى»، «تىلىكىم ئوقۇش»، «ئوقۇش پۇتكۈزۈش شېئىرى» دېگەن ماۋزۇلاردا ئېلان قىلىنغان يەتتە پارچە شېئىر مەتىلى ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ئابدۇساتتار ھامىدىن بۇ ناخشىلارنىڭ مەتىلى ئەپەندى تەرد ـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىدىن ئىجاد قىلىنغان ناخشىلار ئىكەنلىكىنى بىلىمگەچكە، بۇ نۇق-تىنى ئەسكەرتمىگەن.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ئىچىدىكى «ئىزچىلار مارشى» دېگەن ناخشىسىنىڭ يەنە ئاقسۇغا قاراشلىق ئاۋات ناھىيەسىدە ئومۇملاشقانلىقىنى بىز ئابدۇۋەلى ئەيسانىڭ ماقالىسىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئابدۇۋەلى ئەيسانىڭ «ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مائارىپ قۇرۇلۇشى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئاۋاتتا 1933 - يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھمۇد شىجاڭنىڭ تۇرپانلىق ئابدۇللا داموللا ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىپ بېرىشى بىلەن قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە» مەكتىپىدىن باشلاندى. شۇ چاغدا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە (ھازىرقى خەنزۇ 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا) ئىشخانا، ياتاق بولۇپ سەككىز ئېغىزلىق مەكتەپ سېلىندى. بۇ مەكتەپكە «مەكتىپى مەھمۇدىيە» دەپ نام بېرىلدى... بۇ مەكتەپنىڭ:

بىز ئوقۇغۇچى بىز، پۇت - قوللىرىمىز،
كۆز، دىماقىمىز، ھەر يېرىمىز ساغلام.
ۋەتەن، خەلقىنىڭ، ئەلنىڭ قۇلى بىز،
دۈشمەنگە دىلدىن قايىنار ئىنتىقام.
يۇرۇڭ ئوقۇيلى، ياش ئوقۇغۇچىلار،
ۋەتەن يولىدا قايىنار ۋىجدانلار...

دېگەن شېئىرى بار ئىدى.[1]»

ئابدۇۋەلى ئەيسانىڭ بۇ بايانىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ قىممىتى يۇقىرى، يەنى ئاۋاتتىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنىڭ سېلىنىشىدىكى سەۋەب، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىزچىلار مارشى» نى مەكتەپ ناخشىسى

[1] «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) نىڭ 203 - ۋە 204 - بەتلىرى.

سۈپىتىدە ئوقۇش قاتارلىقلار. بىراق، مەكتەپنىڭ سېلىنغان يىلى خاتا. ئاۋاتتا ئەڭ بالدۇر بولسا 1935 ـ يىلى كۈزدە يېڭى مەكتەپ ئوقۇشى باشلانغان، دېيىلسە تارىخي چىنلىققا ئۇيغۇن بولىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ تارقىلىشى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىغا ئالاقىدار ماقالە ۋە ئەسلىمىلەردە بىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «تۇرپاندا يېقىنقى زامان مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى» دېگەن ماقالىدە «شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار ئېيتىدىغان شېئىرلار» كۆرسىتىلىپ، ئارىسىدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «قوپ، قان ـ قېرىنداش» دېگەن مارشىنىڭ بىر كۇپلېتى مىسال قىلىنغان.

«قوپ! ئى ئاداش بىر ئەتراپىڭغا باق !  
باق، نە كۆرەرسەن ئويلىغىل ئۇزاق !  
دەرسۇ ئىبرەتلەر بېرەر بۇ جاھان،  
ياۋروپالاردىن ئال ئەمدى ساۋاق ![①]»

«تۇرپاننىڭ مائارىپ تارىخى» دېگەن ماقالىنىڭ ئاپتورى كېرەم تۇرسۇن بۇ ماقالىسىنىڭ ئىچىدىكى «چىراغسىز دەۋر ۋە يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنىڭ باشلىنىشى» دېگەن بۆلىكىدىمۇ يۇقىرىقى كۇپلېتنىڭ ۋارىيانتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن:

«قوپ! ئى ئاداش بىر ئەتراپىڭغا باق !  
باق، نە كۆرەرسەن ئويلىغىن ئۇزاق !  
يەردە، هاۋادا، سۇدا كېلۇرلەر،  
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق![②]»

---

① «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) 1988 ـ يىلى بېسىلغان، 60 ـ بەت.  
② «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» (2) نىڭ 120 ـ بېتى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ئىچىدىكى «قوپ، قان ـ قېرىنداش» دېگەن بۇ مارشىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن روشەن، چاقىرىق كۈچى كۈچلۈك، چۈشىنىشلىك، تېخىمۇ مۇھىمى ئاھاڭى ئىنتايىن جۇشقۇن بولۇپ، باللارنىڭ ئېيتىشىغا، چوڭلارنىڭ سۆز ـ سۆھبەت ـ لەردە نەقىل ئېلىپ سۆزلىشىگە بەك ماس كېلىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ شېئىرى يۇقىرىقى ماقالىلەردە كۆرسىتىلگىنىدىن سەل پەرقلىق بو ـ لۇپ، تولۇق تېكىستى مۇنداق:

قوپ! قان ـ قېرىنداش ئەتراپىڭغا باق!
باق! نە كۆرەرسەن؟ ئويلىغىن ئۇزاق!
دەرسۇ ئىبرەتلەر كېلۇر جاھاندىن،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق!
بىر، ئىككى، ئۈچ! بىرلىكتە زور كۈچ!

ئۇلار ئىلمۇ ھېكمەتتە يۈرەر،
سىنەسىدە كۆپ ھىممەتتە يۈرەر.
يەردە، ھاۋادا، سۇدا ئۈزەرلەر،
جۇملە جاھاننى يۇتماق ئىستەرلەر!
بىر، ئىككى، ئۈچ ! بىرلىكتە زور كۈچ!

كۆرسەت ماھارەت، گۈللەنسۇن ئېلىڭ،
مەرىپەت بېغىدا نۇرلانسۇن دىلىڭ.
قەرزىمىز، بۇرچىمىز ئەلنى ئاقارتىش،
بۇ يولدا مۇستەھكەم باغلىغىن بېلىڭ!
بىر، ئىككى، ئۈچ! بىرلىكتە زور كۈچ!

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرىنىڭ خوتەن دىيارىدى ـ كى تەسىرىنى «قاراقاش ناھىيەسىنىڭ مائارىپ تارىخى» دېگەن

كىتابتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ كىتابنى قاراقاش ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ سىستېمىسى پارتكومى بىلەن قاراقاش ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى تۈزۈشكە تەشكىللىگەن بولۇپ، تەتقىقاتچى مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق تەرىپىدىن تەييارلانغان. 2010 ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان. مەزكۇر كىتابنىڭ «بىرىنچى قىسىم ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مائارىپ» دېگەن قىسمىنىڭ «مەكتەپ ناخشىلىرى» دېگەن بۆلىكىگە 14 پارچە مەكتەپ ناخشىسى بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى «خەلقىم يۇر ئەمدى»، «تىلىكىم ئوقۇش»، «ئويغان دوستۇم»، «ئىزچىلار مارشى»، «ئوقۇش پۈتكۈزۈش خاتىرىسى» (مۇئەللىم ـــ بىز)، «سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ»، «ئۆلكىمىز»، «ناچار ئىللەتلەرگە تەنقىد» تىن ئىبارەت سەككىز پارچە ناخشا مەتىنى ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ.

قىسقىسى، مەتىنى ئەپەندىنىڭ ناخشا ـ مارشلىرى ۋە ئىزچىلار ئەترىتى تەشكىللەش، «مۇئەللىملەر مەكتىپى» ئېچىش ئۇسۇلى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا ئەمەس، قەشقەر تەۋەسىدىمۇ ئومۇملاشقان ۋە يولغا قويۇلغان. بىز بۇنى ئوسمان قاسىم بىلەن غەيرەتجان ئوسمان يازغان «قازىرىق سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدىكى مۇنۇ بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز:

«پەننىي ئوقۇتۇش مۇئەللىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى مۇنداق باشلانغان: 1935 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بەشكېرەم شۆبىسى بەشكېرەم بەگلىكى تەۋەسىدىكى پەننىي، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان يېشى چوڭ، دەرستە ياخشى، ساغلام باللاردىن يۈزدىن ئارتۇقراقنى قازىرىق مەكتەپكە يىغىپ، ياتاقلاشتۇرۇپ، كۇرسقا تەشكىللىدۇ. كۇرسىنىڭ ۋاقتى ئىككى ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن. كۇرسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك ئىشلىرىنى بەشكېرەم شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى غۇلام قادىر ھاجى بېجىرىدۇ. ئۇ

كۆرسقا ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى قوزغاپ، قەش-قەر ئەتراپىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلغۇاتقان مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) مۇئەللىم مۇھەممەتئىمىن خەلپىتىم ۋە تەنتەربىيە، غە-زەل (ناخشا) ماھىرى ئابدۇناسىر قاتارلىق ئىككىيلەننى ئوقۇتقۇ-چى قىلىپ ئەۋەتكەن».[①]

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا بىز مەمتىلى ئەپەندىدەك زور تەسىر قوزغىغان ھەم ھەر جەھەتتىن تۆھپە قوشقان ئۇنداق ئۇ-لۇغ مائارىپچىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئۇنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرىنى قېزىش، توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭ-قۇرلۇق ۋە كەڭلىككە ئىگە قىلىشنىڭ بىر يولى. يەنە شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى دەۋر روھىنى چۈشىنىشنىڭ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆھپە ـ نەتىجىلىرىنى باھالاپ، ئىلھام، مەدەت ئېلىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر يولى.

ئۇيغۇر مۇزىكا مائارىپىنىڭ باشلامچىسى، ئوت يۈرەك كومپو-زىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ناخشا ـ مارشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يەنە ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنى مۇئەييەن دە-رىجىدە يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ، مەمتىلى ئەپەندى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2013 ـ يىلى نورۇز بايرىمىدا يېزىلدى.

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان 30 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىنىڭ دوستلۇقى

قەدىمكى گىرىك پەيلاسوپى ئارىستوتېل دوستلۇقنى مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلگەنىدى: بىرىنچى، پايدا ـ مەنپەئەتكە ئاساسلانغان دوستلۇق؛ ئىككىنچى، خۇشاللىقنى ئاساس قىلغان دوستلۇق؛ ئۈچىنچى، پەزىلەتنى ئاساس قىلغان دوستلۇق. مەن بۇ ماقالەمدە يورۇتماقچى بولغان مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىنىڭ دوستلۇقى، ئېنىقكى، ئارىستوتېل كۆرسەتكەن بىرىنچى خىل دوستلۇققا مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش ئاساسىدىكى دوستلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ خاراكتېرى سىياسىي دوستلۇق ئىدى. ئارىستوتېلىنىڭ قارىشىچە، ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش ئاساسىدىكى دوستلۇق تۆۋەن دەرىجىدىكى دوستلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاقىتلىق دوستلۇق كاتېگورىيەسىگە كىرىدىكەن. بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئۆمرى مەقسەت ۋە مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىكەن. مەقسەت ۋە مۇھىت ئۆزگەرسە بۇ خىل دوستلۇقمۇ ئاخىرلىشىدىكەن.

مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىنىڭ دوستلۇقى شىنىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئالاھىدە مەقسەت ئاساسىدا شەكىللەنگەنىدى. تۈپ ئېتىقادىدىن ئېيتقاندا، مەنسۇر ئەپەندى ئاتېئىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولشېۋىك، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان داموللا ئىدى. چەكسىز ئالەمنىڭ ئېگىسىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى مەيداندا تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان بۇ ئىككى شەخس

شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئاجايىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇشقان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىككى مۇھىم تارىخىي شەخسنىڭ سىياسىي دوستلۇقىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەپسىلاتى توغرۇلۇق ئىشەنچلىك ماتېرىيال ۋە ئەھمىيەتلىك چۈشەنچىگە ئېرىشتۇق. شۇڭا، بۇ تېمىنى يورۇتۇش تارىخىمىزدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە غۇۋالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

مەن 1997 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق تارىخىي تەرجىمىھالىنى يازغاندا، مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى بايان قىلغان بولسامۇ، ئەمما، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىياسىي دوستلۇقى ھەققىدىكى بىلىشىم شەكىللەنمىگەن بولغاچقا، بۇ توغرۇلۇق توختالمىغانىدىم. يېقىندا مەنسۇر ئەپەندىنىڭ 1985 ـ يىلى يازغان «كۆرەش تارىخىدىن يادنامە» (يەنە بىر نامى «ئۇيغۇر زېمىنىدا») دېگەن ئەسلىمىسىنى ئوقۇپ بۇ ئىككى تارىخىي شەخسنىڭ سىياسىي دوستلۇقى ھەققىدە ماھىيەتلىك بىلىش ھاسىل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇ ئىككى خىل ئېتىقاد ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئىككى شەخسنىڭ دوستلۇقىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى يېزىشقا تۇتۇندۇم.

مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەشۇر روزىيېف بولۇپ، «مەنسۇر ئەپەندى» دېگەن نامى شىنجاڭدا تۇرغان چاغلىرىدا ئاتالغان. ئۇ 1902 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالماتا ۋىلايىتىنىڭ چېلەك ناھىيەسىگە قاراشلىق قاراتورۇق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1910 ـ يىللىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1920 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا غېنى مۇراتبايېفنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان ئالتە ئايلىق كۇرستا ئوقۇپ، سۆگەتى ۋە چېلەك يېزىلىرىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەردە مۇئەللىم، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1929 ـ يىلى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋە-

تىلگەن. مانا مۇشۇ جەريانىدا ئۇ ئاتېئىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئىستالىنىزملىق سىياسىي ئەقىدىگە ئىگە بولغان. 1934 - يىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىغاندا، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىپادىسى ئالاھىدە بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيا قىزىل پىروفېسسورلار ئىنستىتۇتىغا رېكتورنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنى بولۇپ تەيىنلەنگەن. شۇ يىللاردا ئىستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئىستالىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھەر مىللەتتىن بولغان تۈرلۈك كىشىلەرنى ياردەمگە ئەۋەتكەن. مەنسۇر ئەپەندى 1935 - يىلى 5 - ئاينىڭ باشلىرى ئىستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئائىلىسى ئايشەمنى ئېلىپ چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئەتىسى خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشكەن، ئۆگۈنى شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەن. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا «بىز سىزنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىمەكچىمىز، ئاساسەن فۇجۇشى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ ياردەملىشىپ تۇرىسىز. بۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىڭىزنى ئورۇنلىمايسىز، دېگەن سۆز ئەمەس، سىز ئۇ ۋەزىپىڭىزنى ئورۇنلاش بىلەن بىللە، فۇجۇشىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشىڭىز زۆرۈر. ئۇ كىشىنىڭ ئەتراپىغا ھەر تۈرلۈك ئادەملەر ئولىشىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئازدۇرۇشقا، خەنزۇ خادىملارغا ئۆچلەشتۈرۈشكە، ماڭا ۋە جۇشىغا ئىشەنمەسلىككە، ھەتتا غۇلغۇلا باشلاشقا دەۋەت قىلىدىغانلار بار. ئالتايدا ئەنسىزچىلىك بار، قومۇل ۋالىيسى مەركەزگە شەكلەن بېقىنغان بولۇپ، ئەمەلدە ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان. خوتەن ۋىلايىتىدە ما جۇڭيىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ما خۇسەن ۋىلايەتنى ئۆز ئالدىغا سوراۋاتىدۇ. قەشقەردىكى سىلىك مەھمۇد شىجاڭمۇ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە شەكلەنلا بېقىنىدۇ. مەركەزگە كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇ-

نىڭ ئادەملىرى فۇجۇشىنى يولدىن چىقىرىشقا، قوزغىلاڭغا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ ۋەزىيەتتە سىزنىڭ فۇجۇشى ئالدىدىكى رولىڭىز باھا يەتكۈسىز يۇقىرى بولۇشى كېرەك» (مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ تۆتىنچى بابىدىن ئېلىندى) دېگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنسۇر ئەپەندى ئىستالىن ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشىلەر ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم شەخس ئىدى. ئىستالىن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ساداقىتى ۋە ئالاھىدە خىزمەت قابىلىيىتىگە ئىشەنمىگەن بولسا، شېڭ شىسەي ئۇنى بۇ قەدەر مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىمىگەن بولاتتى. مەنسۇر ئەپەندى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا باشلىغان. بەزىلەر ئۇنى «مەنسۇر دا گۇۋېن» (ئالىي مەسلىھەتچى دېمەكچى) دەپ ئاتاشقان. ئۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدىكى نەمەت خەلپەت، ئابدۇللا داموللا، تاھىربەگ، يۇنۇس بەگ، سۇلتان ئەپەندى، ئەززەمخان تۆرە (ئۆزبېك)، قاسىم ئەپەندى (قازاق) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەۋقە ۋە مەيدانىنى كۆزىتىپ بىر قىسىملىرى بىلەن بارا - بارا يېقىنلاشقان. بولۇپمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا قومۇلدىن تارتىپ قەشقەرگىچە بىللە بولغان، ھېلىمۇ يېنىدا تۇرۇۋاتقان قاسىم ئەپەندى ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى قومۇللۇق ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كەتكەن. قازاق مىللىتىدىن بولغان قاسىم ئەپەندى ئىستالىن ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيە ئارقىلىق قومۇلغا ئەۋەتكەن جاسۇس ئىدى. ھامۇتخان لۈيجاڭ خۇسۇمەت سەۋەبىدىن مەنسۇر ئەپەندىگە يېقىنلاشقان. ئۇ مەنسۇر ئەپەندىگە مەھمۇد شىجاڭ قاتارلىق بىرنەچچە كىشىنى بولشېۋىزمغا قارشى، يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى، سىياسىي غەرىزى دۇرۇس ئەمەس ئادەملەر، دەپ بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ يەنە «مەھمۇد شىجاڭدىن كەلگەن خۇپىيانە خەت

ۋە تەكلىپلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا يۈنۈس بەگ، تاھىر بەگ، ئەز-
زەمخان تۆرە، ئاقمولـلا باي، ياقۇپ سـەنمۇجاڭ، نـەمەت خەلـپەت،
سالىھ تۈەنجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ باشقا سەپداشلىرى قاتـ-
نىشىدۇ، بىزنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ» دەپ دادلاپ مەلۇمات بەرگەن.

ئابدۇللا دامولـلا خوجىنىياز ھاجى ئىنقىلابىغا تۈرپاندا قېتىـ-
لىپ يېقىندىن ئەگەشكەن كىشى بولۇپ، شۇ چاغدا خوجىـنىـيـاز
ھاجىنىڭ ئەتراپىـدا ئىدى. ئۇمـۇ مەنسۇر ئـەپەندى بىـلەن ياخشـى
ئۆتكەن. چۈنكى مەنسۇر ئەپەندىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىـ-
يەلىنىشى يۇقىرى كىشى ئىدى. ئابدۇللا ئۆلكىلىك ئۇيـ-
غۇر مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغاچقا ئۇ-
نىڭغا تايىنىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. بىر قېتىملىق يىغىندا
ئۇ مەنسۇر ئەپەندىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئەپەندى
بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. مۇنتىزىم ئالىي مائارىپ تەربىيەسى
كۆرگەن، مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلەش تەجرىبىسى
مول، ئۇيغۇرلارغا بولشېۋىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇ-
رۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان مەنسۇر ئەپەندى ئۇيۇشمىنىڭ خىزمىتىـ-
نى قېلىپلاشتۇرۇش ھەم بولشېۋىستىك يولغا سېلىش ئۈچۈن
مەخسۇس نىزامنامە ۋە قوللانما تۈزۈپ چىققان. بۇ نىزامنامە بىـ-
لەن قوللانما غۇلجىدىكى «ھۈسەيىن بەگ مەتبەئەسى» دە بېسىـ-
لىپ، جايلارغا تارقىتىلغان. ئۇ يەنە ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ قا-
بىلىيىتى، بىلىم تەجرىبىسى، جەمئىيەتتىكى نوپۇزى ۋە مەۋقە-
سىنى ئاساس قىلىپ تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى توغ-
رۇلۇق لايىھە ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ لايىھە بويىچە ئۇيۇشما ھەيـ-
ئەتلىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى تۆۋەندىكىچە بولغان:

1. رەئىس ئابدۇللا دامولـلا ئومۇمىي رەھبەرلىككە، ئاساسلىق
تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا، مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل
بولغان.

2. مۇئاۋىن رەئىس مەنسۇر ئەپەندى ئومۇمىي رەھبەرلىككە، تەرغىبات ـ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا، ئاساسلىقى مەتبۇئات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

3. مەسئۇل كاتىپ شاھابىدىن ئەپەندى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا، ئاممىۋى ئىشلارغا، ئۇيۇشما خادىملىرىنىڭ لاياقىتى ۋە باشقا تەرەپلەرگە مەسئۇل بولغان.

4. سابىت ئەپەندى مائارىپ ۋە ئاقارتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

5. ئىبراھىم ئەپەندى مەدەنىي ئاقارتىش، سەنئەت بۆلۈمىگە باشلىقلىققا تەيىنلەنگەن. بۆلۈم ئەزالىرى ناسىر بەگ، ئابدۇكېرىم، مۇھەممەد رازىلار بولغان.

6. ئابدۇراخمان ئەپەندى تەپتىش ۋە نازارەت بۆلۈمىگە باشلىقلىققا تەيىنلەنگەن.

7. نەزەر ئاخۇن ۋەخپە ۋە ئىئانە توپلاش بۆلۈمىگە باشلىقلىققا تەيىنلەنگەن. تۇرسۇن بابا، نەمەت خەلپەت، ھۇسەيىن باي، ئاقموللا بايلار بۆلۈم ئەزاسى بولغان.

مەتبۇئات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان مەنسۇر ئەپەندى قارار بويىچە ئۇيغۇرچە گېزىت چىقىرىشقا تۇتۇش قىلغان ھەم مەسئۇل مۇھەررىرلىككە تەيىنلەنگەن. گېزىت تەھرىر ھەيئەتلىكىگە ئابدۇللا داموللا، شاھابىدىن ئەپەندى، سابىت ئەپەندى (مۇئەللىم)، ئابدۇراخمان ئەپەندى، تاھىر بەگلەر تەيىنلەنگەن. تەھرىرلىك خىزمىتىگە غۇلجىدىن مەتبۇئات ئىشىدا تەجرىبىسى بار مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنغان. باسما ئۈسكۈنىلىرى موسكۋادىن كەلتۈرۈلگەن. 1935 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ بېشىدا «يېڭى ھايات» دېگەن نامدا گېزىتنىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىنىپ 3000 نۇسخا تارقىتىلغان. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نامى «شىنجاڭ گېزىتى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ نەشر قىلىنغان. مەنسۇر ئەپەندى بۇ جەرياندا كۆرۈنەرلىك كۈچ چىقارغان. ئۇ



ئەززەمخان تۆرە

يەنە مۇشۇ ئارىلىقتا «شىنجاڭدا مىللەت مەسىلىسى» ناملىق بىر كىتابچە يېزىپ بېسىپ تارقاتقان. ئۇ بۇ كىتابىدا لېنىنچە مىللەتلەر دوستلۇقىنى تەكىتلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

خوجىنىياز ھاجى گەرچە ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاتېئىزمچى ھۆكۈمەت دەپ ياقتۇرمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن مەنسۇر ئەپەندىدەك ئادەملەرنىمۇ كۆزىگە سىغدۇرالمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ئەززەمخان تۆرە① دېگەن ئۆزبېك كىشى «كۇچا، كورلا، قاراشەھەرلەردە ساقچىخانىلار ئۇيغۇر سودا ـ تىجارەتچىلەرنى بوزەك قىلىپ،

① ئەززەمخان تۆرە مەرغىلانلىق ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر بولۇپ، موسكۋادا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، يېتىملار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان 22 ياشلىق تاتار قىزى سوفىيە ئىبراھىم ئاگىيۋا بىلەن 1924 ـ يىلى توي قىلغان. توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن قەشقەرگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. شۇ چاغدا كۇچادا ئىسھاقخان ئىدىسىملىك بىر ئۆزبېك كىشى بولۇپ، كاتتا باي ئىدى. ئەززەمخان شۇ كىشى بىلەن تونۇشۇپ، كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1933 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى كۇچاغا بارغاندا ئىنقىلابچىلارغا قېتىلغان. ئۆزى تەمكىن، چېچەن كىشى بولغاچقا، خوجىنىياز ھاجىغا مۇشاۋۇر بولغان. بەزى ئاپتورلار بۇ كىشىنى ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ جاسۇسى دەپ يازغان. مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى بۇ كىشىمۇ خوجىنىياز ھاجى قاتارلىقلار قولغا ئېلىنغاندا تۇتۇلۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن. ئايالى سوفىيە خانىم كۇچادا بىر ئۆمۈر مائارىپچىلىق قىلىپ ئىززەت ـ ئابرۇيى بىلەن 1950 ـ يىلى ئۇ ئالەمگە كەتكەن.

خالىغانچە قاماققا ئېلىپ ناھەقچىلىك پەيدا قىلىۋېتىپتۇ، مەن
يېقىندا كوچاغا بېرىپ كېلىش جەريانىدا بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر
تاپتىم» دەپ مەلۇمات بەرگەن. ئەززەمخان تۆرە خوجىنىياز ھاجى
قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلغاندا كوچادا قېتىلغان ئادەم
بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى بەك ھۆرمەتلەيتتى. بىراق، مەنسۇر ئە-
پەندى «قاقباش قېرى»، «زەھەرلىك ئۈنسۇر» دەپ ئۆچ كۆرەتتى.
ئەززەمخان تۆرىنىڭ مەلۇماتى مىللەتلەر دوستلۇقىغا زىيان يەتكۈ-
زۈشتىن ئەنسىرىگەن مەنسۇر ئەپەندى لېنىنىزمچە مىللەتلەر سى-
ياسىتىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئەززەمخان تۆرىگە نەق مەيداندا رەد-
دىيە بەرگەن ھەم «بۇ ئېيتىلغانلارنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ، بىرنېمە
دېگىلى بولمايدۇ. تەكشۈرۈش زۆرۈر، بەلكىم ئەپقاچتى غەلىتە
پاراڭلار بولۇپ چىقار» دېگەن. مەنسۇر ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىدىن
غەزەپلەنگەن خوجىنىياز ھاجى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تامدىكى
قوزۇققا ئىلىقلىق ئالتۇن يالىتىلغان قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئې-
لىپ، «قاچانلا بولسا خەققە يان باسىدىغان لومودىكەنغۇ بۇ» دەپ
تىللاپ، 34 ياشلىق بۇ ئالىي مەسلىھەتچىنى چېپىپ تاشلىغىلى
تاس قالغان. زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قورقىنىدىن مىدىر -
سىدىر قىلالمىغان. غەزىپىنى ئاران باسقان خوجىنىياز ھاجى
ھېچكىمگە قارىماي قوبۇلخانىدىن چىقىپ كەتكەن. نەمەت خەلپەت
قاتارلىقلارمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتكەن.
مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئۆز ئەسلىمىسىنىڭ ئونىنچى بابىدا يېزىشى-
چە، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ قوبۇلخانىدا قاسىم ئەپەندى
(قازاق) بىلەن ھامۇتخان لۈيجاڭ ئىككىيلەن قالغان. مەنسۇر ئە-
پەندى ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئازابلىق ھېسسىياتىنى مۇنداق ئى-
پادىلىگەن. «ئۇ كۈنى كۈنبويى بۇ قاملاشمىغان ئادالەتسىزلىك ۋە
سەت توقۇنۇش توغرىسىدا ئويلىنىپ، ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرۇشقا
شۇنچە تىرىشساممۇ، كەيپىياتىم ناچارلاپ، ئەسەبىي خاپىلىق قەل-
بىمنى ئازابلىدى. ئەركىسىز بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، ئويلىنىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇھ تارتتىم. ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى ئەللىك ئالتە ياشلىق سوڭغاي تېشىمغا تېپەتتى».

مانا شۇ ۋەقە سەۋەبىدىن 1936 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىش مەقسىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ ھەيئەتلىرىنى ئەۋەتكەن. ۋەكىللەر ھەيئىتىگە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇ شۇكاڭ باشلىق، مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن باشلىق بولغان. ھەيئەت ئەزالىرى مىللەتلەر ئارا مەجلىس كومىتېتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى جىڭ يۇجىڭ، ئۈرۈمچى مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم ئەپەندى، مەمەتنىياز لىيەنجاڭ ئىدى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ساقچى، كاتىپ، بوغالتىر بولۇپ جەمئىي 18 كىشى بىر قارا ماشىنىدا يولغا چىققان. خۇ شۇكاڭ بىلەن جىڭ يۇجىڭ مەنسۇر ئەپەندىگە ئوخشاشلا ئىستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگەن بولشېۋىكلار ئىدى. ئۇلار توقسۇندىن تارتىپ خىزمەت تەكشۈرۈپ، قاراشەھەرگە بارغان. قاراشەھەردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كورلىغا كېتىۋاتقاندا، بىر يېزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولدا جۇلدۇر كېيىمى بىر ئايال بىر ـ بىرىدىن ئورۇق بىرنەچچە كىچىك بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغان ھەم ئېرىنى ناھىيەلىك ساقچىخانىنىڭ بىگۇناھ زىندانغا تاشلىغانلىقىنى شىكايەت قىلغان. ۋەكىللەر ئەھۋالنى ئۇقۇپ قاراشەھەر ناھىيە مەركىزىگە بارماستىن، ئۇدۇل زىندان جايلاشقان جايغا بارغان. ئۇلار دۆڭرەك بىر جايغا سېلىنغان زىندانىنى كۆرۈپ، سورلۇك زىندان قاپقىسىنىڭ ئالدىغا ماشىنىسىنى توختىتىپ، باشلىق بىلەن كۆرۈشكەن. زىندان باشلىقى بولارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە تەيىنلەنگەن ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن بوشاپ كەتكەن. خۇ شۇكاڭ ئۇنىڭغا شىكايەتكە ئاساسەن زىندان تەرتىپىنى ۋە مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالىنى،

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقمىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. زىندان باشلىقى ئامالسىز قالغان. خۇ شۇكاڭ، مەن-سۇر ئەپەندى ۋە جاڭ يۇجاڭ ئۈچەيلەن سىياسىي جىنايەتچىلەر قامالغان كامېرغا كىرگەن. مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە شۇ چاغدىكى كۆرگەن ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بىز ئۈچەيلەن-گە زىندان باشلىقى سىياسىي جىنايەتچىلەر ياتقان بىرىنچى كا-مېرنىڭ تۆمۈر ئىشىكىنى ئاچقۇزدى. قاپقاراڭغۇ، يېرىم پەدىۋال ئىچىدىن چىققان سېسىقچىلىق ۋە زەي پۇراقلىرى دىماقلارغا يەت-كەندە، باشلىرىمىز ئايلىنىپ ، كۆڭۈللەر ئايىنىغان ھالدا توختاپ قالدۇق. شام كۆتۈرۈپ، ئالدىمىزدا ماڭغان ساقچى پەسكە چۈشۈپ گۈندىخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختىدى. ئاڭغىچە يەنە بىر ساقچى تۆپە تۈڭلۈكنى ئېچىۋەتتى. گۈندىخانا ئىچىگە يورۇق چۈ-شۈپ ھاۋا كىردى. بىز پەسكە چۈشۈپ ئەتراپقا قارىدۇق. بۇ-لۇڭلارغا ۋە تام بويلاپ، زەي يەرگە پاخال ياكى سامان تاشلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە كونا، يىرتىق چەكمەن ياكى جۇۋا يېپىنغان ئا-دەملەر ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئايلارچە يۇيۇلماي قاپقارا بولۇپ نېگىرلارغا ئوخشاپ قالغان، كۆزلىرى ۋە گەپ قىلسا چىشلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنىدۇ. چاچ - ساقاللىرى باش - كۆزىنى قاپلىغان، ئادەم چىرايى يوق، چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان مەخ-لۇقلارنى ئەسلىتىدۇ. پۇتلىرىنى كىشەن، قوللىرىنى زەنجىر يارا قىلىۋەتكەن، ئەزايۇ بەدەنلىرى ئۇرۇش، قىيناشتىن يارا ياكى تا-تۇق بولۇپ كەتكەن.

بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي، قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق. مەھ-بۇسلارنىڭ بەزىبىرلىرى گۈندىخانىغا يورۇق چۈشۈپ، ھاۋا كىر-گەنلىكىنى سېزىپ، قىمىرلىشىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىز-گە ھەيران بولۇپ قارىماقتا . بەزىلىرى بولسا، بىزنى ئۇرۇش، قىيناش ئۈچۈن كىرگەن نېمىلەرمىكىن، دەپ قورقۇشۇپ ئۆزلە-رىنى دەھشەت ئىچىدە چەتكە قاچۇرماقتا.»

ۋەكىللەر سوراش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇ كۈنىلا 21 مەھبۇسنى ئازاد قىلغان. ئۇلارنىڭ ئالدى ئۈچ يىل، كەينى يېرىم يىل زىنداندا ياتقان ئاتالمىش سىياسىي مەھبۇسلار بولۇپ، «ياپونىيەنىڭ جاسۇسى» دېگەندەك يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن قامالغانىكەن. ۋەكىللەر ناھىيە ھاكىمى توختى ھاكىمنى چاقىرىپ كۆرۈشكەندە ھاكىم بۇلارغا «بۇ يەردىكى بۇ خىل ئەھۋاللارنى غەيرىي رەسمىي رەۋىشتە ئاڭلاپ قالىمەن. ھەقىقىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇممەن» دەپ داد ئېيتقان.

مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە قاراشەھەردە يۇقىرىقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەنلىكىنى تەپسىلىي يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئەززەمخان تۆرىنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوبۇلخانىسىدا يەتكۈزگەن مەلۇماتىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلماي باشقا گەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. ھېلىقى جۇلدۇر كېپەن ئايال بالىلىرى بىلەن بىللە بۇلارنىڭ يولىنى توسىمىغان بولسا، ئۇلار پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىدە بىرەر ناھەقچىلىكنى ئۇچراتماي، يالغان دوكلات ئاڭلاپ، شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياستى» نى تەشۋىق قىلىپ، ئېسىل زىياپەت يەپلا قايتىپ كەلگەن بولاتتى.

ئۇلار كورلا، بۈگۈر، كۇچا ۋە باي ناھىيەلىرىدە ئاساسەن يىغىن ئېچىپ، يەپ - ئىچىپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ ماڭغان. بۇ ۋەكىللەر 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «12 - ئاپرېل» بايرىمىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاپ سەپەر قىلىشۋاتقان بولغاچقا تەكشۈرۈشى ئىنتايىن يۈزە بولغان. يامان يېرى ئۇلار كۇچادىن كەتكەندىن كېيىن، يەنى 1936 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە كۇچادا ئۈچ كېچە زور تۇتقۇن بولغان. بۇ قېتىمقى تۇتقۇندا بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلاردىن بولۇپ 100 دەك ئادەم ھەپسىگە ئېلىنغان. بۇ قېتىمقى تۇتقۇن قىلىش بىلەن بۇ ۋەكىللەرنىڭ قانداق ئالاقىسى بار؟ بۇ

www.uyghurkitap.com

تەرىپى ئېنىق ئەمەس. مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدىمۇ بۇ
ھەقتە گەپ قىلىنمىغان. لېكىن گۇمانلىق ئىككى مەسىلە بار.
بىرى، مەنسۇر ئەپەندى باشلىق بولشېۋىكلار بايلارنى يوقىتىشنى
ياقلايتتى. بولشېۋىزمدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان يۇرت كاتتىلىرىنى
دۈشمەن كۆرەتتى. يەنە بىرى، كۇچا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
زۇپەر مۇنانسىپوف (تاتار) چۆچەك ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن
ئىستالىنىزمچى ئىدى. كۇچانىڭ ھاكىمى قادىر ھاجى دېگەن كى-
شىمۇ مەنسۇر ئەپەندى بىلەن ئۇرۇمچىدە تونۇشۇپ ئۇنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرىغان كىشى ئىدى. شۇڭا، مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسى-
دە قادىر ھاجى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتكەنلىكىنى
يازغان[1].

مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ۋەكىللەر ئاقسۇدا ئاقسۇنىڭ ۋالىي-
سى نىياز شېرىپى، ھاكىمى ئابدۇللا ئەپەندى قاتارلىقلار تەرىپى-
دىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە نىياز
شېرىپىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. بىراق، ئاقسۇ خەلقى ئۇنىڭدا
ياخشى تەسىرات قالدۇرمىغان. ئۇ ئاقسۇ شەھىرى ھەققىدە مۇنداق
يازغان: «70 مىڭغا يېقىن ئادەم ياشايدىغان بۇ شەھەرنىڭ تەبىئىي
شارائىتى باشقا شەھەرلەرگە نىسبەتەن ناچار، ئاھالىسىنىڭ ئىچى-
دە ئاغرىق - سىزلاق تولا بولغاچقا، ئادەملىرىنىڭ تولىسى ياداڭ،
تۇرق - چىرايى چۈشكۈن، خۇشۋاقلىق، تېتىكلىك، ھەرىكەتچا-


[1] قادىر ھاجى دېگەن بۇ كىشى توقسۇنلۇق بولۇپ، زو زۇڭتاڭنىڭ تەشەببۇسى
بىلەن ئېچىلغان «شۆتاڭ» دا ئوقۇغان. خەنزۇچىنى ياخشى بىلگەچكە تۇرپان ئامبىلىغا
تۇڭچى (تەرجىمان) بولغان. كېيىن دادىسىنىڭ ئورنىغا توقسۇندا جەڭگى بولغان. بېي-
جىڭگە بېرىپ يۈەن شىكەينىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشىغا بېلەت تاشلىغان. ياڭ زېڭشىن ھۆ-
كۈمىتى ئۇنى كۇچاغا تۇڭلىڭ، يەنى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىگەن.
شېرىپ خۇشتار تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»
دېگەن كىتابتا قادىر ھاجى تۇڭلىڭ «1932 - يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن» دەپ
يېزىلغان. ئېنىقكى، ئۇنىڭ قازا قىلغان يىلىمۇ، يېشىمۇ خاتا ئېيتىلغان. چۈنكى
مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە 1936 - يىلى 3 - ئايدا كۇچاغا بارغاندا «مەن كۇچانىڭ
ھاكىمى قادىر ھاجى بىلەن ئۈرۈمچىدە تونۇشقان، مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆ-
رۈشتى» دەپ يازغان.

www.uyghurkitap.com

لىق دەرىجىسىمۇ تۆۋەنرەك كۆرۈندى.»

مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ۋەكىللەر ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا بېرىپ، تاشكەنتتە ئىككى يىل بولشېۋىكلارنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان 22 ياشلىق ھاكىم ئابدۇراخمان بىلەن كۆرۈشكەن. مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە «ئىنقىلابىي ئىدىيەسى مەزمۇت» بولغاچقا، «ئۇنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ بىرى مەن ئىدىم» دەپ يازغان. ۋەكىللەر ئۇچتۇرپاندىن ئاقسۇغا قايتىپ، نىياز شېرىپى قاتارلىق ئەمەلدارلار بىلەن خوشلىشىپ مارالبېشىغا يولغا چىققان. يولدا دولان مەشرىپىنى كۆرگەن. مارالبېشىدا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ئاكتىپ يۈرگۈزمىگەن، دەپ ھاكىم باشلىق بىرنەچچەيلەننى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا باشقىلارنى تەيىنلىگەن. «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا ئاز قالغاندا قەشقەرگە يېتىپ بارغان. ۋەكىللەرگە كاتتا زىياپەت ھازىرلىنىپ كۈتۈۋېلىنغان. ئۇلارنى مەھمۇد شىجاڭ، گېنېرال لىيۇبىن، ۋالىي ما شاۋۋۇ، «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى قۇتلۇق شەۋقى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇراخمان ھاجى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قەشقەرگە ئەۋەتكەن گېنېرال رىبالكو، ئىشتاب باشلىقى قۇربان سەئىدى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى ھاشىمھاجىيېف، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىقلار بىرلىكتە كۈتۈۋالغان. زىياپەتتە مالىيە نازىرى خۇ شۇكاڭ بىلەن مەنسۇر ئەپەندى بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتى ھەم ۋەزىپىلىرى توغرۇلۇق سۆز قىلغان. يېقىن ئارىدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە زىياپەتتىن ئالغان تەسىراتى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «بۈگۈنكى ئۇچرىشىش جەريانىدا رەھ-



سۈرەتتە: سولدىن ئوڭغا مەھمۇد مۇھىتى، رىبالكو، لىيۇ بىن

بىرى خادىملار سىياسىي جەھەتتىن بىرنەچچە قارىمۇقارشى گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەخپىي كۈرەش ئالامەتلىرى بىلىنىشكە باشلىغانلىقى سېزىلدى. مەھمۇد شىجاڭ گۇرۇھىنىڭ ھەممە تەرەپتىن ئەڭ ئۈستۈن ۋە قۇدرەتلىك كۈچكە — سىياسىي، ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئايان ئىدى. دېگەندەك، ھەم ھەربىي، ھەم مۇلكىي، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ تىزگىنى مەھمۇد شىجاڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.»

مەنسۇر ئەپەندى قەشقەردە تۇرۇش جەريانىدا مەھمۇد شىجاڭ، گېنېرال رىبالكو، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇچراشقان، قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىنى قانداق قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىغان.

مەھمۇد شىجاڭ ئۇنىڭدا ئەڭ كۆڭۈلسىز تەسىرات قالدۇرغان.

سۆھبەتتە مەنسۇر ئەپەندى مەھمۇد شىجاڭدىن «يېڭى ھايات» گېزىتى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە ماددىلىق سىياسىي پىروگراممىسىنى تەرغىب قىلىشتىن نېمىشقا باش تارتىدۇ؟ ھەتتا بىزنىڭ بۇ ۋىلايەتكە كەلگەنلىكىمىز توغرۇلۇق خەۋەرمۇ ئېلان قىلىپ قويمىدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغاندا، مەھمۇد سىجاڭ قوپاللىق بىلەن «بۇنى مۇھەررىردىن سورىماي نېمىشقا مەندىن سورايسىز؟ يەرلىك شارائىت شۇنى تەلەپ قىلىدۇ، بىز ئېزىلگەن خەلقىمىزنىڭ غېمىنى يەپ ئىنقىلاب قىلدۇق ۋە قان تۆكتۇق، نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئەنە شۇ جەڭلەرگە قاتناشقانلارنىڭ ئۆزلىرىلا بىلىدۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئۆزىمىز ئازاد قىلغان خەلققە ئۆز مەپكۇرىمىز، ئۆز قاراشلىرىمىز، ئۆز خاھىشىمىز بويىچە رەھبەرلىك قىلىشقا ھەققىمىز يوقمۇ؟» دېگەن. مەنسۇر ئەپەندى مەھمۇد شىجاڭنىڭ ھەيۋىسىنى ھەم سۆزىنىڭ كەسكىنلىكىنى كۆرۈپ، «بۇنىڭ بىلەن سۆز تالاشىش ھەم پايدىسىز، ھەم تاكتىكىمىزغا زىيانلىق» ئىكەن، دېگەننى ئويلاپ، سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ «جانابلىرى، قۇتلۇق شەۋقى قانداق ئادەم؟ ئۆزلىرىگە ساداقەتمەن دەپ ئاڭلىدىم» دەپ سورىغاندا، مەھمۇد شىجاڭ جاۋابەن «ئۇ ناھايىتى ياخشى، دىيانەتلىك، تەقۋادار، بىلىملىك ۋە ھەقىقەتچى ئادەم، ئۇ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىمنى چوڭقۇر بىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك مىللەت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» دېگەن.

مەھمۇد شىجاڭ ئۇنىڭدىن خوجىنىياز ھاجى توغرۇلۇق «فۇجۇشى ھاجىمنىڭ تىجارىتى قانداق مېڭىۋاتىدۇ؟» دەپ كىنايىلىك سورىغان. چۈنكى شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى سودىغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. مەنسۇر ئەپەندى دەرھال «فۇجۇشىنىڭ تىجارەت ئىشلىرى ئوبدان مېڭىۋاتىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي بايلىقىغا ھەسسە قوشۇپ، ئومۇمىي تەرەققىياتىمىزغا ياردەملىشىۋاتىدۇ، بۇ يامان ئىش ئەمەسقۇ؟» دەپ مۇغەمبەرلىك بىلەن جاۋاب

بەرگەن. مەھمۇد شىجاڭ «ئۇ كىشى قۇجۇشىغۇ؟! قارىغاندا قورچاق بولۇپ ئولتۇرغىچە سودا قىلاي دەپتۇ ـ دە» دەپ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا قوشۇمچە قىلغان.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەڭ رازى بولغان كىشىلەر توغرۇلۇق مەنسۇر ئەپەندى مۇنداق يازغان: «بىز قەشقەرگە بارغان كۈندىن باشلاپ، خەلقنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاق كۆڭۈل ئادەملىرى بىزدىن ھال سوراپ ، ئىشلىرىمىزغا يار ـ يۆلەك، ياردەمچى، مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاتنىشىپ تۇردى. بولۇپمۇ ئابدۇغوپۇر داموللا بىلەن ئابدۇراخمان ھاجى ئىشلاردا ئاكتىپ ئىدى. ۋەكىللەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى دەپ ھېسابلىغانلىقىغا بىز خۇشال ئىدۇق.» بۇ باياندىن مەنسۇر ئەپەندىنىڭ شاپتۇل داموللا قاتارلىق بىرنەچچەيلەن بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرۇشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى ھېسابلايدىغان شاپتۇل داموللىنىڭ ئىستالىننىڭ مۇرىتى بولغان مەنسۇر ئەپەندىگە دوستلۇق بىلدۇرۇپ «ۋەكىللەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشى» دەپ ھېسابلىغانلىقى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى.

دەرۋەقە، بۇ ۋەكىللەر يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، ھەتتا چەرچەن ناھىيەلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تۇنجى بولۇپ ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلەر يەنىلا ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا، ئاتۇشلۇق ئابدۇراخمان ھاجى ۋە بىرنەچچە مۇئەللىم بولغان. دېمەك، مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىنىڭ دوستلۇقى چوڭقۇرلاشقان. ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە شاپتۇل داموللىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «يېشى يەتمىشكە يېقىنلاشقان، قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى كېرەمباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن[1]، ئۆزى تەمبەل، ئېگىز

① مەنسۇر ئەپەندى بۇ نۇقتىدا خاتالاشقان. شاپتۇل داموللا قەشقەر كېرەمباغلىق كىشى بولماستىن، بەلكى پەيزاۋاتقا قاراشلىق شاپتۇل يېزىسىدا تۇغۇلغاچقا، ئەل ئارىسىدا ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا دەپ ئاتالغان.

www.uyghurkitap.com

بويلۇق، تولۇق كەلگەن، ئاق چىراي، مەڭزى ئاناردەك قىزىل، ئۇزۇن ئاقساقىلى كۆكسىنى قاپلىغان، تېتىك، تەمەن ئادەم. ئەگەر ساقىلىنى دېمىسە، ئەللىك ياشلاردىكى كىشى ئىكەن، دەپ ئويلاش مۇمكىن بولار ئىدى».

مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە قۇتلۇق شەۋقى ھەققىدىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ۋىلايەتلىك ‹يېڭى ھايات› گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى يېشى يەتمىشكە يېتىپ قالغان، بويى پاكىنەك، چۈگىدەك، ئورۇق ـ ھاغدا، تىرىك ـ تېتىك، ھەرىكەتچان، چىرايى ئاق قىزىل، ساقال ـ بۇرۇتى ئاقىرىپ قالغان كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئۈرۈمچىدە غايىۋانە ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن شەخسەن ئۇچرىشىش، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەپكۇرىۋى ھەم ئومۇمىي پائالىيىتى توغرۇلۇق خېلى مەلۇماتلار ئېنىقلاندى. بارلىق پائالىيىتى لېنىنىزم غايىلىرىگە قارشى قارىتىلغان، بولشېۋىزم مەسىلىكىنى دەھشەتلىك دەپ ھېسابلايدۇ ھەم پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئۆچ كۆرىدۇ. مۇنداق كىشىلەر قەشقەر ۋىلايىتىدە، خۇسۇسەن قەشقەر شەھىرىدە ئاز ئەمەس». مەنسۇر ئەپەندىنىڭ قەشقەردە تۇرۇش جەريانىدا ئەڭ ياقتۇرمىغان ئادەملىرى مەھمۇد شىجاڭ، قۇتلۇق شەۋقى ۋە مەمتىلى ئەپەندى بولغان. ئۇ ئەسلىمىسىدە ئۇلارنى بىر گۇرۇھ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە يېتەكلەپ كېتىۋېتىپتۇ، بولشېۋىزمغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويمايدىكەن، دەپ ئاغرىنغان.

شاپتۇل داموللىنى بولسا «ئابدۇغوپۇر داموللا شۇ مەزگىلنىڭ ۋەزىيىتى تەلەپ قىلغان دىنىي تەرغىباتنى ھۆكۈمەت سىياسىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشقان ئادەم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن يۈرگۈزۈلگەن كۈرەشنىڭ قەھرىمانى ۋە



شاپتۇل دامولla

ئىنقىلاب قۇربانى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئەربابتۇر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى مەنسۇر ئەپەندىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل دامولla ۋە ئابدۇراخمان ھاجىلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيتتى.① شۇڭا، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قورسىقىدىمۇ ئۆز ئالدىغا پىلانى بار ئىدى.

مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىدىكى بارلىق تەكشۈرۈش ۋە تەسىراتلىرىنى شىڭ شىسەيگە يازمىچە ياكى رادىسىيە ئارقىلىق يوللاپ خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغان. جۈملىدىن شاپتۇل داموللىنىڭ تېپىلغۇسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى شىڭ شىسەيگە خەۋەر قىلغان. ۋەكىللەر بىلەن شىڭ شىسەي قەشقەردە مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئاممىۋى تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈمىدىنى شاپتۇل داموللىغا باغلىغان. نەتىجىدە، شىڭ

① مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە مەشھۇر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى «بولشېۋىك مەنسۇر قەشقەرىيەدە» دېگەن ماۋزۇدا مۇلاھىزىلىك خەۋەر يېزىپ، پارتىزدا مۇستاپا چوقاي باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىدىغان ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان. مەنسۇر ئەپەندى ئەسلىمىسىدە بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ: «بىز قەشقەرىيەدىن ئۇرۇمچىگە يېنىپ كەلگۈچە مەركىز ژۇرنالنىڭ بۇ يەردە تارقىلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، دۈشمەنلەر ئىغۋاسىنىڭ سۇرئىتىگە قايىل بولدۇق» دەپ يازغان.

www.uyghurkitap.com

شىسەي مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ۋەكىللەرگە شاپتۇل داموللىنى ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كېلىشنى تاپىلىغان. ئۇنىڭ مەقسىتى شاپتۇل داموللىنىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆمەككە باش قىلىپ موسكۋاغا زىيارەتكە ئەۋەتىش ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ 1935 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىلغان ئۆلكىلىك مىللەتلەر قۇرۇلتىيىدا شاپتۇل داموللىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ يۈرەتتى.

لىۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 1285 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە ئاساسلانغاندا، شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ھاياجاندىن خۇدىنى يوقاتقان شاپتۇل داموللا «بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېيىلگەن، ئەگەر پەيغەمبەر كېلىدۇ، دېيىلگەن بولسا، شېڭ دۇبەن جانابلىرى پەيغەمبەر بولغان بولاتتى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە شېڭ شىسەي بۇ دىنىي زاتقا يۇقىرى شەرەپ بېرىپ، ئالتۇن ئوردېن تەقدىم قىلغان.

مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى شاپتۇل داموللىنى ئېلىپ قەشقەردىن 1936 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قايتىشقا تەرەددۇت قىلغان. دەل شۇ كۈندىن بىر كۈن ئاۋۋال كەچتە شاپتۇل داموللا مەھمۇد شىجاڭ بىلەن خوشلىشىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا بارغان. قايتقاندا تۈمەن دەرياسى بويىدىكى موزدوز مەھەللىسى[1]دە بىرلىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق بوغۇزلىۋېتىلگەن. ئۇ لەختە ـ لەختە قان ئىچىدە جان تەسلىم قىلغان. ئېتى قانغا بويالغان چۇلۋۇرىنى سۆرەپ ئۆيىگە بارغاندا خوتۇن ـ بالىلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەن. ئەتىسى تاڭ سەھەردە بۇ خەۋەر پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىگە تارقىلىپ كەتكەن. مەنسۇر ئەپەندىگە بۇ خەۋەرنى قوغدىغۇچىسى ئويغىتىپ يەت-

① مەنسۇر ئەپەندى «موزدوز مەھەللىسى» دېگەن ئورۇن كۆنچى مەھەللىسى بولسا كېرەك.


كۆزگەن. ئۇلار ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ نەق مەيدانغا بارغان. ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا ئادەملەر توپلىشىپ كېتىشكەن. مەنسۇر ئەپەندى ساقچىلارنىڭ يول ئېچىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ جەسەتكە يېقىنلاشقان. ئۇ شۇ چاغدا كۆرگەن ئەھۋالنى كىتابىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «جەسەت ياتقان يەرگە ماڭدۇق، داموللا بويىندىن بوغۇزلىنىپ، پەقەت گەدىنىنىڭ تۆت ئىلىكتەك تېرىسىلا تۇتۇپ قاپتۇ. قىلىچ بىلەن چېپىلىپتۇ. بويىنىدىن ئاققان قان بىر مالنىڭ قېنىدەك بولۇپ، ساقال - يۈزلىرىگە چاچراپ كېتىپتۇ. بىز بېرىشىمىزغا مەھمۇد يېشىنى سۈرتۈپ ‹يۇرت خەلقىمىزنىڭ ئاتىسى قاتىللار قولىدا قۇربان بولدى› دەپ بىز بىلەن كۆرۈشتى».

مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق ۋەكىللەر شۇ كۈنى كەچتە بۇ قانلىق ۋەقەنى رادىسىيە ئارقىلىق شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە خەۋەر قىلغان. شۇ ئاخشىمى ناتونۇش بىرەيلەن مەنسۇر ئەپەندىنى ئىزدەپ كېلىپ بۇ ۋەقەنى «مەھمۇد شىجاڭ ئىككى ئەسكىرىنى بۇيرۇپ سادىر قىلغان» دەپ، ئۆزى ئۇققان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن. مەنسۇر ئەپەندى بۇ ئەھۋالنىمۇ شۇ كېچىسى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزگەن. ئۇ يېقىن دوستىنى مەھمۇد شىجاڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، قەشقەردە مەھمۇد شىجاڭنىڭ گېپى گەپ بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئامالسىز قالغان.

مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىنىڭ دوستلۇق مەزگىلى قىسقا بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مېھرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. بۇنى مەنسۇر ئەپەندىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋەكىللەر نامىدىن شىڭ شىسەيگە يازغان دوكلاتىدىكى سۆز ئۇرانىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىمۇ ئۇ قەشقەردە مەھمۇد شىجاڭ بىلەن پىكىر - قاراش جەھەتتە زىتلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتقان، بولۇپمۇ شاپتۇل داموللىنى مەھمۇد سىجاڭ ئۆلتۈرگۈزۈۋەت-

تى، دەپ بىلگەچكە خوجىنىياز ھاجى بىلەن نەمەت خەلپەتكە مەھمۇد شىجاڭ توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا «مەھمۇد شىجاڭ بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى ياقتۇرمىدىڭىز، دەپ ماڭا خاپا بولۇپ يۈردى. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا چېپىلمىدىم، قارىسام دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىدا بىزنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسىي يولىنى ئاغزىدا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئەمەلىيەتتە يەرلىك شارائىتىمىز ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ، دەپ ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسالغۇلۇق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلكە ھۆكۈمىتىگە بېقىنمايدىغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» دېگەن. مىسال تەرىقىسىدە ئۇ قەشقەردىكى مەكتەپلەردە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تۈزۈپ تارقاتقان نىزام ۋە پىروگراما بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارماي، تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەن مەمتىلى ئەپەندى دېگەن بىرى تۈزگەن پىروگراما ۋە دەرسلىكلەر بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قاقشىغان. مەنسۇر ئەپەندى مەھمۇد شىجاڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش غەرىزىدە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «مەھمۇد سىلىنى بولشېۋىكلارغا ئالدىنىپ سېتىلغان دەيدىكەن. مەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، سىلىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەڭگىۋار ۋە قەدىرلىك يولباشچىسى، يېڭى ھۆكۈمەت سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشىۋاتىدۇ، دېدىم. شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىمىزدا تالاش ـ تارتىش ئەۋج ئالدى» دېگەن. خوجىنىياز ھاجى بۇ چاغدا «مەن بۇرۇندىنلا مەھمۇت شىجاڭنىڭ مەندىن نارازى بولۇپ يۈرگىنىنى بىلىدىغان، ئەمما بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن» دەپ ئىنكاس قايتۇرغان. ھەر ئىككىلىسى ئەينى چاغدا ئەززەمخان تۆرە يەتكۈزگەن خەۋەرلەرنىڭ چىن ياكى ساختا بولۇپ چىققانلىقى توغرۇلۇق سۆز تەشمىگەن.

مەنسۇر ئەپەندى شاپتۇل داموللا بىلەن بولغان سىياسىي دوستلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ، خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسى-



داملا عبدالغفور ابن عبدالله الكاشغرى
نڭ اثرىدور

بو اثر
ملتلر دوستلىغىنى چوڭيتىش و يڭگى شنجاڭنى
قوروش اوچون كورەشكەن بويوك بهادر
مرحوم عبدالغفور داملام خاطرەسى
اوچون نشر ايتلدى .

١٣٥٥ ( 1936 ) منگو 25 يل
١١ نىنجى ئاى
شنجاڭ اويغور گزيتخانەسىدە
5000 نسخە بسيلدى .

( اورومچى )

شاپتۇل دامولىلىنىڭ كىتابچىسىنىڭ مۇقاۋا سۈرىتى

مۇ، ۋاقىت چىقىرىپ شاپتۇل دامولىلىنىڭ قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن سۆزىنى رەتلەپ كىتابچە قىلىشقا تەييارلىغان. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: «ئابدۇغوپۇر دامولىلىنىڭ ئۆلتۇرۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە مەرھۇمنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ توپلىمى چىقىرىلماقچى بولدى. توپ-لىغۇچى ھەم نەشر ئەتكۈچى بولۇپ مەن تەيىنلەندىم. مەرھۇمنىڭ ماقالە، نۇتۇقلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، تەھرىرلىنىپ بولغاندىن كېيىن 1936 ـ يىلى نويابىردا شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتخانىسىدا مەزكۇر توپلام 5000 نۇسخا بېسىلىپ چىقتى».

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەتبەئە ـ نەشرىيات ئىشلىرى تارىخىدا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن تۇنجى قېتىم بېسىپ تارقىتىلغان، شەخسنىڭ نامىدىكى كىتاب شاپتۇل داموللىنىڭ كىتابى بولسا كېرەك. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدىن تارقىتىلغان نىزام ۋە پىـ-روگراممىسى كىتابى كوللېكتىپ نامىدىكى تۇنجى كىتاب بولسا كېرەك.

شاپتۇل داموللىنىڭ بۇ كىتابى 30 بەت ئەتراپىدا بولسىمۇ، مەزمۇنى ئەينى چاغدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن بىباھا كىتاب ئىدى. شۇنداق بولغاچقا مەنسۇر ئەپەندى بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا مۇنداق يازغان: «مىللەتلەر دوستلۇقىنى چىڭىتىش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش-كەن بۈيۈك باھادىر مەرھۇم ئابدۇلغوفۇر داموللام خاتىرىسى ئۈ-چۈن نەشر ئېتىلدى». مەنسۇر ئەپەندى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى «بېسىلغۇسى مەرھۇم ئابدۇلغوفۇر داموللامنىڭ بۇ رىسالىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتى ئۈچۈن چوڭ ئورۇن ئال-دىغان قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك تارىخىي ۋە سىياسىي قىممەتكە ئىگە بولغان بىر رىسالىدۇر» دەپ باشلىغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ كىتابنى مەنسۇر ئەپەندى بىلەن شاپتۇل داموللىنىڭ سىياسىي دوستلۇقى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كىتاب، دېيىشكە بولىدۇ.

مەنسۇر ئەپەندى ئىستالىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن نەچچە يۈزلىگەن ھەر مىللەتتىن بولغان كادىر ـ مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ ئىشەنچىسىگە ئەڭ ئېرىشكەن ئادەم ئى-

ـدى. مەنسۇر ئەپەندى ئولتۇرسا ـ قوپسا بولشېۋىكلارنىڭ مەنپەئە-تى ئۈچۈن ئويلايدىغان ئادەم بولغاچقا، بولشېۋىكلارغا باغرىنى ئاچقان شاپتۇل دامولللىنىڭ كىتابچىسىنى رەتلەپ، بېسىپ تارقاتـقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولسا، بۇ كىتابچە بېسىلىپ چىـقىشى ناتايىن ئىدى.

مەنسۇر ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ سادىق بولشېۋىزمچى ئىدى. شۇ-ڭا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدىمۇ يۇقىرى نوپۇزلۇق شەخس ئىدى. شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىل-گەن نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى تاماملاپ 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندە مەنسۇر ئەپەندى بۇلارغا شىن-جاڭ ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس سىياسىي ـ ئىدىيە دەرسى ئۆتۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان. ئۇ يەنە شۇ يىلى شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئو-قۇشقا چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە مەس-ئۇل قىلىنغان. بۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس ئى-دى. شۇنداق بولسىمۇ، شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان زور تۇتقۇندا خوجىنىياز ھاجى، دېھقانچىلىق (يەر ـ سۇ) نازارىتىنىڭ نازىرى يۇنۇس بەگ، مىللەتلەر مەجلى-سىنىڭ رەئىسى تاھىر بەگ قاتارلىق نەچچە مىڭلىغان كىشلەرنى قولغا ئالغاندا، مەنسۇر ئەپەندىنىمۇ قاماققا ئېلىپ بۇرھان شەھى-دى بىلەن بىر كامېرغا سولاپ قويغان. مەنسۇر ئەپەندى شۇ چاغ-دىكى تۇتقۇن قىلىش ئەھۋالىنىڭ كۆلىمىنى ئەسلىمىسىدە «مىڭ-لىغان ئادەملەرنىڭ ناھەق سولىنىشى نەتىجىسىدە ئادەملەر تۇرمى-لەرگە سىغماي، باشقا بىنالار تۇرمە تەقلىدىگە كەلتۈرۈلدى» دەپ يازغان. بۇرھان شەھىدى تۇرمىدە شۇ ياتقانچە يەتتە يىل يېتىپ 1944 ـ يىلى قۇتۇلغان. مەنسۇر ئەپەندى بىرنەچچە ئايلا ياتقاندىن كېيىن قويۇۋېتىلىپ قەشقەرگە بىللە بارغان بولشېۋىك سەپدىشى جىڭ يۇجىڭ بىلەن بىللە غۇلجا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا

www.uyghurkitap.com

يولغا سېلىپ قويۇلغان. بولشېۋىكلار پارتىيەسى بۇ ئىككىيلەننىڭ شىنجاڭدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم ئۇلارنى كافكازنىڭ كىسلوۋودىسك دېگەن يېرىدىكى ئىستالىن نامىدىكى ساناتورىيەدە ئىككى ئاي ئارام ئالدۇرغان.

ساناتورىيە تۇرمۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەنسۇر ئەپەندى بىر مەزگىل ئۆزبېكىستان ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈش باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1939 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلىغىچە قازاقىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ھەر خىل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئىستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ دوستلۇقى بۇزۇلغاندىن كېيىن، 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەمەي ۋىلايىتىگە قاراشلىق باختى دېگەن جايغا كېلىپ چۆچەككە 8 ~ 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنى قوزغاشقا تەييارلىق قىلغان. نەتىجىدە، نىلقىدا ئىنقىلاب پارتلاپ، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامدا ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ ئۈچ يۆنىلىش بويىچە گومىنداڭ ئارمىيەسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان. تارباغاتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، مەنسۇر ئەپەندى چېگرادىن ئۆتۈپ چۆچەككە كېلىپ مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىمزالاپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان مەنسۇر ئەپەندى دەرھال قازاقىستانغا قايتقان. قايتقان كۈنى، يەنى 1946 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپى ئابلىمىت ھاجىيېف كوللېكتىپ نامىدىن ئۇنىڭغا قىزىل دۇخاۋىغا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان، رامكىلانغان لەۋھە تەقدىم قىلغان. لەۋھەگە «مۆھتەرەم مەنسۇر



مەنسۇر ئەپەندىنىڭ چۆچەكتە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زۇنۇن تېيىپوف بىلەن چۈشكەن سۈرىتى

ئەپەندى جانابلىرى! خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تارىخىي خىزمىتىڭىزنىڭ نەتىجىلىرى ئەبەدىي گۈللەنسۇن!

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى دۆلەت خادىملىرى ۋە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

مەنسۇر ئەپەندى قازاقىستانغا قايتىپ ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي كېڭىشى پىرېزىدىمى ئۇنى «هۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس تاپشۇرۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن» دەپ بىرىنچى دەرىجىلىك «ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىغان. شىنجاڭ خەلقى بەرگەن لەۋھە بىلەن ئىستالىن هۆكۈمىتى بەرگەن ئوردېنىنىڭ قايسىسى ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەقىقىي ماس كېلىدۇ، دېگەن مەسىلە ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەنسۇر ئەپەندى قازاقىستاندا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «يېڭى هايات» گېزىتىدە بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. «ۋەتەن ئوغلى» دېگەن تەخەللۇستا

ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنى ۋە دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەـ رىپىدىن دۆلەت ئالدىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئىلگىرى ـ كېـ يىن تۆت ئوردېن، توققۇز مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. يېشى 80 دىن ئاشقاندا «كۈرەش تارىخىدىن ئەسلىمە» («ئۇيغۇر زېمىنىدا») دېگەن ئەسلىمىسىنى يازغان. شۇ يىللاردا، يەنى 1980 ـ يىللاردا ئەينى ۋاقىتتىكى كونا جاسۇسلار توغرۇلۇق ھەر خىل مۇلاھىزىـ لەر، باھالار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغاچقا، ئۇ ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرىدا «ھاياتىم پاكى ماماتىمدىن قەتئىينەزەر، مەن توغرۇلۇق ھەقىقەتنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا ئىشىنىمەن!» دېگەندەك قارىماققا ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، ئەنچىكە تەھلىل قىلىسىڭىز دېـ لىغۇللۇق چىقىپ تۇرىدىغان سۆزنى يازغان.

مەنسۇر ئەپەندى ئۆزى بىر ئۆمۈر ئەقىدە باغلىغان بولشېـ ۋىكلار تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ يىمىرىلىش ھارپىسىدا، يەنى 1989 ـ يىلى 2 ـ يانۋار كۈنى 87 يېشىدا ئۇ دۇنياغا، يەنى ئۆزىدىن 53 يىل ئىلگىـ رى كەتكەن سىياسىي دوستى شاپتۇل داموللىنىڭ قېشىغا كەتكەن.

2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا يېزىلدى.

# سابىت داموللام كىم

تەزكىرە ئەسەرلىرى بىر مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىدىغان ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بايان قىلىنغان ماقالە ـ ئەسەرلەر تەزكىرە ھېسابلىنىدۇ. تەزكىرە ئادەتتە دۆلەتتىن تارتىپ ئائىلىگىچە، شەھەردىن تارتىپ شەخسكىچە، تاغ ـ دەريالاردىن تارتىپ دەل ـ دەرەخلەرگىچە ھەممە شەيئى، ۋەقە ـ ھادىسە توغرىسىدا يېزىلىدۇ. ئۇ تارىخ ۋە يىلنامىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئادەتتە ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، تەرجىمھال، كۆرۈنۈش (رەسىم، سۈرەت، خەرىتە)، جەدۋەل ـ ئىسخېما، قوشۇمچە ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەزكىرە تۈزۈش ئارقىلىق مەلۇم بىر رايوننىڭ ياكى جاينىڭ ئېكولوگىيەسىگە، ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا، گۇمانىتار مەدەنىيىتىگە، جەمئىيەت تارىخىغا ۋە ھازىرقى رېئال ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار توپلىنىپ، ئاخىرىدا ماتېرىيال ئامبىرى شەكىللىنىدۇ. بۇ ماتېرىيال ئامبىرى شۇ رايون ياكى جاينىڭ ئەينىكى بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن شۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىلىش قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەزكىرە ئەسەرلىرى بىلىش قىممىتىدىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە كىشىلەرنى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەش ۋە تەربىيەلەش رولىغىمۇ ئىگە. ئۇ كىشىلەرنى ئىجابىي ۋە سەلبىي تىپلار، ماتېرىياللار، تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەربىيەلەيدۇ. شۇڭا، تەزكىرە تۈزۈشكە ئەھمىيەت

www.uyghurkitap.com

بىرىش دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمىتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ تەزكىرە خىزمىتىگە 1980 - يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. بۇ خىزمەت بارغانسېرى چوڭقۇر، ئىلمىي، سىستېمىلىق قانات يېيىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ سەل قارىلىۋاتقان، كەمتۈك بولۇپ قېلىۋاتقان مەزمۇنلار يوق ئەمەس. بۇ ھال ھەممىمىزنىڭ كۈچ چىقىرىشى، ئاكتىپ قاتنىشىشى ۋە ئىزدىنىشىنى كۈتمەكتە.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا بايان قىلىنماي كېلىۋاتقان بىر مۇھىم تېما. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابتىمۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى يېزىلغان، ئەمما سابىت داموللام تېمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابتىمۇ يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ھەم پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان، ئەمما سابىت داموللام تېمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ كىتابلاردا 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن سەلبىي شەخسلەردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئېلىخان تۆرە، مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن، ئوسمان ئىسلام قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان. شۇ قاتاردا سابىت داموللامۇ تونۇشتۇرۇلۇشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن تونۇشتۇرۇلمىغان. سابىت داموللامنىڭ تارىخىي تەسىرى ئۇلارنىڭكىدىن ئاجىز دەپ قارىلىپ تونۇشتۇرۇلمىغانمۇ، دېگەندە مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇ جيەنيىڭنىڭ «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912~1949)» دېگەن كىتابىدا، لىيۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، كوللېكتىپ يازغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە

تارىخى (3)» دېگەن كىتابتا، جاڭ شۈمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالە ـ نۇتۇقلار توپلىمىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، تۈركچە، ئەرەبچە، ياپونچە سەككىز خىل تىل ـ يېزىقتا بىرلا ۋاقىتتا نەشىر قىلىپ تارقىتىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا سابىت داموللام ۋە ئۇ قۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ بايان قىلىنغان ھەم مۇلاھىزە قىلىنىپ تەنقىدلەنگەن. مەسىلەن، لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابنىڭ تۆتىنچى بابى ««شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن باب بولۇپ، مەزكۇر بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدا مەخسۇس ««شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى» تەنقىدىي بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغانلىقى، «ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلىنغانلىقى، «تەشكىلىي پروگرامما»، «سىياسىي پروگرامما» ھەمدە ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن» ۋە «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا يەنە ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» نىڭ زوڭتۇڭ، گوۋۇيۈەن ۋە ۋازارەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى، سابىت داموللىنىڭ زوڭلى بولغانلىقى، «ئاساسىي قانۇن» دا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى، تېگى كۆك رەڭلىك، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ «دۆلەت بايرىقى» بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ

پاراگرافتا يەنە بۇ ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» نىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، «دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى» نى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى ھەمدە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە تۈركىيەنىڭ زىيارەتكە كەلگەن ھەربىي، سىياسىي ئەربابلىرى ئارقىلىق بۇ ئىككى دۆلەتتىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى، قەشقەر ۋە خوتەندە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ پۇلىنى تارقاتقانلىقىنى، يەنە «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتىنى، «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى ناملىق ژۇرنالىنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ پاراگرافتا يەنە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گەرچە ئىنتايىن قىسقا مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن زىيىنىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنغان. بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى «بۆلگۈنچىلىك جەھەتتە ئىدىيەۋى ئاڭدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى تاماملاپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ ئۆرنىكىنى ياراتقان» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پاراگرافتا يەنە «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بۇ ئۆمرى قىسقا تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئاچچىق ساۋاقلارغا تولغان بىر مەيدان تراگېدىيە بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەتكە، مىللەتكە، چېگرا رايونلارغا ۋە چېگرا رايوندىكى خەلققە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولدى» دەپ خۇلاسىلەنگەن. بۇ پاراگرافتا يەنە چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى توغرۇلۇق توختىلىپ، ««شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»، قاسقاندىن چىققاندىن كېيىن، بىرمۇ دۆلەت ھۆكۈمىتى بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېتىراپ



www.uyghurkitap.com

قىلىشقا پېتىنالمىغان. پەقەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئەمدىلا تەختكە چىققان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى زاھىر شاھلا ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› گە ئاشكارا ھالدا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ پاراگرافتا يەنە ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيەسى توغرۇلۇق توختىلىپ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتىگە قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە: ‹ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى باشقۇرسا، بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ 2 ـ مانجۇرىيە دۆلىتى بولۇشىغا قاراپ تۇرساڭلار، ئۇنداقتا بىز چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۆزىمىزنى قوغدايمىز›» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى ھەم شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنى تازىلىغانلىقى بايان قىلىنغان.

كوللېكتىپ يازغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابنىڭ 3 ـ تومىدا «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىلىشى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىلىپ تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ بۆلۈمدە بۇ بۆلگۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ كىم تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان: 1933 ـ يىلى يازدىن باشلاپ «قەشقەر رايونىدا تۆت گورۇھ كۈچ شەكىللىنىپ، بىر ـ بىرى بىلەن پۈت تېپىشىپ، ھەممىسىلا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىش خىيالىدا بولۇشتى. ئۇلاردىن بىرى تۆمۈر بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى، ئۆزىنى شىنىڭ شىجاڭى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى دەپ ئاتىدى ھەم تۇرپانلىق ئۇيغۇر يۇنۇس بەگنى سابىق مەمۇرىي باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئىككىنچىسى، ما جەنساڭ بولۇپ، ما جۇڭيىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچ ئى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى

دى. بۇ سابىق مەمۇرىي باشلىق ما شياۋۋۇ بىلەن بىرلەشتى، بۇ-نىڭ قىسمى خىل، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۈچىنچىسى، ئوسمان بولۇپ، بۇ بىر زومىگەر، قۇلاق كەستى ئىدى، بۇ ھېچ-قانداق ئەيمەنمەستىن خەنزۇلارنى بۇلايتتى، ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، ئۇي-غۇرلارنىڭمۇ تەلىيى ئۇڭدىن كېلىپ ساق قېلىشى تەس ئىدى، تۆمۈر ئۇنى شىنىڭ شىجاڭى قىلىمەن، دېگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن نارازى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئوتتۇرد-سىدىكى زىددىيەت بەك چوڭقۇر ئىدى. تۆتىنچىسى، سابىت داموللام بولۇپ، ئۇنىڭ تايانچ بازىسى خوتەن ئىدى. لېكىن، قەش-قەردىمۇ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل 'شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى' قۇرۇش ئىدى. بۇ بىرقانچە گۇرۇھ كۈچ ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، ھەممىسىلا پۇرسەت كۈتۈپ قارشى تەرەپنى يۇتۇ-ۋېلىشنى ئويلايتتى.»

بۇ بۆلۈمدە يەنە «سابىت دامولام ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا پىلانلىغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئەنگلىيەنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك پىلانىغا ماس كەلگەنلىكتىن، ئەنگلد-يە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ... 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچىدە 'شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇ-رىيىتى' قەپەستىن چىقتى ... دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىسى: سابىت دامولام، ئاتۇشلۇق، ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا ئوقۇغان، ھىند-دىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىل ـ يې-زىقىنى بىلىدۇ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يېتىشتۈرگەن غالچا» دەپ بايان قىلىنغان.

داڭلىق تارىخچى ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كى-تابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا «ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قەشقەردىكى توقۇ-نۇشلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئون تۆتىنچى باب قىلىنىپ بايان قىلىند-

غان. مۇشۇ بابتا ئاپتور «سابىت داموللىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى»، «قاراقاش ئىسيانى»، «سابىت دامولىنىڭ يەكەنگە كېلىشى»، «تۆمۈر ئەلىنىڭ سابىت دامولىنى نەزەربەند قىلىشى»، «خوجىنىيازنىڭ سابىت دامولامنى قولغا ئېلىشى» دېگەن كىچىك ماۋزۇلار بويىچە سابىت دامولىنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش جەريانىنىڭ باش - ئاخىرىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. ئاپتور سابىت دامولام توغرۇلۇق «سابىت كىچىكىدىن سىستېمىلىق ئىسلام تەلىماتى بىلەن تەربىيەلەنگەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام تەلىماتىنى زېھىن قويۇپ تەھسىل قىلغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي ئۆلىما بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1928 - يىلىدىن كېيىن سابىت دامولام يۇرتى ئاتۇشتىن ئايرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە، كېيىن ئىلىدا مۇدەررىسلىك قىلغان. 1930 - يىلى سابىت دامولام ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىغا كەلگەن خوتەنلىك مۇھەممەتئىمىن ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ... مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق سابىت دامولىدىن تەلىم سورىغاندا، سابىت دامولام بىلىپ - بىلمەي ئۆزىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ مەسىلىدە مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئورتاق تونۇشقا كەلگەن» دەپ يازغان. ليۇ زىشياۋ ئەپەندى يەنە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قاراقاشتا بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان «دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سابىت دامولام ھىندىستاندىن خوتەنگە كەلگەن. سابىت دامولام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە تۈركىيە، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگەنىدى. بۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلىدا سابىت دامولام

بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تۈنجى كۆرۈشۈشى ئىدى. سابىت
داموللام پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇھەممەتئىمىن پىلانلىغان ھەرىكەت-
نى قوللىغان» دەپ بايان قىلغان. ئاپتور سابىت دامولللىنىڭ مۇ-
ھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر قاتارلىق ئاتامانلار
بىلەن بىللە 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ «قەشقەردى-
كى دىنىي زاتلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەر سا-
بىت دامولللىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سابىت دامولللام قەش-
قەردە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە يادرولۇق شەخسكە ئايلان-
دى»، «كېيىنكى كۈنلەردە، سابىت دامولللام ھەر خىل ۋاستىلەر-
نى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلىدى. ئوسمان ئە-
لى ئاخىر قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى
يوقاتتى. مۇنداق مۇھىت يارىتىلغاندىن كېيىن، سابىت دامولللام
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ‹شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى كۈ-
چەيتتى. ئۇ تۆمۈر، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر بوستان-
لىقىدىكى جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشىنى
مەقسەت قىلغان ھەرىكىتىگە تۈپتىن قارشى يول تۇتتى» دەپ
يازغان.

لىۇ زىشياۋ ئەپەندى سابىت دامولللىغا باھا بېرىپ «سابىت
دامولللىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى
ئىدارە قىلغۇدەك ئاساسى ۋە تەجرىبىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ
مۇسۇلمانلار شەھىرى بولغان قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە زې-
مىندا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيىتىدە ئەكس ئەتكىنى بولسا
دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدى» دەپ يازغان.

شۇ جيەنيىڭ ئەپەندى «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن
جۇڭگو شىنجاڭ (1913～1949)» دېگەن كىتابىدا «ئەنگلىيە بى-
لەن ئاتالمىش ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›» دېگەن

ماۋزۇ بويىچە سابىت داموللامنىڭ بۇ ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەت» نى قۇرۇش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىخچام بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللام توغرۇلۇق توختالغاندا «سابىت داموللام قەشقەرلىك، كىچىكىدە قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. كېيىن مۇددەرىس بولغان. ئافغانىستان، ھىندىستانلارغا چىقىپ ئوقۇپ بىلىمىنى ئاشۇرغان. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ساياھەت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە بارغان. سابىت داموللام مۇدەررىسلىك قىلىپ ئايلىنىش جەريانىدا ئاقسۇدىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردىكى تەسىرى زور، ئىمتىيازلىق شەخسكە ئايلانغان»، «ئۇ، تېپىك بۆلگۈنچى، مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل پانئىسلامىزملىق دۆلەت قۇرۇش» دەپ يازغان. سابىت داموللامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا توختالغاندا ئاپتور مۇنداق يازغان: «4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى يەكەنگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەردىن يەكەنگە قېچىپ كېلىۋالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ‹مىنىستىرلىرى› نى قولغا ئالغان. كېيىن، خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللام قاتارلىق بۆلگۈنچىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 7 ـ ئايدا، سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلگەن (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە ئۆلگەن).»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق شۇجىسى جاڭ شۇمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەم ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن كىتابىدا «شىنجاڭدىكى ‹ئۈچ خىل كۈچ› نىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش» دېگەن بىر چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭ ئىچىدىكى «‹شەرقىي تۈركىستان› كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن كىچىك ماۋزۇدا 1933 ـ يىلى

قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئەيىبلەپ كېلىپ «مەزكۇر ھۆكۇمەت» گەرچە «ئىنتايىن قىسقا مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما زىيىنى ئىنتايىن زور بولدى»، «بولۇپمۇ قېلىپلاشمىغان جۇغراپىيەلىك نام بولغان ‹شەرقىي تۇركىستان› غا پۈتۈنلەي سىياسىي مەنە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالماش سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئاتالغۇ شىنجاڭنى بۆلۈۋالماقچى ۋە مۇستەقىل قىلماقچى بولغانلارنىڭ سىياسىي بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى»، نەتىجىدە، «1944 ـ يىلى غۇلجىدا ئېلىخان تۆرىمۇ ‹شەرقىي تۇركىستان› بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى» دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى نوپۇزلۇق كىتاب، تارىخىي ئەسەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىكى مەزمۇنلاردىن سابىت داموللىنىڭ شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان ئىسلام قاتارلىق مەشھۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان سەلبىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ توغرۇلۇق مەخسۇس كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى كەڭ ـ كۇشادە تەنقىد ۋە تەھلىل قىلىندى. نى يۇچىڭ ئەپەندى «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، خۇاڭ جيەنخۇا ئەپەندى «ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد»، لو شاۋۋېن ئەپەندى «ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»، ليۇ شياڭخۇي ئەپەندى «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى. لېكىن سابىت داموللىنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى سىستېمىلىق تونۇش-

تۇرۇلغان ماقالە ــ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنمىدى. پەقەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ــ يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» دېگەن كىتاب بىلەن 2004 ــ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 2 ــ قىسمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى كىتابتا بايان قىلىنغان تارىخىي مەزمۇنلاردا پەرق زور ھەم خاتا جايلار كۆپ بولۇپ قالغان. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «1930 ــ يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا قەشقەردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان داڭلىق كىشىلەر ئىچىدە سابىت داموللىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، دەپ تىلغا ئالىدۇ. بۇ خاتا» (216 ــ بەت) دەپ يازغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا يەنە قاراقاشتا 1933 ــ يىلى قۇرۇلغان «ھۆكۈمەت» توغرۇلۇق «بۇ ھۆكۈمەتكە مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇن رەئىس، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەربىي قوماندان، سابىت داموللام مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە مۇئاۋىن ھەربىي قوماندان بولۇپ سايلانغان» دەپ يېزىپ سابىت داموللىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئاتايىتەن «بۇ قەشقەردە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› گە باش ۋەكىل (زۇڭلى) بولغان سابىت داموللام ئەمەس» (295 ــ بەت) دەپ ئەسكەرتكەن. روشەنكى، 1933 ــ ۋە 1934 ــ يىلى 18 ~ 19 ياشلىرىدا قەشقەردىكى بىر ــ بىرىگە قارشى سىياسىي ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئېلىشىشىغا ئىشتىراك قىلىپ، شۇ ئىشلارغا شاھىت بولغان سەيپىدىن ئەزىزىمۇ سابىت داموللام توغرۇلۇق خاتا مەلۇمات بەرگەن.

دېمەك، تۇرلۇك كىتاب ۋە ماقالىلەردە سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى چولتا، زىددىيەتلىك، خاتا بايان قىلىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ سۈرىتىمۇ خاتا بېكىتىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېلىۋاتىدۇ. ما شوكاڭنىڭ «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر (1840~1949)» ناملىق كىتابىنىڭ ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، نىڭ باش - ئاخىرى» دېگەن بىر ماقالە بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ مەزمۇنغا بىر پارچە سۈرەتنى بېرىپ (70 - بەت)، ئاستىغا «كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر سابىت داموللام» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن. سۈرەتتىكى كىشى يۈزى سوزۇق، ئاق ساقاللىق كىشى بولۇپ، سابىت داموللام يۇمىلاق يۈزلۈك، قارا ساقال ئادەم ئىدى. يۈز كېپتى ۋە ساقىلى ئوخشىمىغاندىن باشقا چىراي ئالامەتلىرىمۇ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ. دېمەك، سۈرەت خاتا بېكىتىلگەن. شېرىپ خۇشتار ئەپەندى تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابىنىڭ باش قىسمىغا 20 ۋاراقتىن ئارتۇقراق تارىخىي سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغانلاردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئوسمان ئىسلام، ئېلىخان تۆرە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد

سەبىرى، ئەيسا ئالىپتېكىنلەرنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى بېرىلگەن. سابىت داموللامنىڭ كوللېكتىپ بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، چۈشەندۈرۈشتە قولىدا تەسۋى تۇتۇپ ئولتۇرغان كىشىنى سابىت داموللام، دەپ خاتا كۆرسىتىپ قويغان.

خوش، ئۇنداقتا سابىت داموللامغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ماتېرىياللاردىكى خاتالىقلار، كەمتۈكلۈكلەر شۇ پېتى كېتىۋېرەمدۇ ياكى ئۇنى تۈزىتىپ، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەزكىرە، قامۇس، لۇغەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلارغا يېڭى، توغرا، سىستېمىلىق ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىش زۆرۈرمۇ؟ تارىخىي چىنلىقنى، تارىخىي پاكىتنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى قەدىرلەيدىغان ھەربىر تەتقىقاتچى بۇ مەسىلىگە «زۆرۈر» دەپ قارايدۇ، ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە سابىت داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئۆلچەملىك سۈرىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. تەتقىقاتچىلارنىڭ خاتا جايلىرىنى تۈزىتىپ ۋە كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سابىت داموللام 1883 ـ يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە ئابدۇلباقى ئىسىملىك كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.① باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئازاقتا چوڭ ئەلىماخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. 1900 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان. 1914 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ داموللا بولۇپ، ئۇدۇل غۇلجىغا كېلىپ، ئازاقلىق يۇرتداشلىرى ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان

---

① سابىت داموللامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرۇلۇق ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ماتېرىياللاردا مۇشۇ يىلنامە ئاساس قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما تۈركىيەلىك گېنېرال زىيا يەرگۆك ئۆزىنىڭ «سارقامىشتىن ئەسارەتكە (1915 ~ 1920)» دېگەن ئەسلىمىسىدە 1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سۈيدۈڭدە سابىت داموللام بىلەن بىللە بولغاندا «بۇ كىشى 30 ياشتا يا بار، يا يوقتى» دەپ يازغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا سابىت داموللام 1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇلغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

سۈيدۇڭدە ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيەگە ئۆيلىنىپ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. سابىت داموللامنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلىنى سۈيدۇڭدە قالدۇرۇپ، قەشقەرگە نېمە سەۋەبتىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر سۈيدۇڭدىكى «رەستە ۋەقەسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ 1916 - يىلى سۈيدۇڭدە «رەستە ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىغا ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1917 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سۈيدۇڭگە كەلگەن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ باج خادىمى شيې بىنىنىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار مۇنداق ئۇچۇر بار: «سۈيدۇڭ سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم ئەتراپىدا ئىكەن، بۇ قەلئە ئىلىدىكى توققۇز كۈرەنىڭ بىرى ئىكەن. بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ماناس بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سودا دۇكانلىرى جەنۇبىي قوۋۇق چوڭ كوچىسى ۋە جەنۇبىي قوۋۇقتا ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتا ئاساسەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى، سېپىل ئىچىدە پۇتۇنلەي تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقانىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتىكى بازار ئالدىنقى يىلى ئوت كېتىپ ۋەيران بولغانىكەن. ھازىر بولسا دۇكانلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىنىپ ئۆيلەر رۇس پاسونىدا سېلىنىپتۇ. ئۆيلەر رەتلىك، كۆركەم، كوچىلار كەڭ ئىكەن» (79 - بەت). «رەستە ۋەقەسى» دە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى كۆيۈپ كېتىپ، پەقەت سېپىلغا تۇتاش سېلىنغان بىر ئۆينى ئىشرەتخانا قىلىۋالغان، «جۇخوازى» دەپ نام ئالغان كۇچالىق بىر سەتەڭ ئايالنىڭ ئۆيىلا ساق قالغان. مانا مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» سەۋەبىدىن سۈيدۇڭدىكى ئۆلىمالار ھەم سودىگەرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزى نادان سودىگەرلەر بىز ئۆشرە - زاكاتنى ئايرىۋاتقان تۇرساق بىزنىڭ دۇكانلىرىمىز كۆيۈپ، كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت قاينايدىغان بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ

ساق قالغىنى نىمىسى، دېيىشىپ ئۆلىمالارنىڭ كۆزىگە كىرىۋال-
غان. سابىت داموللام مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» تۈپەيلى كېلىپ
چىققان ئىختىلاپلار تۈپەيلى ئايالى بىلەن ئوغلى ئابدۇللانى سۈي-
دۈڭدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قەشقەرگە قاي-
تىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ئەمما تۈركىيەلىك گېنېرال زىيا يەر-
گۆكنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، يۇقىرىقى سەۋەبنىڭ
چىنلىقىغا تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئوس-
مان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر
تۈركۈم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى 1915 - يىلى ئەرمىنىيەنىڭ
سارقامىش دېگەن يېرىدە رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە
چۈشۈپ سىبىرىيەگە پالانغان. ئۇلار 1918 - يىلىغىچە سىبىرى-
يەدە ئەسىرلىكتە ياشىغان. رۇسىيەدىكى ئىنقىلابلار سەۋەبىدىن
كونتروللۇق بوشىغاچقا، 1918 - يىلى 10 - ئايدا زىيا يەرگۆك
قاتارلىق ئالتە ئوفىتسېر - ئەسكەر قېچىپ قازاقىستاننىڭ شە-
مەي شەھىرىگە كەلگەن. ئۇ يەردە ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ
سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئابدۇرېھىم بايۋەچچە بىلەن ئۇچرىشىپ قال-
غان. ئابدۇرېھىم بايۋەچچە ئىستانبۇلدىكى گالاتاساراي ئوتتۇرا
مەكتىپىدە ئوقۇغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن تېزلا سىردىشىپ چى-
قىشىپ كەتكەن ھەم قورغاستا تۇرىدىغان شامى داموللا دېگەن
كىشىگە ھەمراھ قىلىپ سۈيدۈڭگە ئۇزىتىپ قويغان. ئۇلار دۆر-
بىلجىن ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ شىخۇدىن شۇ يىلى 11 -
ئايلاردا سۈيدۈڭگە يېتىپ كەلگەن. سۈيدۈڭگە كەلگەندىن كېيىن
شامى داموللا ئۇلارنى سابىت داموللامنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان. سابىت
داموللام ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ ھەم ئالتە ئات تەييارلاپ مەھەللىنىڭ
ئىمامىنى يول باشلاشقا تەيىنلەپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ يەتتە-
سۇدىكى ياركەنت تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ قويغان. زىيا يەرگۆكنىڭ بايا-
نىدىن قارىغاندا، سابىت داموللام 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ
تېخى سۈيدۈڭدە ئىدى. بۇ چاغدا «رەستە ۋەقەسى» نىڭ يۈز بەر-

گىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. نېمە سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سابىت داموللام ئايالى بىلەن ئوغلىنى سۈيدۈگىدە قالدۇرۇپ قويۇپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇنىڭ قەشقەرگە كەلگەن چاغلىرى 1919 ـ يىلى ياكى 1920 ـ يىلى بولۇشى ئېھتىمال. سابىت داموللام قەشقەرگە كەلگەن چاغلار ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق جەدىدچىلەر زور كۈچ بىلەن ياۋروپالىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دىن تارقىتىش يولىدىكى ھەر خىل ئۇسۇل ـ لىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئاممىۋى دولقۇن شە ـ كىللەندۈرۈۋاتقان چاغلار ئىدى. سابىت دامولللىنىڭ دىنىي مەلۇ ـ ماتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى پائالىيىتى ئابدۇقا ـ دىر داموللام يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان جەدىدچىلەر بىلەن ھەمكار ـ لىشىپ خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولغان. باشقىچە سىياسىي ھەرىكەت ئې ـ لىپ بارغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا مىقياسىدا، بولۇپمۇ ئىسلا ـ مىيەت دۇنياسىدا ئەنگلىيەگە قارشى كەيپىيات ئەڭ كۈچلۈك ئى ـ دى. ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى قەشقەر جەدىدچىلىرىمۇ بۇ خىل ئىدىيەۋى خاھىشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. 1924 ـ يىلى قەشقەردىكى ئىلغار ياشلار بىلەن تەقۋادار تالىپلار ئابدۇقا ـ دىر دامولللامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خىرىستىيان دىن تار ـ قاتقۇچىلىرىغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى قىلغان. 1917 ـ يىلىدىكى «فېۋرال ئىنقىلابى» ۋە «ئۆكتەبر ئىنقىلابى» ئارقىلىق چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى بار ـ لىققا كەلگەن. نەتىجىدە، قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسى تا ـ قىلىپ قالغان. ئەزەلدىن تەسىر كۈچ جەھەتتە رۇسىيە كونسۇلخا ـ نىسىدىن ئارقىدا تۇرۇپ كەلگەن قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخا ـ نىسىنىڭ تەسىرى باشقا رەقىبى بولمىغاچقا، بۇ چاغدا راسا كۈ ـ

چەيگەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى زىيادە ھىمايە قىل-
غان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئابدۇقادىر داموللام ئورۇنلاشتۇرغان نا-
مايىش ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى
ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان.
نەتىجىدە، نامايىشقا قاتناشقان ھەم ئۇيۇشتۇرغانلارنى قولغا ئېلىپ
جازالاش باشلانغان. ئابدۇقادىر داموللام 1924 - يىلى 8 - ئايدا
قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەزىيەت زىيادە كەسكىن بولغاچقا خەۋپسى-
رىگەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە قاچقان. سابىت داموللام شۇ
يىللاردا غۇلجىغا چىقىپ پاناھلانغان. ئۇ غۇلجىدا تۇرغان دەسلەپ-
كى يىللاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرى سۆزلەن-
گەن چوڭ ھەجىملىك كىتابى «شىرىن كالام» نى يېزىپ تاماملاپ،
1927 - يىلى سودىگەر - بايلارنىڭ ياردىمىدە كۈرەدىكى ھۆكۈمەت
مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ باستۇرغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا زور ئاممى-
ۋى نوپۇز ئاتا قىلغان. شۇ يىلدىن باشلاپ ئۇ غۇلجىدىكى دەڭ
مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم» نى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ، بۇ
ئىشنى 2 ~ 3 يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ شۇ يىللاردا يەنە ئىسلام
دۇنياسىدا تەسىرى زور ئىبنى مالىك دېگەن ئالىمنىڭ مەدرىسە-
لەردە دەرسلىك قىلىنىۋاتقان ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى تو-
غرىسىدىكى «ئەلفىيە» ناملىق كىتابىغا شەرھ ۋە ھاشىيە يېزىپ
چىققان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى «شەرھى ئەلفىيە» دەپ ئاتالغان.
1920 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا
ئاسىيادا بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىگە قارشى باسمىچىلار ھەرىكىتى-
نىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ
ئاغدۇرۇلۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، خەلىپەنىڭ
ئەمەلدىن قېلىشى، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەت-
لەر، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى قاتارلىق بىر قا-
تار جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئىشلار يۈز بېرىپ، ئىسلامىيەت
دۇنياسى داۋالغۇپ كەتكەندى. تۈرلۈك ئىنقىلاب، مىللىي ھەرد-

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەت، بۆلۈنۈش ئىستىكى دۇنياۋى ئېقىم بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھادىسىلەر شىنجاڭ مىقياسىدىكى ئەزەلدىن سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقى سۇس موللا ـ ئۆلىمالار قاتلىمى ئارىسىدىمۇ تەۋرى-نىش پەيدا قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئارىسىدا توغرا سىياسىي ئاڭغا ئىگە كىشىلەرمۇ، ناتوغرا سىياسىي غەرەزگە ئىگە كىشى-لەرمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان. سابىت داموللام ئۇچۇن ئېيتقاندا، غۇلجىدىكى مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئۇنىڭ دىنىي ئالىملىقتىن بارا ـ بارا سىياسىي غەرەزلىرى شەكىللەنگەن بىر بۆلگۈنچىگە ئايلىنىش جەريانى بولۇپ قالغان. بۇنى ئۇنىڭ 1930 ـ يىلى غۇلجىدا مۇ-ھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقاندا دېگەن گەپلىرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا كەلگۈسىدە «چوڭ ئىشلار» نى تەۋرىتىشنى پىلانلاپ، ئالدى بىلەن جايلارنىڭ ئەھۋا-لىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، شۇ يىللاردا خوتەندىن چۆچەككە چىقىپ، چۆچەكتىكى مەشھۇر تاتار ئالىم مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئالغاچ غۇلجىغا كەلگەن. غۇلجىدا سىياسىي غەرەزلىرى تامامەن ئوخشاش بولغان بۇ ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپلا بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. سابىت داموللام ھەم مەلۇماتلىق، ھەم ناتىق بولغاچقا، يېشى ئۆزىدىن 15 ～ 16 ياشلار كىچىك مۇھەممەتئىمىن بۇغرادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. سابىت داموللام شۇ قېتىمدا مۇھەم-مەتئىمىن بۇغراغا قورallıq ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىنى، قوراللىق ئىسيان كۆتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇننىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. نىيەت ـ مەقسەت-لىرى بىر يەردىن چىققان بۇ ئىككىيلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قى-لىشقا كىرىشكەن. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. سابىت داموللام 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئې-

لىپ دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن روسىيە ئارقى-
لىق ھەجگە ماڭغان. ئۇ روسىيەدىن تۈركىيەگە بارغان، ئاندىن
مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن
كېيىن ھىجاز، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق
جايلارنى ئايلانغان. بۇ جەرياندا يازغان «ئەقىدە جەۋھەرلىرى» دېگەن
كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇ ئېنىق قىلىپ «تولىمۇ ئەپسۇس،
بۇ ساياھىتىمدە قەيەرگە بارسام ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەرنىڭ
ئەھۋالى ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەسرەت-
لەندىم ھەمدە بۇ مەسىلىدە ئۇزاق ئويلاندىم» دەپ يازغان. بۇنىڭ-
دىن ئۇنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلغۇدەك بىرەر كۈچنىڭ يوقلۇقىنى
ھېس قىلىپ ھەسرەت چەككەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما
ئۇ، بۇ ساياھىتى جەرياندا مىسىر، ھىجاز ۋە تۈركىيەدىكى پانئ-
ئىسلامىزمچى ئالىملار بىلەن تونۇشقان. ئۇلاردىن «نۇسرەت قازى-
نىش» نىڭ يوللىرىنى سورىغان. ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ مۇقەدد-
دىمىسىدە يەنە مۇنداق يازغان: «بۇ ھەقتە ئۇزۇن تەپەككۇر قىلدىم.
ئىستانبۇل، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىجاز ۋە ھىندى ئۆلىمال-
رىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشتىم. مۆھتەرەم،
تەڭداشسىز ئۆلىما، دوكتور رەشىد رىزا بىلەن نەچچە مەجلىسلەر-
دە بىللە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردۇم»، ئۇلار ماڭا «ئۆمەر ئىبنى
كەرەبنىڭ ‹ئەمرۇل بايان› دېگەن كىتابىنى ۋە شاملىق (سۇرىيە-
لىك) ئۆتكۈر سىياسىيون، مەشھۇر خەتىب شەكىب ئارسلاننىڭ
‹مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىلگىرىلەپ
كېتىدۇ› دېگەن كىتابىنى بەردى، كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ چىقتىم.
ئۇ كىشىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغانىكەن.»

سابىت داموللام بۇ ئىككى يىللىق ساياھىتى جەرياندا سىيا-
سىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە
تىنىم تاپماي ئىزدەنگەن. توختىماي كىتاب ئوقۇغان. ھەر خىل

www.uyghurkitap.com



سابىت داموللامنىڭ سۈرىتى

نامدا ئېچىلغان يىغىن ۋە يىغىلىشلارغا قاتناشقان. ئاشۇ سورۇنلاردا مەجىد كەردى، ئىبراھىم غەززاۋى، ئابدۇلقۇددۇس ئەنسارى، تاتار ئالىم ئابدۇرېشىد ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇنىڭ «ئەقىدە جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابىدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇ بۇ جەرياندا «ئىسلام قانۇنى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب يېزىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىدىن ئۇكۆنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداقتىمۇ «ئەقىدە جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابىنى، يۇرتداشلىرىغا «خورما ۋە زەمزەم» ئورنىدا سوۋغا قىلماقچى بولۇپ تۈزۈپ تەييارلىغانلىقىنى ئېيتقان.

سابىت داموللام 1932 - يىلى نويابىردا ئىككى يىللىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ يۇقىرىدىكى كىتابىدا «بۇ سەپىرىمدە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىبرەت ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلدىم» دەپ يازغىنىدەك، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بىر سىياسىي بۆلگۈنچىدە بولۇشقا تېگىشلىك مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، قەتئىي ئىرادە تۇرغۇزۇپ ھىندىستاندىن گۇمىغا كەلگەن. قائىدە بويىچە ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتقان ھاجىلار ئالدى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈ-

شىدىغان ئادەت بولسىمۇ، پۇتكۈل ۋۇجۇدى مۇستەقىللىق ئىدىيەسى بىلەن زەھەرلەنگەن بۇ يىگىت ھاجى يۇرتى ئاتۇشقا قاراپ ماڭماستىن، ئۇدۇل خوتەنگە بېرىپ غۇلجىدا تىل بىرىكتۈرگەن مەسلەكدىشى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ خوتەنگە بېرىشىغا رامىزان ئېيى كىرگەن. ئۇخلىسىمۇ مۇستەقىللىق چۈشى كۆرىدىغان، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بۇ تەۋرەنمەس بۆلگۈنچى ئۆزىنىڭ ناتىقلىق كارامىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، رامىزان ئېيىدا قاراقاشتا جىھاد ھەققىدە توختىماي ۋەز ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنى تىكلىگەن. غۇلجىدىن كەلگەندىن بېرى قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ كېلىۋاتقان مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ماددىي تەييارلىقلارنى تېخىمۇ تېزلەتكەن. نى يۈچىڭ ئەپەندىنىڭ «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى» دېگەن ماقالىسىدە يېزىشىچە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا «قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغ دەل قاراقاش ناھىيەسىنىڭ خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغان، گۇناھى چېكىدىن ئاشقان ھاكىمى يەن جۇ ئەسكەر ئېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا دەرھال ئوۋچى ئاقتۇرسۇن قاتارلىقلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاتارىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان.»

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، چوماق قاتارلىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ قاراقاش ناھىيەلىك يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا غەلىبە قازانغان. ئۇلار ئارقىدىنلا خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. خوتەندىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قورقۇپ كېتىپ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولغان. نەتىجىدە، قاراقاشتىن كەلگەن ئىسيانچىلار خوتەننى ئورۇشمايلا ئىگىلىگەن. خوتەن

ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرمۇ ھەش - پەش دېگۈچە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئادەملىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. نەتىجىدە 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» دېگەن بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلـ. غان. بۇ «ھۆكۈمەت» تە مۇھەممەت نىياز ئەلەم دېگەن كىشى-نىي داھىي، سابىت داموللام ئالىي مەسلىھەتچى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا مىجەزى چۇس، ئۇرۇشتا باتۇر ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىبلارنىڭ ئوڭ - سول يار-دەمچى بولۇشى بىلەن ئەمەلىي ھوقۇقى ئەڭ زور شەخس ھېساب-لىناتتى. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، چەرچەندىن تار-تىپ يەكەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز تىزگىنىگە ئالغاندىن كې-يىن، سابىت داموللام بۇ قوراللىق ئىسيانىنى كېڭەيتىپ، قەش-قەرگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا كۆپ مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۇنى كۆندۈرگەن. نەتىجىدە، سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن 1933 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇزاقتىن بېرى ما فۇشىڭ، ما شاۋۋۇ قاتارلىق زالىم ئەمەلدارلارنىڭ دەردىنى تارتىپ تويۇپ كەتكەن ئاددىي خەلق سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نىجاتكار بىلىپ تولىمۇ داغدۇغىلىق قارشى ئالغان. خەلقئارادىكى كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا «مول تەجرىبە توپلىغان» سابىت داموللام ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس تەييارلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، 7 - ئاي-نىڭ 21 - كۈنى ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دېگەن گېزىتنى نەشر قىلدۇرغان. گېزىتنىڭ سەھىپە مەزمۇنىنى «دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، سىياسىي گېزىت» دەپ بېكىتكەن. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەرگە كەلگەن مەزگىلدە قەشقەر تۆمۈر شىجاڭنىڭ

قولىدا، يىغىشەھەر ما جەنساڭنىڭ قولىدا ئىدى. ما جەنساڭنىڭ يېنىدا ھۆكۈمەتنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە قەشقەر دوتيىي ما شاۋۋۇمۇ بار ئىدى. قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ ئاتامانلىرى بولغان ئۆزبېك يۇسۇفجان قوربېشى، سىتىۋالدىجان قوربېشى ۋە قىرغىز جانىبېك قاتارلىق قوراللىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. يەرلىك قىرغىزلاردىن چىققان ئوسمان ئەلىنىڭ ئاتامانلىقىدا تەشكىللەنگەن ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، ئابدۇقادىر ھاجى تۇەنجاڭ قاتارلىق قوراللىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. تۆمۈر شىجاڭ ساددا ئادەم بولغاچقا، ما جەنساڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئەتراپىدىكى ئوسمان ھەم باشقا ئاتامانلار بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر شىجاڭ قەشقەردە نوپۇزىنى كۈچەيتەلمەي جىلە بولۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردە پەيدا بولغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر تۆمۈر شىجاڭغا ئاۋۋال كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يىغىشەھەردىكى ما جەنساڭنى يوقىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. تۆمۈر شىجاڭ سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرغا خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىغا ياردەملىشىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى جەڭ قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان. ئۇلار «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بىر يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىپ، شۇ ئورۇننى بازا قىلىپ، قەشقەردە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن. سابىت داموللام قەشقەردىكى گۇرۇھلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بۇ ئورۇننى قۇرۇشتىكى مەقسىتىنى «خوتەن ياردەم بەرگەن ئورۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» دەپ چۈشەندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ

ھەقىقىي غەرىزىنى ۋاقىتىنچە يوشۇرغان.

تۆمۈر شىجاڭ سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىشىشقا باشلىغان ھەم بارا - بارا بۇ قارشىلىقنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نەزەربەند قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى خوتەنگە قوغلىۋەتكەن، ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقىنى كۆرگەن ئوسمان تۈەنجاڭمۇ تاغقا چىقىپ كەتكەن. نەتىجىدە، تۆمۈر شىجاڭ قەشقەرنىڭ خوجىسى بولۇپ قالغان. خېلىدىن بېرى يېڭىشەھەردە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ما جەنساڭ قەشقەردە پەقەت تۆمۈر شىجاڭنىڭلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئۆزىنى پادىشاھتەك ھېس قىلىپ، خۇشال يايراپ بىخۇدلاشقان پەيتىنى پەملەپ، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىغا كېتىۋاتقاندا پىستىرما قۇرۇپ ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەر شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1924 - يىلىدىن بېرى قەشقەرگە دوتەيلىك قىلىپ كېلىۋاتقان تۇڭگان ما شاۋۋۇ بىلەن ما جەنساڭ يېڭىشەھەردىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ جايلاشقان. شۇ كۈندىكى ئۇرۇش جەريانىدا سېتىۋالدىجان قۇربېشى دېگەن ئۆزبېك ئاتامانىنىڭ ئادەملىرى شاھ مەنسۇر بىلەن سابىت داموللامنى نەزەربەندتىن قۇتۇلدۇرغان. شاھ مەنسۇر دەرھال يەكەنگە ئاتلىنىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان. سابىت داموللام ئاتۇشقا چىقىپ شۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان ئاتامانلار بىلەن قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن. تاغقا چىقىپ كەتكەن ئوسمان قىرغىزنى تەكلىپ قىلىپ كۈچىنى يېڭىباشتىن تەشكىللىگەن. ئۇلار 10 -

ئاينىڭ 1 ــ كۈنى قەشقەرگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا پۇ-تۈشكەن. ئوسمان ئەلى ئۆز ئادەملىرى بىلەن تاغ تەرەپتىن، سابىت داموللام ئۇيغۇر تۇەنجاڭ، ئۆزبېك ئاتامانلار بىلەن ئاتۇش تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىغان. بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىر تۇڭگانلارنى يېڭىشەھەرگە چېكىندۇرگەن. قەشقەر قولغا كەلگەندىن كېيىن سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەر تەرەپكە كېلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى خاتىرجەم قىلىش ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تۇرپانلىق يۇنۇس بەگنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ قويغان. قەشقەرنى قولغا ئالغان سابىت دامولىلام ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ پۇرسەتنى چاڭ تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن يېڭىشەھەرگە بېكىنىۋالغان ما جەنساڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن «ھۆكۈمەت» نى قۇرۇش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇ مۇشۇ چاغدا، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «مانار» (ماياك) ژۇرنىلىغا بىرنەچچە پارچە خەت ۋە خەۋەر يېزىپ، ئۇلاردىن مەنىۋى ياردەملەرنى سورىغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىدە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل ئىنقىلابىدىن تارتىپ خوتەن، قەشقەرلەردىكى قوزغىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى، جەريانىنى ۋە مۇددىئاسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئۇ، بۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان. بۇنى بىز «مانار» ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1352 ــ يىلى رامىزان ئېيىدا، يەنى مىلادىيە 1933 ــ يىلى دېكابىردا نەشر قىلىنغان 6 ــ سانىدا، سابىت دامولىلامنىڭ ئاپتورلۇقىدا ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرگە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يازغان كىرىش سۆزىدىن ئېنىق ھېس قىلىۋالايمىز. پانئىسلامىزملىق ئىدىيەگە ئىگە كى-

شىلەر باشقۇرىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرى كىرىش سۆزدە سابىت داموللامنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ مۇنداق يازغان: «بۇ ماقالە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان يېتۈك ئۆلىما، تەقۋادار ئۇستاز سابىت ئىبنى ئابدۇلباقىنىڭ ‹مانار› ژۇرنىلىغا يازغان ماقالىسى. بۇ زات مۇشۇ خەۋەر بىلەن بىزگە يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەكتۇپىدا تىلغا ئالغاندەك قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن ‹ئىسلامىي ئاساسىي قانۇن› لايىھەسى تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاللا خالىسا پات يېقىندا تەييارلاپ ئەۋەتىمىز.» بۇ كىرىش سۆزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي غەرىزى، يەنى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خىيالى بىر دەملىك قىزغىنلىق بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن، ئۇ، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۇزاقتىن بېرى ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، خەلقئارالىق پاناسلامىزمچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاندىن بۇ سەھنىگە چىققان. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئۇنىڭ پىشقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

سابىت داموللام قەشقەردىكى ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى بىلەن ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن ئورۇننىڭ نامىنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» غا ئۆزگەرتكەن. روشەن سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ نام ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ قاتارلىقلارنى سەگەكلەشتۈرگەن. ئۇلار سابىت داموللام قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، بۇ ئورگاننى پىچەتلەش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما جاھان كۆرگەن، دىنىي بىلىمى مول، گەپ ـ سۆزگە ماھىر، بولۇپمۇ تەقۋادارلىقتا ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك



قەشقەردىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەبرىكلەش» پائا-لىيىتىدە سابىت داموللام قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى.

ئاخۇن تۇەنجاڭ، يۇنۇس بەگلەردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان سا-بىت داموللام قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى يۇكسەك ئو-رۇنغا ئۆتكەن. ليۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە ئوسمان ئەلى، هاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار سابىت دامولامنىڭ «خوتەن ئىدارىسى» نى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىغا نارازى بو-لۇپ، بۇ ئورگاننى پىچەتلەشكە قول سېلىپ بولغۇچە، سابىت دامولامنىڭ ئىناۋىتى قەشقەردە تېزلىكتە ئۆسۈپ، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلار ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەس بولۇپ قالغان. 9 ـ ئاي-نىڭ 10 ـ كۈنى سابىت دامولام تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇ ئور-گاننىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭىشى» گە ئۆزگەرتكەن. سابىت دامولام مۇشۇ چاغدا ئاندىن «شەرقىي تۈر-كىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئاشكارىلى-غان، بىر قىسىم كىشىلەرنى كېڭەش ھەيئىتى قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان

www.uyghurkitap.com

ئەلنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، پارچىلانغان كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچتە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى رەسمىي قۇرۇپ، بۇ كېچىنى «مىللەت كېچىسى» دەپ ئاتىغان. «ھۆكۈمەت» نىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئون نەچچە مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىرىنى بېكىتكەن. ئەتىسى تۈمەن دەريا كۆۋرۈكى بويىدا 20 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، «بايراق چىقىرىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلغان. سابىت داموللام «ھۆكۈمەت باياناتى» نى ئوقۇغان. توپ ئېتىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. سوۋغات بۇيۇملىرى قوبۇل قىلىنغان. ئارقىدىن نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار ھېيتگاھقا توپلاشقان. كۆپ يىللىق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان تېپىك بۆلگۈنچى سابىت داموللام بۇ نامايىشتا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇنىڭ قوللىغۇچى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇشقان. شائىرلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىپ ھېيتگاھنى بېشىغا كىيگەن. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشقان، چۈنكى، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىيادە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقاچقا، ئەنگلىيە تەرەپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى گۇرۇھنى ئۆزىگە تارتىش يولىنى تۇتقان. دىڭ دۈبىنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، «ئەنگلىيە شىنجاڭدا ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇلۇپلا قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشقىلى بولىدۇ ھەم جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىراق، ئەنگلىيەمۇ ‹شەرقىي تۈركىستان› ۋەقەسىنىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى مۇسۇل-

مانلار ئارىسىدا مۇستەقىللىق دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيەلىكلەر ‹شەرقىي تۈركىستان›، بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ قانچىلىك ئىستىقبالى بارلىقىنى بىلمەيتتى. گەرچە ئەنگلىيە كونسۇلى ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›، نىڭ قۇرۇلۇش ‹مۇراسىمى› غا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى يەنىلا ئاشكارا ۋە قىزغىن ئەمەس ئىدى.»

بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندىن كېيىن 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېزىتىنىڭ نامىنى «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىپ نەشر قىلغان. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن بېرى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دەپ نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان گېزىتنىڭ نامىنىڭ بىردىنلا «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىلىشىدىن سابىت داموللامنىڭ پانتۈركىزملىق ئىدىيەسى تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن تار ئۇقۇم بىلەن «تۈركىستان» دېگەن كەڭ ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلۇپ نامى ئۆزگەرتىلگەن بۇ گېزىتنىڭ 1 ـ بېتىگە «كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى» دېگەن خەۋەر بېسىلغان. نېمە ئۈچۈنكى سەھىپە نامىدىن «دىنىي» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دەرھال «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن خەت بار قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقان. «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى دېگەن يېرىم ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ «ھۆكۈمەت» نىڭ تەشكىلى، ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ شوئارىنى دىندا، تىلدا، دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك، دەپ بېكىتكەن. سوفىزادە دېگەن كىشى باش مۇھەررىر بولغان. بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» خوتەنلىك قاسىم ھاجى دېگەن كىشىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەپ دەرھال

www.uyghurkitap.com

چەت ئەلگە يولغا سېلىپ، قورال سېتىۋېلىش، چەت ئەل ھۆكۈ-مەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتكەن. سابىت داموللام بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» نىڭ مەۋجۇت بو-لۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە كۈچىيىش ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قاراپ، ئۈمىدىنى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە ۋەكىلنى ئۈچتۇرپانغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد مۇھىتىلارنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. خوجىنىياز ھاجى بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن «80 قويغا بىر مىلتىق» تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن سودىلىشىپ، 80 مىڭ قويغا 1000 تال مىلتىق، ھەربىر مىلتىققا 500 پايدىن ئوق تاپشۇرۇۋېلىش سو-دىسىنى بېجىرىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى سابىت داموللام ئەۋەتكەن ۋەكىللەردىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭغا سو-غۇق ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنداقتىمۇ قەشقەرگە بېرىشنى توغرا تېپىپ 1934 ـ يىلى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدە ئەمەت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم دېگەن بايلارنىڭ قورۇسىغا چۈشكەن. سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردىن ئاتۇشقا چىقىپ خوجىنىياز ھا-جىلار بىلەن تىجەندە كۆرۈشكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن خوجى-نىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەرگە كىرگەن. لىيۇ زى-شاۋ ئەپەندى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «خوجىنىيازنىڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرگە كىرىشى قەشقەردە ئەڭ چوڭ ئىجتى-مائىي خەۋەر بولۇپ قالغان. سابىت داموللام ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئۈمىد قىلمايتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى باشلامچىلىقىدىكى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە، قوراللىرى خىل، ھەرىكىتى چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىنىياز-



خوجىنىياز هاجى قەشقەردە

نىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيى بولغاچقا، سابىت داموللام خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەشقەر كوناشەھىرىگە كىرىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن.»

كۆپىنچە ماتېرىياللاردا سابىت داموللام بىلەن خوجىنىياز ھا-

www.uyghurkitap.com

جى باشتىن ــ ئاخىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىغان، بولۇپ-مۇ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ئىككىسى ئىككى مەيداندا تۇرغان، دەپ يېزىلغان. لېكىن، «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇ-نىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدە ئۇلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ھەمكارلاشقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن، يەنى «1934 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى› مۇسۇل ھاجىنى باشلىق، ئەمەت پاختىنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن ئۈچ كىشىنى قوشۇپ جەمئىي بەش كىشىنى بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى قوللاشنى تەلەپ قىلىش، ئىككىنچى-دىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىش، ئۈچىنچىدىن، سودا توختامى ئىمزالاش مەقسىتىدە تاشكەنتكە ئەۋەتكەنىدى» دەپ يېزىلغان. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ما جۇڭيىڭغا ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قى-سىملىرىنى ما جۇڭيىڭغا ۋە ما جەنساڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇغان. مەھمۇد مۇھىتى قوماندانلىق قىلغان قىسىم دەسلەپ ئارقا ــ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، شەھەر سىرتىدا مۇداپىئەدە تۇرغان ما جەنساڭ قىسىملىرىنى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە چېكىندۈرگەن. بۇ ھال ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمە-تى» نىڭ ھەيۋىسىنى كۆچەيتكەن. يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان كۈچلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان. شۇ-نىڭدىن كېيىن سېپىل ئىچىگە كىرىپ ما جەنساڭنى يوقىتىش مەقسىتىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇم تەشكىللەنگەن بولسى-مۇ، كۈتمىگەندە ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن 2000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ما شىمىڭ باشچىلىقىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ما جەنساڭ، ما شىمىڭ ۋە ما شاۋۋۇغا قاراشلىق ئەسكەر 6000 غا يەتكەن. بۇ خىل كۈچ پەرقى قەشقەر ۋەزىيىتى-نى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن. 1934 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈ-

نى ما شىمىڭ ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئادەملىرى قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان يەكەنگە يول ئالغان. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» شۇ چاغدا چەر - چەندىن يېڭىسارغىچە بولغان جايلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو چېگراسىغا جايلاشقان ئەركەشتام دېگەن يەرگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇچتۇرپاندا سودىلاشقان قورال - ياراغلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆزىنى كۈچەيتمەكچى بولغان. ئۇلار يەكەندىن يولغا چىقىپ، پەيزاۋاتتا ما شىمىڭ قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان، نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، مەھمۇد مۇھىتى يېڭىسارغا چېكىنگەن. خوجىنىياز ھاجى يۈزچە ئادىمى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرى ۋە ئۇلۇغچات يولى ئارقىلىق جۇڭگو - سوۋېت چېگراسىدىكى ئەركەشتامغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىرنەچچە كۈنلۈك سۆھبەت ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجى «فۇكاڭ پۈتۈمى» بويىچە شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولىدىغان، مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە ھۆكۈمەتكە تەۋە 6 - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى بولىدىغان، سابىت داموللام باشلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىغا قورال - ياراغ جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەن.

يۇقىرىقىدەك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەربىيىلىگەن ئىسھاق بەگ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەركەشتام -

دىن ئايرىلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارغا كېلىپ، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقان. مەھمۇد مۇھىتى يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان چاغدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ يېڭىسار سېپىلىنى قوغداۋاتقان ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا) بىلەن ئەمىر ساھىب (نۇرئەھمەد) ما شىمىڭ قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىدا ئۆلۈپ كەتكەن. مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەكەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار يەكەنگە بارغاندىن كېيىن سابىت داموللامنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنى ئېنىقلىغان. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مەھمۇد مۇھىتى 200 دىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن بېرىپ سابىت داموللام، زېرىپ قارىھاجىم، سۇلتانبېك ئۇچەيلەننى قولغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنى ئېلىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئۇلارنى ئاقسۇدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچى مالىكوف ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋالغان. مالىكوف خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرىغا ئىنتايىن يامان تەسىر بەرگەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولغان. لىۋ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، مالىكوف شۇ مەيداندىلا «خوجىنىيازنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ دەرھال قىسىملىرىنى باشلاپ مارالبېشى ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلغان.» شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە 1937 ـ يىلى

4 ـ ئايغىچە دىۋىزىيە باشلىقى (شىجاڭ) بولۇپ تۇرغان. غەلىتە يېرى شۇ بولغانكى، «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشەلمەي 1937 ـ يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ 1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيەدە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، ئۆزى ئۇنىڭغا رەئىس بولغانلىقى يېزىلغان (449 ـ بەت).

سابىت داموللام قۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان «ئەركىن تۈركىستان» دېگەن گېزىتنىڭ نامى «يېڭى هايات» قا ئۆزگەرتىلىپ، 1934 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ يەنىلا قوتلۇق شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە 1937 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىق نەشر قىلىنىپ تۇرغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قۇتلۇق شەۋقى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.



ئالدى رەت ئوتتۇرىدىكى قامەتلىك كىشى مەھمۇد مۇھىتى

سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ 2 ـ تۈرمىگە قامالغان. سابىت داموللام تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن نەنجىڭدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن ئۇنى ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان «تيانشان» ناملىق قەرەلسىز ژۇرنالدا ماختاپ، ئۇچۇرۇپ تەشۋىق قىلغان. چۈنكى، شېڭ شىسەي نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى رەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە دوست ھېسابلايتتى. شۇڭا، مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن نەنجىڭدە ئەيمەنمەستىن سابىت داموللامنى ماختاپ ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

سابىت داموللام ئۈرۈمچى 2 ـ تۈرمىدە 1941 ـ يىلى 58 يېشىدا قازا قىلغىچە قاماقتا ياتقان. جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە سىياسىي ئىرادىسىگە تامامەن زىت يول تۇتۇپ مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا ھاياتىنى تۈرمە كامېرىدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان داڭلىق بۆلگۈنچى سابىت داموللام كامېردىكى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ دىنىي ئالىملىق سالاھىيىتىنى ئىسىگە ئېلىپ «قۇرئان كەرىم» نى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشنى ئويلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، غۇلجا خۇيزۇلىرىدىن بولغان، ئۇيغۇر تىلىنى ئانا تىلىدەك پىششىق بىلىدىغان تۈرمە باشلىقى لۇ بىندى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى تەرجىمە قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن. سابىت داموللام بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى تاماملاپ ئۇنى «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دەپ ئاتىغان. كىتابىغا يازغان كىرىش سۆزىدە ئۇ «... ھەر سائادەتنىڭ يۇلتۇزى، ھەر شاراپەتنىڭ يىلتىزى، ھەر ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ دېڭىزى، ھېكمەت ۋە ئادالەتنىڭ تارازىسى شەكسىزكى

قۇرئان ھېكىمدۇر. بۇ قۇرئان ھېكىم خۇدانىڭ كالامى بولغاچ
بەندىنىڭ ئۇنى بايان قىلمىقى پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىدى ... كەمىـ
نە بۇ مەيدان كىشىلىرىدىن بولمىساممۇ ۋە مېنىڭ ئىشىم ئاجىزـ
لىق ۋە كەمچىلىكتىن باشقىلارنىڭ ئىشلىرىدەك سۈپەتلىك بولـ
مىسىمۇ، لېكىن ھەر كىشىگە ئۆز قۇدرىتىگە بېقىپ دىن ـ مىلـ
لەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بەك زۆرۈر بولغان سەۋەبتىن قۇرئان
ھېكىمنى نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) مالال بولغۇدەك ئۇزۇن قىلماي
ۋە مەنىسىگە دەخلى بەرگۈدەك قىسقا قىلماي ئوتتۇرا ھال بىر
تەپسىر قىلسام، دەپ كۆپ زاماندىن بېرى خىيال قىلىپ ئۇزۇن ـ
قىسقا تەپسىرلەرنى توپلاپ ئۇنىڭدىن ئىستىپادە قىلغانىدىم ...
ھەمدۇسانانىڭ ئىگىسىگە چەكسىز ھەمدۇسانا بولسۇنكى، خۇدانىڭ
لۇپتى ئىنايىتى بىلەن ۋە تەۋفىق ھىدايىتى بىلەن ھىممەتلىك
نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) نىڭ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولغۇدەك زىبا
بىر كىتاب بولدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ تەرجىمە ـ تەپسىر
توغرىسىدا كېيىنكى كۈنلەردە نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ مەلۇـ
ماتلار بار. مەسىلەن، جۇڭگودا تەسىرى زور خۇيزۇ دىنىي ئاـ
لىملاردىن فىڭ جىنيۈەن بىلەن چىن گۇاڭيەن تۈزگەن، بۇگۈنكى
جۇڭگو نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ
جاۋابلار» دېگەن كىتابتا «جۇڭگودا ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ئۇيغۇرچە
قانداق تەرجىمە نۇسخىلىرى بار» دېگەن بىر سوئال بار. ئاپتورلار
بۇ سوئالغا يازغان جاۋابىدا «بەش تەرجىمە نۇسخىسى بار» دەپ
تىلغا ئېلىپ، تۆتىنچى نۇسخىسىنى ««روشەن بايان، تۈركىي تەپـ
سىرۇل قۇرئان› دېگەن نامدا سابىت داموللام تەرجىمە قىلغان»
دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتورلار.تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «بۇ تەرجىمە ـ
تەپسىر يۇقىرى سۈپەت، چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن ئىشلەنگەن بوـ
لۇپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.
سابىت داموللامنىڭ غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ھاجى ئابدۇللا
1961 ـ يىلى بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات

www.uyghurkitap.com



ئورنىغا تەقدىم قىلغان» دەپ يازغان. «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار» دېگەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجى-مان ئابلاجان كېرەم چىن گۋاڭيەننىڭ يۇقىرىقى بايانىغا مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «سابىت داموللام بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى شىيىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئون نەچ-چە دەپتەرگە سۆسۈن سىياھلىق قېرىنداش بىلەن ئىشلەپ تاماملى-غان. بۇ تەرجىمە تەپسىرنىڭ 30 ـ پارىسى 1948 ـ يىلى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان[①].»

خۇلاسىلىگەندە، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي ھاياتى كىشىنى ئۆكۈندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىنىي ھاياتىنى بىر دىنىي ئالىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇجەسسەملەنگەن ھايات، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ زامانىسىدا تەپسىرشۇناس، ئىسلام دىنى تارىخچىسى ۋە ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە تونۇلغان ئالىم ئىدى. ئەمما ئۇ 1930 ـ يىلىدىن كېيىن بۆلگۈنچىلىك يولىنى تاللاپ، داڭلىق بۆلگۈنچىگە ئايلانغان. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭغا لىيۇ شىياڭخۇي بىلەن چېن ۋۇگونىڭ «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ باھا مۇۋاپىق كەلسە كېرەك: «مەسئۇد كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ئىلىم يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن بولسا بىر ئەۋلاد داڭلىق دوختۇر ياكى خەلققە بەخت يارىتىدىغان مەشھۇر ئالىم

---

① سابىت داموللام شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» ناملىق بۇ كىتابنىڭ غۇلجىدا قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ توغرۇلۇق ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بار. بىرى، تۈرمىداشلىرى غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن، دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىن ئۇ-رۇمچىدىكى جىددىيلەشكەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېزلىكتە غۇلجىلىق خۇيزۇ لىيۇ بىندىنى ئىلىغا مۇئاۋىن ۋالىي، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتكەن. لىيۇ بىندى غۇلجا مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن سابىت داموللام تەرجىمە قىلغان كىتابنى ئاپىرىپ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان. لىيۇ بىندى شۇ يى-لى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بولالايتتى. ئەمما ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلققە مالىمانچىلىق، مۇشكۇلات ئېلىپ كېلىدىغان، بارسا كەلمەس تۇيۇق يولغا ماڭدى.»

قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىر تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ يامان ۋەقە ھېسابلىنىدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللام دىنىي ئالىمدىن تېپىك بۆلگۈنچىگە ئايلىنىپ ھاياتىنى تۈرمىدە ئاخىرلاشتۇرغان. سابىت دامولللام تۈرمىدە كېسەللى ئېغىرلىشىپ ساكراتقا چۈشۈپ قالغان كۈنى كەچقۇرۇندا، ئۇنى ئۈچ ساقچى نوسىلكىدا نەنمېندىكى مەسچىت (ھازىرقى خانتەڭرى مەسچىتى) كە كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەسچىتنىڭ مۆتىۋەللىسى رەھىم نىياز قارىيغا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىپ دەپنە قىلىپ قويۇشنى تاپىلىغان. مەسچىت جامائىتى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر سابىت دامولللامنى تونۇپ قالغان. شۇ كېچىسى سابىت دامولللام جان تەسلىم قىلغان. ئەتىسى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مېيىتىنى ھازىرقى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورنىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلغان. كېيىن بۇ قەبرىستانلىق شامالباغ تەرەپتىكى دۆڭگە كۆچۈرۈلگەندە، قەبرىستانلىقنىڭ شەيخى كېرەم شەيخ دېگەن كىشى ئۇستىخىنىنى كۆچۈرۈپ، قەبرە تاش تىكلەپ قويغان. سابىت دامولللامنىڭ قەبرىسى 2008 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى شامالباغ ئاممىۋى قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىپ تۇرغان.

2011 ـ يىلى ئىيۇندا يېزىلدى.

**پايدىلانمىلار:**

① لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

② ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى كىتاب، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

③ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈچىنچى كىتاب، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

④ «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑥ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

⑦ جاڭ شيۇمىڭ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر»، (张秀明《新疆反分裂斗争和稳定工作的实践与思考》) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑧ چېن خۇيشىڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

⑨ فېڭ جىنيۈەن، چېن گۇاڭيۈەن: «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

⑩ ما شۇكاڭ: «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر (1840～1949)»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑪ مىر ئەھمەد سېيىت، يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

⑫ غەيرەت ئەيسا نەشرگە تەييارلىغان «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

⑬ شېرىپ خۇشتار تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

⑭ ئابدۇكېرىم خالىق تۈزگەن «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.

⑮ شيې بىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 2 ـ باسمىسى، خەنزۇچە.

⑯ دىڭ دۇبېن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى (ھازىرقى زامان قىسمى)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑰ ليۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگو: «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑱ «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىلىدىكى سانى (ئومۇمىي 40 ـ سان) دا ئېلان قىلىنغان تۇرسۇن باراتنىڭ «ئابدۇ ـ نىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» ناملىق ماقالە.

⑲ گېنېرال زىيا يەرگۆك: «سارقامىشتىن ئاسارەتكە (1915 ~ 1920)» (ئەسلىمە)، رەمزە نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، ئىستانبۇل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ

*ئىلاۋە: بۇ ماقالە مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2005 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان. شۇ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ قېتىم «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى» ناملىق ماقالە - ئوبزورلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزىتىپ، تولۇقلاندى.*

* * *

مۇتەپەككۇرلار مائارىپقا سەل قارىغان ياكى مائارىپنى تەرەققىي قىلمىغان ئەلنىڭ نۇسرەتكە تولغان كېلەچىكى بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ بىر تالاش - تارتىشسىز ھەقىقەت! بىراق، مائارىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى تامامەن ئايرىم مەسىلە. شۇڭا، مائارىپ دېگەن نېمە؟ مائارىپنىڭ مەقسىتى نېمە؟ مائارىپتىكى ئۇسۇل بىلەن نىشانىنىڭ، يەنى مېتود بىلەن مەقسەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ ئۆتكۈنچى مەنپەئەت بىلەن مەڭگۈلۈك قىممەت مەسىلىسىنى مائارىپتا قانداق ئىپادە قىلىش كېرەك؟ دېگەندەك بىر قاتار نازۇك مەسىلىلەرنى قەدىمكى گىرېك پەيلاسوپلىرىدىن تارتىپ 20 - ئەسىردىكى مائارىپ مۇتەپەككۇرلىرىغىچە ھەممىسى دېگۈدەك مۇھاكىمە قىلىپ كەلدى. 20 - ئەسىر

ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مائارىپ مەسىلىلىرىگە يۇقىرىقىدەك نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە بىلەن ياندىشالىغان كىشى پەقەت مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933 — 1995) دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ مائارىپقا ئالاقىدار پەلسەپىۋى مەسىلىلەردە ناھايىتى قىممەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇتەپەككۇرلۇقىنى ۋە كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى دۇنياسىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنمەيدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆپ قىرلىق مۇتەپەككۇر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قاتار مەخسۇس پەنلەرگە چېتىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان ھەم ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي تېمىلاردا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ قىممەتكە ئىگە خاس قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ئۇنىڭ ئېستېتىكا قارىشىنى، تارىخ قارىشىنى، مەدەنىيەت قارىشىنى، سەنئەت قارىشىنى، ئائىلە قارىشىنى، مىللەت قارىشىنى ۋە مائارىپ قارىشىنى ئايرىم — ئايرىم تەتقىق قىلغىنىمىزدىلا، بۇ مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ بىر پۈتۈن دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز ۋە ئالىمغا باھا بېرىش جەھەتتە ئىلمىيلىككە يېقىنلىشالايمىز. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ قاتلاملىرىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى تەرجىمىھالىنى چۈشىنىشىمىزمۇ مۇشۇ جەرياندا روشەنلىشىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىنى 20 ياشلارغا قەدەم قويغان چاغلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىللىرى شەكىللەنگەن سىياسىي تۈزۈمنىڭ يېتەكچى ئىدېئولوگىيەسى ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۇنجى قېتىم مانا مۇشۇ پەلسەپە سىستېمىسى بىلەن ئۇچراشقان. پەلسەپىگە ئوتتەك ئىشتىياقى بار بۇ ياش بۇ پەلسەپە سىستېمىسىنى

ئىنتايىن بېرىلىپ ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماركسىزملىق پەلسەپە مەۋقەسى ئاساسىدا دۇنياغا نەزەر تاشلاشقا باشلىغان. ئۇ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك، پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش قابىلىيىتى يۇقىرى بۇ ياش زىيالىي شۇ يىللاردا ھاياجانلىق كەيپىياتتا «ھەقىقەتنى تاپتىم» دەپ قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمگەنىدى. ئارىدىن 40 يىللار ئۆتۈپ 1993 ـ يىلى 60 ياشقا توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان ئىدىيەۋى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ماقالىسى «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» دە ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ ئۈزۈكسىز بولىدىغانلىقىنى، ھەقىقەتنى بايقاشنىڭ نىسپىي بولىدىغانلىقىنى تەن ئېلىپ، «كېچىكىپ ئويغاندىم ۋە تولۇق ئويغىنالمىدىم؛ دەۋر ۋە مۇھىت ھاۋاسىدا ئۇزاق مەست بولۇپ، تەنتەك چۈشەكەپ، مۇستەقىل ۋە بىۋاستە كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلىشقا مۇچەل ـ مۇچەللەپ كېچىكتىم، تېماتىك تەسەۋۋۇرۇم نۇرغۇن جەھەتلەردە تار، قاتمال، زەئىپ بولۇپ قالدى» دەپ ئۆكۈنگەن.

روشەنكى، دۇنيا قاراش جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش شاراپىتىمۇ تەپەككۇرانە پىكىر قۇۋۋىتىگە ئىگە كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. بىز مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دۇنيا قارىشى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا 50 ــ 60 ـ يىللاردىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ 70 ــ 80 ـ يىللاردىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا يەنە 1990 ـ يىللاردىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بىز بايقىغان پەرق قانداقتۇر ياش جەھەتتىكى پەرق ياكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىكى پەرق ئەمەس، بەلكى مەنىۋى تاكامۇللۇق ۋە قىممەت قاراش جەھەتتىكى پەرق. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مەشھۇر ئالىم 60 ياشقا تولغان چېغىدا يوپۇتمايلا مۇنداق يازغان: «بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان نەرسىلىرىمنى پىرقىرىتىپ تاشلىد-

دىم. پېداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىمدىن قاقاھلاپ كۈلدۈم!»

دېمەك، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەنىۋى مۇساپىسى مۇرەككەپ ئالىم. ئۇ بىزنىڭ 20 ـ ئەسىر ئىدىيە ـ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى مۇھىم تېما. بۇ تېما ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنىشنى، چوڭقۇر چۈشىنىلىشنى ۋە توغرا باھاغا ئېرىشىشنى كۈتمەكتە. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھايات كەچمىشىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىر پۈتۈنلۈك، تەرەققىيات، ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇ ئوزۇقلانغان ئىدىيەۋى مەنبەلەرنى قېزىش، ئۇنىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئېلان قىلىنغان ۋە قىلىنمىغان ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مائارىپ قارىشىنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشنىڭ پەقەت بىر كۆزنىكى، خالاس.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مائارىپ مەسىلىلىرى توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئەسەرلىرى «مائارىپ ۋە مائارىپ تارىخىمىزدىن بىر ئۇچۇر»، «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر»، «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى»، «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى»، «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»، «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تە پەن ۋە مائارىپ مەسىلىلىرى» قاتارلىق ماقالىلىرى ۋە «ئائىلە» ناملىق كىتابىدىن ئىبارەت.

### 1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە بولغان مائارىپ پائالىيىتىنى ئومۇمەن ئۈچ قاتلاملىق مەنىدە ئىزاھلايدۇ.

بىرىنچى قاتلام مەنىدە «مائارىپ مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلاشقان نوپۇزلۇق ئاڭنى، سىياسىي، ئەخلاقىي ئىدىيەنى ئۆز ئوبيېكتلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلار

تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى». ئالىم بۇ خىل خاراكتېردىكى مائارىپنى «تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنى قىلىنغان ئاڭ ـ پىكىرنى مۇكەممەل ئۇقۇم قۇرۇلمىسى مودېلى سۈپىتىدە، تەلىم بەرگۈچىدىن تەلىم ئالغۇچىغا كۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئىككىنچى قاتلام مەنىدە «مائارىپ تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىدىن ئېلىنغان بىلىش تىزمىلىرى بولغان بىلىمنى مەلۇم جۇزئىي قىسىملار بويىچە، بىر لوقما ـ بىر لوقمىدىن تەربىيەلەنگۈچىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئەقىل خەزىنىسىنى بىلىم خەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇش» پائالىيىتى، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئالىم بۇ خىل خاراكتېردىكى مائارىپنى «ئۆز ئوبيېكتلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ماھارەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يېتەكلەپ ئۆز سەۋىيەسى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئۈچىنچى قاتلام مەنىدە «مائارىپ ئومۇمەن ئىنساننى ئويغىتىش، ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىلىش ۋە پائالىيەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆزى ‹بىلدىم› دېگەن ئىلىملەرنى، ھازىر ۋە ئۆتمۈشنى، دۇنيا ۋە ماھىيەتلەرنى قايتىۋاشتىن بىلىپ، باھالاشقا يېتەكلەيدىغان ‹ئارىپ› لىققا، يەنى ئويغاقلىققا رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيىتى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئالىم «بۇنداق مائارىپنىڭ مەقسىتى ئىنساننى ئۆزىنىڭ ھېس ـ خاھىشلىرى تۇزىقىدىن، ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى تۇزىقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ماكان چەكلىمىلىرى تۇزىقىدىن، ھادىسە ـ كۆرۈنۈش، ۋەقە ـ ھېكايىلەر تۇزىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنساننى بىۋاسىتە ۋە روشەن ھالدا ئۆزى ئۇستىدە ئىزدىنەلەيدىغان، تاشقى ئالەم بىلەن بولغان بىلىش پائالىيىتىدە ماھىيەتلەرنى كۆرىدىغان ۋە ئىگىلەيدىغان قىلىش» دەيدۇ. ئالىم بۇ ئۈچ تۇرلۇك مائارىپ ئىچىدە ئۈچىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپنى «ئەڭ ئالىي نىشانغا ۋە ئەڭ ئالىي مىزانغا ئىگە مائارىپ» دەپ ئۇلۇغلايدۇ.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مائارىپ پائالى-

يىتىنى ئۈچ تۈرگە ئايرىغان بۇ قارىشىنىڭ نەقەدەر ئىلمىي ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن گېرمانىيە مائارىپ پەيلاسوپى كارل ياسپېرس (Karl Jaspers) نىڭ «مائارىپ دېگەن نېمە» ناملىق كىتابىدا مائارىپنى ئۈچ تۈرگە ئايرىغان مەشھۇر قارىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ئادەتتە سېلىشتۇرۇش ھەقىقەتنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇسۇلى. روشەنكى، كارل ياسپېرسنىڭ مائارىپنى ئۈچ تۈرگە ئايرىغانلىقى مائارىپشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر قاراش ھېسابلىنىدۇ.

كارل ياسپېرس يۇقىرىقى داڭلىق كىتابىدا مائارىپنى مەدرىسە شەكلىدىكى مائارىپ، ئۇستا ـ شاگىرت شەكلىدىكى مائارىپ ۋە سوقرات شەكلىدىكى مائارىپتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق تۈرگە ئايرىغان.

كارل ياسپېرس مەدرىسە شەكلىدىكى مائارىپنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ «بىلىم بېرىش» بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئوقۇتقۇچى كىتاب بويىچىلا مېخانىكىلىق تەربىيە بېرىدۇ، دەيدۇ. بۇ دەل بىزگە تونۇش بولغان، ھازىر ئومۇميۈزلۈك تەنقىدلىنىۋاتقان جۇڭگونىڭ «ئۆردەك بورداش شەكلى» دىكى ئوقۇتۇشى ياكى فۇلەيىنىڭ «بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇش شەكلى» دىكى ئوقۇتۇشىدىن ئىبارەت. ياسپېرسنىڭ نەزىرىدىكى «بىلىم بېرىش» پائالىيىتى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقان «قېلىپلاشقان نوپۇزلۇق ئاڭنى سىڭدۇرۇش» پائالىيىتىدۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇنداق پائالىيەت «تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنى قىلىنغان ئاڭ ـ پىكىرنى مۇكەممەل ئۇقۇم قۇرۇلمىسى مودېلى سۈپىتىدە، تەلىم بەرگۈچىدىن تەلىم ئالغۇچىغا كۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دېگەن. ياسپېرس ئۆلۈك، كىتابىي بىلىمنى مېخانىكىلىق شەكىلدە ئوقۇتقۇچىلارغا يەتكۈزۈشنى «جانسىز پائالىيەت» دېگەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «مودېلنى كۆچۈرۈش پائالىيىتى» دېگەن.

كارل ياسپېرس ئۇستا ـ شاگىرت شەكلىدىكى مائارىپنىڭ مەركىزىدە ئوقۇتقۇچى تۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى، ئوقۇغۇچىلار مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئوقۇتقۇچىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر. چۈنكى، ئىتائەت ئەخلاقى ھەر دائىم، ئىزچىل تەكىتلىنىش ئارقىلىق ئۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ، دەيدۇ.

كارل ياسپېرسنىڭ بايانىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تۇرغان بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى بولغان «ئۇستا»، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بايانىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى «ئۆز سەۋىيەسى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان» ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوخشاش. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بايانىدىكى ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى مۇئەييەن دەرىجىدىكى سەۋىيەنىڭ ئۆلچىمى ـــ بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى، دەپ قارىمىسا، ئوقۇتۇشنى ھەرگىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنى «ئۆز سەۋىيەسى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ» تەشكىللىمىگەن بولاتتى. بۇ خىل ئوقۇتقۇچى كارل ياسپېرس ئېيتقان «بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى» بولغان ئوقۇتقۇچىدۇر. دېمەك، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە ئىككىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپ توغرىسىدىكى قارىشى كارل ياسپېرسنىڭ ئۇستا ـ شاگىرت شەكلىدىكى مائارىپ قارىشى بىلەن ئوخشاش.

كارل ياسپېرس سوقرات شەكلىدىكى مائارىپ قارىشىنى چۈشەندۈرگەندە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كىنايە، گۇمان ۋە مۇزاكىرە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار باراۋەر سۆھبەتلىشىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى قوزغىتىش، بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى يېتىلدۈرۈش. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلى ئەڭ مۇۋاپىق، چۈنكى پەقەت مۇشۇ خىل ئۇسۇللا ئوقۇغۇچىلارغا ئەركىنلىك بېرەلەيدۇ، دەيدۇ.

كارل ياسپېرسنىڭ «باراۋەر سۆھبەتلىشىش» شەكلىدىكى ئو-



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

قۇتۇش پائالىيىتىنى ئۇلۇغلىشى
ئاجايىپ دانالىق، دەپ قاراشقا بو-
لىدۇ. ئۇ «پەقەت مۇشۇ خىل ئۇ-
سۇللا ئوقۇغۇچىلارغا ئەركىنلىك
بېرەلەيدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرد-
دۇ. كارل ياسپېرس مۇشۇنداق
ئالاھىدە ئۇسۇل ئىچىدە «ئوقۇتقۇ-
چىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى
قوزغىتىش، بىلىم ئېلىش ئارزۇ-
سىنى يېتىلدۈرۈش» دەپ چۈشەن-
دۈرىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئى-
مىن ئۈچىنچى قاتلام مەنىدىكى
مائارىپ قارىشىنى ئىزاھلىغاندا، «مائارىپ ئومۇمەن ئىنسانىي
ئويغىتىش»، «ئويغاقلىقنى رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيىتى» دەيدۇ. ئۇ
تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «بۇنداق مائارىپنىڭ مەقسىتى ئىنسانىي
ئۆزىنى ھېس - خاھىشلىرى تۈزىقىدىن، ئىنسان تۈركۈمىنىڭ
ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى تۈزىقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ما-
كان چەكلىمىلىرى تۈزىقىدىن، ھادىسە - كۆرۈنۈش، ۋەقە - ھې-
كايىلەر تۈزىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنساننى بىۋاسىتە ۋە روشەن
ھالدا ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدىغان، تاشقى ئالەم بىلەن بولغان
بىلىش پائالىيىتىدە ماھىيەتلەرنى كۆرەلەيدىغان ۋە ئىگىلىيەلەيدىغان
قىلىش» دەيدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن زوق - شوق بىلەن
تەرىپلىگەن بۇ «ئويغاق ئادەم» نى كارل ياسپېرس كۆزدە تۇتقان
«ئەركىنلىك» ئىچىدىكى ئادەم ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

مۇتەپەككۈر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى ئۈچ
خىل مائارىپ پائالىيىتى كارل ياسپېرس تەرىپلىگەن ئۈچ خىل
تىپتىكى مائارىپ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مائارىپشۇناس بولمى-

غان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مائارىپ پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىشنىڭ، مائارىپشۇناس بولغان كارل ياسپېرسنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى، بۇ مۇتەپەككۇر ئالىمىمىزنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مائارىپنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ بىرىنچى قاتلامدىكى مائارىپنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرگەندە بۇ خىل «مائارىپ مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلاشقان نوپۇزلۇق ئاڭنى، سىياسىي، ئەخلاقىي ئىدىيەنى ئۆز ئوبيېكتلىرىغا سىڭدۇرۇپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلار تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى» دېگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خىل ئوقۇتۇش پائالىيىتى «مەجبۇرىي تېڭىش» تەك مۇستەبىتلىك تۈسكە ئىگە. ئامېرىكىلىق مائارىپشۇناس جون دېۋېي «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ» دېگەن كىتابىنىڭ «مائارىپنىڭ مەقسىتى» دېگەن بابىدا بۇنداق «مەجبۇرىي تېڭىش» خاراكتېرىدىكى مائارىپنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق يازغان: «سىرتتىن مەجبۇرىي تېڭىلغان مائارىپ مەقسىتىنىڭ نۇقسانلىرىنىڭ يىلتىزى بەك چوڭقۇر بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەقسەتلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردىن قوبۇل قىلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارمۇ بۇ خىل مەقسەتلەرنى جەمئىيەتتە مودا بولغان مەقسەتلەردىن قوبۇل قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەقسەتلەرنى بالىلارغا مەجبۇرلاپ تاڭىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى ئاقىۋىتى شۇ بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقىل - پاراستى ئەركىن بولالمايدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلىي ئورگان بەلگىلەپ بەرگەن مەقسەتلەرنى قوبۇل قىلىشىغىلا يول قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە دەرسلىك بىلەن زىچ باغلانماي قالىدۇ.

پائالىيەت جەريانىغا سىرتتىن مەجبۇرلانغان مەقسەت مۇقىم، ئۆلۈك بولىدۇ. بۇ خىل مەقسەت ئالاھىدە مۇھىتتا ئەقىل -

پاراسەتكە ئىلھام بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئىشلارنى ئۇنداق ياكى
مۇنداق قىلىشقا نىسبەتەن تاشقى قىسمەدىن بېرىلگەن بۇيرۇق-
تۇر. بۇ خىل مەقسەت ھازىرقى پائالىيەت بىلەن بىۋاسىتە مۇنا-
سىۋەت قۇرالمايدۇ. ئۇ مەۋھۇم بولۇپ، مەقسەتكە يېتىشتە پايدى-
لىنىدىغان ۋاستە بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ. بۇ خىل مەقسەت
تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ مۇۋازىنەتلىك پائالىيەتلەرگە ئىلھام بې-
رەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇ پائالىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مائارىپتا
سىرتتىن مەجبۇرلاپ تېڭىلغان مەقسەتلەر كەڭ ئومۇملاشقانلىق-
تىن، مەۋھۇم، يىراق كەلگۈسىگە ھازىرلىق كۆرىدىغان تەلىم -
تەربىيە قارىشى تەكىتلىنىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ
خىزمىتى مېخانىكىلىق، قۇللاشقان خىزمەتكە ئايلىنىپ كەتتى.»

جون دېۋېي قاتتىق تەنقىد قىلغان ۋە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان
بۇ خىل مائارىپنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىمۇ تۆۋەن دەرىجى-
لىك مائارىپ سۈپىتىدە تونۇپ، بىرىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپ
دەپ كۆرسەتكەن. ئۆزى ھاياجان بىلەن تەرىپلىگەن ئۈچىنچى
قاتلام مەنىدىكى مائارىپنى بولسا «ئەڭ ئالىي نىشانغا ۋە ئەڭ ئا-
لىي مىزانغا ئىگە مائارىپ» دەپ ئۇلۇغلىغان. بۇنىڭدىن بىز ئاب-
دۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىلىش دەرىجىسىنىڭ خەلقئارادىكى
داڭلىق مائارىپشۇناسلارنىڭ سەۋىيەسىگە يانداشقانلىقىنى ھېس
قىلالايمىز. ئەلۋەتتە، بىز بۇ خىل بىلىشنىڭ بىر پۈتۈن سىستې-
ما جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنىمۇ
تەن ئالىمىز.

**2. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى گۇمانىتار مائارىپ**

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1990 - يىللارنىڭ
باشلىرى پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىنى قاپلىغان بازار ئىگىلىكى-
گە ئۆتۈش دولقۇنىدا كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي ئەسەبىيلىك قۇيۇنىنى
كۆزىتىپ، 1993 - يىلى بىر ماقالىسىدە مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان:

«نۆۋەتتە، ئىقتىسادنى چىقىش يولى دەپ قاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكتە. ئەگەر، ئىقتىساد ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرى بىردەك ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتىن داجىپ، روھىيەتتىن، يەنى ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، ئىقتىساد ۋە كۆپ قىرلىق گارمونىيە ھەم مۇۋازىنەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.» ئۇ ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا قانداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازغان: «مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇھاكىمە، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە چارە ـ تەدبىر جەھەتلەردە بىر قاتار نورماللىسىزلىق، ھەتتا بۇزۇلۇش، چىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ.» ئۇ مانا مۇشۇنداق روھىيەت كرىزىسىگە ھامىلىدار رېئاللىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ئىستېمال دەۋرىدىكى مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئالىي نىشان قىلغان مائارىپنىڭ قىممىتىگە بولغان گۇمانىنى ۋە ئاقىۋىتىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بۇ خىل قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆزىمىزنى ئەۋلادلارغا پاك ۋە ئۈنۈمدار يەتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋلادلارنىمۇ پاك ۋە بىلىملىك ھالدا كەلگۈسىگە يەتكۈزۈش. ئەۋلادلىرىمىز ھەرگىزمۇ باي، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەمما بۇزۇلغان ‹ئىنسى جىن› لاردىن بولۇپ قالمىسۇن!»

ھەقىقەتەنمۇ پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ماددىي مەدەنىيەت يارىتىشنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشنىلا ئالىي نىشان قىلغان مائارىپ بىر قاناتلىق تازقاراغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ تازقارا كۆكتە پەرۋاز قىلماق بولسىمۇ، لېكىن ئەسلا ئۇچالمايدۇ.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ يەردە گۇمانتار مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ نوقۇل ھالدا پەننىي مائارىپ بىلەنلا بولۇپ كېتىشنى يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىد-

دۇ، دەپ قارىغان. ئەلۋەتتە، پەننىي مائارىپ ئىنسانىيەتنى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئىنسانىيەتنى تەبىئەت بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ قويۇش، ئىنسانىنى ئۆز ماھىيىتىدىن ياتلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئالىي نىشان قىلغان ئىستېمال ئەسەبىيلىكى دەۋرىدىكى بۇنداق پەننىي مائارىپنى ئىنكار قىلىپ، يۈكسەك گۇمانىتار پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق يازغان: «بىلىش كېرەككى، ئىنسانىيەت ماددىي بايلىق ئىشلەپچىقارغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى ئاڭ شەكلىگە، مەنىۋى شەكىلگە ئايلاندۇرغان. ئىنسانىيەت باي بولۇشنى ئەمەس، بەختلىك بولۇشنى ماھىيەتلىك ئىستەك قىلغان.»

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئىنسانىيەت باي بولۇشنى ئەمەس، بەختلىك بولۇشنى ماھىيەتلىك ئىستەك قىلغان» دېگەندە دەل گۇمانىتار مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭسىز ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى بەختىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ مەنپەئەتپەرەسلىك تىپىدىكى پەننىي مائارىپنى تەنقىدلىگەندە يەنە «قارىغاندا، ماددىي پاراۋانلىق قوغلىشىش، مەنىۋىيەتنى تولۇقلاشقا سەل قاراش؛ ماددىي مەدەنىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى نەزەردە تۇتالماسلىق؛ ماددىي مەدەنىيەت رىقابىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، گۇمانىتارلىق تەربىيەسىگە سەل قاراش؛ رېئاللىقنى كۆرۈپ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بىر ۋارقىراپلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئىشىنىش كېرەككى، بۇ ۋاقىتلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ، بىر مەزگىل ئەۋجىرەپ كەتسىمۇ، لېكىن بەربىر تۈزۈلۈشكە يۈزلىنىدىغان ھادىسە» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ خىل مائارىپ

قارىشى 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يازغان ماقالىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاردىن 10 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە جۇڭگو جەمئىيىتى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان كۈچەپ تەكىتلەپ كەلگەن پەننىي مائارىپنىڭ بىر تەرەپلىمە نەتىجىسىنى چۆچۈش ئىچىدە تونۇپ يەتتى. بۇ خىل مائارىپ ماددىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرگەن، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان، پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ھەتتا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالارنىڭ ئادىمىيلىك ساپاسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىدە «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى» مەسىلىسى جىددىي كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 21 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن يولغا قويۇلغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ گۇمانىتارلىق روھنى يېتىشتۈرۈش، گۇمانىتارلىق مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ئالاھىدە تەكىتلەندى.

مائارىپتا پەنگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكمۇ، دېگەن بۇ مەسىلە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مائارىپ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مائارىپتا پەن تەربىيەسىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىش تەبىئىي ھالدا ئادەمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، پەننى مەركەز ۋە مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق مائارىپتا ئادەم پەقەت ۋاستە ۋە قورال ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئورنى قوش بىسلىق شەمشەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنسانلارغا بەختمۇ يارىتالايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بالايىئاپەتمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەن ـ تېخنىكا ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت رىتىمىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئادەمنىڭ ئەخلاقىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

گۇمانىتار مائارىپ ئەخلاق ۋە قىممەت خاھىشىغا ئىگە مائارىپتۇر. چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى پەن مائارىپىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇ ئىككى خىل مائارىپ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئەمما بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەبىئىي پەن دەۋرنىڭ پويىزى بولسا، گۇمانىتار پەنلەر دەۋر پويىزىنىڭ شوپۇرى. مائارىپ جەريانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممەت تۇيغۇسىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئاساسىي مەقسەت قىلمىسا، مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ئادا قىلىنمىغان بولىدۇ. پەننى مەركەز قىلىدىغان پەننىي مائارىپ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى كۆپەيتىش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئادەمگە سەل قارايدۇ. ئادەمنى تۆت پۇتلۇق مەخلۇققا، ھەتتا تۇنجۇقۇپ قالغان گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گۇمانىتار مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ تەلىم - تەربىيە جەريانىدا ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىشنى تۈپ ئەقىدە قىلىدۇ. شۇڭا مائارىپ مۇتەپەككۇرلىرى پەننىي مائارىپ بىلەن گۇمانىتار مائارىپنى «دۇنيانىڭ ئىككى قانىتى» دەپ چۈشەندۈرۈشمەكتە. ئەمەلىيەتتىمۇ، مائارىپ ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكىنى ئويغىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارغا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىتىش، ئۇلارنىڭ تېخنىكا قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئادەمدىن ئىبارەت ئالەمنىڭ جەۋھىرىنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇنداق مائارىپ ھەقىقىي مەنىدىكى مائارىپ بولماي قالىدۇ. جۇڭگونىڭ جەمئىيەتشۇناسلىرى ۋە مائارىپچىلىرى پەن مائارىپىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، گۇمانىتار مائارىپقا سەل قاراش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ناچار ھادىسىلەر ئۈستىدە پائال ئويلىنىپ، يېڭى ئېراغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭلا پەنگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىشكە ئادەتلەنگەن جۇڭگو مائارىپىغا ئەبەدىي ئىنتىلىشكە

ئەھمىيەت بېرىپ، رېئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى دۇنيا ۋە كۆڭۈلدىكى ئىنسانىي پەزىلەت ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئىزدىنىش، ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۇلۇغلاش، ئۆزلۈكنىڭ تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ئىنتىلىش، ئادەمنىڭ نەپسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكتە نابۇت بولۇشىغا قارشى تۇرۇش، خاسلىقىنى ئازاد قىلىش، كىشىلەر ئارا ئەركىن، باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش، ئەقلىيلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خۇراپاتلىققا، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە ۋە بىلىش ساھەسىدىكى مەجبۇرىي بويسۇنۇشقا قارشى تۇرۇشتەك گۇمانىتار روھنى سىڭدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. مائارىپتا ئالدى بىلەن پەنگە ئەمەس، ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەش مائارىپنىڭ ئەڭ توغرا تاللىشىدۇر.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز ماقالىلىرىدە ئالدى بىلەن ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان گۇمانىتار مائارىپنى دەۋرنىڭ پويىزى بولغان پەن مائارىپنىڭ رولچىسى قىلىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ مائارىپنى ئەنە شۇنداق كەڭ ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مۇتەپەككۇر ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىمۇ بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

**3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مىللىي مائارىپ**

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مىللىي مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدىمۇ بىر يۈرۈش قاراش ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مائارىپى ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ

هالقىلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئېنىق بايقىغان ۋە قاراتمىلىقتا ئىگە تەلىم ـ تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇشى لازىم.» ئۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى توغرۇلۇق توختىلىپ، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، هالقىلىق مەسىلە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ھېسسىيات قۇرۇلمىسىنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىن ئۈستۈن بولۇش ھادىسىسىنى تەربىيە ئارقىلىق تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت». ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ھېسسىيات تەپەككۇردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارىغاچقا يۇقىرىقى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «مىللىتىمىز ئومۇمەن ئەقلىي، مەنتىقىي، نەزەرىيەۋى، ئىلمىي تەپەككۇر بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە نىسبەتەن ھېسسىيات ۋە كۆز ئالدىدىكى روھىي كەيپىيات بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئېغىر دەرىجىدە مايىل.» ئۇ بۇ خىل روھىيەت قۇرۇلمىمىزنىڭ بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى توغرىسىدا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇرلارنىڭ يەككە ھاياتىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىقى ئاجىز؛ سودا ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، سىياسىي ئىقتىدارى ئاجىز؛ ھېسسىياتچانلىقى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى ئاجىز؛ يېڭىلىققا قىزىقىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، مىللىي كىملىكىنى بىلىش ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ئىقتىدارى ئاجىز. شۇڭا نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل مۇھىتىنى يارىتىش، مېنىڭچە، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئېڭى ۋە تارىخىي خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز كىشىلەرنى قائىدە ـ پرىنسىپلار بويىچە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، سۆزلەيدىغان، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرەلەيمىز. خەلقىمىز شۇ چاغدىلا پىكىر قىلىشتىكى قۇرۇق قاـ

يىلچىلىق ۋە ئەقىدىۋازلىق ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلالايدۇ. مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتەلەيدىغان، ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن چۈشىنەلەيدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتسىز جۆيلۈمەيدىغان، لوگىكىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئەستىن چىقارمايدىغان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ‹ئالتۇن شۆپۈك› ۋە ‹يالتىراق پۆپۈك› كە تېگىشمەيدىغان بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى يۈكسىلىدۇ.»

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ خىل مۇتەپەككۇرانە پىكىر ۋە قاراشلىرى بىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزنى، مىللىي روھىيىتىمىزنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن تۇغۇلغان. شۇڭا ئۇ، «مىللىي مائارىپىمىز ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇر جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىگەن ھالدا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە پەلسەپە، تەبىئەت پەنلىرى، قانۇنشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخ پەنلىرىدىن نۇقتىلىق تەربىيە بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە سىياسىي ـ ئىقتىسادقا ئائىت پەنلەرنى ئىگىلەشكە كۆپرەك ئىلھام بېرىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەرقانداق غايىدىكى مائارىپنىڭ مەقسىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدا ئەڭ مۇھىم ئامىل ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇ ئالدى بىلەن رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنىسكىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى تەربىيە بىلەن ھەل قىلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئوقۇتقۇچىلارغا ئەسلەتكەندىن كېيىن ئېنىق قىلىپ: «شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىنى ئەقلى، قەلبى ۋە ۋىجدانى بىلەن سۆيۈشى، ئۇنى ئۇلۇغ تارىخىي تەرەققىياتقا ئاڭلىق بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئۇ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ئۇنۇتۇلغاندىمۇ ئۆزىنى تۈپ ۋىجدانىي ئۆلچەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئىجتىمائىي

مەسىلىلەر توغرىسىدا يۈكسەكلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ مۇنداق دې-
گەن: «ئوقۇتقۇچىلار بىر مەھەللىلىك ئېتىبارسىز مۇئامىلە، ئىس-
سىق - سوغۇق ئېقىملار ئالدىدا تارىخىي يىراقنى كۆرەرلىكىنى
يوقاتماسلىقى، تېگىرقىماسلىقى لازىم.»

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مىللىي مائارىپىمىز-
نىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇرچى توغرىسىدا ئېنىق پى-
كىر ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، مىللىي مە-
نىۋىيىتىمىزدىكى سەنئەتخۇمارلىق پىسخىكىسى چەكتىن ئېشىپ
كەتسە مىللەتنى كاردىن چىقىرىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ سەنئەتتىن
ئىبارەت ئىككىلەمچى نەرسىنى خەلقنىڭ تۇپ خۇمارى قىلىپ قو-
يۇش خەتەرلىك، دەپ كۆرسەتكەن. مائارىپ مىللىي روھىيىتى-
مىزدىكى بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى، مىللەت
دۇچ كېلىۋاتقان ئىچكى - تاشقى كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈس-
تىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك، دېگەن. ئۇ تېخىمۇ ئېنىق
قىلىپ بىز «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىر مىللىتى» دې-
گەندەك ناملارغا مەست بولۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك، روھىيە-
تىمىزدىكى ھېسسىيات ئۈستۈن بولۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ،
ئەقلىي تەپەككۇر ئۈستۈن بولۇش ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە
تىرىشىشىمىز لازىم، چۈنكى ئالدىمىزدا بىزگە شېئىر مۇسابىقى-
سى دۇچ كېلىۋاتقىنى يوق ! دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ مۇتەپەككۇرانە
ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بىزنى قانچىلىك ئويلاندۇرالىسا ۋە سەگىتە-
لىسە، ئەنە شۇ چاغدىلا بىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىمىزدىكى زاماد-
غا ماس كەلمەيدىغان نورمالسىزلىق ھالىتى تۈنجى قەدەمدە ئۆز-
گىرىش ياساشقا باشلىغان بولىدۇ.

2005 - يىلى يېزىلدى.
2013 - يىلى تۈزىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# پەلسەپە قەسرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىش

پەلسەپە — بىرخىل مەدەنىيەت، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئەقىل - پاراسەت، بىر خىل پەن، بىر خىل سەنئەت، بىر خىل ياشاش شەكلى؛ پەلسەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى، سىستېمىلاشقان، نەزەرىيەلەشكەن دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيەدۇر.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر «مېتافىزىكا» قەۋىتىگە چىققاندىلا، ئاندىن پەلسەپىنىڭ قەسرىگە قەدەم باسالايدىكەن، شۇڭا مېتافىزىكا «بىرىنچى پەلسەپە» دەپ تونۇلىدىكەن. قەدىمكى گىرېك پەيلاسوپلىرى ھېسابلىنىدىغان سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېل ئۈچەيلەن ئوخشاشلا پەيلاسوپ ھېسابلانسىمۇ، ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى غەرب پەلسەپە قەسرىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقى ھېسابلىنىدىكەن. ئەلۋەتتە، شەيئىلەرگە نىسبەتەن پەيدا بولۇش، شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، تاكامۇللىشىش ۋە زاۋال تېپىپ يوقىلىش پەرقلىق باسقۇچلار ھېسابلىنىدۇ.

«پەلسەپە قەسرى» دېگەن ئاتالغۇ شېئىرىي پۇراققا ئىگە ئاتالغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. زوقمەنلىك ئىدىيەۋى مەنزىلدىن تولىمۇ يىراق ھالەت. ئىنسان ئادەتتە كۈندىلىك تەپەككۇر ۋە ئىلمىي تەپەككۇر قاتارلىقلار ئاساسىدا ئىزچىل تەپەككۇر قىلسىلا، مۇئەييەن پەلسەپىۋى تەپەككۇر دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ. «پەلسەپە نامراتلىقى»نىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيەسىدىن نىسبەتەن ئارقىدا قالغان بىزدەك بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا ئادەتلىنىش ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي خىزمەت بولۇپ تۇرماقتا.

تەيۋەنلىك پىروفېسسور ۋۇ كۇندۇ ئەپەندى يازغان، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 - يىلى نەشر قىلغان «پەلسەپىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابتا، پەلسەپىنىڭ هاياتتىكى ئۈچ چوڭ مەسىلىگە چېتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئۈچ چوڭ مەسىلە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، ئادەم بىلەن ماددىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئىكەن. ۋۇ كۇندۇ كىتابىدا يەنە ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى «ئادىمىيەت ئىنستىتۇتى（人文学院）»نىڭ ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئىلىملەرنى ئوقۇتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى، «ئىجتىمائىيەت ئىنستىتۇتى（社会学院）»نىڭ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئىلىملەرنى ئوقۇتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى، «تەبىئەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى（自然科学院）»نىڭ ئادەم بىلەن ماددىنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان پەنلەرنى ئوقۇتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى، «ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى（神学院）»نىڭ ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئىلىملەرنى ئوقۇتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى، «تېببىيەت ئىنستىتۇتى（医学院）» نىڭ ئادەم بىلەن بەدىنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان پەنلەرنى ئوقۇتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ يەنە كىتابىدا، 20 - ئەسىردىكى جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتلىرى پەلسەپە فاكۇلتېتلىرىنى تەسىس قىلغاندا «ئۈچ تارىخ، ئالتە تەلىمات»نى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ۋۇ كۇندۇ ئاتاپ ئۆتكەن «ئۈچ تارىخ» — غەرب پەلسەپە تارىخى، هىندى پەلسەپە تارىخى، جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىن ئىبارەت. «ئالتە تەلىمات» — لوگىكىدىكى «بىلىش نەزەرىيەسى» دىن باشلىنىپ، مېتافىزىكا، ئالەمنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى، ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيەسى، ئېتىكا ۋە كېيىنكى ئېتىكا، يەنى بۇگۈنكى ئەنگلىيە، ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن «ئانا-

www.uyghurkitap.com

لىز پەلسەپىسى» دىن ئىبارەت.

مېنىڭ ۋۇ كۇندۇ ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى بۇ ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۇشۇم پەلسەپىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ بىر پەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆگىنىش بىزنىڭ دۇنيا قارىشىمىز ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنى يېڭى تۇسكە كىرگۈزىدىغانلىقىنى قىسمەن بولسىمۇ ئىسپاتلاش ئۈچۈن.

ئىنسانىيەت پەلسەپە تارىخى نەزەردە تۇتۇلسا، ئۇيغۇرلار پەلسەپە جەھەتتە ھەقىقەتەن تۆۋەن ھالەتتە تۇرىدۇ. بىزدە فارابىيدىن باشقا، ئۆز ئالدىغا پەلسەپە سىستېمىسى ياراتقان پەيلاسوپ كۆرۈلۈپ باقمىدى. فارابىينىڭ ناتۇرال پانتېزملىق پەلسەپە سىستېمىسىمۇ تالاش - تارتىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يۇسۇف خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، ئەلىشىر نەۋايى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن قاتارلىق مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى ئەمەس، بەلكى پەلسەپە ئىدىيەسىلا بار. ئۆز ئالدىغا پەلسەپىۋى سىستېما يارىتىش بەختىگە مۇيەسسەر بولۇش بىر پەيلاسوپ ۋە شۇ پەيلاسوپ مەنسۇپ مىللەت ئۈچۈن ئىنتايىن يۇقىرى شان - شەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا، بىر مىللەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى ۋە پەيلاسوپى ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيە تارىخىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئورۇن ئالالايدۇ. ئۇيغۇرلار گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي پەلسەپە تارىخىدا نېسىۋىسىز بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا، تېخىمۇ روشەنرەك ئېيتقاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇزاق مەزگىل يېتەكچىلىك رول ئوينىغان مىللەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرۇلۇق مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كاتتا ئەسىرى «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»دا مۇنداق يازغان: «روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، مىڭ يىللار داۋامىدا مۇقىم ، ئىزچىل تە-

پەككۇر پەزىلىتى (سىۋىلىزاتسىيە) مەسىلىسى رولىنى ئوينىغان. گەرچە كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى يىپەك يولىنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىشى بىلەن مەيدانغا چىققان مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ تارىخىي شۆھرىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا شىمال - جەنۇب ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بەلبېغىدىكى ئوينىغان پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت رولىنى جاھان ئالىملىرى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئولتۇراقلىشىش، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىياتى، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە شەھەر ھاياتى، سودا - سېتىق، دىنىي ياكى پەلسەپىۋى ئىدىيە يېڭىلاش، يېزىق ئىسلاھاتى، يازما ئەدەبىيات، ھەر خىل سەنئەت ژانىرلىرى، ھەتتا ئېتىنىك مەدەنىيەتتە يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، پەن ۋە مائارىپ يېڭىلىقلىرى... قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ياكى ئۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى ۋاسىتىسى بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە تەدرىجى ئۆزلەشكەن»؛ «گەرچە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق سىياسىي، ھاكىمىيەتچىلىك ماجىرالىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىگەن. بۇ، پەلسەپىۋى جەھەتتىن قايتا ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان مۇئەييەن قانۇنىيەتلىك، ماھىيەتلىك تارىخىي ھادىسە. بۇ بىزگە ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئىدېئولوگىيە تارىخىنى يورۇتۇشتا تۇتقان سالماقلىق تەسىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، بىز تارىختا ھەر جەھەتتىن يۈكسەلگەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەشئەلچىلىك رولىنى ئويناپ كەلگەن بولساقمۇ، كېيىنكى ئە-

سىرلەردىكى چېكىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش سەۋەبىدىن تەپەككۇر
دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە يېتىپ، ئەل - ئاۋام كۆرگەن ئا-
دەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك نادان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. بۇ-
نىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى ئانا دىيارىمىزدىكى ئەڭ مۆتىۋەر
شەھەر بولغان قەشقەرگە كەلگەن تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشېۋ
«ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «تا-
رىختا ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر - كۆك ئارىسىنى نۇرغا
چۆمۈلدۈرگەن بۇ شەھەر ھالا بۈگۈن مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈن-
لەي مەھرۇم ھالەتتە جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ئۆلۈك شەھەرگە ئاي-
لىنىپ قاپتۇ.» نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قال-
دۇق؟ مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن بۇ
توغرۇلۇق «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» دېگەن ئەسىرىدە ئېنىق
قىلىپ: «بىزنىڭ بارلىق پەزىلەت ياكى ئىللەتلىرىمىز بىلەن
قۇدرەت ياكى زەئىپلىكلىرىمىز نەزەرىيەۋى تەپەككۇر دەرىجىمىز
بىلەن تۇتاشقان» دەپ كۆرسەتكەن. ھەقىقەتەنمۇ، نەزەرىيەۋى تە-
پەككۇر دەرىجىمىز ئېغىر ئالغۇسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغاچقا،
ئويلىنىش ۋە مۇلاھىزىلىرىمىز ئۇزاق مەزگىللەرگىچە يۈزەلىكتىن
ھالقىيالماي كەلدى. مىللىي پىسخىكىمىز تەمكىن، ئىدراكىي،
پىرىنسىپچىل قۇرۇلمىغا ئىگە بولالماي، يەڭگىل، ھاياجانلىق،
گول قۇرۇلما ھالىتىنى ئىپادىلەپ كەلدى. بۇ خىل ھالەت يېقىن-
قى يىللاردا مەسئۇلىيەت ئېڭى كۈچلۈك، سەگەك بىر تۈركۈم زى-
يالىيلىرىمىزنى ئويلاندۇردى. ئۇلار مىللىتىمىزدە پەلسەپە ئۆگى-
نىش ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈش زۆرۈرلۈكى-
نى ھېس قىلىپ يەتتى. نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى، پەلسەپىۋى كى-
تابلارنى تەرجىمە قىلىش ياكى تونۇشتۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى
قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە، ئەپلاتوننىڭ «ئەپلا-
تون پاراڭلىرى»، «غايىۋى دۆلەت»، نىچشېنىڭ «زورو ئاستىر
شۇنداق دەيدۇ»، ژان ژاك روسسونىڭ «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ

مەنبەسى»، مىرتىمىر ئادلېرنىڭ «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، كۇڭ زىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان»، گېگېلنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى»، جون دېۋىينىڭ «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ»، ئېدۋارد سەئىدنىڭ «شەرق-شۇناسلىق»، رېيىن ۋېلېكنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، ناپولېئون خېلنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى»، سەي دېگۇينىڭ «بۇگۇنكى زامان ئەرەب - ئىسلام پەلسەپىسى»، مەجىد پەخرۇنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، ھۆرمەتجان فىكرەتنىڭ «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ» ھەم «يېڭى ئەسىر — مۇتەپەككۇرلار ساداسى»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە»، «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم» قاتارلىق كىتابلار كۆنتەرتىپكە ئېلىنىپ، بىر قىسىملىرى نەشردىن چىقتى، بىر قىسىملىرى نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ ئىشلار-نىڭ ھەممىسى نەزەرىيەۋى تەپەككۇر دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر مىللەتنىڭ پەلسەپە قەسرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بىلەن يېقىندا يۈز كۆرۈشكەن «كۈندە بىر دەم پەلسەپە ئوقۇيلى — تۇرمۇشتىكى پەل-سەپە» دېگەن كىتابمۇ شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇراخمان ئەبەي ئە-پەندى بىلەن بولۇنغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ئۇ ماڭا: «يالقۇن ئۇكام، پەلسەپىگە ئائىت ئاممىباب بىر كىتاب بولسا، تاپسىڭىز تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلساق بولاتتى، بىزدە شۇ خىلدىكى بىرەر كىتاب يوق...» دېگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئاي-رودۇرومىدا ، يىراقتىن كېلىدىغان بىر مېھماننى ساقلىغاچ ، ئايرودۇرومدىكى كىتاب يايمىسىنى ئارىلاپ كىتاب كۆرۈۋاتقىد-نىمدا، جۇ خېجۇننىڭ يۇقىرىدىكى كىتابى دىققىتىمنى تارتتى. قارىسام، بۇ كىتاب دەل بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدى-كەن... مەن كىتابنى سېتىۋېلىپ، بىر كۈنى ئابدۇراخمان ئەبەي ئەپەندىگە كۆرسەتتىم، كىتابنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسى ئۇنىڭغىمۇ

ياردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش نەشرىياتنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. تەرجىمە جەريانىدا، كىتابتىكى ئايرىم مەزمۇنلارنى قىسقارتىشقا توغرا كەلدى، سەۋەبى ئاپتور كىتابتا، جۇڭگونىڭ تۈيىن دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئالاقىدار بىر قىسىم تەلىمات ۋە قاراشلارنى ناھايىتى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ كەتكەنىدى. بۇ بىلىملەر بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزدىكى ئاممىباپلىقتىن يىراق ھەم ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئەمما سەككىز بابلىق بۇ كىتابنىڭ باشقا مەزمۇنلىرى ناھايىتى ئېسىل ئىدى. كىشىلىك ھايات، تۇرمۇش، جاھاندارچىلىق، كىشىلىك ئالاقە، پەزىلەت، ئىلھام، مۇۋەپپەقىيەت قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسىدا گۈزۈرۈپپىلىنىپ، كىچىك ماۋزۇلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىنغان بۇ كىتاب ئوقۇغان كىشىنى مەپتۇن ۋە مەمنۇن قىلماي قالمايتتى. تۇنجى جۈملىسى «بارلىق ئىنقىلاب مېڭىدىن باشلىنىدۇ، بارلىق غەلىبە پەلسەپىگە مەنسۇپ» دەپ باشلانغان بۇ ئەسەر بىزدەك «پەلسەپە نامراتلىقى» ھالىتىدە تېپىرلاپ يۈرگەن خەلق ئۈچۈن قوڭغۇراق ساداسىدەك ئاڭلىناتتى! «تەلىيىمىزگە، ئىنسانلار ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، مۇشكۇل ئەھۋالغا يولۇققاندا، مۇزدەك سوغۇق ماددىلار ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ‹مېڭىسى› بىلەن ‹پەلسەپە›گە يۈزلىنىدۇ» دېگەن جۈملىلەر گويا بىزنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتىلغاندەك ئىدى.

پەلسەپىگە يۈزلىنىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىرىنچى، پەلسەپە بىر خىل مەدەنىيەتتۇر. ئۇ بىزنى ئادەم بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەدەنىيەت چۈشەنچىسى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مېتافىزىكىلىق مەنىگە ئىگە مەدەنىيەتتۇر؛ ئىككىنچى، پەلسەپە بىر خىل تەپەككۇر شەكلىدۇر. تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، ئۇ كۈندىلىك تەپەككۇر ۋە ئىلمىي تەپەككۇر قاتارلىقلارغا ئوخشىمايدىغان، ئومۇمىي گەۋدىلىك، ھەرىكەتلىك، تەنقىدىي، قاي-

تا ئويلىنىش خاراكتېرلىك تەپەككۇر شەكلىدۇر؛ ئۈچىنچى، پەل-
سەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇ ھەربىر دەۋردىكى كىشىلەر-
نىڭ تونۇشى ۋە ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ روھىي جەۋھە-
رىنى تاۋلاپ چىقىدۇ. شۇڭا دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى پەلسەپە روھى-
نىڭ يېڭىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ تۆتىنچى، پەلسەپە سىستې-
مىلاشقان، نەزەرىيەلەشكەن دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيەدۇر.
شۇڭا ئۇ ئالەم، جەمئىيەت، كىشىلىك ھايات ۋە تەپەككۇرنىڭ
سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۈندىلىك تەپەككۇر، ئىلمىي تە-
پەككۇر يېتەلمىگەن نۇقتىلاردا فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛
بەشىنچى، پەلسەپە ئەقىل - پاراسەتتۇر. ئىلىم - پەن ھاياتلىق-
نىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ، بىز پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇن-
دۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىمىزنى بويسۇندۇرالمايمىز. خۇددى
سوقرات ئېيتقاندەك: « بىلىم تەبىئەت بىلەن، ئەقىل - پاراسەت
ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» بىز بىلىمدىن پايدىلىنىپ تەبىئەتكە
«تاقابىل تۇرىمىز»، ئەمما بۇنىڭ ئانچە كۆپ ياردىمى يوق. پەن -
تېخنىكىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەبى-
ئەت ئۈستىدىن ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدۇق. بىراق، ھايات-
لىقتىكى تۈرلۈك گاڭگىراشلار بۇنىڭلىق بىلەن ئازايغىنى يوق.
پەلسەپە ئەقىل - پاراسەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەمنىڭ ئۆزى
ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ؛ ئالتىنچى، پەلسەپە بىر
خىل پەن. قەدىمكى گىرېتسىيەدە بىخ ھالىتىدىكى پەنلەرنىڭ
ھەممىسى پەلسەپىگە تەۋە ئىدى. كىشىلەرنىڭ «ئىلگىرى پەنلەر
پەلسەپىگە تەۋە ئىدى، ھازىر بولسا پەلسەپە پەنلەرگە تەۋە بولدى»
دەپ ئىزاھلىشى جايىدا ئېيتىلغان. بۇ، پەلسەپىنىڭ پەن ئىكەن-
لىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ يەتتىنچى، پەلسەپە بىر خىل سەن-
ئەتتۇر. ئادەتتە، ھاياتتىكى ئىنتايىن سىرلىق ۋە تېگىگە يەتكىلى
بولمايدىغان نەرسىلەرنى سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ھېس قىلىشقا
ۋە ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. پەلسەپىنى سەنئەت دەپ چۈشىنىش

ئۇنى ئىلمىي چۈشىنىش بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل چۈشىنىشتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ زېھىن بىلەن تۇيغۇ، ئىدراك بىلەن ئىدراكسىزلىق، دېگىلى بولۇش بىلەن دېگىلى بولماسلىق ئارىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە، ئىدراكىي ئۆلچەم ئىشلارنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى توسۇپ قويىدۇ. پەلسەپە غۇۋالىق ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ۋىتتېگىنىستان ئېيتقاندەك، ئادەمگە ھەقىقىي سىرلىق تۇيۇلىدىغىنى: دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى؛ سەككىزىنچى، پەلسەپە بىر خىل ياشاش شەكلىدۇر. پەلسەپە كىشىلەر ئىدىيەسىنىڭ بىر خىل ھالىتى ياكى مەنزىلىدۇر. كىشىلەر شۇ ئاساستا تۇرمۇشنى كۆزىتىدۇ، ھايات ئۈستىدە ئويلىنىدۇ ھەم تەنقىد روھىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ نەرسىلەر كىشىنىڭ خاراكتېرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ خىل خاراكتېر خاسلىقىغا ئىگە ئادەم «پەلسەپىۋى گۈزەللىك» ئۆلچىمى ئىچىدە ئەركىن، مەردانە، مەغرۇر، ئازادە ياشايدۇ. شۇڭا، پەلسەپە بىر خىل ياشاش شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، پەلسەپىگە يۈزلىنىش — يۈكسەك مەنىلىك مەنىۋى مەنزىللەرگە مۇيەسسەر بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ، ھاياتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى مولLاشتۇرىدۇ ھەم يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ.

«تۇرمۇشتىكى پەلسەپە» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇ كىتابنىڭ تىلى گۈزەل ھەم راۋان، تېمىلىرى جەلپكار، ھېكمەتلىك سۆزلەرگە باي، مىساللىرى جانلىق، قاراشلىرى يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەر كۆپ مەنپەئەت ئالغانلىقىنى ئېيتىشتى. «ئۆزىنى تونۇۋېلىش — مېيىلىگە قويۇۋېتىشنى ئەركىنلىك دەپ چۈشەنمەسلىك لازىم» دېگەن ماۋزۇدا يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزىنى مىسالغا ئالساق، ئاپتور سۆزىنى گىرېك پەيلاسوپى پىفاگورنىڭ «ئۆزىگە چەك قويالمايدىغان ئادەمنى ئەركىن ئادەم دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن باشلى-

غان. ئادەتتە، «چەكلىمە ئىچىدىكى ئادەم ئەركىن ئادەم ھېسابلان-
مايدۇ» دەپ قارايدىغان بىزگە ئوخشاش كىشىلەرگە نىسبەتەن پىد-
فاگورنىڭ بۇ گېپىنى چۈشىنىش تەس ئىدى. چۈنكى، مەلۇم چەك
بولغاندىلا ھەقىقىي ھۆرلۈك بولىدۇ، دېگەن مەنىدىكى بۇ سۆز
بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ھۆر ـ ئەركىن ھاياتقا ماس كەلمەيتتى.
ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئەركىنلىكنى
كۆپ ھاللاردا تاشقى ئاسارەتنىڭ تۈگىتىلىشى، دەپ قارايدۇ، بۇ
ئەمەلىيەتتە بىر خىل خاتا چۈشەنچە. چۈنكى، ئەركىنلىك يۈگەن-
سىزلىكتىن ئەمەس، قەلبتىن چىقىدۇ. ئەگەر ئەركىنلىكنى ‹ئۆز
مەيلىچە ئىش كۆرۈش› دەپ قارىساق، ئەركىنلىكنىڭ ئەسلىي مە-
نىسىگە خىلاپ بولىدۇ. ئەجەبا، كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بىز ھەر كۈنى
نۇرغۇن كىشىنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلايمىز. ئەمەلىيەتتە، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەركىن-
لىك ھەۋەسنى مەيلىگە قويۇۋېتىش بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك
ھايۋانلارنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىدىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭدا ھېچ-
قانداق قىممەتلىك نەرسە يوق. ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزسىڭىزلا
شۇنى بايقايسىزكى، ئادەم ئەركىنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزد-
نى تۇتۇۋالالايدىغانلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.»

«ھەممىگە مەلۇمكى، ئامېرىكا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىد-
دىغان ئەركىن جەمئىيەت، ئۇ شەخسلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش —
باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەيدىغان قانۇنچى-
لىقنى كۆرسىتىدۇ. ئويۇننىڭ نەتىجىسى چەك قويۇش، شۇنداقلا
ئادەم تەبىئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك قويۇۋېتىلىشىدۇر»، «دانىشمەن-
لەرمۇ خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا خاتالىقنى بىلىپ تۇ-
رۇپ سادىر قىلىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، دانىشمەنلەر
يىراقلاپ كەتمەيدۇ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە ئۆزىنى چەكلەش
ئارقىلىق، يېنىدىكىلەر ھېس قىلمىغان ئەھۋالدا توغرا يولغا قاي-

تىنىپ كېلىدۇ» ، «يەنىلا لىبېرالىزم توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىنىپ بارغان پەيلاسوپ ئېسىيا بېرلىن ياخشى ئېيتقان: ‹قانچىلىكى ئەركىن جايدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش شۇنچىلىك قىممەتلىك، بولمىسا ئەركىنلىك ئادەمنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.›»...

بۇ مۇھاكىمىنى ئوقۇغان ئادەم «مەيلىگە قويۇۋېتىشنى ئەركىنلىك دەپ بىلمەسلىك لازىم» دېگەن سۆزنى چوڭقۇر مەنىسى بىلەن ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

بىزنىڭ بارلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز ئىدىيەدە. ئادەم ئىدىيەسى بىلەن ياشىمىسا، ھايات تۇرالغىنى بىلەن ئۇنىڭدا مول مەنىدىكى ھاياتلىق بولمايدۇ. پەلسەپە جەھەتتە چۈشەنچىسى يوق ئادەمدە مۇئەييەن ئىدىيە بولۇشى ناتايىن. «تۇرمۇشتىكى پەلسەپە» دېگەن كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ئەگەر ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان، تاماق يېيىش ئۈچۈنلا ياشايدىغان تىرىكتاپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى ئارقىلىق ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلالايدۇ»، «ئىدىيە ئەركىنلىكى بارلىق ئەركىنلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك ئەركىنلىك»، «نۇرغۇن كىشىنىڭ جەسۇر قىياپىتى ئارقىسىدا كېسەل، قورقۇنچاق ئىچكى دۇنيا بولۇشى مۇمكىن»، «ئىدىيەگە پۇل ۋە ھوقۇق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئىدىيە پۇل ۋە ھوقۇق تۇپەيلى يوقىلىدۇ»، «مۇلاھىزە ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئادەم بىچارە. ئۇ زۇلمەتتە تۇرسىمۇ، مەن يورۇقلۇق ئىچىدە، دەپ جاھىللىق قىلىدۇ»، «ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا، دۇنيادا نادان كۆپىيىدۇ؛ مىللەتتە ئىدىيە بولمىسا، غالجىرلىشىدۇ. ئىدىيە گەرچە مۇقەررەر رەۋىشتە ھەقىقەتنى كۆرسەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم تۇغۇلغاندىلا ئۇنىڭدا بار ھوقۇق؛ بىراق، ئىدىيە بولمىسا نادانلىق، قارىغۇلارچە ئەگىشىش يولىغا مېڭىش مۇقەررەر.»

قىسقىسى، «كۈندە بىردەم پەلسەپە ئوقۇيلى ــ تۇرمۇشتىكى

پەلسەپە»دېگەن كىتاب بىزگە كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرۇلۇق ئېنىق كۆرسەتمە خاراكتېرلىك، يېتەكلەش خاراكتېرلىك چۈشەنچە بېرىدىغان ياخشى كىتاب بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن «ئەپلاتون پاراڭلىرى»، «غايىۋى دۆلەت»، «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «تارىخ پەلسەپىسى»، «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ»، «شەرقشۇناسلىق»، «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى»، «مۇتەپەككۇرلار ساداسى»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» قاتارلىق پەلسەپە كىتابلىرىغا ئوخشاش، بىزنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى» دىن قۇتۇلۇش ھەم «پەلسەپە قەسرى»نىڭ ئىشىكىنى چېكىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە يېتەرلىك ئىلھام بېرىدۇ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پۇل تۇزۇتقان خىياللار

بۈگۈنكى كۈندە، جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان موتور ۋە كىشىلەرنى «ئالغا بېسىش» قا ئىنتىلدۈرۈۋاتقان نىشان پۇلدىن ئىبارەت بولماقتا. «پۇل تاپمىغان ئەخمەق»، «پۇل تاپالمىغان كىشى يارىماس». مانا بۇلار دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆزۈل - كېسىل مۇقىملىشىپ، ئېتىقاد دەرىجىسىگە يەتكەن شوئارلاردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۇلغا چوقۇنۇش جەمئىيىتىمىزدىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي پسىخىكىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. پۇلنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ گاڭگىرىغان قەلبىنى ۋەسۋەسىلىك خىياللارغا غەرق قىلىۋەتتى ۋە قىلماقتا.

دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان دەبدەبە بىلەن ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن قىممەت قاراشلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي گۇمران بولۇشى، ئەمما دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ تېخى شەكىللىنىپ بولالماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەخلاق ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى مەسىلىسىز كىرىزىس تالاي كىشىلەرنى تەمتىرەتمەكتە. ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتىكى بۇ خىل بوشلۇق بەزىلەرنى ئەسەبىيلەرچە كۆلدۈرسە، بەزىلەرنى يۈم - يۈم ياش تۆككۈزمەكتە. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ۋە قانداق ياشاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت مۈشكۈل، ئازابلىق تالاش

كىشىلەرنى ھەر خىل كويلارغا سالماقتا. ئاغزىدىن ئانا سۈتى
پۇراپ تۇرىدىغان نارەسىدە قىزلار چۆنتىكى توم قاقباش، قېرى
دەللاللارنىڭ قۇچىقىدا باھارىنى يوقاتماقتا. شور پېشانە، بىچارە
ئاتا ـ ئانىلار باشقۇرۇشقا ماجالى يەتمەيۋاتقان بەڭباش بالىلىرى-
نىڭ غېمىدە ۋايسىماقتا. ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلانغان،
رېئاللىق تۇيغۇسى كەمچىل، ياشاش ئىقتىدارى ئاجىز قاۋۇل ئەر-
كەكلەر ئىچىملىك ۋە چېكىملىك خۇمارىدا لايدەك ئېزىلمەكتە.
كىرىمى ئاز، بالىجانلىق، بەختسىز ئائىلىلەر قارا قازاننى قاينى-
تىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي تېپىرلىماقتا. «ئاق خالاتلىق پەرىش-
تىلەر» دەپ تەرىپلىنىدىغان دوختۇرلار نائەھلىلىشىپ، خۇدا
ئۇرغان كېسەللەرنى تۆپلەپ قاقتى ـ سوقتى قىلغاچقا، كىشى-
لەرنىڭ كۆزىگە «قارا نىقابلىق قاراقچىلار» دەك كۆرۈنمەكتە. كى-
شىلەر پارىخور ئەمەلدارلارغا ئەمەس، پارا يېمەيدىغان ئەمەلدارلارغا
ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلمەكتە؛ بىلىم ئېلىش ئىشلىرىنىڭ
ئىستىقبالىغا گۇمان بىلەن قاراپ، تەڭگە ـ تىللا كوچىسىدا
ۋاستە تاللىماي يۈگۈرۈپ يۈرگەن كىشىلەرگە ھەۋەس نەزىرى
بىلەن باقماقتا. كىشىلەر ئارىسىدىكى سەمىمىي مېھىر ـ مۇھەب-
بەت رىشتىسى كۈنسېرى بوشىشىپ، پۇلنى ئۆلچەم قىلغان مۇنا-
سىۋەت تورى كۈنسېرى مۇستەھكەملەنمەكتە. «تاپالىغىنى چار
خوراز، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» ئېلىپ كېلىدىغان توي ـ
مەرىكىلەر بارغانسېرى تېتىقسىزلىشىپ، كەلمىگەنلەرنى قاتتىق
«يوقلىما» قىلىپ، كەلگەنلەردىن قوغلاپ يۈرۈپ پۇل يىغىدىغان
چاكىنا، پەس مۇراسىملارغا ئايلىنىپ قالماقتا. روھىي دۇنياسى
يىمىرىلگەن، قەلبىدە مۇستەھكەم مەنىۋى توسۇقلىرى يوق كى-
شىلەر پۇلنىڭ نوپۇزى ۋە ھەيۋىسى ئالدىدا تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ
تىزلانماقتا. كۈچلۈك ئېتىقاد تۈۋرۈكى ۋە نوپۇزلۇق قىممەت قا-
رىشى مەۋجۇت بولمىغان بۇ دەۋردە مىليونلىغان كىشىلەر ئۆز
ئوربىتىسىدىن ئاجراپ كەتكەن سەييارىلەردەك بولۇشقا ياشىماق-

تا. مەنىۋى جەھەتتىكى بەخت، شاد ـ خۇراملىق ۋە ئالىي ئىس-
تەكلىرىنى پۇتۇنلەي ماددىي نەرسىلەرگە تېگىشىپ بولغان، غايە
ۋە نىشاندىن خالىي كىشىلەر چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ماددىنىڭ
قۇلىغا ئايلانماقتا. خۇددى فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى رۇسسو: «ئالدى-
قاندىكى پۇل ئەركىنلىكنى ساقلاشنىڭ قورالى، لېكىن بىز ئىز-
دەۋاتقان پۇل بولسا ئۆزىمىزنى قۇلغا ئايلاندۇرىدىغان قورالدۇر»
دەپ ئېيتقاندەك ھالەت شەكىللەنمەكتە. ئوبيېكتىپ مۇھىت دەۋ-
رىمىز كىشىلىرىنى غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا چارىسىز قىلىپ
قويۇۋاتامدۇ ياكى بىزنىڭ ئەسلىدىنلا ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىمىز
پۇچەك، خاسلىق ئېڭىمىز يېتەرسىز، مەنىۋى جاسارىتىمىز تايىز-
لىقمۇ؟! قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەرق مۇتەپەككۇرى
جۇۋاڭزى تەرىپىدىن «ئادەمنىڭ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بولۇشى
قورقۇنچلۇق ئازاب، ھەتتا ھاياتنىڭ ۋەيران بولۇشى» دەپ كۆر-
سىتىلگەن رېئاللىق كۆز ئالدىمىزدا ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان
دەرىجىدە يېيىلىپ تۇرماقتا. بۇ خىل تىراگېدىيەلىك ئىجتىمائىي
مۇھىت ئوقۇغۇچىلاردىن تارتىپ ئالىملارغىچە، بالا باققۇچىلاردىن
تارتىپ دوختۇرلارغىچە، ۋېلىسىپىت ساقلىغۇچىلاردىن تارتىپ
زاۋۇت باشلىقلىرىغىچە، سۇت ساتقۇچىلاردىن تارتىپ سىياسەت
بەلگىلىگۈچىلەرگىچە، لەتىپە ئېيتقۇچىلاردىن تارتىپ ئاتاقلىق
يازغۇچىلارغىچە ... ھەممە ساھە كىشىلىرىنى ئۆز تەسىرى ئاس-
تىغا ئالماقتا. «پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس»، «پۇلنى ئادەمنىڭ
قىممەت ئۆلچىمى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ» دېگەن سادالار ئانچە ـ
مۇنچە ياڭراپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى تىڭشايدىغان قۇلاقلار كۈن-
سېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر بۈگۈنكى جۇڭگو-
نى ئىقتىسادشۇناسلار، كارخانىچىلار، سودا ـ سانائەتچىلەر چاۋاك
چېلىپ ئەجەب ياخشى بولدى دەيدىغان، پەلسەپىچى، مائارىپچىلار
قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلىدىغان دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ، دېيىشمەكتە.
ئەلۋەتتە، تارىخ چاقىنى راۋان ئايلاندۇرىدىغان ئىككى پىشاڭنىڭ

بىرى بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ۋە دەپ-سەندە قىلىنىشقا ئۇچرىغان دەۋرلەردە تارىخ بەتلىرى تولىراق قان ۋە ياش دېغى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ روھىيەت ئالە-مىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچلۈك ئېتىقاد مەشئىلى خىرە-لىشىپ، نوپۇزلۇق ئەخلاق قارىشى ئېتىبارسىز قالغان دەۋرلەردە كۆپچىلىك ئادەملەر ئاچ كۆز، ياۋۇز، رەھىمسىز، شەخسىيەتچى، مەسئۇلىيەتسىز، پۇرسەتپەرەس، نائىنساپ، ۋىجدانسىز ۋە رەزىل بولۇپ كېتىدۇ؛ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تامامەن غەيرىي نورمال تۈس ئالىدۇ؛ ساغلام روھ پۇل ھەممىگە قادىر، دەيدىغان ئەسەبىي-لىكنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. پۇلغا چوقۇنىدىغان، پۇلنى ئا-دەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىدىغان بۇنداق مەنىۋى كەيپىيات بارلىق رەزىللىكلەرنى تۇغىدۇ. «ئىنجىل» دا «پۇلغا بولغان مۇ-ھەببەت بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەككى، پۇلنى ياشاشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورال دەپ تونۇپ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىقتى-سادىي جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشى ھەرقانداق بىر دەۋر ئۈ-چۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى ماددىي شارائىتى ياخ-شىلانغان ئادەمدە روھىي بايلىق ئارزۇسى تەبىئىي ھالدا تۇغۇلى-دۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ماددىي شارائىتنى ياخ-شىلاش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى بەدەل قىلىۋەت-مەسلىك، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پۇلغا تېگىشىۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇنداق ئېغىر بەدەل تۆلەپ بايلىققا ئېرىشكەن كىشى خە-زىنىدىكى چار يىلانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

جەمئىيەت مەلۇم مەنىدە مۇشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ «ئائىلە-سى». شۇڭا ئۆزۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان ئاچچىق ئىجتىمائىي ترا-گېدىيەلەر، ھالاكەت خاراكتېرلىك خەۋپ بىلەن تويۇنغان ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ ۋىجدانى سەگەك كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىشى تەبىئىي ئەھۋال. يۈكسەك ئىنسانىي غۇرۇرغا ۋە ئەقىدە - ئېتى-

قادقا ئىگە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئارىلىشىش ئېڭى كۈچلۈك بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت جەڭچىلىرى چامىنىڭ يېتىشىچە چۇقان سېلىپ بىخۇدلاشقان، چۈشكۈنلەشكەن، ئەسەبىيلەشكەن، تېڭىرقىغان زامانداشلىرىنى ئويغىتىپ، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى مىسلىسىز دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن بۇ جەمئىيەتنى ئۆزىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىزىغا سېلىشقا ئىنتىلىدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ۋە ئارىلىشىش ئېڭىنىڭ كەمچىل بولۇشى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىدىكى بىر روشەن ئاجىزلىق. جەمئىيىتىمىزدە تالاي كىشىلەر بەختسىزلىكنىڭ پاتقىقىدا ئېڭراۋاتسا ياردەم قولىنى سۇنمايدىغان، ھەق بىلەن ناھەق كۆز ئالدىدىلا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىۋاتسا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان، پارىخورلار بىلەن تەخسىكەشلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئەددىيىنى بەرمەيدىغان، بىر ياراملىق زىيالىي ئادەتتىكى بىر كاسسىرغا داۋالىنىش پۇلىنى ئاتچوت قىلدۇرالماي يېلىنىۋاتسا ئېچىنمايدىغان، ئوقۇتقۇچىلار «ئوقۇتقۇچى بولغۇم يوق پەقەت» دەپ قاقشاۋاتسا، دېھقانلار «دېھقان بولماق تەس» دەپ زارلاۋاتسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرى ھاراق - تاماكا شىركەتلىرىنىڭ دىرېكتورلىرىغا مىڭ تەزىم قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلىۋاتسا غەلىتىلىك ھېس قىلمايدىغان، ئەمما توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلىرىغا كەلمىگەن ياكى چاقىرمىغان كىشىلەرنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان، «مۇلايىم خوتۇن، ئىسسىق ئۆي، ئوماق بالا» «ئالەم دېگەن شۇ» دەپ قارايدىغان چاكىنا ئاڭدىن قۇتۇلالماي ئائىلە خاتىرجەملىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۆزىنى بەختىيار ساناپ ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر تولۇپ تۇرغان مۇھىتتا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئارىلىشىش ئېڭى كۈچلۈك مەنىۋى مەدەنىيەت جەڭچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەرنى چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز شۇ نەرسىنى روشەن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەككى، جەم-

ئىيتىمىزدىكى پۇلغا چوقۇنۇش پىسخىكىسى بازار ئىگىلىكى پەيدا قىلغان سەلبىي ئۇنۇم بولسىمۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى مىسلىسىز ئىجابىي رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ يۈز بېرىۋاتقان تىراگېدىيەلىك ھادىسىلەرگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بىز بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەسەبىي دولقۇنى ئىچىدە ياكى تېڭىرقاش تۇيغۇسى ئىچىدە نېمىنى يوقىتىپ، نېمىگە ئېرىشىۋاتقانلىقىمىزنى سەگەكلىك بىلەن بىلىپ تۇرۇشىمىز، غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە بىھۇدە بەدەللەرنى تۆلىۋەتمەسلىككە تىرىشىشىمىز، مەنىۋى مەدەنىيەتنى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئىچىگە كۆمۈپ قويۇشقا يول قويماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادلىرىمىزنى پۇلغا تېگىشىۋېتىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى جەمئىيەتتە ۋە كىشىلەردە مەدەنىيلىككە بولغان تەلەپنى تۇغدۇرىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت.

مەدەنىيەت ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئەقلىنى كامالەتكە، روھىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان تەڭدىشى يوق ئەڭگۈشتەر. ئۇ ئىنساننى ئۆز - ئۆزىگە تونۇتىدۇ ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئايال شەھرىزادنىڭ ئۆزىنىڭ پاراستى ۋە بىلىمىگە تايىنىپ زالىم پادىشاھنىڭ قەلبىدە ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى ئويغىتىپ ئاخىرقى ھېسابتا ھاياتىنى ساقلاپ قالغانلىقىمۇ، دەل مە-

دەنىيەتنىڭ قۇدرىتى جۈملىسىگە كىرىدۇ. بىز «قەبىلە باشلىقىنىڭ غەلىبىسى»، «يىلتىز» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۆتمۈشتە ئىندىيانلارنى قانلىق قىرغىن قىلىپ، قارا تەنلىكلەرنى قۇل قىلغان ياۋۇز ئاق تەنلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرگۈسىز تارىخىي جىنايەتلىرىنى قىلچە يوشۇرماي ئىپادىلەشكە يول قويغان مەردانىلىكىنى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلارغا ئۆز - ئۆزىنى تونۇتقانلىقىدىن، دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئامېرىكىلىقلار ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەت مەشئىلىنىڭ دەستىسىنى مۇستەھكەم تۇتۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسا، چىڭ خاندانلىقىدىن تۆلەم ئۈچۈن ئالغان يۈز مىليون سەر كۈمۈشنى جۇڭگو ئۈچۈن سەرپ قىلىپ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەسىس قىلىپ بەرمەستىن، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە شاراقشىتىپ تۆككەن بولاتتى. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇۋاتقان، ئىنسان مەنىۋىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقان مۆجىزىدار ۋاستە دەل مەدەنىيەت، دەپ كېسىپ ئېيتىمىز.

ئەلۋەتتە، ئالىيجاناب ئەخلاقىي روھ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىن خالىي بولغان، ئىنسان تەبىئىتىنى چىقىش قىلمىغان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى ياتلاشتۇرۇپ، دۇنيانى «نەيزە - قالقانلىرى» زامانىۋى قاراقچىلارنىڭ بىر - بىرىگە تەھدىت سېلىشىدىغان، كۈچ سىنىشىدىغان، ئاجىز مىللەتلەرنى بوزەك قىلىپ، تالان - تاراج قىلىشىدىغان «گىلادىياتورلار مەيدانى» غا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. دۇنيانى پوروخ ھىدى قاپلاپ، يادرو تەھدىتى كۈچىيىپ، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بۇزۇلۇپ، يەر ئاستى بايلىقلىرى خانىۋەيران قىلىنىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى جاراھەتلىك دۇنيا ئاتالمىش مەدەنىيەت مىكروبلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى سۈپىتىدە بىزگە نامايان بولۇپ تۇرماقتا. مۇشۇ-

نىڭغا قاراپ يۇنان ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ خۇدا زې ـ ۋىسنىڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇندۇرمىسى ۋە سىمۋولى بولغان ئوتنى ئىنسانلارغا ئوغرىلاپ بەرگەن پرومېتېينى كاۋكاز تېغىغا بەند قىلىپ، بۈركۈتكە چوقۇلىتىپ جازالىشىنىڭ سەۋەبى بار ئوخشاي ـ دۇ، دېگەن خىياللارغىمۇ كېلىپ قالىمىز. لېكىن، ئادەمنىڭ دى ـ يالېكتىك تۈزۈلمىسى ئىنسانلارغا يەنىلا ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىز ـ لىكنى، قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنى، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق ـ نى مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىپ «مەھرۇمىيەت تەڭ مۇيەسسەرى ـ يەت، مۇيەسسەرىيەت تەڭ مەھرۇمىيەت» (جالالىدىن رۇمى) بو ـ لۇشتەك قانۇنىيەت ئىچىدە تارىخنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرى ـ لەش مەنتىقىسىنى بويلاپ ئالغا بېسىشىنى ۋە ئىزدىنىشىنى دەۋەت قىلىدۇ.

مەدەنىيەتكە ئېرىشمەي تۇرۇپ ئىنساندەك ياشاش مۇمكىن ئە ـ مەس، نادانلىق ھېچكىم راۋا كۆرمەيدىغان ئەڭ ئەشەددىي ئاپەت، نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالماي، نەچچە ئەسىردىن بېرى تۈز سۈيىگە چىلىشىپ ياشاپ كەلگەن خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇنداق بىر غەلىتە قىسمەتكە مۇپتىلا بولدىكى، ئويلىسىڭىز ئەجەبلەنمەي تۇرالمايسىز. ھېسسى ـ ياتىمىزنى يوشۇرماي ئېيتىدىغان بولساق، بىز ماختىنىپ كې ـ لىۋاتقان «ئۇيغۇرلار مېھماندوست مىللەت»، «ناخشا ـ ئۇسسۇلغا خۇشتار مىللەت»، «خۇشچاقچاق مىللەت» ... دېگەندەك سۈپەتلى ـ رىمىز بىزگە تازا ياراشمايۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. بۇ چىرايلىق سۈپەت سۆزلىرىنى ئىلگىرىكىدەك تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايدىغان، بەلكى سەل قورۇنۇش ھېسسىياتى بىلەن ئېغىزغا ئالىدىغان بولۇپ قالدۇق. چۈنكى، «مېھماندوست» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنىش بىلەن تەڭلا خۇددى «ساددا» دېگەن ئۇقۇم «كالۋا» دېگەن سۆزنىڭ سى ـ لىقلىنىپ ئېيتىلغان شەكلى بولغىنىدەك، «مېھماندوست» دېگەن ئىبارىنىڭ «ئەخمەق» دېگەن ئىبارە بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقى

ئېسىمىزگە چۈشىدۇ - دە، قەلبىمىزنى سەسكىنىش تۇيغۇسى ئىگىلەيدۇ. ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ گېپى چىقىش بىلەن تەڭ كۆز ئالدىمىزغا ئىقتىساد ئىگىلىرى ئۆزئارا توختام تۈزۈشۈپ بولۇپ، هاردۇقىنى چىقىرىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ شەرىپىگە باي - غوجاملارنىڭ دىدەكلىرىدەك ئايناقشىپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىۋاتقان هالىتىمىز كېلىپ نومۇس تۇيغۇسىغا چۆمىمىز. «خۇشچاقچاق» لىقنىڭ گېپى چىقسا «ئاق ئالۋاستى» غا ۋە ئەيدىزگە ئوخشاش بىر - بىرىدىن قەبىھ ئاپەتلەرنىڭ قۇچىقىدا تۈركۈملەپ كاردىن چىقىۋاتقان قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق هالەتلىرى ئېسىمىزگە كېلىپ، دىمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەجەب ئىش، بىر مىللەت مەدەنىيەتلىك هەم تەرەققىي تاپقان بولسا ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىلا ئەمەس، بەلكى كەمچىلىكلىرىمۇ ئۆزگە يارىشىدىكەن. خۇددى مەشهۇر ئالىم نىيۇتوننىڭ چوڭ - كىچىك ئىككى مۈشۈك ئۈچۈن ئىككى تۆشۈك تەشكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەخمەقلىقى ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىغا يۇمۇرلۇق تۈس بەخش ئەتكىنىگە هەم بۇ ئەخمەقلىق نىيۇتوننىڭ تەڭداشسىز نامى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلىدىغان «مەشهۇر ئەخمەقلىق» بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش. بىزگە ئوخشاش هەر جەهەتتە باشقىلاردىن كېيىن قالغان بىر مىللەتنىڭ كەمچىلىك - خاتالىقلىرىنىڭ، ئەخمەقلىق - نادانلىقلىرىنىڭ ئۆز ئوبرازىنى تېخىمۇ خۇنۈكلەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى تەن ئالماسلىقىمىزغا نېمە ئامال؟! بۇ مىللىتىمىزنىڭ «ئۇيغۇرسىمان قىسمىتى» نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولسا كېرەك. نەچارە، بىز «سۆيۈملۈك ئەخمەق» بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغاندىكەن؟! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بولىدۇكى، بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت جەهەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمىز، روھىي جەهەتتىكى زەئىپلىكلىرىمىزدىن غالىب كەلمەي تۇرۇپ «سۆيۈملۈك ئەخمەق» بولۇشقا شەرتىمىز توشمايدىكەن.

بىز سانسىز يىمىرىلمەس پاكىتلاردىن مەدەنىيەتنىڭ نەقەدەر

ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ رولىغا دەرگۇماندا قارىمايدىغان بولدۇق. ئەلۋەتتە، مەدەنىيەت ھەققىدىكى تونۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولغانلىقى مەدەنىيەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئويغانغانلىقىد-دىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى بىز مەدەنىيەتنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بىز «مەدە-نىي» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۇقۇمىنى ئاددىي چۈشىنىۋالىدىغان بول-ساق «مەرھەمەت»، «كەچۈرۈڭ»، «ياخشىمۇسىز»، «رەھمەت» دېگەند-دەك نازاكەتلىك ئىبارىلەرنى يادلىۋالغان كىشىلەرنى مەدەنىي ئا-دەم دەپ قارىۋالىدىغان، «پايدىلىنىش خەۋىرى» گېزىتى بىلەن «خەلقئارا خەۋەرلەر» پىروگراممىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىۋېلىپ سۆزلەپ يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپ، ئېسىدە تۇتۇۋالغان پارچە ـ پۇرات بىلىملىرى كۆپ كىشىلەرگە قاراپ، زىيالىيلىرىمىزنىڭ كىيىۋالغان شىلەپىسى بىلەن چىگىۋالغان گالستۇكىغا قاراپ مەدەنىيەت سۈپىتىمىز ئۆسۈۋاتىدۇ، دەپ چۈشەنسەك، يەنىلا نادان-لىق قىلغان بولىمىز. بىر مىللەتكە ياكى بىر جەمئىيەتكە نىسبە-تەن مەدەنىيەتلىك بولۇشنى خۇددى مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «ئىنسانىيەت ئالدى بى-لەن مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ئامىللىرىغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن مەدە-نىيەتلىك ھالەتكە يېتەلەيدۇ» دەپ چۈشەنسەك ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن بولىمىز. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاددىيسى ئارىستوتېل ئېيتقان «تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشاۋاتامدۇ ياكى ياشاش ئۈچۈن تاماق يەۋاتامدۇ؟» دېگەن مەسىلىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ھاياتىمىزنى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. مىسال ئۈچۈن قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرى، ئەمەلدار-لىرى، بايلىرى ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن ئۈرۈمچىدە كىشىلەر ئا-دەتتە قىزى بىرەرسىنىڭ كەينىدىن ئېچكىرىگە قېچىپ كەتمىگەن بولسا، ئوغلى زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىپ كەتمىگەن بولسا

«بالىلىرىمغا خۇدايىم ئىنساب بەردى، ئەخلاقلىق، ئوبدان چوڭ بولدى» دېيىشىپ ماختىنىشىدۇ. بالىلىرىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بارمۇ ـ يوق؟ غايە ـ ئېتىقادى بارمۇ ـ يوق؟ ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى كۈچلۈكمۇ ـ يوق؟ مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگىمۇ ـ يوق؟ يېتەرلىك كەسپىي قابىلىيەتكە ئىگىمۇ ـ يوق؟... دېگەنلەرنى ئويلاشقىمۇ يېتىنالمايدۇ. ئەخلاقلىق قىزنىڭ ئۆلچىمى ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كەتمەسلىكمۇ؟ ئوبدان ئوغۇلنىڭ ئۆلچىمى زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلمەسلىكمۇ؟! بۇ بالىلىرىمىزغا قويۇلغان نەقەدەر تۆۋەن تەلەپ ـ ھە! مۇشۇنداق تۆۋەن تەلەپ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەۋلادلاردىن مىللەتنىڭ يۈكىنى مۇرىسىگە ئالالايدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟!

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى جانلىقلارغا ئوخشاش «ئۆزىنىلا ئىشلەپچىقىرىدىغان»، جان بېقىش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىدىغان ھالەتتە ياشىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھاياتنى تەكرارلايدىغان ئەمەس، ھاياتنى يارىتىدىغان ھايات بولۇشى، ئىزىغا سەكرەيدىغان ئەمەس، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان ھايات بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئوبيېكتىپ بىلەن چەكلىنىپ توختاپ قالىدىغان ھايات بولماسلىقى، قىسقىسى، پەقەت ئۆزىنى قايتا تەكرارلايدىغان، نەسلىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلا ھايات بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ خىل ئىقتىدار ھايۋانغىمۇ خاس بولۇپ، ئىنسانلارمۇ مۇشۇ ئىقتىدارى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بولسا، ھايۋانلار بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئەسىرلىشىپ قالامدۇ؟!

1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يېزىلدى.

# ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدا

هازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 يىللىق كاتتا مەرىكىسى، يەنى 26 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى باشلىنىپ 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. ئامېرىكا جورجىيە ئىشتاتىنىڭ مەركىزى ئاتلانتا شەھىرىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەيدانىدا 17 كۈن يانغان مەشئەل مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۈمىد، مەغلۇبىيەت ۋە ئەپسۇس ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى.

بۇ يىل هازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقانغا توپتوغرا 100 يىل بولدى. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 776 ـ يىلى يۇنانلىقلار ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى باشلىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 776 ـ يىلىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە 12 شەھەردىن 280 ماھىر قاتناشقان. مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغانلار مىللىي قەھرىمان دەپ تەرىپلىنىپ، شائىرلارنىڭ مەدھىيەسىگە مۇيەسسەر بولغان ھەم ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 420 ـ يىلىغا كەلگەندە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي گىرېتسىيەلىكلەر بۇ پائالىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئالدى بىلەن پېلوپونېسوس يېرىم ئارىلىدىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەنبەسى — ئولىمپىس تېغىدا مەشئەل تۇتاشتۇرغان. ئۇلار ئەينى زاماندا ئولىم-

پىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن كۈنلەردە مەشئەل ھېرا ئىبادەتخانىسىدا كۆيۈپ تۇرغان. ئەپسۇسكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 392 ـ يىلى گىرېتسىيە مۇستەقىللىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، رىم ئىمپېراتورى تېئودوسىئۇس ئۇنى كاپىرلارنىڭ پائالىيىتى دەپ ئەمەلدىن قالدۇرغان.

1892 ـ يىلىغا كەلگەندە فىرانسىيەلىك مائارىپچى، ئالىم گۇببېرتىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا بىلدۈرگەن ھەم 1894 ـ يىلى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى قۇرغان. نەتىجىدە 1896 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى گىرېتسىيە پادىشاھىنىڭ قوللىشى ۋە گىرېتسىيەلىك داڭلىق ئارخىتېكتور چ. ئاۋلوفنىڭ 1 مىليون دىراخما (گىرېتسىيە پۇل بىرلىكى) ئىئانە قىلىشى بىلەن گىرېتسىيەنىڭ ئافېنا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ مۇسابىقە بىرىنچى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندىن باشقا ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 100 يىلدىن بۇيان پارلاق ھەم جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. مۇسابىقە تۈرلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى ۋە بېيىدى، قائىدە ـ تۈزۈملىرمۇ مۇكەممەللەشتى. كۆلىمى ۋە تەنتەنىسىمۇ زورايدى. قىسقىسى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ روھى پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلىدى.

100 يىلدىن بۇيانقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۇستىدە توختالغاندا ئەسلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئالاھىدە نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەشئىلى.

1896 ـ يىلى ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەزىكەت مۇسابىقىسى گىرېتسىيەنىڭ ئافېنا شەھىرىدە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەندە، مەشئەل تۇتاشتۇرۇش مۇراسىمى تېخى ئولىمپىك تەنھەرىـ

كەت مۇسابىقىسىنىڭ پائالىيەت تۈرىگە كىرگۈزۈلمىگەن. 1936 ـ يىلى گىتلېر ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بۇ مۇراسىم تۇنجى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەشئەل كۆتۈرۈپ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش داۋاملىشىپ كەلگەن، ئولىمپىس تېغىدىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرلەرگىچە مەشئەل قۇرۇقلۇق، دېڭىز ـ ئوكيان، ھاۋا بوشلۇقىدا ئېلىپ مېڭىلىپ سۇ ئۈزۈپ، ئات مىنىپ، سال ھەيدەپ، ۋېلىسىپىت مىنىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىلىقچىلار كېمىسى ھەيدەپ ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن يەتكۈزۈلگەن. ھەتتا سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان.

ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىرىنچى قېتىملىق مۇقەددەس مەشئەلنى يەتكۈزۈش ئۇسۇلى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، 1948 ـ يىلى لوندون ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە گىرېتسىيەلىك ئەسكەر دىمىترېلىس مەشئەل تۇتاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەربىي كىيىمىنى سېلىۋەتكەن ھەم قورالىنى بىر ياققا قويۇپ قويغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ـــ قەدىمكى زاماندا گىرېتسىيەدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختاتقانلىقىنى خاتىرىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەنى تەكرارلىماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

1968 ـ يىلى مېكسىكا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئولىمپىك مەشئىلى پاراخوت بىلەن ياۋروپادىن يولغا چىقىپ، كولومبۇ 1492 ـ يىلى ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقىغاندا ماڭغان يول بىلەن مېكسىكىغا يەتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مەشئىلىنى تۇنجى قېتىم بىر ئايال تۇتاشتۇر-

غاچقا، تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈلگەن. ئۇ مېكسىكىلىق ئېنرىكىتا باسلىئو ئىدى.

1976 ـ يىلى كانادانىڭ مونترېئال شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتى سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتكۈزۈلگەن. شۇ ۋاقىتتا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇقەددەس ئوتى سۇنئىي ھەمراھنىڭ سېزىش ئۈسكۈنىسىنى قوزغاتقان. بۇ سۇنئىي ھەمراھ ئوتنى سىمۋول خاراكتېرىدە لازېر نۇرى ئارقىلىق كاناداغا يەتكۈزگەن. بۇ قېتىمقى مەشئەل سەپىرىگە پەقەت بەش كۈنلا ۋاقىت كەتكەن.

1992 ـ يىلىدىكى بارسېلونا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئىسپانىيەلىك ئوقيا تەنھەرىكەتچىسى ئانتونىئو رېبۋولو مۇسابىقە مەيدانىدىكى مەشئەلنى ئوقيا ئارقىلىق تۇتاشتۇرغان. بۇ ئالاھىدە ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

1996 ـ يىلى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇقەددەس ئوتى 27 ـ ئاپرېل ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ 10 مىڭ كىشىنىڭ 84 كۈن كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشى ئارقىلىق 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەيدانىغا يەتكۈزۈلدى. كەچكى شەپەق نۇرىغا چۈمۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسىي تەنھەرىكەت مەيدانىدا مەشئەل تۇتاشتۇرۇلدى. مەشئەلنى دۇنيا ئەڭ ئېغىر دەرىجىلىك بوكس مۇسابىقىسىنىڭ سابىق چېمپىيونى، «بوكس پادىشاھى» 54 ياشلىق مۇھەممەد ئەلى كېسەل سەۋەبىدىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرغاندا مەيداندىكى 85 مىڭ تاماشىبىن قايتا ـ قايتا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆت سائەتلىك ئېچىلىش مۇراسىمى باشلاندى. ئېچىلىش مۇراسىمىنى دۇنيادا 3 مىليارد 500 مىليون كىشى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ بىلەتـ-

نىڭ قىممىتى 600 دوللارغا يەتكەن.

مۇقەددەس ئوتنى مۇسابىقە مەيدانىدىكى مەشئەلگە تۇتاشتۇرغان مۇھەممەد ئەلى قانداق ئادەم؟

مۇھەممەد ئەلى 1942 - يىلى ئامېرىكىدا نامرات نېگىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ نېگىر بولغاچقا ئادالەتسىز مۇئامىلە ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ نېگىرلارنى كەمسىتىشكە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ قۇللۇق تۇزۇم دەۋرىدىن قېپقالغان ئىسىم - فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئىسمىنى مۇھەممەد ئەلى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ دادىسى ئوغلى مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئادۋوكات ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغلى بوكسچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇھەممەد ئەلى 12 يېشىدىن باشلاپ مەشىق قىلىشقا كىرىشكەن. بارا - بارا تۇرلۇك چوڭ - كىچىك مۇسابىقىلەردە نەتىجە قازىنىپ 1960 - يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك دەرىجىلىكلەر مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. ئۇ شۇ يىلى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىن كېيىن دۆلىتىگە قايتقاندا ئايرودۇرۇمغا مەخسۇس ھۆرمەت قاراۋۇللىرى چىققان، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا مىڭلىغان قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان. ئۇ بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلىنىپ قالغان. 1964 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە مۇھەممەد ئەلى كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم دۇنيا ئەڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن 20 - ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ بوكسچى، دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ كىرىمىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك دەرىجىگە يېتىپ بىر قېتىم مۇسابىقىدە تاپقان كىرىمى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. مۇھەممەد ئەلى 1978 - يىلى بوكس ساھەسىدىن چېكىنگەن.

مۇھەممەد ئەلى بىر تەنھەرىكەتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن

شان ـ شەرەپىنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققان. ئۇ، پەقەت بوكسـ
چى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەشھۇر تىنچلىقپەرۋەر جەڭچى،
شۇنداقلا يەنە خېلى نامى بار شائىر. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ
يازغان:

ئەزرائىل ئالدىدا كۈلىمەن مەغرۇر،
سوغ كۆلكەم جاۋابتۇر ئاچچىق قىسمەتكە.
مەسخىرە ئەيلەيمەن كەلسە دەرد ـ بالا،
شادلىنىپ كۈلگەيمەن قاراپ ئاپەتكە.

مۇشۇنداق بولغاچقا مۇھەممەد ئەلى ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن
بۇ قېتىمقى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەشـ
ئىلىنى تۇتاشتۇرۇشقا تاللىۋېلىنغان.

مۇسابىقە مەيدانىدىكى مەشئەل ياندۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقـ
ئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى 76 ياشلىق سامارانچ سۆز
قىلىپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ غايىسىنى تەكىتـ
لىدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز يەنىلا ئىنسانىيەت تىراگېدىيەسى
داۋاملىق كۆرۈلۈۋاتقان دۇنيادا ياشاۋاتىمىز» دېدى.

سامارانچ 1920 ـ يىلى ئىسپانىيەدە تۇغۇلغان. سودا كەسپىدە
ئوقۇغان. چويلا توپ، مۇز تېيىلىش ۋە بوكس ھەرىكىتىنى ياخشى
كۆرىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىسپانىيە پارلامېنتىنىڭ
ئەزاسى، بارسېلونا رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئىسپانىيەـ
نىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولـ
غان. ئۇ يەنە ئىسپانىيە مۇز توپ كوماندىسىنىڭ باشلىقى بولغان.
1951 ـ يىلى ئىسپانىيە كوماندىسىنى باشلاپ دۇنيا مۇز توپ
لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولغان. بۇ
ئۇنىڭ كېيىن تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا چوڭـ
قۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ 1962 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە



www.uyghurkitap.com كىتاب تورىبېكىتى

ئىسپانىيە ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1966 ـ يىلى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1974 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1980 ـ يىلى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە تۇنجى قېتىم لوس ـ ئانژېلىستا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ھازىرغىچە خەنچېڭ، بارسېلونا ۋە ئاتلانتا شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلدى.

ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سامارانچ سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون سۆز قىلىپ مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا «پىلانېتالار ئارا ئۇرۇش» ناملىق مەشھۇر كىنو فىلىمىنىڭ ئاساسىي مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن مەشھۇر كومپوزىتور جون ۋىلىيامس 196 كىشىلىك ئاتلانتا سىمفونىيەلىك ئوركېستىرىنىڭ ئاتلانتا ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسىي مۇزىكىسى «قەھرىمانلارنى چاقىرىش» مۇزىكىسىنى ئورۇنلىشىغا دىرىژورلۇق قىلدى. بىر قاتار تەنتەنىلىك پائالىيەتلەردىن كېيىن مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان 197 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن تەخمىنەن 11 مىڭ 200 تەنھەرىكەتچى مەيدانغا كىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بايراقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، روھلۇق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا كىرگەندە، بولۇپمۇ كۆركەم مىللىيچە كىيىم كىيگەن تەنھەرىكەتچىلەر مەيدانغا كىرگەندە تاماشىبىنلار ئۇلارغا تەنتەنە قىلدى ھەم قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

جۇڭگو دۆلەت كۈچىنى نامايان قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى سۈپىتىدە بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە 500 كىشىلىك چوڭ تىپتىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنىدى. جۇڭخۇا

خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم 1952 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 1984 ـ يىلغىچە توپتوغرا 32 يىل ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن جۇڭگو تەنھەرىكەتچىلىرى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلمىغانىدى.

جۇڭگو 1984 ـ يىلى لوس ـ ئانژېلېس ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قايتا قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە يىلدىن ـ يىلغا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا جۇڭگو تەنھەرىكەتچىلىرى مەيدانغا كىرگەندە ئامېرىكىلىق چۈشەندۈرگۈچى جۇڭگوغا تازا بىر ھۇجۇم قىلىۋېلىشنى زادىلا ئۇزتۇمىدى. تۆۋەندىكىسى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئەينەن سۆزى:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادى يىلىغا ئون پىرسەنتلىك سۈرئەتتە ئاشماقتا. ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتلەر يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بۇ بازارغا كىرىش كويىدا بولماقتا... ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئۇلار زور نەتىجىگە ئېرىشتى. بارسېلونا ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە جەمئىي 54 مېدالغا ئېرىشىپ 4 ـ بولدى. ئۇلار 1984 ـ يىلى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، تەنتەربىيەدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ گۇمانى تېخى تۈگىمىدى. ئۇلار، جۇڭگولۇقلارنى، بولۇپمۇ يېڭىلىك ئاتلېتىكا ۋە ئايال سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى روھلاندۇرۇش دورىسىغا تايىنىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ.»

جۇڭگولۇقلارنى «سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار قويۇق مىللەتچىلىك تۇسىنى ئالغان» دەپ تەنقىدلەيدىغان غەربلىكلەرنىڭ سىياسىي تۇستىكى بۇ چۈشەندۈرۈشى جۇڭگو ۋەكىللىرىنى نارازى قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە 10 مىڭدىن كۆپرەك ماھىر 26 چوڭ تۈردىكى 271 كىچىك تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 يىللىق تارىخىدا قاتناشقان كوماندا ۋە ئادەم سانى، مۇسابىقە تۈرى ۋە ئالتۇن مېدال سانى ئەڭ كۆپ بولۇش رېكورتى يارىتىلدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە هازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش تۈسىگە ئىگە بولغاچقا ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. تەشكىلىي ھەيئەت مۇسابىقىنىڭ تەييارلىقىغا ئالتە يىل ۋاقىت، 1 مىليارد 700 مىليون دوللار سەرپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ھۆكۈمەت تەرەپ ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولمىغان خەلق تەشكىلاتلىرى ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلىپ تەشكىللىدى ۋە ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ بىخەتەر ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 30 مىڭغا يېقىن ساقچى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىمنى ئىشقا سالدى.

ئاتلانتا شەھىرى 3 مىليون ئاھالىگە ئىگە ئاۋات خەلقئارالىق شەھەر. دۇنيا بويىچە داڭلىق ئىچىملىك شىركىتى بولغان كوكا-كولا شىركىتى، ئامېرىكا سىملىق خەۋەرلەر تېلېۋىزىيە شىركىتى ۋە دېلتا ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ باش ئىشتابى ئاتلانتادا. ئاتلانتا ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇھىم سودا - سانائەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، جۇشقۇن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى شەھىرى بولۇپ، نۇرغۇن تىياتىرخانا، مۇزېي، رەسىم سالونى ۋە سەنئەت مەركىزى بار. ئاتلانتادىكى سىمفونىيە ۋە بالېت ئۆمەكلىرى دۇنياغا داڭلىق.

1835 - يىلى ئامېرىكا غەرب تۆمۈريول شىركىتى ئاتلانتانى تۆمۈريول لىنىيەسىنىڭ جەنۇبتىكى ئاخىرقى بېكىتى قىلىپ تال-

لىغاندا ئۇ ئەمدىلا شەھەر قىياپىتىگە كىرگەنىدى. 1843 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بۇ جايىنىڭ نامى تېرمىنوس بولۇپ، مەنىسى ئاخىرقى بېكەت ئىدى. 1845 ـ يىلى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريول پۈتكەندىن كېيىن، تۆمۈريول ئىنژېنېرلىرى بۇ جاينى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نامى بىلەن ئاتلانتا، دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي ئاتلانتا دەپ ئاتالغان. لىنكولن دەۋرىدە جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن ئاتلانتا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى شەرق ـ غەرب تۆمۈريولى تۈگۈنى، ماشىنىسازلىق سانائىتى ۋە سېتىش كەسپىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاتلانتا خەلقى خارابىلىكنى قايتا گۈللەندۈردى، بىرقانچە يىلدىن كېيىن بۇ شەھەر جورجىيە ئىشتاتىنىڭ مەركىزى بولدى. ئاتلانتا مىسىر رىۋايەتلىرىدىكى سۇمۇرغ (قەقنۇس) نى شەھەر بەلگىسى قىلغان. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى هاياتقا ئېرىشىپ، قايتىدىن گۈللىنىشىگە سىمۋول قىلىنغان.

جەنۇب سانائىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى هەم شىمالدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى بىلەن ئاتلانتا شەھەر مەركىزىدىكى سودا ـ سانائەت رايونى مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە غايەت زور كۆلەمگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ سىرتىنى ئولتۇراق ئۆي رايونى چۆرىدىدى. ئاتلانتا ئاهالىسىنىڭ 50% تىن كۆپرەكى قارا تەنلىك بولۇپ، بۇمۇ بۇ شەھەرنىڭ بىر ئالاهىدىلىكى.

ئاتلانتالىقلار ئۆز شەھىرىدىن چىققان ئىككى مەشهۇر شەخس بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئامېرىكا نېگىرلار هوقۇقى هەرىكىتىنىڭ دۇنياغا مەشهۇر داهىيسى مارتىن لۇتېر كىنگ. يەنە بىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ بازارلىق كىتاب «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نىڭ ئاپتورى، ئايال يازغۇچى مارگارېت مىچېل.

مارتىن لۇتېر كىنگ 1929 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جورجىيە ئىشتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە بىر نېگىر باپتىېر ئائىد-

لىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەر-
بىيەلىگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ-
نى تاماملىغان. 1948 ـ يىلى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى بويىچە
ئەدەبىيات پەنى ماگىستىرى بولغان. 1955 ـ يىلى تىئولوگىيە
ئىلمى بويىچە دوكتور بولغان. شۇ يىلى ئالاباما ئىشتاتى مونتى-
گومېرى شەھىرىدىكى بىر چېركاۋدا باستېر بولغان. 1956 ـ يى-
لى ئالاباما ئىشتاتىنىڭ مەركىزى مونتىگومېرى شەھىرىدە بىر
نېگىر ئايال ئىشچى كوچا ئاپتوبۇسىدا ئاق تەنلىكلەرگە ئورۇن
بوشىتىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىشتاتلىق سوت ئۇنى
جازالايدۇ. نېگىرلار بۇ خىل كەمسىتىشكە قاتتىق نارازى بولۇپ
قارشى چىقىدۇ. ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر
داھىيسى گەندىنىڭ كۆرەش قىلىش يولىغا چوقۇنىدىغان، پۇتكۇل
سىياسىي ھاياتىدا زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسى-
تىشنى بىردىنبىر كۆرەش يولى قىلىپ تاللىغان مارتېن لۇتېر
كىڭ بۇ قېتىمقى نارازىلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ شە-
ھەردىكى بارلىق نېگىرلارغا كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقماسلىقنى جا-
كارلاپ، قارشىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. مونتىگومېرى
شەھىرىدىكى 120 مىڭ ئاھالىنىڭ 50 مىڭى نېگىرلار ئىدى.
ئۇلار قەتئىيلىك بىلەن بۇ خىل قارشىلىق ھەرىكىتىنى 385 كۈن
داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇس شىركەتلىرى ئېغىر زى-
يانغا ئۇچرايدۇ. ئامالسىز قالغان ئىشتاتلىق يۇقىرى سوت ھېلى-
قى ئايال ئىشچى ئۈستىدىن چىقارغان ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى بىكار
قىلىشقا ۋە ئاپتوبۇسلاردىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى بىكار قى-
لىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ نېگىر ئايال ئىشچى ئىرقىي ئايرىمى-
چىلىق بولمىغان تۇنجى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىشقا ماڭغاندا
مىڭلىغان نېگىرلار يولنىڭ ئىككى قېتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەنتەنە
قىلىشىدۇ. بۇ غەلىبە ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا تەنلىكلەر-
نىڭ ئۆز كۈچى ئارقىلىق ئېرىشكەن تۇنجى شانلىق غەلىبىسى

بولۇپ قالىدۇ. 27 ياشلىق مارتىن لۇتىر كىڭنىڭ داڭقى بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتكۈل ئامېرىكىغا پۇر كېتىدۇ. 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 60 نەپەر قارا تەنلىك باستېر ئاتلانتا شەھىرىدە «جەنۇبىي خىرىستىيان دىنىي داھىيلىرى بىرلەشمىسى» ناملىق تەشكىلاتنى قۇرۇپ مارتىن لۇتىر كىڭنى رەئىسلىككە سايلايدۇ. مارتىن لۇتىر كىڭ 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 250 مىڭ كىشىلىك «ۋاشىنگتونغا يۈرۈش قىلىش» نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇ لىنكولىن خاتىرە سارىيى ئالدىدا نامايىشچىلارغا «مېنىڭ بىر خىيالىم بار» ناملىق مەشھۇر نۇتقىنى سۆزلەيدۇ. دۇنياغا مەشھۇر بۇ نۇتۇقتا ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى ۋە «ئازادلىق خىتابنامىسى» ئاساس قىلىنىپ، ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىگە قاتتىق زەربە بېرىلگەن. نۇتۇق كۈچلۈك ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، سۆزلىرى گۈزەل، مول چاقىرىق كۈچىگە ئىگە. دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇنىڭ ناتىقلىق تالانتىغا قايىل بولۇپ ئۇنى «نېگىرلار ئاۋازى» دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇ 1964 ـ يىلى 36 يېشىدا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئامېرىكا نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بۇ داھىيسى 1968 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «نامراتلار ھەربىي يۈرۈشى» نامايىشىنى تەشكىللىگەندە تېننېسى ئىشتاتىنىڭ مېمفىس شەھىرىدە يول ئۈستىدە ئىرقچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇ بۇ چاغدا ئەمدىلا 39 ياشقا كىرگەن. ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ غەزەپلىك قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە 100 دىن ئارتۇق شەھەردە نېگىرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك «قالايمىقانچىلىق» ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ. جونسون زۇڭتۇڭ خەلقنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە مارتىن لۇتىر كىڭغا ماتەم بىلدۈرۈشنى ئېلان قىلىدۇ. قاتىل 99 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئامېرىكىدىكى كەڭ قارا تەنلىكلەر ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاخىر قارار چىقىرىپ، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتىسىنىڭ دۈشەنبە كۈنىنى مەملىكەت بويىچە مارتىن لۇتېر كىڭنى خاتىرىلەش كۈنى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، مارتىن لۇتېر كىڭ گېئورگى ۋاشىنگتوندىن كېيىن بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئامېرىكىلىق بولۇپ قالدى.

ئاتلانتا شەھىرىدىن چىققان يەنە بىر دۇنياۋى مەشھۇر شەخس مارگارېت مىچېل. بۇ ئايال يازغۇچى 1900 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى نامى چىققان تارىخشۇناس ئىدى. مارگارېت مىچېل 14 يېشىدىن 18 يېشىغىچە ئاتلانتادىكى ۋاشىنگتون ئالىي دەرىجىلىك دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. 15 يېشىدا ماسساچۇسېتس ئىشتاتىدىكى شىمس قىزلار ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بىر يىلدىن كېيىن ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ دادىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشتىن چېكىنگەن. 1922 ـ يىلى «ئاتلانتا گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بولغان. 1925 ـ يىلى توي قىلغان. 1926 ـ يىلى قاتناش ھادىسىسىدە پۇتى يارىلىنىپ خىزمەتتىن چېكىنگەن.

مارگارېت مىچېل 1926 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە 10 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» (يەنە بىر ئىسمى «لەيلەش») نى يېزىپ تاماملىغان. بۇ رومان شۇ يىلى نەشر قىلىنىپ پۈتكۈل ئامېرىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. مارگارېت مىچېلنىڭ ئايال خىزمەتچىسى بېشىنىڭ ئەسلەپ دەپ بېرىشىچە، بۇ كىتاب نەشردىن چىقىپ يىگىرمە تۆت سائەتتىن كېيىن، ھەر ئۈچ مىنۇتتا بىر قېتىم تېلېفون، بەش مىنۇتتا بىر ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، بەش مىنۇتتا بىر تېلېگرامما كېلىپ تۇرغان. رومان نەشر قىلىنىپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدىلا 176 مىڭ پارچە سېتىلىپ بولغان. بۇ رومان 1937 ـ يىلى ئامېرىكا

بويىچە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى پېرىبست مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.
بۇ داڭلىق روماندا ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، روماندا يازغۇچىنىڭ جەنۇبنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە بولغان مايىللىقى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن. رومانىنىڭ ئەدەبىيەۋى ھېسسىياتى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرلۇك قاتلامدىكى ئېھتىياجىغا ماسلاشقان. بۇ روماندىكى ئاساسلىقى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن ئەينى چاغدا ئەڭ بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان ھەم ھازىرغىچە سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىغان.
1938 ـ يىلى مارگارېت مىچېل نىيۇيورك جەنۇب جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن ھەم شىمس قىزلار ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات دوكتورلۇقى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ رومانغا ئاساسەن ئىشلەنگەن كىنو فىلىمى 1940 ـ يىلى ئوسكار ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مارگارېت مىچېل 1949 ـ يىلى ئاتلانتادا قاتناش ھادىسىسىدە قازا تاپقان.
ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن 26 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك مۇسابىقىسى 17 كۈن داۋام قىلىپ مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سان ـ ساناقسىز مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاياغلاشتى. بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان 197 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە 79 دۆلەت ۋە رايون مېدالغا ئېرىشتى. ئامېرىكا 44 ئالتۇن مېدال ئېلىپ ئالتۇن مېدال ۋە ئومۇمىي مېدال سانى جەھەتتە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. رۇسىيە 26 ئالتۇن مېدال، گېرمانىيە 20 ئالتۇن مېدال، جۇڭگو 16 ئالتۇن مېدال، فىرانسىيە 15 ئالتۇن مېدال، ئىتالىيە 13 ئالتۇن مېدال ئېلىپ ئالدىنقى 6 ـ قاتارغا كىردى. 60 مىليون نوپۇسقا ئىگە تۈركىيە تۆت ئالتۇن مېدال ئېلىپ، ئالتۇن مېدال سانى جەھەتتە ئالدىنقى 20 دۆلەت تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە 13 دۆلەت ۋە رايوننىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 24 تۈردە دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىدى.

تەشكىلىي ھەيئەت ئاخىرقى ئاخشىمى مول مەزمۇنلۇق پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ 100 يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ يېپىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرى ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مەيدانىغا كىرىپ خۇشلىنىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

16 يىلدىن بۇيان خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئىسپانىيەتلىك سامارانچ سۆز قىلىپ: «مەن پۈتكۈل دۇنيادىكى ياشلارنىڭ تۆت يىلدىن كېيىن سىدنېيدا ئۇچرىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىمەن» دەپ جاكارلىدى.

1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر بالىلىرى ۋە پۇتبول روھى

ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تەنتەربىيە تۈرلىرى ئىچىدە پۇتبولنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. گەرچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بالىلارنىڭ پۇتبول ئويناش شارائىتى تەلەپكە ئۇيغۇن ھالدا ھازىرلانمىغان ھەم پۇتبول مەدەنىيىتى ھەقىقىي مەنىدە شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما «پۇتبول روھى» خېلىلا ئويغانغان دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، ئاتۇش ۋە قاراماي قاتارلىق بەش شەھەردە بالىلارنىڭ پۇتبولغا بولغان قىزىقىشى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پۇتبولغا بولغان ئوتتەك ھەۋىسىنى ئۇلارنىڭ جۇڭگو بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە بىرنەچچە قېتىم 1 ـ



ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسى




غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى كوماندىسى

بولغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئاتۇش ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى 2007 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر كۈنى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چىنخۇاڭداۋ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2007 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدە 1 ـ بولۇپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسى 2011 ـ يىلى شەندۇڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋېيفاڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ خەلقئارالىق تەكلىپ مۇسابىقىسىدە 1 ـ بولۇپ، جۇڭگو پۇتبول ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى كوماندىسى 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك ئۈمىد قۇرۇلۇشى ياش ـ ئۆسمۈرلەر پۇتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى» دە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى قولغا كەلتۈرگەن بۇ شان ـ شەرەپلەر جۇڭگو پۇتبول ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۈمىد نەزىرىنى شىنجاڭغا ئاغدۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. نەتىجىدە، شىنجاڭدىن ھەرقايسى

ئۆلكە، شەھەرلەردىكى پۇتبول كوماندىلىرىغا ۋە كۇلۇبلارغا ئۆسمۈر پۇتبول ماھىرلىرىنى تاللاش شامىلى كۆتۈرۈلدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان پۇتبول چولپىنى بارى مۇھەممەت بىلەن مىرئەخمەت مىرزىئەخمەتنىڭ نامى كۈندىن - كۈنگە چىقىپ جۇڭگو پۇتبولچىلىقىدىكى چولپانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇر بالىلىرى قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئاجايىپ نەتىجىلەر ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بەلكى پۇتبولغا بولغان قىزىقىشنى تەبىئىي ھەۋەسكە ئايلاندۇرغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پۇتبولغا بولغان قىزىقىشىنىڭ تەبىئىيلىكىنى «پۇتبولچى بالا» ناملىق مىس ھەيكەل بىلەن «مۇھەممەتنىڭ 2008 - يىلى» ناملىق كىنو فىلىمىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



«پۇتبولچى بالا» ناملىق مىس ھەيكەل

«پۇتبولچى بالا» ناملىق مىس ھەيكەلنى ۋاڭ شۈەنيۈەن（王宣元）ئىسىملىك ھەيكەلتىراش ياسىغان بولۇپ، بۇ ھەيكەل «2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكىتى ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» گە تاللىنىپ، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا ئايلاندۇرۇلۇپ، كۆرگەزمە قىلىنغان. ھەيكەلتىراش بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ

تەنتەربىيەنى سۆيۈش ۋە ئولىمپىكنى قوللاش روھىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بىزنى قىزىقتۇرىدىغان يېرى ھەيكەلتىراشنىڭ بىر گۆدەك ئۇيغۇر بالىنىڭ تولۇپ ـ تاشقان خۇشاللىق بىلەن پۇتبول تېپىشكە ئىنتىلىپ تۇرغان ھالىتىنى تەسۋىرلىگەنلىكىدۇر. بۇ ھەيكەلنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم بالىدىكى قىزىقىشنىڭ تۇغما ئىكەنلىكىگە ھەيران بولماي قالمايدۇ.

«مۇھەممەتنىڭ 2008 ـ يىلى» ناملىق كىنو فىلىمىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۇتبولغا بولغان تەبىئىي ھەۋىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن ياخشى فىلىمدۇر. تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى ئىشلىگەن بۇ فىلىم تۇنجى قېتىم بېيجىڭدا قويۇلغاندا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ھەم ئارقىدىنلا مەملىكەت بويىچە 13 فىلىم شىركىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان. بۇ فىلىم يەنە شۇ يىلى 6 ـ ئاپرېل كەچتە 15 ـ نۆۋەتلىك بېيجىڭ ئىستۇدېنتلار كىنو بايرىمىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ دىققىتىنى قوزغىغان فىلىمگە ئايلانغان. بۇ فىلىمدە ئۇيغۇر بالىلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان «پۇتبول روھى» نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالغان. بۇ فىلىمدە بىر توپ دېھقان بالىلىرىنىڭ پۇتبول ھېكايىسى ئارقىلىق تەكلىماكان پەرزەنتلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىنتىلىشلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

فىلىمدە تەسۋىرلىنىشىچە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان قۇمقۇيرۇق كەنتىدە ئېقىنلار قۇرۇپ، كەنت تەدرىجىي قۇملىشىدۇ. ئەمما كەنت ئاھالىلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن بۇ ئانا ماكاندىن كۆچۈپ كېتىشكە كۆزى قىيمايدۇ. ئۇلار كەنت باشلىقى قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇدۇق قېزىپ كۆچەت تىكىش ئارقىلىق يۇرت ـ ماكانىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايدۇ. لېكىن تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز زەربىسى ئۇلارنىڭ ئىد-

www.uyghurkitap.com



«مۇھەممەتنىڭ 2008 ـ يىلى» ناملىق فىلىمدىن كۆرۈنۈش

شەنچىنى تەۋرىتىپ قويىدۇ.

شەھەردە ياشايدىغان دارۋاز مۇھەممەت كىچە ـ كۈندۈز بىر ئارزۇنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا «چاڭگا» نىڭ بوشلۇقىدا داردا مېڭىپ دۇنيا ئەھلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن، خاتا ھالدا ئۇ تەشكىللىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەكلىماكان بويىدىكى قۇمقۇيرۇق كەنتىگە پۇتبول تىرېنېرلىقىغا ئەۋەتىلىدۇ.

فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن قۇمقۇيرۇق كەنتى 100 يىللىق تارىختا ئىگە مەشھۇر پۇتبول كەنتى بولۇپ، بۇ كەنتتىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى پۇتبولنى ياخشى كۆرىدۇ، پۇتبولغا ئالاھىدە ھەۋەس قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇتبول ماھارىتى يۇقىرى. مۇھەممەت قۇمقۇيرۇقتىكى پۇتبول مۇھىتىدا لاياقەتلىك تىرېنېر بولالماي كۈلكىگە قالىدۇ. ئۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، قۇمقۇيرۇقلۇق بالىلاردىن پايدىلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا: ئەگەر ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىدە «ئېكساق لوڭقىسى» غا ئېرىشسە، قۇمقۇيرۇق كەنتىدىكى بالىلار بېيجىڭغا بېرىپ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇسابـ-

قىسمىنى كۆرەلەيدۇ، دەپ قۇمقۇيرۇقلۇقلارغا يالغان ئېيتىدۇ. فىلىمدىكى ۋەقەلىكى مانا مۇشۇ سۆزنى بويلاپ تەرەققىي قىلىپ، يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا ئوينايدىغان كىشىلەرنىڭ... يەرگىنى هاياجانغا سالىدىغان هېكايىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گەرچە ئۆزلىرى تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى تۇغراقلىقتا جايلاشقان بىر كىچىك كەنتتە يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ، قۇم كېچىپ توپ ئوينايدىغان تەلەيسىز بالىلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تەقدىرگە تەن بەرمەي، ئالغا ئىنتىلىپ ياشاپ، دۇنياۋى پۇتبول چولپانلىرىغا ئايلىنىشنى ئويلايدۇ. فىلىمدە بۇ بالىلار جۇشقۇن خاراكتېرى، قەيسەر روهى، كەپسىز مىجەزى بىلەن ئاجايىپ يارقىن مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇلاردىكى ئەركىن خاراكتېر، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە بولغان تەشنالىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە پىسەنت قىلمايدىغان چىدامچانلىق، پۇتبول دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان پىسخىكا كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر ئۆزگىچە روھ ـــ «پۇتبول روھى» ئەڭ روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مانا بۇ «مۇھەممەتنىڭ 2008 ـ يىلى» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ ئۇتۇقى!

پۇتبول قۇمقۇيرۇقلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ پۇتبولغا بولغان قىزىقىشى ئاجايىپ كۈچلۈك. ئۇلار پۇتبول ئويناشنى يىگىتلىكنىڭ بەلگىسى، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتبول ئويۇنىغۇدەك ئەۋزەل شارائىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ناهايىتى قىزغىن ھەم چاققان، ئەقىللىك ھەم جۇشقۇن، چەبدەس ھەم چىداملىق. ئۇلارنىڭ ئىسسىق ھەم توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بۇ قەدىمىي سەھراسىدا تەرلەپ، توپا بولۇپ كەتكەندە يۇيۇنىدىغان مۇنچا يوق ياكى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ يوق. ئۇلارنىڭ بىخەتەر ھەم پاكىز چىملىق مەيدانى يوق. ئۇلارنىڭ پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان زاپاس كىيىمىمۇ يوق، ئۇلار يارىلانسا دەماللىققا داۋالايدىغان دورا ـ ئەسۋابلارمۇ يوق. ئۇلار ماهارىتىنى پىشىلدۇرسا، تاللاشنى كۈتۈپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى



«مۇھەممەتنىڭ 2008 ـ يىلى» ناملىق فىلىمدىن كۆرۈنۈش

تۇرغان كەسپىي كۇلۇبلارمۇ يوق، ئەمما، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا 100 يىلدىن بىرى يىلتىز تارتقان «پۇتبول روھى» بار!

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل «پۇتبول روھى» نەدىن كەلـگەن؟ ئۇيغۇر بالىلىرى نېمە ئۈچۈن پۇتبولنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ تارىخىي سەۋەبى نېمە؟

شۈبھىسىزكى، بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە ئالدى بىلەن گەپنى شىنجاڭدىكى داڭلىق مەرىپەت بوشۇكى ۋە پۇتبول كەنتى ئىكساقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

2006 ـ يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ يۈرۈش قانىلىنىڭ «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» پىروگىراممىسىدا 85 ياشلىق مۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئائىلىسى ئاساس قىلىنىپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تونۇشتۇرۇلغان «100 يىللىق پۇتبول كەنتى» دېـگەن مەخسۇس فىلىم بىلەن ئىكساق كەنتى پۈتكۈل جۇڭگو مىقـياسىغا مەشھۇر «پۇتبول كەنتى» بولۇپ تونۇلدى. ھەر ئايدا ئىككى

سان چىقىدىغان «تەنتەربىيە رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 2011 - يىلىلىق 10 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىدا يۈز - كۆزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قىن - قىنىغا پاتماي ۋارقىراپ سەكرەپ كەتكەن ئىكساقلىق پۇتبولچى بالىلارنىڭ شوخ، تېتىك قىياپىتى نامايان قىلىنىدى ھەم ژۇرنال ئىچىدە 16 بەت ئاجرىتىلىپ، «شىنجاڭدىكى 100 يىلىلىق پۇتبول كەنتىنى زىيارەت ــــ ئىكساق رىۋايەتلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئىكساق پۇتبولچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇخبىرى ياڭ نىڭ تەرىپىدىن سۈرەت بىلەن مەزمۇن گىرەلەشتۈرۈلۈپ تونۇشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو تەنتەربىيە سا- ھەسىدىكىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىدى. بۇ تەبىئىي ھالدا ئىك- ساقنىڭ پۇتبول جەھەتتىكى نامىنى تېخىمۇ كەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىكساقنى جۇڭگو بويىچە نامى مەش- ھۇر «پۇتبول كەنتى» شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان تۆھپىكار شەخسلەر ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلاردۇر.

تەنتەربىيە تارىخىدىن مەلۇمكى، ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرى- كىتى 1860 - يىللاردا ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگەن. ئۇزاققا قال- ماي پۇتكۈل ياۋروپادا پۇتبول ھەرىكىتى ئومۇملىشىپ دۇنياغا تارقالغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈركىيەدە پۇتبول كۇلۇبى- لىرى بارلىققا كەلگەن. ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار 1905 - يىلى تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقارغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى) شىنجاڭدا پۇتبول ھەرىكىتىنى تۇنجى قېتىم بار- لىققا كەلتۈرگەن ئەزىمەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى 1915 - يىلى تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئا- تۇش ئىكساقتا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا پۇتبول ئويناشنى ئۆ- گەتكەن. ئابدۇراخمان ئەپەندى 1920 - يىلى غۇلجىدا روشتى (تو- لۇقسىز) مەكتەپكە مۇدىر بولغاندا غۇلجىدا تۇنجى قېتىم پۇتبول مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ 1910 - يىللار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



نىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ئۇستۇنئاتۇشتىكى ئىكساق مەكتەپتە پۇتبول ھەرىكىتىنى زور قىزغىنلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رېئال ھادىسىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئىكساق پۇتبولچىلىقىنىڭ يۈكسەلگەن ھالىتىنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملار ۋە ئەسكەرلەر بىلەن مۇسابىقىلەشكەندە ئۇتۇۋالغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاغزاكى ئەسلىمىلەر ئاساسىدا يېزىلغان ماتېرىياللاردا بۇ مۇسابىقە 1927 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھازىرقى خەلق مەيدانى بىلەن تۈمەن كۆلى ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى جايلاشقان ئورۇندا بىر دېھقاننىڭ بېدىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى يېزىلغان. بۇ ۋاقىت تارىخىي چىنلىقتا خېلىلا ئۇيغۇن. چۈنكى، بۇ مۇسابىقىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈچىنچى تەرەپ سۈپىتىدە مەيداندىكى تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلغان ۋە رېپېرلىق قىلغان.

1917 ـ يىلى يۈز بەرگەن «فېۋرال ئىنقىلابى» ۋە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نەتىجىسىدە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن 1880 ـ يىللاردىن بۇيان قەشقەردە كۈچلۈك ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئالاھىدە ئىمتىيازلىق رۇسىيە كونسۇلخانىسى تېز خارابلاشقان. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغان بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كوممۇنىزم ئىدېئو-

لوگىيەسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەن. بۇ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى قەشقەردە رۇسىيە بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولغان. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان. يەنى بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. 1923 ـ يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭنىڭ ئالىي رەھبىرى ياڭ زېڭ-شىن ھۆكۈمىتىگە ئۆزئارا كونسۇل تۇرغۇزۇش توغرۇلۇق ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇ جيەنيىڭنىڭ «مىنگو دەۋرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912～1949)» دېگەن كىتابىدا يېزىلغاندەك. «1925 يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى ماكس دومپىس (Max Doumpiss) توققۇز نەپەر كون-سۇل خادىمىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخا-نىسى رەسمىي ھالدا ئىشقا كىرىشكەن. ئورنى ئىلگىرىكى چاررۇ-سىيە باش كونسۇلخانىسى بولغان». سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەش-قەردە باش كونسۇلخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو، ئەنگلىيە، سو-ۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپ-لەشتۈرۈۋەتكەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يەنىلا ئەنگلىيە تەرەپنى ھىمايە قىلىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ تە-سىرىنى چەكلەپ تۇرغان. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۆزىنىڭ ئۈس-تۈن ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن 30 ئەترا-پىدا ئەسكەر ئەكېلىپ كونسۇلخانىدا تۇرغۇزغان. بۇ ئەسكەرلەر بىلەن كونسۇلخانا خادىملىرى بوش ۋاقىتلاردا پۇتبول ئوينايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئۈستۈنئاتۇش پۇتبولچىلىرى ئوتتۇرىسىدا قەشقەرنى زىلزىلىگە سالغان مۇسابى-قە شەكىللەنگەن. چۈنكى، مۇسابىقىدە ئۈستۈنئاتۇش پۇتبولچىلى-

ـرى يۇقىرى ماھارەت ھەم جان پىدالىق بىلەن ئويناپ ئەنگلىيە
كونسۇلخانىسىنىڭ پۇتبول ئەترىتىنى يېڭىۋالغان. كۆپ يىللاردىن
بېرى ھېچبىر ئىشتا غەلىبە مېۋىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان
قەشقەر خەلقى ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ھاكاۋۇر ھەم زوراۋان ئەنگلىـ
يەلىكلەر ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن ئالەمچە شادلىققا تولـ
غان. پۇتبول ئويناش ئادىتى قەشقەر بىلەن ئاتۇشتىكى مەكتەپـ
لەردە 1930 ـ يىللاردا تېخىمۇ ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ 1935 ـ
يىلىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى»
جايلاردا ئۆزئارا پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ جەھەتـ
تىكى قىزىقىشنىڭ ئومۇملىششىغا تۈرتكە بولغان.

ئابدۇراخمان شادى ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن غۇلجىدا
باشلانغان پۇتبول ھەرىكىتى 1930 ـ يىللاردا ئەۋجىگە چىققان.
شۇ يىللاردا يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلغاچقا
پۇتبول ھەرىكىتى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئەڭ قىزىقىپ ئويۇـ
نايدىغان تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ قالغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىـ
شىچە، غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدا ھەر ھەپتىـ
دە دېگۈدەك پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. شىنجاڭنىڭ
پۇتبولچىلىقى ئەنە شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلىپ 1950 ـ يىللارـ
غا كەلگەندە كەڭ ئاممىۋى تەنھەرىكەتكە ئايلانغان. 1953 ـ يىلى
10 ـ ئايدا مۇرات، جاپپار، ئېزىز، ھەمدۇل قاتارلىق 18 كىشىدىن
تەشكىللەنگەن شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇـ
رىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي
شىمال پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولغان. كېـ
يىنكى قېتىملاردىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئاشۇ
قېتىم چېمپىيون بولغان كوماندا ئەزالىرىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر
يېزىقىدا «شىنجاڭ» دېگەن خەت بېسىلغان مايكىنى كىيىپ، ئىكـ
كى رەت بولۇپ مەردانە قىياپەتتە چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى شۇ
قېتىمقى غەلىبىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە زوقمىزنى



1953 ـ يىلىدىكى شىنجاڭ پۇتبولچىلىرى

قوزغاپ كەلمەكتە. تۇرسۇن يۇسۇپنىڭ «هازىرقى زامان ئىس ـ تۇتەكسىز ئۇرۇشى — پۇتبول» دېگەن كىتابىدا بۇ خىلدىكى ئۇ ـ تۇق ـ نەتىجىلەرنىڭ مىسالى سۈپىتىدە مۇنداق يېزىلغان: «دې ـ مەك، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا شىنجاڭ پۇتبول كو ـ ماندىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ۋە داڭلىق پۇتبولچىلار يېتىشىپ چىقىپ، دۆلىتىمىز پۇتبول ھەرى ـ كىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچ قوشۇپ تۈرتكە بولۇشى، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئاتۇش ئىكساق ۋە غۇلجىنى ‹پۇتبول يۇرتى›، دەپ تىلغا ئېلىشى — پۇتبولنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن تارىخ ـ قا ھەم كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ».

ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە 1990 ـ يىللارغىچە 60 ـ 70 ياشلاردىكى بوۋايلارنىڭ ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ پۇتبول ئويناش ئادىتى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال ئىدى. 1990 ـ يىللار ـ نىڭ بېشىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «ئاتۇش سەيلىسى» دېگەن سەنئەت فىلىمىدىكى بىرنەچچە بوۋاينىڭ ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com



ئىكساقتىكى پېشقەدەم پۇتبولچىلار (1985)

ئۇنتۇغان هالدا پۇتبول تېپىۋاتقان هەم سەكرەپ توپنى ئۇسۇۋاتقان نادىر كۆرۈنۈشى ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە. ھازىرمۇ ئىكساقلىقلار پۇتبولنى بارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئۈستۈن قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىكساقلىق ئۆسمۈرلەر پۇتبول ئويناشنى يىگىتلىكنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى، دەپ قارايدۇ. «مۇھەممەتنىڭ 2008 ـ يىلى» ناملىق فىلىممۇ ئىكساق پۇتبولچىلىقىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، كەڭ ئۇيغۇر بالىلىرىدىكى «پۇتبول روھى» نى نامايان قىلغان.

ئومۇمەن، ئىكساقتىن ئىبارەت كىچىككىنە كەنتتىن باشلانغان 100 يىللىق پۇتبول ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، كېلەچەكنىڭ ئىگىسى بولغان بالىلار پۇتبولنى تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ئويناپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇشقۇن پۇتبول روھىنى نامايان قىلىپ، مەملىكەت سەۋىيەسىدىكى داڭلىق پۇتبول چولپانلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشىگە، مەملىكەت دەرىـ

جىلىك مۇسابىقىلەردە بىرىنچى بولۇشتەك شەرەپلىك نەتىجىلەرگە مۇيەسسەر بولماقتا.

شوخ، چەبدەس، جۇشقۇن، زېرەك ئۇيغۇر بالىلىرىلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي يېلىنجاپ تۇرغان پۇتبول روھىلا بولىدىكەن، يېقىن كېلەچەكتە ئەمەت، سەمەت ياكى بارى، يارى دېگەندەك چىرايلىق ئىسىملىرى بار دۇنياۋى پۇتبول چولپانلىرى خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىشىپ، ئانا دىيارىغا شەرەپ كەلتۈرۈشى، قېرىنداشلىرىنى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھېس ـ ھاياجانلارغا چۆمدۈرۈشى، قىسقىسى، بىزنى دۇنياۋى كەڭلىكلەردە غۇرۇرلاندۇرۇشى تەبىئىي.

دېمەك، ھەرقايسى ئەللەر ۋە خەلقلەر ئۆزلىرىنى تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادە قىلىۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەت ـ ئىقتىدارلىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن نامايان قىلىۋاتقان شارائىتتا ئۇيغۇر بالىلىرى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پۇتبول روھىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، پۇتبولدىن ئىبارەت مۇھىم تەنتەربىيە تۈرىنى مىللىي خاراكتېرىمىزنى ئىپادە قىلىدىغان بىر تۈرلۈك ساھە سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇرالىسا ئىنتايىن چوڭ ئىش بولاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆپ ھاللاردا ناخشا ـ ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن مىللىي خاسلىقىمىزدا ئۇنىۋېرساللىشىش يۈزلىنىشى شەكىللىنەتتى.

2012 ـ يىلى يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىزگە قانداق دادىلار كېرەك

«بالىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلار ئۇستۇنلۇك تالىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا بىزگە مېھىر-شەپقەتنى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئانىلار ئەمەس، بەلكى ئۇنى يۈكسەك ئېتىقاد ئىستراتېگىيەسىگە ئايلاندۇرغان ئانىلار كېرەك.»

بۇ بىر ئابزاس سۆز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك» دېگەن مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى كەسكىن خىتابى. مېنىڭچە، ئانىلارغا قىلىنغان بۇ خىتاب يەنە ئۆز نۆۋىتىدە دادىلارغىمۇ ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ. مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك» دېگەن ماۋزۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىنىشىغا ئەرزىيدىغان بىر يۈرۈش مۇھاكىمە تېمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بەرىكەتلىك ماۋزۇ ئىكەن، دەپ قارىدىم ھەم «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ قالدىم.

لۇ شۈن ئەپەندى 1920 - يىللىرى «بىز ھازىر قانداق دادا بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەينى يىللاردىكى جۇڭگولۇق دادىلار توغرىسىدا ئۆتكۈر تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنىكەن. شۇ يىللاردا جۇڭگو زىيالىيلىرى «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» نى قوزغاپ، مىللىي ئويغىنىش دولقۇنىنى ئەۋج ئالدۇرغان. مىللىي خورلۇقنى يەتكۈچە تارتقان جۇڭگو زىيالىيلىرى غەزەپ - نەپرەتكە تولغان كۆزىنى ئۆزلىرىنى قاتمۇقات

مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان جاھانگىرلارغا، تەسلىمچى ھۆكۈمەتكە، ھوقۇقپەرەس مۇستەبىتلەرگە تىكىش بىلەن بىللە، مەھكۇملۇققا كۆنۈكۈپ كەتكەن جاسارەتسىز دادىلارغىمۇ تىككەن. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە دادىلارنىڭ ئوبرازى ئاساسەن دېگۈدەك سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلىپ، ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن تەنقىدلەنگەن. ئوبزورچىلار «يوللارغا ئەسكى دادىلار توشۇپ كەتتى» دەپ ئېيتىشقان. شۇڭىمۇ بەزى مەدەنىيەت ئەربابلىرى بۇ يىللارنى جۇڭگو تارىخىدىكى «دادىنى دۇمبالاش يىل-لىرى» دەپ ئاتاشقان.

شۇبھىسىزكى، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ كېلەچەك - ئىستىقبالى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانغاندا، مەۋجۇت ھالىتىدىن ئۆكۈنۈپ قا-نائەتسىزلىك ھېس قىلغاندا ۋە ئەندىشىگە چۆمگەندە، تەبىئىي ھالدا كىرىزىس ئېڭى كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، بۇ نېمە ئۈ-چۈن؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزگە نېمە كېرەك؟ چىقىش يولى زادى قەيەردە؟ دېگەندەك نۇقتىلاردىن چىقىپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بايانىمىزدىكى «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك»، «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك» دېگەن تېمىلار ئۈستىدىكى ئويلىنىشلارمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

روشەنكى، نۆۋەتتە، خەلقىمىز مەۋجۇتلۇققا كاپالەتلىك قى-لىش، تەرەققىيات يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئەنئەنىۋى مەدە-نىيىتى، قىممەت قارىشى ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قاتمۇقات خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. گەرچە پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە كۆرۈلۈۋاتقان كەس-كىن رىقابەت ۋە خىرىس ھەممە مىللەتكە ئوخشاش بولسىمۇ، ھەر-بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى مەلۇم جەھەتلەردە يەنىلا پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار دۇچ كەلگەن كىرىزىسنىڭ تۈر ۋە دەرىجىسى بىر-دەك بولمايدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر ئەڭ خەۋپلىك بولۇۋاتقىنى ئەخلاق جەھەتتىكى يىمىرىلىشتۇر. بۇنى «بىز دۇچ

كىيلىۋاتقان بارلىق خىرىسلار ئىچىدىكى ئەڭ زور خىرىس» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر بەلكىم، «ئەخلاق جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلە» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. توغرا، ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئەللەردىكى كىشىلەردىمۇ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. ھەقىقەتەنمۇ ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئەجدادىدىن قالغان ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاق كىرىزىسى تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي تاپمىغان بارلىق ئەل خەلقلىرى ئۇچۇن ئورتاق مەسىلە بولۇپ قالدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، مەن بىزنىڭ ئەخلاق جەھەتتە يىمىرىلىشىمىز باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچىرەك، دەپ قارايمەن. سەۋەبى شۇكى، بىز ئەخلاقتا، ئادىمىيلىكتە مۇخالىپ مەسىلىلەرنى جاھاندارچىلىق يولى دەپ بىلىدىغان دەرىجىدە چۈشكۈنلىشىپ كەتتۇق. ئادىمىيلىكتە، ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا مۇخالىپ يول تۇتۇپ ياشاۋاتقان ھەر - ھەر نائەھلىلەرنى «بۇمۇ جان بېقىشنىڭ بىر يولى»، «ئاشۇنداق قىلىپ جېنىنى باقمىسا قانداق قىلىدۇ» دېگەندەك ئۇچىدغا چىققان مەنپەئەتپەرەسلىك چۈشەنچىلىرى بىلەن ئاقلاپ، بارلىق روھىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرنى ئادەتتىكى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدۇق. بىزنىڭ توپ كىشىلىك ئەخلاق بولغان ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، مەردانىلىك، ئوچۇق - يورۇقلۇق، باتۇرلۇق، مېھرىبانلىق قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز قاياقلاردىندۇر يۇقتۇرۇۋېلىنغان چاكىنا ئەخلاق قاراشلار تەرىپىدىن يەكلەنمەكتە، بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلانماقتا. قارايدىغان بولسىڭىز پارىخور ئەمەلدارلارنىڭمۇ، خۇشامەتچى جان باقتىلارنىڭمۇ، نومۇسسىز ئېيپەت سودىگەرلىرىنىڭمۇ، ھارام تاماق ھورۇنلارنىڭمۇ، كەسپىي

قويمىچىلارنىڭمۇ، ئەيتاۋۇر، خىروين سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ... ئۆز قىلمىشىنى ئاقلاش، ئۆزىنى يوللۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن راسلىۋالغان بىر تالاي سەپسەتىلىرى بار. ئۇلار بۇ خىل بىر تەرەپلىمە، چاكىنا، بىمەنە جاھاندارچىلىق سەپسەتىلىرىنى ھېيىقماستىن ئەزۋەيلىگەن ھالدا سۆزلەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنداقلاردا نە گۇناھ تۇيغۇسى، نە ۋىجدانىي ئازاب تۇيغۇسى، نە نومۇس تۇيغۇسى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن قىلچىمۇ ئۈكۈنمەيدۇ، ئەپسۇسلانمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى ئۇزۇن، گېپى يوغان، يۈرۈش ـ تۇرۇشى كۆرەڭ؟

سەۋەبى، ئۇلار نوپۇزلۇق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ چەكلەش كۈچىنى دېيەرلىك ھېس قىلمىغان، ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ كۈچىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن. شۇڭا، ئۆزلىرى كېتىۋاتقان يولنىڭ نومۇسسىز يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماق تۇگۇل، ئەكسىچە جاھاندارچىلىقنىڭ زۆرۈر يولى، دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىزنىڭ بۇنداق دەپسەندە بولۇپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب، مېنىڭچە، بىزنىڭ ئايرىم ساندىكى دادىلىرىمىزدا.

بىزنىڭ ھازىرقى دادىلىرىمىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ ۋە 70 ـ يىللىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ «ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى» ۋە «بويسۇنۇشنى ئەلا بىلىدىغان ئىتائەت ئەخلاقى» بەكرەك تەكىتلىنىپ، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىغا ئىگە، مۇھەببەت ـ نەپرەت تۇيغۇسى روشەن، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ھالال بىلەن ھارامغا تۇتقان مۇئامىلىسى سەزگۈر ئادەملەردىن بولۇشنى تەكىتلەشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. بۇ بىر ئەۋلاد 80 ـ ۋە 90 ـ يىللاردا قۇرامىغا يېتىپ دادا بولغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئەخلاق جەھەتتە زۆرۈر بولغان تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئا-

لىيجاناب پەزىلەت گۈللىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىشقا، قىممەتكە ئىد-
گە غايە ـ نىشانلارنى تىكلىشىگە، ئۇلارنىڭ قەلبىدە نوپۇزلۇق
ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بې-
رەلمىگەن. پەقەت قانداق قىلىپ تىرىشىپ ئوقۇپ ياكى تىرىشىپ
ئىشلەپ ياخشى كۈن كەچۈرۈش توغرىسىدىلا نەسىھەت قىلالىغان.
چۈنكى، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىقى ۋە ياشلىقى ماددىي جەھەتتىكى زى-
يادە موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئاچلىق ۋە نامراتلىق
ھەققىدىكى تەسىراتى ئىنتايىن چوڭقۇر. شۇڭا ماددىي مەنپەئەتكە
نىسبەتەن زىيادە سەزگۈر قارايدىغان، بەخت تۇيغۇسى جەھەتتە
ماددىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە بەكرەك ھەۋەسلىنىدىغان پىسخى-
كىسى كۈچلۈك. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىگە ئايلى-
نىپ كەتكەن بۇ خىل قىممەت قاراشلىرى بىلەن پەرزەنتلىرىگە
ياخشى كۈن كۆرۈش ھەققىدە توختىماي سۆزلەيتتى. ئەمەلىيەتتە
ئۇلارنىڭ قىممەت ئۆلچىمىدىكى «ياخشى كۈن» ماددىي جەھەتتىكى
ھالاۋەتنىلا كۆرسىتەتتى. نەتىجىدە، ماددىي مەنپەئەتكە سەزگۈر
قىلىپ ئادەتلەندۈرۈلگەن بۇ پەرزەنتلەردىن مال ـ دۇنيانى، ھوقۇق ـ
ئىمتىيازنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش
ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن، ھەرقانداق بولمىغۇر ۋاستى-
لەرنى قوللىنىشتىن يانمايدىغان، ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنى مەركەز
قىلىدىغان، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىر تۈركۈم شەخسىيەتچى،
ئەخلاق ئېڭى ئاجىز ئەۋلاد يېتىشىپ چىقتى. مەنپەئەت ئېڭى زى-
يادە كۈچلۈك، قەلبىدە شەخسىيەتچىلىكتىن باشقا نەرسە يوق بۇ
بىر ئەۋلاد ھايات مۇساپىسىدە ئېرىشكەن ھارام مەنپەئەتلىرىنىمۇ
ئامەت ھېس قىلىشىپ يۈرۈۋېرىشتى. غەيرىي ئەخلاقىي نەرسىلى-
رىدىن ماختاندى. چۈشكۈن تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ھۇزۇر ھېس
قىلدى. ۋاھالەنكى، قولدىن بېرىپ قويغان پەزىلەت گۈللىرىدىن،
قۇربان قىلىنۋەتكەن ئادىمىيلىكلىرىدىن قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدى،
ھەتتا مەھرۇم بولغان ئادىمىيلىكىنى بىلىشكىمۇ قادىر بولالمى-

دى. ئادىمىيلىكتىن بارغانسېرى ياتلىشىپ كەتكەن بۇ ئەۋلادتىن ئىلگىرىكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئىستېمال تەلۋىلىكى ئۇر-غۇپ تاشقان، ھەرقانداق مەنىۋى ۋە روھىي قىممەتلەرنى چوڭ بىل-مەيدىغان يەنە بىر ئەۋلاد بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ئادەتتە، دادىلار ئائىلىۋى ئەخلاقنىڭ ھامىيلىرى ھېسابلىنىد-دۇ. ئۇلارغا ئائىلە ئەزالىرىنى ئەخلاق جەھەتتە راۋۇرۇس يېتەك-لەش، ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن بولىدۇ. دې-مىسىمۇ باللارنىڭ قەلبىدە ئانىلار كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئورۇن ئالسا، دادىلار تەلەپچانلىقى بىلەن ئوبراز تىكلەيدۇ. دادا «ئۆز پادى-لىرى» نى ھەر جەھەتتىن ياخشى ھىمايە قىلمىسا، تەبىئىي ھالدا «پادىلىرى» بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىدۇ. بۆرىنىڭ ئۆڭكۈرىگە بىلىپ ـ بىلمەي، ھەتتاكى ئۆزى خالاپ كىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بارلىق پاجىئەنىڭ باشلىنىشى !

ئۇنداقتا، دادىلىرىمىزنى ئۆز «پادىسى» نى ھەر جەھەتتىن ھى-مايىسىگە ئالالايدىغان، مەنىۋى ساپاغا ئىگە، دېيىشكە بولامدۇ ـ يوق؟ مەن ھازىرقى بىر قىسىم دادىلىرىمىزنىڭ يارامىلىق ئەۋلاد تەربىيەلەش، ئېغىر ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، خەتەر ۋە قىيىنچىلىققا باتۇرانە يۈزلىنىش، قەيسەر ۋە چىدامچان بولۇش، ھالال مېھنەت بىلەن ياشاش جەھەتتىكى ئويناۋاتقان رو-لىغا، پاراستى ۋە دىيانىتىگە ئاپىرىن ئېيتىش بىلەن بىر چاغدا يەنە كۆپ قىسىم دادىلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساپاسىدىن قات-تىق ئەندىشە قىلىمەن. مەرد، مەردانە، جاسارەتلىك، غۇرۇرلۇق، نومۇسچان، چىدامىلىق ئەركەكلەرگە خاس دادىلارنىڭ سانى ئازلاپ «نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى» گە دۇچ كېلىۋاتقاندەك ھېس قى-لىمەن. ئەكسىچە، جاسارىتى سۇس، پىرىنسىپى بوش، قىممەت ئۆلچىمى مۇجمەل مەسئۇلىيەتسىز دادىلارنى؛ «ئۆيۈڭنىڭ دېرىزە پەردىسى چىرايلىقكەن» دەپ قويسا، ھەپتىلەپ خۇشال يۈرىدىغان خېنىم مىجەز دادىلارنى؛ باشلىقنىڭ سالام ـ سەھىتىنى تاما قى-

www.uyghurkitap.com

لىپ تەلمۈرۈپ ياشايدىغان غۇرۇرسىز دادىلارنى؛ ئائىلىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى جان تىكىپ قوغداشقا يېتەرلىك جاسارەت كۆرسەتمەيدىغان يۇمشاقباش دادىلارنى؛ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ياشاشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن لايغەزەل دادىلارنى؛ چىدام - غەيرىتىگە تايانماستىن، خۇشامەتچىلىك بىلەن ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان لالما مىجەز دادىلارنى؛ ئەمەل - مەنسەپنىڭ سايىسىگە ئېرىشىپ قالسا چاي ئويناپ ھارمايدىغان پاخپاق دادىلارنى؛ ھاقارەتلىك مۇئامىلىلەرنى نومۇس بىلمەيدىغان زەئىپ دادىلارنى؛ بىر بوتۇلكا بەتبۇي ھاراقنىڭ قۇلى بولۇپ، سورۇنمۇسورۇن سوكۇلداپ، تېپىتىقسىز يۇمۇرلارنى ئېيتىشىپ ھارمايدىغان ھاماقەت دادىلارنى؛ لەۋزىدە تۇرماسلىق، خىيانەتكارلىق، ساتقۇنلۇق، ساختىپەزلىك، سۇخەنچىلىكتەك پەسكەشلىكلەرنى جاھاندارچىلىق يولى قىلىۋالغان ئەبلەخ دادىلارنى كۆپلەپ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، دادىلىرىمىزنىڭ ساپاسىدىن ئۈمىدۋار بولۇش، ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىدىن خاتىرجەم بولۇش مۇمكىنمۇ؟! بۇنداق دادىلار ئەۋلادلىرىنىڭ قىسمىتىنى قىيىن كۈنلەرگە قويمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! بۇنداق دادىلار ئۆز ئائىلىسىنى ئالىيجاناب ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن تۇتۇپ تۇرالامدۇ؟!

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنداق دادىلار بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى بۇلغاپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ روھىنى كاردىن چىقىرىپ، ئۇلارنى پاجىئەنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ.

ئەمدى بۇنداق دادا بولۇشقا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىدىغان پەيت كەلدى. چۈنكى، بىزنى مۆلچەرلىگۈسىز كېلەچەك كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇڭا، شۇنداق تەكىتلەيمەنكى: دادىلار — مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى، قول، قانىتى. دادىلارنىڭ ۋۇجۇدى ھەققانىيەت روھى بىلەن، باتۇرلۇق جاسارىتى بىلەن، چېۋەرلىك كارامىتى بىلەن، ۋىجدان ۋە دىيانەت ھۈجەيرىلىرى بىلەن تولۇشى كېرەككى، ئۇ يەردە دېلىغۇللۇق، مۈجمەللىك، پەمسىزلىك، بېلى بوشلۇق،

ساداقەتسىزلىك، ھاماقەتلىك، ساتقۇنلۇق، ھورۇنلۇق ئىللەتلىرىگە ئورۇن بولماسلىقى كېرەك. ئەل - يۇرتقا ھەممەت كۆرسىتىشتە پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك.

مۇشۇلارنى قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟! ئەلۋەتتە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دادىلار ئۆزىمىزنى بىر دەڭسەپ كۆرۈشىمىز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنى، ئادەت - خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك» دەپ ماۋزۇ قويۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، دەماللىققا يارامىلىق دادىلارنىڭ ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەت، دادىلارنى كىرىزىس تۇيغۇسىدا تۇرۇپ قانداق دادا بولۇش ھەققىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىش.

2004 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلدى.

www.uyghurkitap.com

# يۇرتىنى ئۇنتۇيالىغان كىم بار

ھەر قېتىم كىتاب ئىشكاپىمغا قارىغان چېغىمدا «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دېگەن كۆپ قىسىملىق كىتاب كۆزۈمگە چېلىقىدۇ. كىتابنىڭ نامىغا قاراپ ئىختىيارسىز زوقلىنىپ كېتىمەن. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دېگەن ماۋزۇ نېمىدېگەن چىرايلىق قويۇلغان ـ ھە! ئىچ ـ ئىچىدىن ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، خوتەنلىكلەرنىڭ غۇرۇرىنى كۈچلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، يىلتىز ئېڭىنى چىڭىتىدىغان بۇ ماۋزۇ مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، دۇنيادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى سۆيمەيدىغان، يۇرتداشلىرىدىن سۆيۈنمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ئىران شائىرى شەيخ سەئدى «بوستان» ناملىق كىتابىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

ئۇزۇن زامان كېزىپ يۇردۇم جاھاننى،
ئارىلاشتىم تۈرلۈك ئادەم ئەھلىگە.
قانچە ـ قانچە خامانلاردىن نەپ ئالدىم،
جاھان كېزىپ ئىگە بولدۇم بەھرىگە.
ھېچ قەيەردە كۆرمىدىم مەن شىرازدەك،
ئادىمى خىل، مېھرى ئىسسىق يۇرتۇمنى.

شەيخ سەئدى غەربتە مىسىردىن شەرقتە قەشقەرگىچە بولغان يۇرتلارنى ئالا قويماي دېگۈدەك كېزىپ چىققان جاھانكەزدى دەرۋىش ئىدى. ئۇ تالاي يۇرتلارنى كېزىپ يېشى 40 تىن ئاشقاندا

«بوستان» نى يېزىپ يۇرتداشلىرىغا سوۋغا قىلغانىكەن. ئۇنىڭغا يۇرتداشلىرى ئادەملەرنىڭ سەرخىلىدەك، يۇرتى ئەڭ مېھرى ئىسسىق ماكاندەك تۇيۇلغان. شەيخ سەئىدىنىڭ يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى بۇنداق ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى ئەيىبكە بۇيرۇغىلى بولمايدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساقمۇ قەشقەرلىك شائىر گۇمنام «كاشغەر» دېگەن غەزىلىدە، خوتەنلىك شائىر نەۋبەتىي «خوتەن» دېگەن قەسىدىسىدە ئۆز يۇرتىنى ئوخشاشلا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇلۇغلىغان. گۇمنام:

يا پەرى، يا ھۆرى، يا باغى ئېرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر.

دەپ يېزىپ، قەشقەرنى كىمكى قەشقەرگە كېلىپ قالسا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ جەننەت، ھۆر ـ پەرى دېگەنلەرنى بولسا، ئەستىن چىقىرىپلا قويىدۇ، دېگەندەك ئاجايىپ مىسرالار بىلەن ئۇلۇغلىغان. نەۋبەتىي بولسا،

رەۋزىگە ماننەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.


دەپ يېزىپ، خوتەننى بېھىشكە ئوخشاش خىيال قىل، ئۇنى بەلكى بېھىشتىنمۇ زىيادە دەپ بىل، دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۇلۇغلىغان.

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئۆز يۇرتى ھەققىدە ئەسەر يازمىغان بىرەر ئەدىبنى تاپماق تەس. ئۇلار، يۇرتىغا بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتلىرىنى يېزىشقا، يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى قەدىرلەشكە، ئۇلاردىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق، ئەلۋەتتە. «ئانا يۇرت ئەدەبىياتى» دېگەن ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ئاساسسىز ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ يۇرتىنى قەدىرلەش،

يۇرتداشلىرىدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئىنسان تەبىئىتىگە ئورتاق تەبىئىي خۇسۇسىيەت. يۇرتىنى سۆيۈش ۋە سېغىنىش ئېستېتىكا مەسىلىسى، ھەرگىزمۇ ئىقتىسادشۇناسلىق مەسىلىسى ئەمەس. يۇرتىنى سۆيۈش ياكى سېغىنىشنى مۇكاپاتلاش كەتمەيدۇ ياكى بۇ جەھەتتە باشقىلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈشمۇ ھاجەتسىز. بىر ئادەمنىڭ يۇرتىنى سۆيۈشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى، يەنى تۇغما ھەققى. بىر ئادەمنىڭ يۇرتىنى سېغىنىشى ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى سېغىنىشتۇر. ئىنسان تەبىئىتىنى چۈشىنىشى تۆۋەن، ئىنساننىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىنى بىلىشى يېتەرسىز بىر قىسىم ئادەملەر يۇرتۋازلىق بىلەن يۇرتپەرۋەرلىكنىڭ پەرقىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا مىللىتى ھەققىدە سۆزلىگەن كىشىنى «مىللەتچى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ قويغاندەك، يۇرتىنى تەرىپلەپ سۆزلىگەن ياكى يۇرتى ھەققىدە ئەسەر يازغان كىشىنى «يۇرتۋاز» دەپ خاتا ئەيىبلەيدىغان ئىشلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر مىللىتى ھەققىدە گەپ قىلىسىلا «مىللەتچى» ئاتىلىپ قالىدىغاندەك بىنورمال ئەندىشىدە بولۇپ، مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلۇق گەپلەرنىمۇ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بەزىلەر يۇرتى ھەققىدە بىر نەرسە دېسىلا باشقىلارنىڭ «يۇرتۋاز» دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ خۇدۇكسىرەيدۇ. مانا مۇشۇنداق بىنورمال كەيپىياتنىڭ تەسىرى بىلەن گەپكە قالمايلى دەپ قورۇنۇپ، سۆزلەشكە تېگىشلىك گەپلەرنىمۇ سۆزلەشكە پېتىنالمايدىغان، يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىمۇ يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار قىلىنماي تاشلىنىپ قالدى. ھەر ھالدا يېقىنقى بەش ـ ئون يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتتىكى خۇدۇكسىرەش پىسخىكىسى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى غەيرەتلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئۆزلىرىگە پىششىق بولغان، ئۆز يۇرتىغا مۇناسىۋەتلىك

تارىخ، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى، داڭلىق شەخس، داڭلىق ئورۇن، داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى قازىدىغان، يازىدىغان، سۆزلەيدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىندى. ھەرقايسى يۇرتنىڭ نا-مى بىلەن باغلانغان پائالىيەتلەر كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ ئار-قىلىق بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەت-لىك يىڭى - يىڭى مەزمۇنلار يورۇقلۇققا چىقىپ، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشقا كەڭ دائىرىلىك ئاساس يارىتىلدى ۋە ئىمكانىيەت ھازىرلاندى. قىلىنىشقا تېگىشلىك تەخىرسىز، زۆرۈر خىزمەتلەر روياپقا چىقىش جەريانىدا كۆپتۈرمە نەرسىلەرمۇ سادىر بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ جەرياندا ئەجدادلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھەققىدىكى ساختا توقۇلمىلار، قۇرۇقتىن - قۇرۇق پەردازلاپ كۆرسىتىشلەرمۇ كۆ-رۈلمەي قالمىدى. چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن، ھەقىقەتتىن چەتلەپ كەتكەن، ئىشەنچسىز ئەسەرلەرنى يېزىش نادانلىق ۋە چاكىنىلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۈبھىسىزكى، بىر ئادەمنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى كۆپ جەھەتتە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئەۋزەللىك ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بايلىق. مەسىلەن، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ غۇل-جىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن بىر ئەۋ-زەللىك ھەم زور بايلىق. ئەگەر زوردۇن سابىر غۇلجىدا تۇغۇلۇپ ئۆسمىگەن بولسا، ھەرقانچە تالانتلىق بولغان ئەھۋالدىمۇ «ئانا يۇرت» تەك كاتتا رومانىنى يېزىپ چىقالىشى تەس ئىدى. ئابدۇرې-ھىم ئۆتكۈر قومۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسمىگەن بولسا، قەلىمى ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ، تۆمۈر خەلىپە ۋە خوجىنىياز ھاجىلار ياراتقان تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىپ، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى-نى بارلىققا كەلتۈرەلىشى تەس ئىدى. شۇڭا، بىز بىرەر تارىخىي ۋەقەنى، بىرەر يەرلىك مەدەنىيەت ھادىسىسىنى، بىرەر ئىجتىمائىي



ئاپتور ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا (2010 ـ يىلى 8 ـ ئاي)

پائالىيەتنى، بىرەر مەشھۇر شەخسنى خەلق سۆيۈنگۈدەك ھالەتتە يېزىشقا تۇتۇنغان ۋاقتىمىزدا ئاشۇ يۇرتتا ئۆسۈپ يېتىلىش جەر- يانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغان، جۇغلىغان، ئويلىغان، ئۆگەنگەن، سۆ- يۈنگەن ھاسىلاتلىرىمىز ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ھا- سىلاتلار بىز يېتىشتۈرگەن قابىلىيەت ۋە بىز ئۆگەنگەن مۇنتە- زىم بىلىملەردىن ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس.

مەن يۇرتۇمنى ۋە يۇرتداشلىرىمنى مانا مۇشۇنداق تەبىئىي ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ياخشى كۆرىمەن. ھەر قېتىم يۇرتۇم ئاتۇشقا بارغان چېغىمدا، خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىدا» ناملىق شېئىرىدىكى «نە دۆلەت سەيلە قىپ يۈرمەك، نەسىل ـ نۇسرەت قاتارىدا» دېگەن مىسرالى- رىدا ئىپادىلەنگەن بەختىيارلىق، دۆلەتمەنلىك ھېسسىياتى ۋۇجۇ- دۇمدا دولقۇن ياسايدۇ. بۇ ئەزىز يۇرتۇمنىڭ تاپتاقىر تاغلىرى، ياپيېشىل باغلىرى، قىم ـ قىم بازارلىرى، يانتاق باسقان مازار- لىرى، گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆيلىرى، مەرشىپ يۈرگەن قويلى-

-رى... ئەيتاۋۇر ھەممىلا نېمىسى ماڭا مەنسۇپتەك تۇيۇلىدۇ.
ھەيران قالارلىق يېرى، شۇ يۇرتنىڭ پەرزەنتىگە شۇ يۇرتنىڭ
ھەممە نەرسىسى گويا ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتىدەك بىلىنىدىكەن. بۇ-
نىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ يىلتىزى ئاشۇ يۇرتتا بولغاچقا بولسا كې-
رەك. مۇشۇنداق چوڭقۇر يىلتىزدىن ئىشەنچ ۋە غوجايىنلىق تۇي-
غۇسىنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەنە شۇنداق ئىشەنچ
ۋە غوجايىنلىق تۇيغۇسى بولغاچقا يانچۇقىدا تۆت تەڭگىسى يوق
نامرات دېھقانمۇ چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ، يولنىڭ ياقىسىدىكى
دەرەخنىڭ سايىسىدە پادىشاھتەك خاتىرجەم پۇشۇلداپ ئۇخلىيالاي-
دۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ يۇرت مېنىڭ، دېگەن چوڭقۇر ئىشەنچ
بولغاچقىلا شۇنداق بەخىرامان ياتالايدۇ.

ئاتۇش ماڭا نىسبەتەن ئەنە شۇنداق يۈكسەك غوجايىنلىق ئې-
ڭىمنى ئويغىتىدىغان ئەزىز ماكان. مەن ئۇنىڭ تۇپرىقىدا يىقىلىپ -
قوپۇپ مېڭىشنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئېگىزلىقلىرىدا چۇقان سېلىپ
ۋاللەي ئوينىغان، ئۇنىڭ سايلىرىدا يۇگۈرۈپ يۈرۈپ پادا باققان.
ئېرىق - ئۆستەڭلىرىدە قارا مەدەكتەك قارىيىپ سۇغا چۆمۈلگەن.
قىسقىسى، باللىقىمدىكى بارلىق بەختىباشلىقلىرىم ئۇنىڭغا سىر
بولۇپ كۆمۈلگەن. كېيىن ئۇچۇرما بولۇپ يىراقلارغا ئۇچتۇم،
كۆپ نەرسىلەرنى كۆردۈم. توم - توم كىتابلارنى ئوقۇدۇم. كىم
ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگەندىم. «ۋەتەن» دېگەن سۆزدىن
باشقا گەپكە ئاغزى كەلمەس بىر گاچىغا ئايلاندىم. تىلىكىمدىمۇ
ۋەتەن، يۈرىكىمدىمۇ ۋەتەن.

ھەر قېتىم مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى
ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى يورۇتقان سەلتەنەت نۇرىنى سېغىنىپ
ئۆزۈمنى تىڭشاپ سۈكۈتتە تۇرغان چېغىمدا، ئىكساقتىكى ئاكا -
ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا ئۆتمۈش ھەققىدە خىيال
سۈرگەن چېغىمدا، ئازاقتىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خاتىرە سارىيى
ئالدىدا ئەلەملىك ئۇھ تارتقان چېغىمدا ۋۇجۇدۇم يېڭىباشتىن

www.uyghurkitap.com

پاكلىنىپ، ئانا ۋەتىنىم، سۆيۈملۈك خەلقىم ئۈچۈن قانداق روھتا ياشىشىم زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. ئەجدادلارغا بولغان ۋارىسلىق تۇيغۇسى، ئانا يۇرتقا بولغان غوجا-يىنلىق تۇيغۇسى ئادەمنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان تۇيغۇدۇر! بۇنداق تۇيغۇسى ئاجىز ئادەم تەڭرىتاغ پەرزەنتى بولالىشى ناتايىن.

مەن ئەقلى ئويغاق باشقا يۇرتداشلىرىمغا ئوخشاشلا ئاتۇشتىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكە سەزگۈرلۈك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلىمەن. شۇبھىسىزكى، ئاتۇش يىلدىن – يىلغا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، نوپۇس قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئىقتىسادى ياخ-شىلىنىۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ سوئاللىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىۋاتىدۇ، بارغانسېرى سىرتقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. باش-قىلار يىلسېرى ئاتۇشنى چۈشىنىۋاتىدۇ.

ئاتۇش بىر كىچىك شەھەر. ئۇنىڭ يەر مەيدانى ئاز، نوپۇسىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ناھىيەلەرنىڭ نوپۇسى بىلەن ئوخشاش. بار – يوقى 220 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىر-غىز خەلقى بار. ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% ىنى ئىگە-لەيدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئا-تۇشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەمۇرىي رايونى ئىچىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 46 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. 46 مىڭ 681 ئۇيغۇر، سەككىز خەنزۇ، 63 قىرغىز، 34 ئۆزبېك بار ئىدى.[①]

ئارىدىن 60 يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە قارايدىغان بولساق، ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان، كۈنسېرى شىددەت بىلەن ئۆزگە-رىپ تۇنۇماق تەس بولۇۋاتقان «ئاتۇش – كۈنشەن» شەھىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

---

① بۇ مەلۇمات تۆۋەندىكى خەنزۇچە ماتېرىيالدىن ئېلىندى.
甘肃省图书馆丛书（第二辑）《西北民族宗教史料文摘》（新疆分册）上·甘肃省图书馆 一九八五年四月

ئاتۇش كىچىك يۇرت بولۇشىغا قارىماي ئاتۇشتىن چىققان
تۆھپىكار ئەزىمەتلەر 100 يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا، تۈرلۈك ساھەلەردە، ھەرقايسى تارماقلاردا ئۆزلىرىنىڭ
تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگە ۋە يۇرتىغا كۆپلەپ
شان ـ شەرەپلەرنى كەلتۈردى ۋە كەلتۈرمەكتە. ئاپتونوم رايونىـ
مىزنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە،
مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىـ
دە، تېبابەت، سەھىيە تارماقلىرىدا، ئاخبارات، تەنتەربىيە ئورۇنـ
لىرىدا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئاتۇش پەرزەنتلىرى
ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە گەۋدىلىك نەتىـ
جىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئاتۇش سودىگەرلىرى كىشىلەرنىڭ
قايىللىقىنى قوزغىماقتا. سودا ـ تىجارەتچىلەر قوشۇنى ئىچىدە
تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلاردا مەخسۇس بازارلارـ
نى ئاچقان، چېگرا سودىسى قىلىپ تەسىر قوزغاۋاتقانلاردىن باشقا
ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلاردا سودا
بىناسى سېلىش، زاۋۇت قۇرۇش، مېھمانسارايلارنى ئېچىش، ئولـ
تۇراق رايونلارنى بەرپا قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات دولقۇنلىرىدا تىرىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان
سەرخىل بايلار بارلىققا كەلمەكتە. نوپۇسى كۆپ بولمىغان كىچىك
بىر شەھەردىن ھەر ساھە بويىچە چىققان شۇنچىۋالا كۆپ تۆھپىـ
كارلار كىشىنىڭ ئېپتىخارىنى قوزغايدۇ. بۇ، ئاتۇشلۇقلارنىڭ تەـ
رەققىياتقا ئەگىشىپ، رىقابەتكە دادىل قاتنىشىپ مەۋجۇتلۇقلۇقى
ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەلۋەتـ
تە، ئاتۇشتىن تۆھپىكار ئەزىمەتلەرلا چىقمايدۇ. تالاي تايىنى يوق
ئەخمەقلەرمۇ، ئەل ـ ۋەتەننىڭ بەختىگە قارا سانايدىغان ئەبلەخـ
لەرمۇ، پۇتۇڭغا پۇتلىشىپلا يۈرىدىغان ئەرزىمەس ئەخلەتلەرمۇ چىـ
قىدۇ. ئەل ـ يۇرتنىڭ گېپى چىقسا ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ كېتىدىـ
غان، ئەمما، ئازراقمۇ بەدەل تۆلەشنى خالىمايدىغان ساختىپەز ئەـ

مەلدارلارمۇ، پۇلنىڭ غوجايىنى بولماستىن، بەلكى بىر ئۆمۈر پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاپ گۆرگە كىرىپ كېتىدىغان دۇنياپەرەس بايلارمۇ، توغرا - خاتالىقى بىلەن ھېسابلاشماستىن «سامساقلىشايلى ئاتۇشچە» دەپ ۋارقىراپ قەدەمدە بىر قويمىچىلىق قىلىدىغان چالا ساۋاد قوشاقچىلارمۇ، قويمىچىلارنىڭ قولتۇقىدىن چىقمىماي بىچارىلەرچە ياشايدىغان، نېمىنىڭ ساغلام كۆلكە، نېمىنىڭ كېسەل كۆلكە ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىغان كاززاپ كۆلدۈرگىچىلەرمۇ چىقىدۇ. ئەمما ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، كۆپلىگەن يۇرتداشلىرىم تىرىشچان، مەسئۇلىيەتچان، زېرەك، جاسارەتلىك ۋە مەغرۇر.

مېنىڭچە، ئاتۇشلۇقلارنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىدىكى نېگىزلىك ئەقىدىسىنى «ماڭغان ئەۋلىيا، ياتقان مۇمىيا» دېگەن ئىدىيومغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقنى، ھەرىكەتچانلىقنى ئۆزىنى ئەزىز قىلىشنىڭ تۈپ يولى، دەپ تونۇيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا خىزمەت، تىجارەت ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئاتۇشلۇقلارنىڭ سانىنىڭ ئالاھىدە كۆپلۈكىدىن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالايمىز. 100 يىللار ئىلگىرى نۇرغۇن ئاتۇش پەرزەنتلىرىنىڭ ئەنجان، قاراقول، ئىلى، بورتالا، چۆچەك، دۆربىلجىن، ئالتاي، ئۈرۈمچى، قومۇل، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە ماكانلىشىپ يەرلەشكەنلىكىدىنمۇ ئاتۇشلۇقلارنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى، پائالىيەتچانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە، مەھەللىسىدىكى ئېتىز - ئېرىق بىلەن ھويلىسىدىكى قوتان - كاتەككە بىر ئۆمۈر باغلىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا پائالىيەتچان، ھەرىكەتچان، ئىزدىنىش، تەۋەككۇل قىلىش روھىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ رىزقى - نېسىۋىسى كۆپرەك، نەزەر دائىرىسى كەڭرەك بولىدۇ.

مېنىڭ ئانا يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىم روھىي



www.uyghurkitap.com

كەچۈرمىشلىرىم ھەمدە يۇرتۇم ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلى-رىمدىن كەلگەن. مەن يۇرتۇمنى چۈشىنىمەن، ئۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپ سۆيىمەن. قەلبىمدە قايناپ تۇرغان بىر مۇھەببەت بار. ئۇ ھەرگىزمۇ يۇرتىنى ئاق - قارىنى ئايرىلاشتۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇۋې-لىپ سۆيىدىغان، باشقا يۇرتلۇقلارنى قەلبىگە سىغدۇرالمايدىغان نادانلارنىڭ قەلبىدىكى ئەسەبىيلىك ئەمەس. ماختىنىشقا ھېرىس-مەن يۇرتداشلىرىغا ياخشىچاق بولۇش ئۇچۇن راست - يالغان بى-لەن ھېسابلاشمايدىغان، ھەق - ناھەقنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان گالۋاڭلارنىڭ قەلبىدىكى قارىغۇلارچە ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىمۇ ئە-مەس. مەندىكى بۇ مۇھەببەت بىر خىل خورىماس ھاياتىي كۈچ، بىر خىل بوشاشماس ئىنتىلىش، بەدەل تۆلەشتىن يانمايدىغان بىر خىل جاسارەت، كۈرەش ئىرادىسىگە تولغان بىر خىل قەيسەر-لىك تۇيغۇسى. مېنىڭ يۇرتۇمنى سۆيۈشۈمدە ئىپتىخارمۇ بار، ھەسرەتمۇ بار، ئۆكۈنۈشمۇ بار. مەندىكى بۇ مۇھەببەت ھەقىقىي، ئىدراكىي ۋە دەخلىسىز! ئۇنىڭ ھەقىقىيلىقى ساختىلىقتىن خا-لىيلىقىدا. ئۇنىڭ ئىدراكىيلىقى پىرىنسىپتىن تايماسلىقىدا. ئۇ-نىڭ دەخلىسىزلىكى ئانا ۋەتىنىمنىڭ مۇقەددەس جان تومۇرىغا تۇ-تاشلىقىدا.

مەن سىنى سۆيىمەن، ئانا يۇرتۇم ئاتۇش! جاھاندا يۇرتىنى ئۇنتۇيالىغان كىم بار.

2008 - يىلى يېزىلدى، 2013 - يىلى تۈزىتىپ تولۇقلاندى.

www.uyghurkitap.com

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：玛尔哈巴·阿不都尼依木
责任校对：阿不都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
制　　版：阿依努沙·吾布力

新疆名家名著丛书
**祖魂**（维吾尔文）
牙里坤·肉孜　　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32 开本　15.5 印张
2013 年 6 月第 1 版　2014 年 2 月第 2 次印刷

ISBN978－7－5466－1887－6（民文）　定价：55.00 元